ئادىل تۇنىياز ئەسەرلىرى (2)

# پەيغەمبەر دىياردا كېچىلەر



(ماقالىلەر توپلىمى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


يەر شارىنىڭ نوپۇس دەپتىرىدىكى ھەربىر جان ۋە
ھەربىر مىللەت ئۆز مەۋجۇدلىقى ئۈچۈن كەسكىن تىر-
كىشىۋاتقان بۇ دەۋردە بىز شېئىرىي تەنھالىقتىكى روھ-
مىزنى بىلىشكە مۇھتاج. كەل مۇخەممىشايلى، شېئىرنىڭ
رىتىمى بىلەن ىىرلىشىپ كەتكەن بۇ مافالىلاردا مېنىڭ،
سېنىڭ ۋە دۇنيانىڭ يۈرەك سوقۇشى بار.

ئادىل تۇنىياز ئەسەرلىرى (2)

# پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر

(ماقالىلەر توپلىمى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

圣人领土的夜晚 / 阿地里.吐尼亚孜著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.12

ISBN 7—228—08542—6

Ⅰ.圣… Ⅱ.阿… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.1227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 120006 号

责任编辑：买买提 . 吐尔地 . 米尔孜艾合买提
责任校对：阿斯亚 . 艾合买提
封面设计：艾克拜尔 . 萨里

圣人领土的夜晚（维吾尔文）
阿地里.吐尼亚孜　著

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路 348 号　邮政编码：830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
850×1168 米 1/32 开本 10.625 印张
2004 年 3 月 1 版　2004 年 3 月 第一次印刷
印刷：1—5000

---

ISBN 7—228—08542—6　定价：18.00

# مۇندەرىجە


پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر ............ (1)
ئەدىن كەلدىڭ، نەگە بارىسەن ............ (2)
يوپيورۇق ئەرەب كېچىلىرى ............ (7)
دېڭىز بويىدىكى ئەزان ئاۋازى ............ (10)
يىرتىق يەكتەكلىك مۇۋاتىن ............ (14)
يىگىت يىغلايدۇ ............ (18)
مۇشۇكلەرنىڭ جەننىتى ............ (21)
پەلەستىنلىك كىتابپۇرۇش ............ (23)
ئوممانغا كىرىش ............ (28)
ماسقات كوچىسىدىكى ئۇيغۇرلار ............ (30)
لىمون ساتقۇچى ئەما بوۋاي ............ (34)
ياۋروپادىن كەلگەن مۇسۇلمان ............ (36)
قۇرئان سايىسىدا ئۇيغۇر ............ (38)
تەكىيخانىدا ............ (40)
جۇڭگولۇق ئابدۇللا ............ (45)
ئەرەبلەرنىڭ سايىسى ............ (51)
ئانا يۇرتۇم، تۇپرىقىڭنى كۆزۈمگە سۈرتكۈدەك بولدۇم ... (54)
بازاردىكى قەلئە ............ (60)
شېئىر مېنىڭ ئاۋازىم ............ (102)
خەت ............ (109)
بىزگە كرېست كېرەك ئەمەس ............ (116)
غەربنىڭ ئەقىل تراگېدىيىسى - پەرىزات بىلىق ............ (119)
يىپەك يولىنىڭ روھىنى ئىزدەش ............ (125)
شېئىرنىڭ بىر قانىتى ............ (132)

ئۆمۈچۈك ، شېئىر ۋە تەپەككۇر قاتلىمى ............... (142)
1 . ئۆمۈچۈكنىڭ ئەپسانە قاتلىمى............... (143)
2 . ئۆمۈچۈكنىڭ مەنە قاتلىمى ............... (150)
3 . ئۆمۈچۈكنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ............ (166)
4 . ئۆمۈچۈكنىڭ غېرىبلىق قاتلىمى ............ (179)
5 . ئۆمۈچۈك مەڭگۈلۈك قايتىش تېمىسى ...... (188)
يېشىل رەڭنىڭ شېئىريي ئاۋازى ............... (197)
شائىرنى چۈشىنىش ............................ (212)
1 . شائىرنىڭ ئارخىپى ........................ (213)
2 . شائىرنىڭ فولكلور يىلتىزى .................. (219)
3 . شائىرنىڭ شېئىر دەقىقىلىرى ................ (221)
4 . تەرجىمە دۇنياسىدىكى شائىر ................ (225)
5 . تۇرمۇشتىكى شائىر ........................ (227)
6 . شائىر ۋە ئاياللار ........................ (230)
سۆزدىكى بېشارەت ............................ (234)
1 . سۆزنىڭ تۇيغۇدىكى مەنىسى ................ (235)
2 . سۆزنىڭ دىنىي مەنىسى ................... (239)
3 . سۆزنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى ................ (241)
4 . سۆزنىڭ زامان مەنىسى .................... (243)
مەن سۆيگەن ئون كىتاب ........................ (245)
شېئىر ۋە بەدەل ............................ (261)

## سۆھبەتلەر

شائىرلىق قىسمىتى ............................
1 . ئۆمۈر يوللىرى ........................ (266)
2 . شېئىر يوللىرى ........................ (279)
3 . تەپەككۇر يوللىرى ........................ (297)
شائىر خەلقنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن ...... (311)
پەرىشتىنىڭ پىچىرلىشى ، شەيتاننىڭ شىۋىرلىشى ...... (326)

# پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر

مەن ئاخىر بۇنى يېزىپ چىقىش قارارىغا كەلدىم، ئويلىسام تارىم، تەكلىماكان بويلىرىدىن ئايرىلىپ باقمىغان شۇنچە كۆپ يار - بۇرادەرلىرىمنىڭ، قەلەمداشلىرىمنىڭ، مېھرىبان خەلقىمنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىمدە ھەققى بار ئىكەن. كۆرمىگەنلىرىنى قەلىمىم بىلەن كۆرسىتەي دېدىم. كۆرگەنلىرىمنى ئاددىي دېمەي قەغەزگە پۈتەي دېدىم. بىر يىل سەككىز ئاي ئۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەس، بىراق ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولغان ئادەمگە كىشى يۇرتىدا بىر كۈنى ئۆتكۈزمەكمۇ تەس. تەلىيىمگە مەن كۆرگەن يۇرتلار - خەلقى قۇرئان تىلىدا سۆزلەيدىغان، قەدەمدە بىر ئېگىز - ئېگىز مەسچىتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئەزان ئاۋازى ئۈزۈلمەيدىغان ئەرەبلەرنىڭ دىيارى ئىدى. بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ قەدەملىرى تەگكەن زېمىنلاردا مۇساپىر بولۇشمۇ مېھمان بولۇشتىن چارە، سوغۇق سۇ ئىچىشمۇ زەم - زەم ئىچكەندەك خاسىيەتلىك. گەرچە كىتاب ئوقۇش بىلەن تۇرمۇش، شېئىر يېزىش بىلەن تىرىكچىلىك، ۋەتەننى سېغىنىش بىلەن غېرىبلىق ئارىسىدا كۆرگەنلىرىم سودىگەرلەرنىڭكىدەك كۆپ ياكى سەيياھلارنىڭكىدەك ئاجايىپ - غارايىپ بولمىسىمۇ ئۇ يەردىكى ئۇششاق تەپسىلاتلارمۇ يۇرتداشلىرىم ئۈچۈن يېڭى تۇيۇلسا ئەجەب ئەمەس

بالىلىق چاغلىرىمدا مەكتەپتىن قايتىپ ئېتىز - باغلاردا قوي بېقىپ يۈرگىنىمدە، توپىلىق يوللاردىن ئېشەك ھارۋا بىلەن قاغىلىقنىڭ ناھىيە بازىرىغا كېتىۋاتقىنىمدا، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، چەت ئەلگە ماڭىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. ئايروپىلان يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا ھايات بىلەن مامات ئارىسىدا، ئۆتمۈشۈم بىلەن كەلگۈسۈم ئارىسىدا، تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى...

ئادەملىرى ئاسماندەك تازا، روھى تاغدەك، لېكىن ساددا تاغلىقلار ئارىسىدا — كۆكيار دېگەن تاغدا تۇغۇلۇپ، باغۋەنچىلىك مەيدان دېگەن باغدا باللىقىم باشلانغانىدى. ئىللىق ئالما چېچەكلىرى، كېسەك تاملىق باشلانغۇچ مەكتەپ، مېھرىبان دادامنىڭ مۇڭبەردىكى ئاۋازى، بەزى ئاچ، بەزى توق غۇربەتلىك تۇرمۇش... بىز 11 بالا ئىدۇق. ئانام ئېتىزدىن كەچ قايتىپ، مورىسىدىن تۈتۈن يېنىپ تۇرىدىغان ئوچاق ئالدىدا تاڭ كېچىگىچە دوڭغاسلاپ يۈرۈپ ئاش پىشۇرىدىغان، دادام رەھمەتلىك مائاشىنى يەتكۈزۈپ بولالماي، تۇرمۇشىمىزنى قامداش ئۈچۈن يىراق - يېقىن يېزىدىكىلەرنىڭ سائەت - رادىئولىرىنى ئوڭشايمەن دەپ كېچە - كېچىلەر جىنچىراغ يېنىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرىدىغان، ئىشتىنىنىڭ يىرتىقىدىن چۈلدۈرى كۆرۈنۈپ قالغان بىر تازغا تامبال ئېلىپ بولغۇچە قالغان يەتتە تاز يىرتىقىمىزنى ساڭگىلىتىپ مانا مەن دەپ تۇرغان، ئونىمىزنىڭ ئايىغىنى يېڭىلاپ بولغۇچە ئون بىرىنچىمىزنىڭ ئۆتۈكىدىن پۇتلىرى مارىلاپ قالغان... يىراق، دادام تىنىم تاپمايدىغان، قىيىنچىلىقتا روھى سۇنۇپ قالمايدىغان خۇش چاقچاق، قورقماس، قەيسەر ئادەم ئىدى. ئۆزى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغاچقىمىكىن، يات - يېڭى كىتابلارنى سېتىۋېلىپ بىزگە ئوقۇپ بېرەتتى. بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى ئاجايىپ قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. بەزىدە ھاياجان بىلەن بىز يۈزىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بوۋىمىزنىڭ گېپىنى قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېسابسىز يەرلىرى،

# نەدىن كەلدىڭ، نەگە بارىسەن

بۇرۇن بۇ سوئال ھەققىدە تۈزۈكرەك ئويلىنىپ باقماپتىكەنمەن. بىر خىل مۇھىت، بىر خىل رىتىم، بىر دۇنيا ئىچىدە بۇ سوئالغا ئېھتىياج تۇغۇلمىسا كېرەك. قاچان چەت ئەلگە چىقماقچى بولدۇم، شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ھارغۇچە توشتۇرغان جەدۋەللەر، ماڭغان يوللار، بارغان جايلار بۇ سوئالغا مۇناسىۋەتلىك بولدى.

جەنۇبىي جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلانىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئاخىرقى بېكىتى ئۈرۈمچى بولۇپ، ھەج مەزگىلىدىن باشقا چاغلاردا ئۈرۈمچىدىن چىقىدىغىنى بىر ـ ئىككى ئۇيغۇر بولاتتى. بۈگۈن ئۆزۈم يالغۇز ئىكەنمەن. ئاخىرىدىكى بىر نەچچە ئورۇننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئايروپىلان لىق توشقانىدى. ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن كەچ سائەت يەتتە بېرىمدا ئۇچتى. بەش يېرىم سائەتتىن كېيىن يەتتە مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ شارجا شەھىرىگە چۈشىدىكەنمىز. بۇ مېنىڭ 30 ياشقا كىرگەندە، يەنى 2000 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا چىقىشىم شۇنداقلا چەت ئەلگە چىقىشىم ئىدى. دېرىزىدىن جىمىرلاپ تۇرغان چىراغلار ئارىسىدا ئۈرۈمچى كىچىكلەپ ـ كىچىكلەپ يوقالغۇچە، كۆز ئالدىمدىكى بوشلۇق بىپايان قاراڭغۇلۇققا ئايلانغۇچە كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردۇم. گويا بۇ شەھەرنىڭ ئانا شەھەرلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتقاندەك، كىتابلاردىن تالاي قېتىم ئوقۇغان ئانا ۋەتەن دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەمدىلەتىن، يات بىر دىيارغا كېتىۋاتقاندا چۈشەنگەندەك بولدۇم. تىل بىلەن تەرىپلەپ بەرگۈسىز تۇيغۇلار كۆڭلۈمنى چۇلغىۋالغانىدى.

ئوتتۇرىسىدا يالغۇز كېتىۋاتقان 12 ـ 13 ياشلىق بىر بالا ئۈچۈن ياۋا توشقان ياكى تۈلكە ئەمەس ، كۆرۈنگەن ھەممە نەرسە جىن ـ ئالۋاستى ، دىۋ ـ پەرىشتە ئىدى . بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈردۈم . شۇ يۈگۈرۈشتە كىيىنكى سايدىن ، ئىتلار قاۋاپ تۇرغان مەھەللىلەردىن ، قاراڭغۇ باغ يوللىرىدىن قانداق ئۆتكىنىمنى بىلمەيمەن . چىپىلداپ تەرلىگەن پېتى ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتىم . ئىشىكنى ئاچقان دادامغا ئۆزۈمنى ئاتتىم . ئانام ئاياغلىرىمنى يېشىپ ، « پۇتىنىڭ ئالىقانلىرى ئۇزۇمدەك — ئۇزۇمدەك قاپىرىپ كېتىپتۇ » ، دەپ پۇتۇمنى قۇچاقلاپ يىغلاشقا باشلىدى .

يەكشەنبە مەن ئۈچۈن ھەم كۆڭۈللۈك ، ھەم ئازابلىق بىر كۈن ئىدى . چۈنكى ، مەكتەپتە بىر ھەپتە قۇرۇق نان غاجاپ تاراقلاپ كەتكەن ئاشقازىنىمىزغا ئۆيدە ئىسسىق ئاش كىرەتتى . كەچكە يېقىن ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئانام يېقىپ بەرگەن بىر ھەپتىلىك زاغىرىنى ئېلىپ مەرى سوغۇق بازاردىكى مەكتىپىمىزگە مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتۇق . دادام كۆپىنچە مېنى ئۆينىڭ مېھرىگە قېنىپ ئۈز يېنىدا جىقراق تۇرۇۋالسۇن ، دەپ يەكشەنبە كەچتىمۇ ئەپقالاتتى . مەن خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىمغا سىغماي دادام بىلەن قۇچاقلىشىپ يېتىپ كېتەتتىم . دادام تاڭ قاراڭغۇسىدا مېنى ئويغىتىپ ۋېلسىپىت بىلەن بازارغا يەتكۈزۈپ قوياتتى ـ دە ، خىزمىتىگە ئۈلگۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن يەنە ۋېلسىپىت بىلەن ئۇچقاندەك ئارقىغا قايتاتتى .

گەرچە بۇ 83 ـ 84 ـ يىللىرى جۇڭگونىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ ، بىز بەزى ئاچ ـ توق ، بەزى پۇلسىز غورىبەتچىلىكتە ئوقۇغاندۇق .

كېيىن ، كۈنلەر ئۈنىڭدىن ياخشى بولدى . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چاقىرىق قەغىزى ، يېڭىچە ئالىي مەكتەپ ھاياتى ، گۇمران بولغان غايە ۋە ئېتىقاد ، روھىي چۈشكۈنلۈك ، ئازاب ، مۇڭلۇق شېئىرلار ، يالغۇنلۇق تۇيغۇ ، ھازىر ئايالىم دەپ ئاتالغان مەن كۆيگەن قىز ، قايتا تىكلەنگەن ئۇلۇغ

جاھاندىكى جىمى يەل - يېمىشنى تاپقىلى بولىدىغان كاتتا باغلىرى، كالىسى مۆرەپ، قويلىرى مەرەپ تۇرىدىغان قوتان - قوتان ماللىرى بار ئىسمايىل بەگ گويا بىزنىڭ بوۋىمىز ئەمەس، چۆچەكلەردىكى بىرەر پادىشاھنىڭ ئىسمىدەك تۇيۇلاتتى. بىزنىڭ غەمسىز ۋاڭ - چۇڭلىرىمىز ئىچىدە ئۆيىمىزدىكى يوقسۇزلۇق بىلىنمەيتتى، قىش يازغا، ياز قىشقا، ئاياق ئاشقا، كىيىم ياماشقا ئۇلگۇرمەي، مەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردىم. ئۇچىنچى ئاكام ئەنۋەر بىلەن ئىككىمىز 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ياتىقىدا بىر كارىۋاتتا يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇيتتۇق، شەنبە كۈنى كەچلىرى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە بەزىدە كېتىۋاتقان ماشىنا - تراكتورلارغا ئېسىلىپ چىقىپ يېزىمىزغا يېقىن تاشيولغىچە بېرىۋالاتتۇق. بەزىدە 15 كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ ئاي ئۆرلىگەندە ئۆيگە يېتىپ باراتتۇق.

بىر قېتىم مەكتەپتىن بەك كەچ قويۇپ بەردى. ئاكاممۇ مېنى ساقلاپ بولالماي كۆمۈر باسقان بىر ماشىنىغا چىقىۋېلىپ ئۆيگە كېتىپ بولغانىدى. مەن ئۆزۈم يالغۇز يولغا چىقتىم. يول بويى بىر نەچچە يېزىدىن، ئىككى سايدىن ۋە يېزىمىزنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تۆت-بەش كىلومېتىرچە كېلىدىغان قاراڭغۇ باغ يوللىرىدىن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بازاردىن يىراقلاشقانسېرى ئۆيلەر شالاڭلاپ، ئاي قاراڭغۇسىدا ئادەمسىز يېزا يوللىرى تولىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كېتەتتى. قۇچچىنىڭ سېيى دەپ ئاتىلىدىغان بىرىنچى سايدا كېتىۋاتقىنىمدا بىردىنلا كاللامغا جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ھېكايىلىرى كېلىۋالدى. قاپقاراڭغۇدا پۇتلىرىمنىڭ ئاستىدىكى تاشلار جان كىرىپ قالغاندەك غەلىتە ئاۋاز چىقىراتتى. سايدىكى ھەر بىر تۈپ چاكاندىنىڭ كەينىدىن كۆزلىرىمگە خىلمۇخىل كۆلەڭگىلەر كۆرۈنگەندەك بولاتتى. بىر چاغدا ئالدىمدىكى بىر تاشنىڭ كەينىدىن بىر نەرسە پارتتىدە قاچتى. قورققىنىمدىن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ بائەزايىمنى سۈر باستى. قاراڭغۇدا سايىنىڭ

يۈرەك پارەم ئوغلۇمدىن، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەردىن، مېھرىبان ئەل ـ يۇرت قوينىدىن ئايرىلىشقا قىيالماسلىقىمۇ، شارجا ئايرودرومىدا مېنى ساقلاۋاتقان ئايالىم بىلەن تېزرەك دىدارلىشىش تەقەززالىقىممۇ بار ئىدى.

## يوپيورۇق ئەرەب كېچىلىرى

ئۈرۈمچى ۋاقتى كېچە سائەت بىر بولغاندا كۈتكۈچى قىز ئايروپىلاننىڭ شارجا شەھىرىگە قونۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، سائىتىمىزنى ئىككى سائەت ئارقىغا بۇراپ، بۇ يەر ۋاقتى 11 غا توغرىلىشىمىزنى ئۇقتۇردى. ئۈرۈمچى ۋاقتى ئىمارات (ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئەرەبچە قىسقارتىپ ئاتىلىشى) نىڭكىدىن ئىككى سائەت بالدۇر ئىكەن. ئايروپىلان ئاستا ـ ئاستا پەسلەۋاتاتتى. دېرىزىدىن قارىسام تۆۋەندە كۆز چاقنىتىپ تۇرغان رەڭگارەڭ چىراغلار، غۇۋا يەر يۈزىدە ئۇزۇن سوزۇلغان يايسىمان كۆك يورۇقلۇق كۆرۈندى. مەن چىمىرلاۋاتقان بۇ كۆك يورۇقلۇقنىڭ دېڭىز ئىكەنلىكىنى پەملىدىم، ئىككى قەۋەتلىك يۇمىلاق بىنا، مەسچىت گۈمبىزى، دەل ـ دەرەخ، سىم تور ۋە ماي يول سىزىلغان بۇ بىر پارچە مەنزىرە رەسمى ئايرودروم ئىدى. بىز مەنزىرە رەسىمىنىڭ ئىچىگە كىردۇق. ئايروپىلاننىڭ ئارقا يان ئىشىكىدىن پۇتىمىزنى يەرگە ئېلىپلا ئۆزىمىزنى يۇمىلاق بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە، نۇرغۇن كارىدورلۇق ئەينەك قەسىردە كۆردۇق. ماڭا ئوخشاش بۇرۇت قويۇۋالغان ئايروپىلان ساقچىسى، پاسپورت، ۋىزا تەكشۈرگۈچىلەر، يۈك ـ تاق باسقۇچى ئادەم، ئىشقىلىپ ھەممىسى دېگۈدەك چىراي تۇرقىنىڭ يىراق ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭكىدەك ئەمەسلىكى بىلەن كۆزۈمگە ئۇيغۇرلاردەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. بېشىغا قەشقەر يېزىلىرىنىڭكىدەك ئاق شاپاق بۆك كىيىۋالغان، ساقال ـ بۇرۇتلۇق ئىللىق چىراي ھامالنى پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە ئوخشىتىپ ئۇيغۇرچە گەپ قىلىپ

ئېتىقاد ، شائىر ، كېسەلگە چوشكەن دادام ، خىزمەت ، دادامنىڭ ئۆلۈمى ، توي ، ئايالىمنىڭ چەت ئەلگە مېڭىشى ... چەت ئەلگە كېتىۋاتقىنىمنى كۆرسە رەھمەتلىك دادام قانداق خوش بولۇپ كېتەر ئىدى ـ ھە ، ئانام ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلمەيتتى ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا يىغلامسىرىغان ئاۋازى بىلەن « ئۇلۇغ يەرلەرگە مېڭىپسىز ، خۇدايىمغا تاپشۇردۇم بالام ، مەن نامىزىمدا دۇئا قىلاي دېگەن سۆزلەرنى ئاران دېيەلىدى ... » . .

چۆچەكلەردىكى ياغاچ ئاتلىق شاھزادىدەك ناتونۇش بىر ئەلگە ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتىم . نەدىن كەلدىڭ ، نەگە بارىسەن ؟ دېگەن سوئال كاللامدا غۇۋا چاقنايتتى . بويلىرى ئېگىز ، ئاقپىشماق ئايروپىلان كوتكوچىلىرىنىڭ تولغان كالپۇكلىرىدىكى قېنىق لەۋ سۇرۇقلىرىدىن ۋە ئايروپىلان ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا پىمالال مېڭىپ يۈرۈشلىرىدىن ئادەم ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىن ئون نەچچە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى بوشلۇقتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ خاتىرجەم بولۇپ قالاتتى ، خۇددى ئاسماندا ئەمەس ، يەردىكىدەك خىيال ۋە ئەسلىمىلەرگە غەرق بولۇپ كېتەتتى . بىر ـ بىرىگە ناتونۇش يولۇچىلار ، تەقدىرى باشقا ، مەنزىلى بىر ئادەملەر ، گەرچە ھەممىمىز ئوخشاش توپراقتىن كەلگەن ، ئوخشاشلا توپراققا قايتىدىغان بولساقمۇ ... بىر دىنلا ئايروپىلان سىلكىنىپ كەتتى . ئۆلۈم يادىمغا يەتتى . ئۆلۈم بىلەن ھاياتنىڭ ئارىسى بىر غېرىچلا ، نەدىن كەلدىم ، نەگە بارىمەن دېگەن سوئال كاللامدىن چاقماقتەك ئۆتتى . چىن ئىخلاس بىلەن ياراتقۇچىغا تەسبىھ ئېيتىپ دۇئاغا قولۇمنى كۆتۈردۈم . ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغىغا ئوخشايدىغان نامەلۇم بىر ھاياجان ئېتىلىپ چىقتى . ئۇنىڭدا مۇھەببەت ، ئىمان ، سېغىنىش بار ئىدى . ئۇنىڭدا زور كائىناتنى ئىلكىگە ئالغۇچى ئالدىدا چۈمۈلىدەك ئاجىز ، پاناھسىز بىر جان ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ ياراتقۇچىغا سېغىنىشمۇ ، تەكلىماكانلىقلارغا خاس تەنھالىق ۋە ئازابمۇ ،

ئۇخلىمايدۇ ، قارىغاندا كۈندۈزلىرى ئۇخلاپ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىش ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدەك قىلىدۇ . ئىماراتقا كىرىپ تۇنجى ئايدا شارجا شەھىرىدە بىر مىسىرلىق تۇل مومايىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئايلىقى سەككىز يۈز دەرھەم (جۇڭگو پۇلىغا 1840 يۈەن) گە ئىجارىگە ئالغانىدۇق . بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدىكى بىر يۈرۈش تۆت ئېغىزلىق بۇ ئۆينىڭ بىرىدە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى، بىرىدە 15 - 16 ياشلاردىكى قىزى تۇراتتى ، يەنە بىرىدە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان كىچىك ئوغلى بىلەن ئۆزى تۇراتتى. ماڭا قوشنا ھۇجرىدىكى چوڭ ئوغلى ئىشتىن يېنىپلا تېلېۋىزور ياكى كومپيۇتېر بىلەن بولۇپ، تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئۇخلايتتى. قالغان ئىككى ئۆيدىكى تېلېۋىزور ئاۋازىنىڭمۇ قاچان ئۆچكەنلىكىنى بىلمەي قۇلىقىمغا پاختا تىقىۋېلىپ ئۇخلاپ قالاتتىم. كېچە سائەت ئىككىلەردە قىزىق مايىنىڭ گاز - گۈزىدىن ياكى قازان - چۆمۈچلەرنىڭ تاراڭشىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ ئاشخانىغا چىقسام ھېلىقى قىرى خوتۇن، سېمىزلىكتىن ئۆزىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئىرغاڭلىغان پېتى تاماق ئېتىۋاتقان بولاتتى. كۈندۈزلىرى بولسا ئىشىكنى تاقاپ چۈشكىچە ئۇخلايتتى.

ئەرەب كېچىسى — تىنچ ، بىخەتەر . مەيلى سىز چەت ئەللىك بولۇڭ ، مۇسۇلمان ياكى جوھۇت بولۇڭ ، ئەر ياكى ئايال بولۇڭ ، يېرىم كېچىدىمۇ شەھەر كوچىلىرىدا دەخلىسىز، خاتىرجەم ماڭالايسىز. ئىماراتنىڭ قانۇن ئىجراسى قاتتىق، ئامانلىق ئىشلىرى دۇنيا بويىچە ئالدىدا ، ساقچى ماشىنىلىرى شەھەر كوچىلىرىدا كېچە-كۈندۈز ئۇياقتىن بۇياققا چارلاپ تۇرىدۇ . مىڭ بىر كېچىدىكىدەك كېچىلەردە، تىلسىماتتەك كوچىلاردا خاتىرجەم سەيلە قىلىپ يۈرگىنىمىزدە ئالدىمىزغا ئۇچرايدىغىنى قىرىق قاراقچى ياكى بىرەر بۇلاڭچى ئەمەس، سىزگە چىرايلىق سالام بېرىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان چارلىغۇچى ساقچى بولىدۇ.

يوپيورۇق ئەرەب كېچىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ سىمۋولى

تاشلاپتىمەن . ئۇ كۇلۇمسىرەپ قويۇپ ئاغزىنى ھاڭۋاقتىلارچە ئاچقاندىلا مەن ئۆزۈمنىڭ يېڭىلىشكەنلىكىمنى بىلدىم . شۇنداقتىمۇ بىر ئازدىن كېيىن ئۇ مەقسىتىمنى ئۇققاندەك ئىنگلىزچە ۋە ئەرەبچە «مەن پارس» ، سىز جۇڭگولۇق مۇسۇلمانمۇ ؟ دېدى . مەن ئەرەبچە : «ھەئە ، ئويلىغىنىڭىز توغرا ، ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن» دەپ جاۋاب بەردىم .

ۋىسال شادلىقى ۋە دىدار مەستخۇشلۇقىدا چامادان بېسىلغان قول ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئايرودروم بىناسىدىن تالاغا چىققىنىمىزدا قىزىغان تونۇرنىڭ تەپتىدەك ئىسسىق ھاۋا يۈزلىرىمگە گۈپپىدە ئۇرۇلدى - دە ، ئالدىمىزدىكى ياپپېشىل چىملىق كۆيۈۋاتقان يېشىل ئوتتەك تۇيۇلدى . بۇ ھاۋانىڭ تونۇردىن بىرلا پەرقى دېڭىزدىن كەلگەن نەمخۇشلۇق ئىدى .

ئەرەب كېچىسى - تىنچ ، يېقىملىق ، يوپيورۇق . ھەممە يەردە چىراغلار يېنىپ تۇرىدۇ . چىراغنىڭ كۆپلۈكىدىن شەھەرنىڭ بىرەر يېرىدىن قاراڭغۇلۇقنى ياكى خىرە - شىرە بۇلۇڭ - پۇچقاقنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ . يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بويلىرىدا كېچىچە يېنىپ تۇرىدىغان چىراغلار گويا بوشلۇقتىكى تۇتاش كەتكەن رەڭگارەڭ نۇر زەنجىرىدەك شەھەردىن ئىنس - جىن ئۇچرىمايدىغان چۆل - جەزىرىگە ، چۆللەردىن دېڭىزغا ۋە تاغلارغا كىرىپ كېتىدۇ . ئەرەب كېچىسى - قىزىقارلىق ، ئاجايىپ - غارايىپ ، گۈزەل ۋەقەلەر يۈز بەرگەن مىڭ بىر كېچىگە ئوخشاش سېھىرلىك ۋە قايناق ، 24 سائەت ئېچىلىدىغان سۇپېرماركىت (دەرىجىدىن تاشقىرى سودا ساراي ) لارغا يېرىم كېچىدە كىرسىڭىزمۇ يېنىك مۇزىكا شاداسى ئىچىدە ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىپ مال تاللاۋاتقان كىشىلەرنى كۆرىسىز .

قاراڭغۇ چۈشۈپ خۇپتەن نامىزىدىن تارقىغاندىن كېيىن ئەرەبلەر ئېسىل ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ ، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن بىرگە شەھەردىكى ئەڭ داڭلىق سۇپېرماركىتلارغا قاراپ ئاقىدۇ . مال تالاپ ، يەپ - ئىچىپ ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ، ئىبادەت قىلىپ دېگەندەك پائالىيەتلەر بىلەن تۈن نىسبىگىچە

ئىمارەتنىڭ يەتتە شەھىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك دېڭىز بىلەن چېشلىشىپ تۇرىدۇ . پايتەخت ئەبۇزەبىگە قاراشلىق ئاستانە ــ ئەلئەيىن شەھىرىدىن باشقا ھەر قانداق بىر شەھەردىن ئىشىكنى ئاچسىلا دېڭىز كۆرۈنىدۇ ياكى ماشىنا بىلەن شەھەر سىرتىغا سەل-پەل ماڭسىلا ، دېڭىزنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالىدۇ ، دۇبەي ــ ئوتتۇرا شەرقنىڭ سودا مەركىزى ۋە « قۇملۇقتىكى شاڭگاڭ » دەپ ئاتالغان ھەقىقىي دېڭىز شەھىرى . ئۇ دېڭىز ئارقىلىق بار دۇبەي ۋە دېيرا دۇبەي دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن . سۇ بىلەن سۆيۈشۈپ تۇرغان ئىككى دۇبەي ئارىسىدا كىشىلەر كوچا ئاپتوبۇسىغا ئوخشاش نۆۋەت بىلەن قاتنايدىغان كىرا كېمىلىرىگە ئولتۇرۇپ ئىككى — ئۈچ مىنۇت ئىچىدىلا يەنە بىر دۇبەيگە قەدەم باسىدۇ ياكى تاكسىغا ئولتۇرۇپ ئاسمان پەلەك پاراخوتلار توختــاپ تۇرغان رەشىدىيە (ئىنگلىزچە راشىد) پورتىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىن باشلانغان دېڭىز ئاستى تونېلىدىن ئۆتۈپ 15 ــ 20 مىنۇت ئىچىدە سەيياھ ئۆزىنى ئىككىنچى دۇبەينىڭ ئادەملەر ئېقىنىدا كۆرىدۇ . بىر ئۈچى دېڭىزدىن باشلىنىپ بازارغا كىرىپ كېتىدىغان يورۇق كوچىلار ، ئاستىغا قاشتېشى ياتقۇزۇلغان مەسچىت ـ سارايلار ، رەڭگارەڭ مال بىلەن تولغان مەرمەر تۈۋرۈكلۈك سۇپېرماركىتلار ، چۆچەكلەردىكى ئالتۇن دۆلــىتىگە كېلىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدىغان كۆز يەتكۈسىز جاۋاھىرات بازارلىرى ئىماراتقا تۇنجى كەلگەن ھەر قانداق ئادەمنى ھاياجانلاندۇرماي قالمايدۇ .

ۋەتەندىكى چاغدا ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىگەكلىرىمنى قىرىپ تۇرسامــمۇ چۈشكىچە تىككىدە بولۇپ كېتىدىغان يىرىك ساقــاللىرىم ۋە ئەتراپىمدىكى كۆپ كىشىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بۇرۇتۇم بىلەن ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا سەل خۇدۇكسىرەپ قالاتتىم . كۆز ئالدىمدا ئۇ ياقتىن ، بۇ بۇياققا ئۆتۈۋاتقان ساقاللىق ئىگەكلەر ، ھەررەڭ ، ھەرقىسما بۇرۇتلار ، ئەتىــر پۇراپ تۇرىدىغان ئاق پەرىجىلىك گاھىدا سەللىلىك ئادەملــەر ئارىســىدا مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ماڭا تونۇش

بولغان ھىلال ئاي بىلەن كىشىلەر قەلبىنى يورۇتۇپ، ئىمارات زېمىنىدا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ نۇرلۇق ئوبرازىنى جىلۋىلەندۈردى.

## دېڭىز بويىدىكى ئەزان ئاۋازى

يېرىم كېچىدە ماشىنا بىلەن دۇبەي شەھىرىگە كىرگىنىمدە دېڭىز بار ئىكەن، بىراق ئۇنى كۆرمەپتىمەن. ئەرەب دىيارىدىكى تۇنجى ئاخشىمى ئايالىم بىلەن خەيبەر مېھمانخانىسىغا چۈشكەندە دېڭىز بىزدىن 50 قەدەم نېرىدا دولقۇنلاپ تۇرغانىكەن، بىراق ئۇنىڭ يېنىمدا ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن. چىنىدەك پاكىز دۇبەي كوچىلىرىغا قوياشنىڭ تەڭگە تىللالىرى جىرىڭلاپ تۆكۈلگەن چاغدا دېڭىز ئاپئاق دولقۇنلاپ بىزنى ساقلاۋاتقانىكەن. بىز ئۇنىڭدىن بىخەۋەر ئۆز رەسمىيەتلىرىمىز ئۈچۈن ئالدىراش كېتىۋاتقاندا يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بويىدا تۇنجى قېتىم دېڭىزنى كۆردۈم. دېڭىز سېمونت تام ۋە رېشاتكىلار كەينىدە تىز پۈكمەس تۇتقۇندەك تۆمۈر زەنجىرلەرگە بار كۈچ بىلەن ئۆزىنى ئۇراتتى. دېڭىزمۇ تۇنجى قېتىم مېنى كۆردى. مەن تاكسىدا، ئەينەك قەپەس ئىچىدە ئۆز تەقدىرىمگە زەنجىربەند قىلىنغانىدىم. دېڭىز بىلەن تۇنجى ئۇچرىشىش مانا شۇنداق تولىمۇ سۇس، ئوپ ـ تۇپۇل، كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئۇچرىشىش بولدى. قىرغاققا دۆۋىلىنىپ كەتكەن مال ساندۇقلىرى، دېڭىزدىكى ئېگىز ـ ئېگىز يۈك پاراخوتلىرى، ئۇچۇپ يۈرگەن ئاق چايكىلار، قىرغاققا يېقىن سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالغان شېشە، يالتىراق ئەخلەت ـ چاۋارلار مېنىڭ كۆپكۆك دېڭىزغا يوللىغان قىزغىن سالىمىمنى توسۇۋالغانىدى. بىراق، خەتەرلىك دېڭىز سەپەرلىرىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن مىڭ بىر كېچىدىن ماڭا تونۇش بۇ دېڭىز مەن ئېكرانلاردا كۆرگەن دېڭىزدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل ۋە سېھىرلىك ئىدى.

ئايىغىمغىچە شۇرقىراپ تەر قۇيۇلاتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان بىر ئاق رەڭلىك پىكاپ يېنىمدىلا توختىدى، بىراق بۇ تاكسى ئەمەس ئىدى. تەقى ـ تۇرقى ۋە كاندورا (ئەرلەرنىڭ يەكتەك تونى) سىدىن قارىغاندا ماشىنىدىكى مۇۋاتىن (يەرلىك) دەك قىلاتتى.

— ھەي مىسكىن، ئەبۇزەبىگىمۇ؟

— ھەئە.

— ياللا، ماشىنامغا چىقىۋال، يولىمىز بىر كەن.

— ئاللا ساڭا رەھمەت قىلسۇن!

مەن سومكىنى كەينى ئورۇندۇققا قويۇپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ماشىنىنىڭ ھاۋادىنىدىن چىقىۋاتقان مۇزدەك توك شامالدا ئىسسىقمۇ، 180 كېلومېتىر يولمۇ ۋە چۆل ـ جەزىرىمۇ بىلىنمىدى. ئاخىر ئالدىمىزدا ئۇپۇققىچە سوزۇلغان كۆك دېڭىز كۆرۈندى. بىز دېڭىز بويىدىكى ھەشەمەتلىك شەھەر ئەبۇزەبىگە رەڭمۇرەڭ چېچەكلەر ۋە ياپيېشىل دەرەخلەر بىلەن ئۇنىسىز كىرىپ كەلدۇق. بىراق، بۇ سۈكۈتىمىزدە ئادەملەر ئارىسىدىكى دېڭىزدەك چوڭقۇر مۇھەببەت بار ئىدى.

بۇ چاغدا ناماز دىگەرگە ئەزان چىقتى. ئەزان ئاۋازى ماڭا شۇنداق تەسىر قىلدىكى مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق جەزبىدار ئاۋازنى يەنە بىر ئاڭلىغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇنىڭدا دېڭىزنىڭ ئىنچ ـ ئىچىدىن چايقىلىشلىرى، كائىناتتىكى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس ئايلىنىشلىرى، قۇشلارنىڭ ھاۋادىكى قانات قېقىشى، قىلىچلارنىڭ ۋالىلدىشى، تۆگىلەرنىڭ ئۆركىشى، ئادەملەرنىڭ ھاياجانغا تولغان نەپەسلىرى، يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ ئىڭگە ساداسى، ھالاك بولغان شەھەرلەردىكى جىمجىتلىق، رەسۇلۇللانىڭ ۋىدالىشىش نۇتقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇڭلۇق ئاۋازلار بىلەن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس كۆرۈنۈشلەر بار ئىدى. ئۇنىڭدا ياخشىلىقنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەك روھىي پەللىگە چاقىرىلىشى بار ئىدى. ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن

بەلگىلىرى نامايان بولاتتى. شۇنچە قايناق كوچىدىمۇ بىرەر ئۈنلۈكرەك ئاۋازنى، ۋاراڭ — چۇرۇڭنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئارىسىدىمۇ ئاي - يىللاپ ئۇرۇشۇپ — تالىشىپ قالغانلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەيلى ئەرەب ياكى ھىندى بولسۇن، مەيلى پارس ياكى پاكىستانلىق بولسۇن بۇ يەردە ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا بىر خىل يۇمشاق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. ئۇشتۇمتۇت بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىڭىز ياكى بىرەر جاينى بىلمەي كوچىدا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغان بولسىڭىز قايسى تىلدا بولمىسۇن ئادەملەر سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا، قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىشكە تەييار. ئەگەر يولدىن ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرغان بولسىڭىز ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ماشىنىلار ئاستىلاپ توختاپ بېرىدۇ. ياكى شوپۇر قول ئىشارىسى قىلىپ سىزنىڭ ئاۋۋال ئۆتۈۋېلىشىڭىزنى بۇيرۇيدۇ. ئەگەر كېيىنىپ ئۆتمەكچى بولغىنى ئايال كىشى بولسا ئەھۋال تېخىمۇ باشقىچە، ماشىنىلار بەش - ئون مېتىر يىراقتىنلا توختاپ تولۇق ئۆتۈپ بولغاندىلا ئاندىن قوزغىلىدۇ. يولدا، بانكا - سارايلار ۋە ھەرقانداق ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئاياللارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى يۇقىرى، ئورنى ئالاھىدە. بىرەر رەسمىيەت ئۆتەش ئۈچۈن ئۆچىرەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان بولسىڭىز ئەڭ ئاخىرىدا كىرىپ كەلگەن بىر ئايالنىڭ ئىشى بىرىنچى بولۇپ بېجىرىلىدىغانلىقى بۇ يەردە نورمال ئەھۋال. ئاياللارنىڭ يوشۇرۇپ قويۇلغان گۆھەردەك ئەتىۋارلىنىشى، تەشنالىقتا تۇرغان ئەرلەر تەرىپىدىن مەبۇدلارچە ئۇلۇغلىنىشى ئۆتتەك ئىسسىق، نەمخۇش دېڭىز ھاۋاسىدا تېخىمۇ بىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە بارلىق ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىسسىق مېھرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

قولۇمدا ئېغىر سومكا، قاقىرام ئاپتاپتا ئەلئەيىندىن ئەبۇزەبىگە بارىدىغان يولدا تاكسى ساقلاپ تۇراتتىم. يېقىن ئەتراپتا سايىدىغۇدەك بىرەر تۈپمۇ دەرەخ يوق ئىدى. بېشىمدىن

ھارۋىلىرىغا لىق توشقۇچە مال سېتىۋالغاندىن كېيىن دۇكان خىزمەتچىلىرى ئۇنى ئىتتىرىپ ئىشىك ئالدىغىچە ئاچىقىپ ماشىنىسىغا بېسىپ بېرەتتى . بەزىلىرى بىللە بېرىشقا ئېرىنىپ مۇلازىمەتچىگە ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپ قويۇپلا ئۇستۇن قەۋەتتىكى قەھۋەخانىغا چىقىشاتتى ۋە يېنىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە قەھۋە ياكى ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ بەھۇزۇر ئارام ئالاتتى . چۈنكى ، بۇ مۇۋاتىنلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئىمارات قانۇنىدا ھەر قانداق بىر چەت ئەللىكنىڭ بىخەستەلىكتىن ياكى باشقا سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتقاندا قانۇندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغىنىغا تولۇق ئىشىنەتتى .

مۇۋاتىن يەنى ئىمارات پۇقراسى بولۇش ئاھالىسى 2 مىليونغىمۇ توشمايدىغان ، ئۆز نوپۇسىغا قارىغاندا ئىشلەۋاتقان چەت ئەللىكلەرنىڭ سانى كۆپ بولغان بۇ دۆلەتتە كاتتا ئىمتىياز . دۇنيادىكى كۆپىنچە دۆلەت ، مىللەتلەردە يەرلىكتىن ياتلارنىڭ ئورنى يۇقىرى . ئۆز پۇقراسىغا قارىغاندا چەت ئەللىكلەرنىڭ يۈزى چوڭ . بىراق ، ئىماراتتا ياشاپ باققان ھەر قانداق چەت ئەللىك مۇۋاتىن دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلىدۇ . چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن ، ھەتتا باشقا يەردىن كەلگەن ئەرەبلەر ئۈچۈنمۇ پۇقرالىققا قوبۇل قىلىش ئىشىكىنى مەڭگۈلۈك تاقىۋەتكەن بۇ دۆلەتتە «مۇۋاتىن» دېگەن سۆز قانۇنىي ھوقۇقتىن باشقا بىر مۇنچە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . مۇۋاتىنلار ئۈچۈن مائارىپ تۇغۇلغاندىن باشلاپ تاكى ئالىي مەكتەپ ، ھەتتا چەت ئەلدە ئوقۇشقىچە ھەقسىز ، داۋالىنىش ھەقسىز ، بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپ تاكى خىزمەتكە چىققۇچە دۆلەت بەرگەن تۇرمۇش خىراجىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . بۇ خىراجەت دادىسىنىڭ مائاشىغا قېتىپ بېرىلىپ ، بالا خىزمەتكە چىققاندا توختىتىلىدۇ ، يەنى بىر ئادەمنىڭ بالىسى قانچە كۆپ بولسا ، بۇ مۇۋاتىنىنىڭ مائاشىغا قېتىلىدىغان پۇل شۇنچە كۆپ بولىدۇ . ئەگەر بىر مۇۋاتىن يىگىت مۇۋاتىن قىز

دۇكاندارلار دۇكىنىنى تاقاپ، كېتىۋاتقانلار قەدىمىنى بۇراپ مەسچىت تامان ئاقاتتى، مەنمۇ دېڭىز دولقۇنىدەك ئادەملەر ئېقىنىغا قېتىلدىم.

## يىرتىق يەكتەكلىك مۇۋاتىن

بىر كۈنى كەچلىك غىزادىن كېيىن ئايالىم بىلەن ئۇسسۇزلۇق ۋە ئۇششاق - چۈششەك تاتلىقلارنى سېتىۋالغاچ ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن يېقىندىن ئېچىلغان دەرىجىدىن تاشقىرى سودا - سارىيى ئەلمولغا ماڭدۇق. ئەلمول بىز تۇرۇۋاتقان ئۆيگە يېقىن بولۇپ پىيادە بېرىپ كەلگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېۋىزوردا ھەركۈنى ئەلمولنىڭ ئېلانلىرى بېرىلىپ تۇرغان بولغاچقا بىر كۆرۈپ باققىمىز بار ئىدى. ئەلمول كەڭ ۋە ئۇزۇنچاق ئۈچ قەۋەتلىك سۇپېرماركىت ئىدى؛ ئەلمولنىڭ يەر ئاستى قەۋىتى 400 - 500 ماشىنا سىغىدىغان ماشىنا توختىتىش مەيدانى بولۇپ بىز بارغاندا ئۇ توشۇپ بولغاچقا يەنە بىر — ئىككى يۈز دەك ماشىنا مولنىڭ ئالدى - كەينىدىكى يولدا قاتار تىزىلىپ كەتكەنىدى. «مول» ھەقىقەتەن مولچىلىق بولۇپ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان رەڭگارەڭ تاۋار دۇنياسى ئىكەن. دۇنيادىكى ئەڭ مودا كىيىم - كېچەكلەر، ئەڭ قىممەت زىبۇ زىننەتلەر، ئەڭ زامانىۋى ئېلېكتر سايمانلىرى، ئەڭ ئېسىل خرۇستال قاچىلار، ئەڭ ساپ مېۋە شەربەتلىرى، ئەڭ تاتلىق پېچىنە-پىرەنىكلەر بۇ يەرگە كېلىنىۋالغانىدى، ھەتتا ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن مېۋە - چېۋە ۋە ئوتياشلارمۇ تۈرى، رەڭگى، باھاسى بويىچە ئايرىم - ئايرىم تىزىپ قويۇلغانىدى. چاقناپ تۇرغان چىراغلار ئاستىدا كىشىلەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئۈزۈۋاتقان سان - ساناقسىز رەڭلىك بېلىقلارغا ئوخشايتتى. بۇ «بېلىق» لارنىڭ كۆپلىرى يەنىلا ئائىلىسى بويىچە كەچلىك مال سېتىۋالغىلى كەلگەن غەمسىز مۇۋاتىنلار ئىدى. ئۇلار مال جازىلىرىنى ئارىلاپ، قول

قالغان ۋاقىتتا ئۆز دۇكانلىرى بىلەن بولىدۇ. دۇكانلىرىدا ئەرزان ئەمگەك كۈچى بولغان چەت ئەللىك مال ساتقۇچىلار مۇقىم تۇرىدۇ. «قۇملۇقتىكى شاتىگال» دەپ نامى بار ئوتتۇرا شەرقتىكى بۇ نېفىت ۋە سودا دۆلىتىدە مۇۋاتىنلارنىڭ سودا ۋە مائاشتىن كىرگەن يۇقىرى كىرىمى بىلەن گۆشنىڭ باھاسى ئۈرۈمچىنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدىغان (يەنى كىلوسى 9 دەرھەم)، بەزى مېۋە – چېۋە، سەي-كۆكتاتلىرى ئۈرۈمچىنىڭكىدىنمۇ ئەرزان بولغان ئىستېمال سەۋىيىسىدە ئۇلارنىڭ مەئىشەتتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. شۇڭا، ئىمارەتلىقلار ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان پۇللىرىنى خەجلەپ كېلىش ئۈچۈن ھەر يىلى چەت ئەللەرگە ساياھەتكە چىقىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىماراتنىڭ ئىسسىقى ۋاراقلاپ-قايناپ تۇرىدىغان ئالتىنچى، يەتتىنچى ئايلاردا مۇۋاتىنلار ئاساسەن ساياھەتكە چىقىپ كېتىپ بۇ دۆلەتتە چەت ئەللىكلەر يالغۇز غېرىبسىنىپ قالىدۇ.

مەن ئايالىم بىلەن ئەلمولىنىڭ رەڭگارەڭ چىراغلىرى ئاستىدا مال سېتىۋېلىش قىزغىنلىقىغا غەرق بولغان غەمسىز مۇۋاتىنلارغا قاراپ خىيال سۈرگەچ كىتاب جازىلىرىنى ئارىلاشقا باشلىدىم. خىيالىمدا ئەرەب قولتۇقى، تەكلىماكان قۇملۇقى، قىسمەت، ئامەت ۋە ئادەملەر توختىماي ئالمىشىپ تۇراتتى. بىر دىنلا كىتاب جازىسىدىكى «ئىماراتنىڭ تۈنۈگۈنى» دېگەن فوتو سۈرەتلەر توپلىمىغا كۆزۈم چۈشتى. مەن قىزىقىش بىلەن ۋاراقلاشقا باشلىدىم. ئالدىمدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى نېفىتتى بىلەن بايۋەچچىلەر قاتارىغا ئۆتكەن، نوپۇسى 2 مىليونغىمۇ توشمايدىغان سۆلەتلىك ئىمارات ئاقسۆڭەكلىرى ئەمەس، ئورۇق بىلىقچىلار، مىسكىن چىراي مەرۋايىت سۈزگۈچىلەر، غېرىب-غۇرۋا مۇۋاتىنلار پەيدا بولدى. «قۇرۇق قول قايتىش» ناملىق بىر پارچە رەسىمدىن بىر بېلىقچى ۋەيرانە كەپىسى ئالدىدا يالاڭ ئاياغ ئىككى قىزى بىلەن دېڭىزغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆزۈن يەكتېكىنىڭ ياماقلىرىدىن قورسىقى كۆرۈنۈپ قالغان

بىلەن تويى قىلماقچى بولسا دۆلەت بۇ يىگىتنى مۇكاپاتلاپ تويلۇق ئۈچۈن 70 مىڭ دەرھەم (بىر دەرھەم 2.3 يۈەن) ياردەم پۇلى بېرىدۇ. قارىغۇچىسى يوق ياكى ئىشسىز مۇۋاتىن بولسا دۆلەت ھەقسىز ئۆي ۋە يەتكۈدەك تۇرمۇش خىراجىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەگەر چەت ئەلدە بىرەر مۇۋاتىنىنىڭ پۇلى تۈگەپ كېتىپ ياكى بېشىغا كۈن چۈشۈپ ئىمارات كونسۇلخانىسىنى ئىزدەپ تاپسا ئايروپىلان بېلىتىدىن ۋە قالغان ئىشلىرىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ. ھەر بىر ئۆيدە بىر ياكى بىر نەچچە ماشىنا بار. كۆپىنچە ئائىلىلەردە بالا باققۇچى، ئاشپەز، شوپۇر دېگەندەك چەت ئەللىك خىزمەتچىلەر توختىتىلغان.

ئىمارات ھۆكۈمىتى كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن چەت ئەللىكلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىر پۈتۈن ئىمارات جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغىنىنى كۆزدە تۇتۇپ چەت ئەللىك ئىشلەمچىلەرگە جەزمەن ئالىي مەلۇماتلىق بولۇشنى شەرت قىلغان. مەن بىر قېتىم بىر ھىندىستانلىق ياش بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ بومباي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ قۇملۇقتىكى بىر مەزرەئە (بىنەم يەر، ئېكىنزار) دە دېھقان ئىكەن. ئايلىقى 800 دەرھەم ئالىدىكەن. ئايالىمنىڭ بىر مۇۋاتىنە دوستى بولۇپ، بۇ قىز ئىمارات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنى يېڭىلا پۈتتۈرگەنىدى. ئۇ شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئاددىي بىر خىزمەتچىلىككە قالغان بولۇپ، تەجرىبىخانىغا قارايتتى. مائاشى 12 مىڭ دەرھەم ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە خىزمەت ئورنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىستاژى بىلەن ئېيتقاندا ئۇنىڭ مائاشى مۇۋاتىنلارنىڭ ئىچىدە خېلىلا تۆۋەن ھېسابلىنىدىكەن.

مۇۋاتىنلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ بىر تەرەپتىن سودا قىلىدۇ. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئادەتتە سائەت 9 دىن 2 گىچە ئىشلەيدىغان بولۇپ

چۈنكى، بىر ئايال رەستىنى كېسىپ ئۆتكەنىدى. بۇ يەر مانا شۇنداق ئاجايىپ ھاياتىي كۈچ دۇنياسى.

بىر كۈنى دۇبەينىڭ ئالتۇن بازىرىدا كېتىۋاتاتتىم. تۇساتتىن يانفون كۆتۈرۈۋالغان بىر جۇڭگولۇق قىز چۇقان كۆتۈردى. ئارقىدىنلا كوچا چارلاپ يۈرگەن ئىككى ساقچى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. مەنمۇ قەدىمىمنى توختىتىپ ئۇلارغا قاراپ تۇردۇم. بىر چاغدا ھېلىقى ساقچىلار 20 ـ 25 ياشلاردىكى بىر پاكىستانلىق يىگىتنى تارتقۇشلىغان پېتى تەتەيىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

— مۇشۇ شۇمۇ؟

— نەق ئۆزى.

كالتە يەڭ ئاق مايكىسىدىن بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان خەنزۇ قىز يېرىم ـ ياتا ئىنگلىزچە ۋە ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن بۇ پاكىستانلىقنىڭ خېلىغىچە كەينىگە چۈشۈپ، دەل مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ يانپېشىنى سىلاپ قويۇپ قاچقانلىقىنى چۈشەندۈردى. يىگىت قورقىنىدىن لاغ ـ لاغ تىترەپ تۇراتتى. ئۇ يىغلامسىرىغان ئاۋازدا بۇ تەتەيدىن ئىنگلىزچە ۋە ئەرەبچە قايتا ـ قايتا ئەپۇ سورايتتى.

ـ ئۇ مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ ـ ھە؟ جۇڭگولۇق ئاياللارنىڭ ھەممىسى شۇنداقمىكەن؟ ئۇ كۆپكۈندۈزدە ھېيىقماستىن ماڭا قول تەگكۈزدى. بۇ ئەدەپسىزنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىش كېرەك.

بىر چاغدا يىگىت ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. چوپچوڭ بىر ئادەمنىڭ يىغىسى ساقچىلارنىڭمۇ ئىچىنى ئاغرىتقان بولسا كېرەك. بىراق، قىزنىڭ قەتئىي ئەلپازىغا قاراپ ساقچىلار يىگىتنى مەجبۇرىي ساقچىخانا تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى. بىراق، ئۇلار يىگىتكە ئۆزرە ئېيتىپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى:

— بىزگىمۇ ئامال يوق، بۇ دېگەن قانۇن.

ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنىڭ دېيىشىچە ئۇ ئەمدى ئالتە ئايلىق سولاقتا ياتىدىكەن ياكى بۇ دۆلەتتىن ھەيدىۋېتىلىدىكەن.

بولۇپ چىرايىدىن ، ئۈمىدسىزلىك ، مۇڭ ۋە بارلىق ئۈمىدىنى تەقدىرگە باغلاش ھېسسىياتى چىقىپ تۇراتتى . 1972 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ ، ھوقۇقىغا ۋە بايلىقىغا ئۆزى ئىگە بولۇشنىڭ ئالدىدا بۇ دۆلەتتىكى كىشىلەر مانا شۇ ھالەتتە ئىكەن .

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىمغا قارىدىم . مال تاللاۋاتقان بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ، ئاپئاق يەكتەكلىرىدىن ، كۆزلىرى ۋە چىرايىدىن مەغرۇرلۇق ، ئىشەنچ ۋە باياشادلىقنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى . ئاياللار قارا لىباس ئىچىدە ئەتىۋارلىق ، نازۇك گۈللەردەك ئۈنسىز خۇش پۇراق چاچاتتى . ئۇلارنىڭ ھازىرقى تۇرقىدىن دۇنيادا گويا بۇنىڭدىن باشقا رېئاللىق يوقتەك ، ئادەملەرنىڭ ھازىرىغا نىسبەتەن ئۆتمۈشمۇ ۋە كەلگۈسىمۇ گويا بىر دەقىقىدىكى ئىشتەك تۇيۇلاتتى .

## يىگىت يىغلايدۇ

مەن مۇنداق بىر ئالاھىدە ھادىسىنى بايقىدىم : ئىماراتتا ھەممە نەرسىنىڭ جىنسى باردەك ، ھەممە جىنسىي ھاياجان ھالىتىدە تۇرغاندەك ، بۇ يەردە ئادەمگە ۋەسۋەسە سېلىپ ، ئىختىيارسىز ئۇياق-بۇياققا قارىتىدىغان ئەتىر ھىدىمۇ - شەيتان ، تاكسى بۇرۇندۇقىغا تاسادىپىي ئىلىنىشىپ قالغان بىر تال ئۇزۇن چاچمۇ چىدىغۇسىز ئەپسانە ، چۈنكى بۇلار مىڭلاپ كۆڭۈلنى مالىمان قىلغۇدەك سېھرىي كۈچكە ئىگە . ھارارەتلىك كۈندۈزلەردىكى ئاياللىرىز قاقشال كوچىلار ، سۇپېرماركىتلارنىڭ ھاياجانلىق كېچىسىدە چاقناپ تۇرغان سۆڭەكتەك ئەرلەر ، قارا پەرىشتىدەك پۈركەنجىلىك ئاياللار ئادەمگە ئادەتتىن تاشقىرى جىنسىي سەزگۈرلۈكنى ھېس قىلدۇرىدۇ . قولىنى مال جازىسىغا ئۇزاتقان ئەر شېرىن زەرەتنى سەزدى ، كەينىمدە بىر ئايال مال تاللاۋاتاتتى . يولنىڭ ئىچى ھەم سىرتىدىن ، دۇكان - دۇكانلاردىن بىرلا ۋاقىتتا ساناقسىز كۆز ئوقياسى ئېتىلدى .

# مۈشۈكلەرنىڭ جەننىتى

مەن خورما دەرەخلىرىنىڭ توپا باسقان يوپۇرماقلىرى ئاستىدا ھەر كۈنى تىنجىق گۈگۈملارنى كۈتۈۋالىمەن. ئىسسىق گۈگۈم پەردىسى يېپىلغاندا فوسفوردەك چاقناپ تۇرغان سانسىز مۈشۈك كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىمەن. بۇ كۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئىشىك ئالدىدا يېشىل ئۇچقۇن چاچىدۇ. بەزىدە پال كۆزلەر تام تۈۋىدىن ئەرۋاھتەك قاچىدۇ. بەزىلىرى ئەخلەت دۆۋىسىدە قوش چېچەكتەك مىدىرلاپ، جىمىرلاپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە مۈشۈك بەك كۆپ. تۇم قارا، ئاق، تاغىل، سېمىز، ئېگىز خىلمۇ خىل مۈشۈكلەر گويا مۈشۈكلەر پادىشاھلىقىدا ياشاۋاتقاندەك رەستە-مەيدانلاردا بەھۇزۇر مېڭىپ يۈرىدۇ. ئەرەبلەر مۈشۈككە ئامراق. مەن شارجادا تۇرۇۋاتقان چاغدا ئۆي ئىگىسى مىسىرلىق موماينىڭ كەمبەغەللىكىگە باقماي سېتىۋالغان مىڭ نەچچە يۈز دەرھەملىك مۈشۈكىنى كۆرگەنمەن. بۇ كەمپىر شىراز مۈشۈكى دەپ ئاتالغان تۈكلىرى ئۇزۇن ۋە ئاپئاق بۇ مۈشۈكنى كەچكىچە قۇچىقىدىن چۈشۈرمەي كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. سۆيۈپ، سىلاپ، ئەركىلىتىپ كېتەتتى. بىراق، مەن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بۇ دۆلەتتە بىرەر چاشقان كۆرمىدىم. مۈشۈكتىن ئىبارەت چاشقان تۇتۇشتىن باشقا رولى يوق بۇ مەخلۇقنىڭ ئەرەبلەرگە زۆرۈرىيىتىمۇ يوقتەك قىلاتتى. خۇددى چاشقان يوق بۇ يەردىكى مۈشۈكلەرگە ئوخشاش زۆرۈرىيەتتىن قالغان، لېكىن مۈشۈكلەرگە ئوخشىمىغان تەقدىرگە دۇچار بولغان يەنە بىر تۈرلۈك مەخلۇقنى كۆرگەنمەن.

بىز پەس تاقىر تاغلار ئارىسىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا فۇجەيرە شەھىرىگە كېتىۋاتاتتۇق، يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئاندا-ساندا چۆل دەرەخلىرى ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بار كەڭ چۆل ئىدى. مۇزدەك ماشىنا ئىچىدە تۇرۇپمۇ تالانىڭ گىل رەڭگىدىن قانداق دەھشەت ئىسسىق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى

گەرچە ئىسسىقى چىدىغۇسىز بۇ يەر ۋە ھەربىر ئەر چوڭقۇر چاڭقاش ھالىتىدە تۇرسىمۇ، بىراق ئىمارىتىنىڭ قانۇنى ۋە ئىسلام ئەخلاقى ئۇلارنى يەنىلا مەھكەم تۇتۇپ تۇرىدۇ.

بىر كۈنى ئەلئەيىن شەھىرىنىڭ كۆكتات بازىرىغا كېتىۋاتاتتىم: بۇ دۆلەتتە قاسساپلار لوق گۆشى ئايرىۋېلىنغان ئۇستىخاننى ساتماي تاشلىۋېتىدىغان بولۇپ، مىسىرلىق قاسساپ دوستۇم مەن ئۈچۈن ئۇنى مەخسۇس ئەپقوياتتى. ئىككى — ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ ئەپقويغان سۆڭەكلىرىنى ئەكىتەتتىم. بازار ئېغىزىغا كېلىشىمگە بىر مۇنچە ئادەمنىڭ بىر يەرگە توپلىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قەدىمىمنى تېزلەتتىم. ئەسلىدە بازارغا ياندىش كارتىلىق ئاممىۋى تېلېفوندا ئىككى رۇس قىزى تېلېفون ئۇرۇۋاتاتتى. تار ئىشتان ۋە قىسقا مايكا كىيىۋالغان بۇ قىزلارنىڭ ئاق بىلەكلىرى قولتۇقىغىچە، بېلى كىندىكىگىچە ئوچۇق ئىدى. ئىماراتتا بۇنداق ھالەتتىكى ئاياللارنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى. قىزلار سۆزلىشىۋاتقان بۇ تېلېفون بوتكىسىنىڭ ئەتراپىدا پاكىستانلىقلار، ئافغانىستانلىق پاتاملار، ھىندىلار، باڭغىلادىشلاردىن ھاسىل بولغان چوڭ بىر يېرىم چەمبەر بارغانسېرى كىچىكلەۋاتاتتى. ئۇلار گويا ئىككى سېرىق ئاسلاندەك ئەتراپىتكىلەرگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماي تېلېفون ئۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئادەملەر كۆپەيگەنسېرى چەمبەر كىچىكلەپ ئاخىر مەڭگۈلۈك بىر ئارىلىقتا قېتىپ قالدى. ئۈچ مېتىرچە قالغاندا ھېچكىم داۋاملىق يېقىنلىششقا پېتىنالمىدى. جەرەن بالىسىنى كۆرۈپ ئامالسىز مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان ئۇۋچىنىڭكىدەك كۆزلەر، غورۇلاي قوندۇرغۇدەك يوغان بۇرۇتلار، ساقاللىق ئېگىز ـ ئېگىز ئادەملەر... ھېچكىم بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەيتتى. يىگىتلەر تۈكۈرۈكلىرىنى يۇتۇپ، ئىچىدە يىغلاۋاتقاندەك جىمجىت تۇرۇشاتتى. ھېچكىم چەمبەر مەركىزىگە داۋاملىق يېقىنلىششقا پېتىنالمايتتى. مەن بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن سۆڭەكلىرىمنى ئېلىپ ئۆيگە ئالدىرىدىم.

كۆرگىلى بولىدۇ . يەنە بەزى مۇشۇكلەر مەخسۇس توخۇ گۆشىگىلا ئۆگىنىپ قالغان بولۇپ ، پىچىنە - پىرەنىك ياكى باشقا ئاشقان - تاشقاننى زادىلا يېگىلى ئۇنىمايتتى . ئىگىلىرى قانداق كۈندە بولسا ، باقىقان ھايۋانلىرىمۇ شۇنداق كۈن كۆرىدىغان گەپكەن . بىزنىڭ يۇرتلاردىكى مۇشۇكلەر بۇ يەردىكى مۇشۇكلەرنىڭ راھەت - پاراغىتىنى كۆرسە «ئاھ ! پەرۋەردىگار ، بىزمۇ قاچان بۇ مۇشۇكلەردەك كۈنگە ئېرىشەرمىز» دەپ يىغلاپ سېلىشى مۇمكىن .

مەن بىر ئەرەبتىن مۇشۇكلەرگە نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا پەرۋەردارچىلىق قىلىپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم . بۇ ئەرەب ئىمام بۇخارى بىلەن بىر ئۇلۇس ، بىر تىلدىكى مەندەك تەكلىماكان بويلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلماندىن ئەجەبلەنگەن ھالدا : «ئىسلام دىنى ياخشىلىق ۋە رەھمەت دىنىدۇر . بۇ دىن ئادەملەرگىلا ئەمەس ھايۋانلارغىمۇ رەھمەت ۋە مېھىر - شەپقەت قىلىشنى بۇيرۇيدۇ ، مۇشۇكىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس . بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەكتىكىنىڭ پېشىدە بىر مۇشۇك ئۇخلاپ قاپتۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇكنى ئويغىتىۋېتىشكە كۆزى قىيماي مۇشۇك ياتقان پېشىنى كېسىپ قويۇپ كېتىپتۇ . ئەجەبا ، ھەممە ئادەم بىلىدىغان بۇ ھەدىستىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ ؟ ساھابى جەلىل ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ دائىم مۇشۇك بېقىپ يۈرگەنلىك سەۋەبىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ئۆز ئىسمى ئابدۇراھمان ئىبنى سەخرنىڭ ئورنىغا «ئەبۇ ھۇرەيرە» (مۇشۇكنىڭ ئاتىسى) دەپ ئاتىغانلىقىنىمۇ بىلمەمسىز ؟ دېدى . ئەلۋەتتە ئاللىبۇرۇن بىلىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن بىلىملەرنى سىغدۇرالمايدىغان ئىمكانىيەت مېنى يەرگە قاراشقا مەجبۇر قىلدى .

## پەلەستىنلىك كىتابپۇرۇش

دۇنيانىڭ يەر شەكلى خەرىتىسىگە قارىغان ئادەم قۇملۇق

بولاتتى . بىراق ، شۇنچە كەلگ كەتكەن چۆلدىكى ھەر بىر تۆپ يۇلغۇننىڭ ، ھەر بىر يېشىللىقنىڭ تۆۋگە تارتىلغان قارا شىلانكىلاردىن سۇ ئىچىپ تۇراتتى . بىر چاغدا ئالدىمىزدىكى چۆل ئىچىدىن بۇلۇتتەك توپا ـ توزان توزۇپ ئۇن ، يىگىرمىچە سالپاڭ قۇلاق مەخلۇق چېپىپ كەلدى .

— ياۋا ئېشەكلەركەنغۇ بۇ ؟

— شۇنداق ، بۇرۇنقى ئەتىۋارلىق ئۆي ھايۋانلىرى ئەمدى چۆل سۈرگۈنلىرىگە ئايلاندى .

ھەمراھىمىنىڭ ئېيتىشىچە 15 ـ 20 يىل ئىلگىرى ئېشەك ۋە تۆگىسى بولۇش بۇ يەرلىكلەرگە خېلى چوڭ ئىش ئىكەن . ئىماراتلىقلار ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزلىرىنىڭ نېفىت بايلىقى ئۆز خەلقىنىڭ پاراۋانلىقىغا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ، ئۆي ـ ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا پىكاپ توختايدىغان بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم بۇ ھايۋانلارنى بېقىشنى خالىماپتۇ . بۇرۇنقى قاتناش قورالى بولغان بۇ مەخلۇقلار چۆللەرگە قويۇۋېتىلىپ ياۋايى ھايۋانلارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ . ھۆكۈمەت تۆگە ، ئېشەك قاتارلىق بۇ قارىغۇچىسىز ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن چۆلگە شلانكا تارتىپ دائىم سۇ توشۇپ تۇرىدىغان سېمونت تەڭلىلەرنى ياساپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپتۇ . شۇنداقتىمۇ سايدا ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قالغان ، ئاشۇ ئېشەكلەرنىڭ تاپلىرى ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ .

بۇ يەردىكى تەلىيى ئوڭ كەلگەن جانىۋار مۇشۇك بولسا مەخمەل دىۋانلاردا ، خېنىملارنىڭ يۇمشاق قۇچاقلىرىدا ، قىزلارنىڭ ئۇزۇن بارماقلىرىدا مۇشۇك بولۇشنىڭ راھىتىنى كۆرەتتى . تالا مۇشۇكلىرىمۇ شۇنچە كۆپ بولۇشىغا قارىماي ئادەملەردىن ئاشقان نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن باي ـ باياشادلىق ئىچىدە ياشايتتى . ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بەزى مۇشۇكلەرنىڭ مەخسۇس ئاشقان سۈتنى ئىچىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ، دۆلمىنە گۇرۇچ ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئاچقىپ بەرسە پۇراپ قويۇپ نارازىلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى

بۇ ئالاھىدە خېرىدارغا قىزىقىپ قالغانىدى.

— كەچۈرۈڭ، بىر مىنۇت تەخىر قىلىپ تۇرسىڭىز.

ئۇ ماڭا ئىنگلىزچە ئۆزرە ئېيتىپ مېنىڭ كەينىمدىن كەلگەن ئەرەب قىزنىڭ كىتابلىرىنى ئېلىپ باھاسىنى ھېسابلاشقا باشلىدى. قولىدىكى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن باشقىچە قىزغىنلىق بىلەن ماڭا بۇرۇلدى.

— سىز ئىرانلىقمۇ؟

— ياق.

— ئافغانمۇ؟

— ياق.

— ئۇنداقتا...

مەن تاكسى شوپۇرلىرىدىن، دۇكان خىزمەتچىلىرىدىن يېڭىچىياچە تونۇشقان ھەربىر ئادەمدىن ئوخشاش سوئال ۋە ئوخشاش قىياسلارنى تولا ئاڭلاۋېرىپ زېرىكىپ كەتكەنىدىم. مەن جاۋاب ئورنىغا ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ سورىدىم.

— سىز پەلەستىنلىكمۇ يا لىۋانلىقمۇ؟

— ماشائاللا، پەلەستىنلىكمەن. ئىسمىم ھەمۇدە، ئەرەبلەر ئىچىدىمۇ ئىنگلىزچە شېئىرلارنى ئوقۇيدىغانلار كۆپ ئەمەس، سىز زادى قايسى دۆلەتتىن؟

— مەن جۇڭگودىن كەلگەن مۇسۇلمان.

ئۇ گېپىمگە ئازراقمۇ ئىشەنمىدى.

— مەن جۇڭگولۇقلارنى ئوبدان بىلىمەن. بۇرۇتىڭىز، كۆز ۋە قېشىڭىز ئوخشىماي تۇرىدۇ.

مەن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان شۇنچە چوڭ زېمىن ۋە بۇ يەردىكى 8 مىلىيوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان مىللەت — ئۇيغۇردىن زادىلا خەۋىرى يوق ئىكەن. ئەكسىچە يەر شارى خەرىتىسىدىكى كىچىككىنە بىر جاي — پەلەستىننى ھەر بىر ئۇيغۇر ۋە پۈتۈن دۇنيا ئاساسەن بىلىدۇ.

بويلىرىدىكى كۆزگە ئاران چېلىقىدىغان چېكىتتىنىڭ ئورنىدىكى جايدا ئادەملەر قۇمدەك مىغىلداپ تۇرىدىغان چوڭ شەھەرلەر بارلىقىنى، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھۆر ـ بەختىيار تۇرمۇشىنى ياكى ئەركىنلىكى ئۈچۈن ساداسىز قان تۆكۈپ قىلغان ئۇرۇشىنى كۆرەلمەيدۇ. بىر تال چېكىت ئاستىدا قاتار ـ قاتار ئاق تېرەكلەر ياكى خورمىلىق باغلار، دېڭىز ياكى تاقىر تاغلار، ھېسابسىز نېفىت ياكى دېھقانىنى تويغۇزالمايۋاتقان ھوسۇلسىز ئېتىزلار، ئېتىلىپ چىققان چېپار يولۋاس ياكى سۈت ئېچىۋاتقان مۇشۇك بار. ئىسسىقتا كۆيۈۋاتقان قۇملۇقمۇ، ئورماندىكى يامغۇرمۇ، ئەرەبمۇ ياكى ئۇيغۇرمۇ بار.

مەن يەر شارى خەرىتىسىدە تىرناقچىلىك سىزىلغان بۇ دۆلەتنىڭ خەرىتىگە چۈشمىگەن ئەلئەيىن شەھىرىدە چىراغلار جىمىرلاپ تۇرغان بىر كەچلىكى كىتابخانىغا كىردىم. قاتار ـ قاتار بىر نەچچە كىتابخانا بار بۇ رەستىدىكى مەن كىرگەن كىتابخانىدا كىتاب ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. كىتابلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىدىن قارىغاندا ئۈچتىن ئىككىسى ئەرەبچە، ئۈچتىن بىرسى ئىنگلىزچە كىتابلار ئىدى. مەن كىتاب جاھازىلىرىنى بىر ھازا ئارىلىغاندىن كېيىن ئىنگلىزچە كىتابلار ئارىسىدىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىرلاندىيە شائىرى يېتىزنىڭ ۋە ھازىرقى زامان ئامېرىكا شائىرلىرىنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمىنى تاللىدىم. كىتابخانىدا ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئالدىمدىكى قارا ئابايى كىيگەن مۇۋاتىنە چوكان پۇل تۆلەپ بولۇشىغا مەن قولۇمدىكى ئىككى كىتابنى سۇندۇم. كىتابپۇرۇش چاچلىرى چۇشۇپ كەتكەن، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، قارىماققا 50 ياشلارغا كىرگەندەك كۆرۈنىدىغان ئات يۈزلۈك ئەرەب ئىدى. كىيىنىشىدىن ئۇنىڭ مۇۋاتىن ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قولۇمدىكى كىتابلارنى ئېلىپ ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قارىغاندىن كېيىن ماڭا لاپپىدە بىر كۆز تاشلىدى. ئادەتتە كىتابخانىغا كىرىدىغانلار يۈزدە يۈز مۇۋاتىنلار ياكى ئاندا ـ ساندا باشقا يەرلىك ئەرەبلەر بولاتتى. ئۇ ماڭا —

— بىلەمسىز، مەن سىزدەك شائىر ئەمەس، لېكىن شېئىرنى ياخشى كۆرىمەن، 15 ـ 16 ياش چاغلىرىمدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇش ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مېنىڭ ھايات نىشانىم بولۇپ قالغان. قولۇمغا قورالمۇ ئالغان، ياسىر ئاراپاتقا ئەگىشىپ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، تۈرمىدىمۇ ياتقان، ئاپتوبۇسقا پۇل يوق تالاي قېتىم شەھەردىن ـ شەھەرگە پىيادە قاچقان. كۈن-كۈنلەپ ئاچمۇ قالغان. ئىماراتقا كېلىپ 7 — 8 يىللىق سەرسانچىلىقتىن كېيىن بۇ كىتابخانىنى شېرىك ئېچىۋالدىم. نېمىلا بولمىسۇن ھاياتىمىكى بىر نىشانىمنى ئىشقا ئاشۇردۇم. بىراق، بىرەر قېتىم ئىچىمدىن ئېچىلىپ كۈلۈپ باقمىدىم. بىز پەلەستىنلىكلەرنى يەھۇدىيلارمۇ، باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. دۇنيادا بىزگە ئورۇن يوق. كەڭ زېمىندا بىزگە پەلەستىندىن باشقا ئىللىق ماكان يوق. چۈنكى، بىر مىللەت ئۆز ۋەتىنىدە قانچىلىك خار، قانچىلىك تۆۋەن بولسىمۇ يىقىلغاندا ئۆز يېرىگە يىقىلىدۇ. ھامان بىر كۈنى قەددىنى كۆتۈرىدۇ. كىشى يۇرتىدا قانچىلىك مەئىشەت كۆرسىمۇ مەڭگۈ ئىككىنچى پۇقرا سانىلىدۇ... ھاياتنىڭ قاتتىقچىلىقى مېنى ۋاقتىسىز قېرىتىپ قويدى. بەلكىم سىز گىمۇ چوڭ كۆرۈنۈپ كەتكەندىمەن. بۇ يىل ئەمدىلا 36 ياشقا كىردىم.

مەن ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئالدىمدا يۈزلىرىگە قات ـ قات قورۇق چۈشكەن، چاچلىرى چۈشۈپ تاقىر بېشىدا ئاندا-ساندا تۈك قالغان 36 ياشلىق بىر بوۋاي تۇراتتى. بۇ باي ـ باياشات ئەركىن ئەرەب دۆلىتىمۇ ئۇنىڭ پەلەستىنلىك ئىكەنلىكىدەك ھەقىقىي سالاھىيىتىنى يوقۇتۇۋېتەلمىگەنىدى. ئەكسىچە نەگىلا بارمىسۇن پەلەستىنلىك دېگەن بۇ ئىسىم گويا قۇللۇق تامغىسىدەك ئۇنى ئازابلايتتى. بۇ ئازاب، ئۇنىڭ ئىچىدە كۆيگۈچىلەرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان، ئۇنىڭ تېشىدا كۆيۈۋاتقان بىر مۇساپىرنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنىش ۋە ۋىجدان ئوتىدا پۇچىلىنىش ئازابى

مەن ئەپسۇسلانغان ھالدا قولۇمدىكى كىتابلارنى ئۇنىڭغا تەڭلىدىم .

— مەن باھاسى 30 دەرھەملىك بۇ كىتابلارنى سىزگە 20 دەرھەمگە بېرەي . مەنمۇ شېئىرنى ياخشى كۆرىمەن . بىز دوست بولۇپ قالايلى .

— رەھمەت .

— ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا ئەتە چۈشتىمۇ كەلسىڭىز ، چۈشلىرى دۇكاندا خېرىدار ئاز ، بىز كەڭ - كۇشادە مۇڭدىشىۋالالايمىز .

مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن چۈش ۋاقتىدا يەنە كەلدىم . ھەمۇدە مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قىزغىن قارشى ئالدى . كىتابخانىسىدا ئايدا 600 دەرھەم مائاش ئالىدىغان ھىندىستانلىق كىتاب ساتقۇچى بىلەن ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى . ئۇ مەندىن ئەرەب تىلى سەۋىيەمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سورىدى .

— ئۆزۈمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن، — دېدىم جاۋابەن.

— ئۇنداقتا بىز ئەرەبچە سۆزلەشسەكمۇ بولغۇدەكقۇ - ھە ؟

ئۇ بىر نەچچە ئەرەب شائىرلىرىنىڭ شېئىرىنى تەييارلاپ قويغانىكەن ، ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى .

— چۈشىنەلىدىڭىزمۇ ؟

— ئازراق چۈشەندىم ، مەن مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ پادىشاھى دەپ نام ئالغان شائىر نىزار قۇببانىنىڭ شېئىرلىرىنى ئىنگلىزچىدىن كۆرۈپ باققانمەن. ئامېرىكىلىق ئەرەب شائىرى شەرىف ئەلمۇسانىڭ شېئىرلىرىنى ياقتۇرىمەن .

— ماشائاللا ، مانا بۇ يەردە نىزار قۇببانىنىڭ قەسىدىلەر توپلىمى بار، ئاڭلاڭ - ھە؟

ئۇ ئاياللارنىڭ تېنى رىلىسقا ئوخشايدۇ ، ئەرلەر گويا پاراۋوز دېگەندەك مىسرالىرى بار بىر شېئىرنى ئوقۇدى . ...

تۇراتتى.

بىز ئىماراتنىڭ ئەلئەيىن شەھىرىدىن بىر ماي يول ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئوممانىنىڭ بىرەيمى بازىرىغا تاكسى بىلەن ئىككى مىنۇتتىلا غىيۇلداپ كىرىپ ماسقاتقا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئالاھازەل بىر سائەتچە ئىچكىرىلەپ ماڭغاندىن كېيىن ئوممانىنىڭ چېگرا پونكىتىغا كەلدۇق. شوپۇر يولغا چىقىشتىن بۇرۇنلا ئىككىمىزنىڭ پاسپورتىنى كۆرۈپ، ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئىماراتقا ئىقامىتى (ۋاقىتلىق تۇرۇش ۋىزىسى) بار ئىكەن، ئەرەب قولتۇقىدىكى ئالتە دۆلەتنىڭ ھەرقاندىقىغا مۇشۇ ئىقامەت بىلەن ئىختىيارىي كىرەلەيسىلەر، چېگرىدىلا بىر ئايلىق زىيارەتكە تامغا بېسىپ بېرىدۇ، دېگەنىدى. شۇڭا، قاراۋۇلخانىدا توختاشتىن بىز ئانچە بىسەرەمجان بولۇپ كەتمىدۇق. ماي يول قاپ ئوتتۇرىدىن بىر ئالا كالتەك بىلەن توسۇقلۇق ئىدى. ئالا كالتەكنىڭ بىر بېشىدا كىچىك بىر بوتكىچاق بار بولۇپ بىر ئوفىتسېر دېرىزىدىن سۇنۇپ بەرگەن گوۋاھنامىلارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرەتتى. ئالدىمىزدا توختىغان ھەر ئىككى ماشىنا ئوممانلىقلارنىڭ بولغاچقا ھايال بولمايلا بىزگە نۆۋەت تەگدى.

ئوفىتسېر پاسپورتىمىزنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ بولۇپ قولىمىزغا بىر جەدۋەل تۇتقۇزدى. بىز جەدۋەلدىكى ئىنگلىزچە ۋە ئەرەبچە يېزىلغان قايسى دۆلەتتىن، قانچە نەپەر، قايسى شەھەرگە نېمە ئىش بىلەن بارماقچى دېگەن كاتەكلەرنى توشقۇزۇپلا قايتۇرۇپ بەردۇق.

— ئەپەندىم، خانىمىڭلار بىلەن ئىككىڭلار ئۈچۈن يەتتە رىيالدىن جەمئىي ئون تۆت ئوممان رىيالى تاپشۇرىسىلەر، — دېدى. بىز پۇلنى تاپشۇرغاندىن كېيىن پاسپورتىمىزغا تامغا بېسىپ قولىمىزغا قايتۇردى ۋە سىلەرنى قارشى ئالىمىز، دۆلىتىمىزدە خۇشال ئويناپ قايتقايسىلەر، — دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. قايتىدىن ماشىنىمىزغا چىقتۇق. ئالا كالتەك كۆتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ساقچى

ئىدى .

## ئومانغا كىرىش

ئىماراتقا ئۈرۈمچىدىن بىۋاستە ئايروپىلان قاتنايدىغان بولغان بىر نەچچە يىلدىن بۇيان چېچەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئايىغى بۇ ئوتتەك تۇپراققا تېگىشكە باشلىدى. دۆڭكۆۋرۈكنىڭ مەرى ئىسسىق بازارلىرىدا كۆز چاقنىتىپ تۇرغان خىلمۇخىل ياغلىقلار ، ئاياللارنىڭ كوپتا ـ كۆڭلەكلىرى ، يېڭى چىققان ئەتىۋارلىق رەخت ـ ماتالار ، ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرى ، دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىن دۇبەيگە ، دۇبەيدىن ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلىدىغان بولدى. ھەر ھەپتىسى جەنۇبىي جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانى كەلگەندە شارجا ئايرودرومىدا 5 ــ 6 ئۇيغۇر سودىگەر پەيدا بولىدۇ. ئۇلار دۇبەيدە بىر ـ ئىككى كۈن مال تاللاپ يەنە قايتىدۇ. ئىماراتنىڭ ئوخشىمىغان شەھەرلىرىدە ۋاقىتلىق ئولتۇرۇشلۇق بىر نەچچە ئائىلىلىك ئۇيغۇرمۇ بار ئىكەن . بىراق ، بىز تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت-مائارىپ شەھىرى ئەلئەيىن باشقا شەھەرلەردىن چەت ۋە خىلۋەترەك بولغاچقا بىزگە بۇ ئۇيغۇرلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش پۇرسىتى بولمىدى .

ئىماراتقا قوشنا دۆلەت ئوماندىكى گۈلباھار ھاجى خېنىم بىلەن ياسىنجان ھاجىم ئۇرۇقلۇق ئىككى ئۇيغۇر بولۇپ پايتەخت ماسقاتتا ئوقەت قىلىۋاتقىنىغا بىر نەچچە يىل بولغانىدى . ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۇلارنىڭ قىزغىن تەكلىپى بىلەن قۇربان ھېيتنى بىللە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ماسقاتقا قاراپ يولغا چىقتۇق . ئومان بىلەن ئىمارات ئوتتۇرىسىدا بىزنىڭ كاللىمىزدىكى چېگرا ئۇقۇمىدەك تىكەنلىك سىملار بىلەن ئايرىۋېتىلگەن چېگرا يوق ئىدى . بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى بەزى جايلىرىدا بىرەر تاغ ـ دۆڭلۈك بىلەن بەزى يېقىن شەھەرلىرى بىرەر يول بىلەنلا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ

ئىمارەتسىز ، ئادەمسىز ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تاشلاندۇق يەرلەر ، بىرەر يېرىم سائەتتىن كېيىن كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئىككى ياندىكى تاغدا ئالىقانچە بوش يەر قالماي سىلىنغان غوچچىدە ئۆيلەر ، ئىنچىكە ئۇچەيدەك كوچا ، مەرمەر قەسىر ، ئەينەك سارايلار ، ئارقىدىن يەنە كۆپكۆك دېڭىز ۋە تاغ ، يان - يېنىدا مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر . . . مانا بۇ ئوممانىنىڭ پايتەختى ماسقات ئىدى .

گۇلباھار ھاجى خېنىم بىلەن ياسىن ھاجى بىزنىڭ كېلىش ۋاقتىمىزنى پەملەپ ئالدىنئالا ئالدىمىزغا چىقىپ تۇرغانىكەن . گەرچە بىز بۇرۇن ئانچە تونۇشۇپ كەتمىسەكمۇ ، ئۇيغۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان ياقا يۇرتتىكى ناتونۇش بىر كوچىدا بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان تۆت ئۇيغۇرنىڭ خۇشاللىقىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى . ئۇيغۇرنىڭ دۇنياۋى غېرىبلىقى ۋەتەندىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا بىر پەس غەم - قايغۇسىز قىزغىنلىققا ، ئۇرۇق - تۇغقانلارچە خۇشاللىققا ۋە ھاياجانلىق شېئىرغا ئايلاندى . مەن مانا مۇشۇنداق جەم بولۇشلارنى تەسۋىرلەپ «يۇرتداشلار» دېگەن شېئىرىمدا مۇنداق يازغانىدىم .

دۇبەي شەھىرى تىلسىمات ئەينەك،
يىتكەن دەرەخ ئۆزىنى ئىزدەر،
كوچىدا .
ئۇرۇق ئەرۋاھلار ئۇيغۇر بىز دەر،
ئۇيغۇر - ئۇيغۇرغا تارتىلغان پەردە،
پولو بىلەن لەغمەن بار يەردە،
ئۇيغۇرنى كۆردۇم .

كۆزۈمگە قىزىلگۈلدەك سۇرتەي دېگۈچە،
يۈرىكىمگە سانچىلىپ قالدى تىكىنى .

مېڭىشىمىزغا قول ئىشارىسى قىلىپ سەپىرىمىزگە ئاقيول تىلىدى.

بۇ ئىشلارغا بەلكىم بەش مىنۇتمۇ كەتمىگەندۇ. دۇنيادا بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە بېرىش رەسمىيىتىنىڭ مۇنداق ئاسان پۈتىدىغانلىقىنى باشقا بىرەرسى سۆزلەپ بەرگەن بولسا بەلكىم مەڭگۈ ئىشەنمىگەن بولاتتىم. بىراق، بۇ ئۆزۈم باشتىن كەچۈرگەن ھەقىقىي ئىش ئىدى.

## ماسقات كوچىسىدىكى ئۇيغۇر

ئوممانغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى بىز ئۆزىمىزنى قەدىمكى زاماندىكى بىر دۆلەتتە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدۇق. بىرەيمى بازىرىدا كۆرگەن خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان لاي كۆنگۈرىلىك ئېگىز تاملار، تاملارنىڭ پۇچۇقلىرىدا ئاپتاپ سۇنۇپ بۇقۇلداۋاتقان مىڭلىغان كۆك كەپتەر، يول بويى ئادەمگە پات - پات سالقىن تۇيغۇ بەخش ئېتىدىغان يېشىل ئېتىزلار، باغ - ۋارانلار، ئىسسىقتا ئېشەك مىنىپ كېتىۋاتقان ئوممانلىق بوۋاي، يولنىڭ ئوتتۇرىدىكى خورما دەرىخى تۈۋىگە تاشتىن تاراشلاپ ياسىغان، قىيپاش كوزىغا چۈشۈۋاتقان سۇ، ھېجىر قاچا، ئىۋرىق، ماسقات شەھىرىگە يېقىن ئاچالدىكى ھەيكەلتىراشنىڭ ئاجايىپ ئەسىرى - ئالتۇن نەقىشلىك ساندۇقنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاغزىدىن كۆرۈنۈپ قالغان زەر باسقان كىيىم - كېچەك ۋە ئۈنچە - مەرۋايىت. بىز گويا ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى مۇشۇ يەردىكىدەك ھېس قىلدۇق. ئوممانىنىڭ پايتەختى - ماسقات بىر تىلسىمات ئىكەن. بىز بۇ شەھەرگە كىرگىنىمىزنىمۇ ۋە چىققىنىمىزنىمۇ بىلەلمىدۇق. بىر دەم ماڭساق قەدىمىي، بىر قەدەم ماڭساق زامانىۋى، ئۇياقتا قارىساق تاغ، بۇياقتا قارىساق دېڭىز، ئېگىز بىنالارغا قاراپ ماسقاتتا كىرىپ بولدۇق دېگەندە سەھرا تۈسىنى ئالغان خورمىلىق باغلار، ئېتىزلار، ئۆي -

ئاچىدىكەن .

ئۇ دۇبەيگە تىقىلىۋالغان ئۇيغۇرلاردىن توزۇكرەك پىتلىنىپ قالغان بىرەرسىنىمۇ كۆرمەپتۇ . ئۇ بۇنى ئويلاپ بىرسىدىن نېسىگە ئالغان ئازغىنا مەرۋايىت بىلەن قوشنا دۆلەت ئوممانغا بېرىپتۇ . ئوممان ئىمارانقا قارىغاندا كەمبەغەل دۆلەت بولغاچقا ئۇيغۇرلاردىن بىرەرسىنىڭمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ بېقىش خىيالىغا كەلمىگەنىكەن . ئۇ ئوممانىدا بۇ ئازغىنا مەرۋايىتنى ھەيران قالارلىق ھالدا بىرگە ئون ، ھەتتا يىگىرمە ھەسسە پايدىسىغا سېتىپتۇ . ئاندىن دەرھال جۇڭگوغا قايتىپ بىر يولى يەتتە ، سەككىز سومكا مەرۋايىت يۆتكەپتۇ .

ــ ھازىر ماسقاتنىڭ جاۋاھىرات بازىرىدا مېنى تونۇمايدىغان بىرەرمۇ دۇكاندار يوق ، بۇ ئاچ پاقىلارنى خۇددى گۆرۈچكە تويغۇزغاندەك تويغۇزۇۋەتتىم . ئۇلار مەندىن سېتىۋالغان مەرۋايىتلارنى ھازىرمۇ سېتىپ بولالمايۋاتىدۇ . ھازىر ئۇ ئاقماس سودا ، بىراق شۇ مەرۋايىتلارنىڭ پايدىسىدا مەن يول تېپىۋالدىم . جۇڭگونىڭ ئەرزان ماللىرى ئەرەبلەرنىڭمۇ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتتى . ھازىر ئايروپىلان ۋە پاراخوتلاردا مال يۆتكەپ خەنزۇلار بىلەن بىللە يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىۋاتىمەن . بەلكىم ئىمارانقا قارىغاندا سىلەرگە ئوممان كونا ۋە كەمبەغەل كۆرۈنۈپ كەتكەندۇ . بىلەمسىز ، پۇل تاپقان يەرلەر ئادەمنىڭ كۆزىگە ئوت كۆرۈنىدۇ . چەت ئەلنىڭ ھەر قانداق يېرىدە مەن ئۈچۈن ماسقات كوچىلىرىدەك چىرايلىق ۋە پاكىز يەر يوق .

. .

كەچتە گۈلباھار ھاجى خېنىمنىڭ گەپلىرىگە مەپتۇن بولغان ھالدا ئايالىم بىلەن ماسقات كوچىلىرىنى ئايلاندۇق . قاتار ــ قاتار ئەتىر دۇكانلىرى ، رەڭگارەڭ چىراغلار ۋالىلداپ تۇرغان بوتكا ــ پەشتاختىلار ، غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا پەسكە ساڭگىلىغان تاغلار ، تار كوچىلارنىڭ ئايىغىدىكى دېڭىز ... بىر نەچچە كۈن بۇ كوچىلار ماڭىمۇ ئوت كۆرۈنۈپ كەتتى .

ئەي قوپاللىق قىلغۇچى سۆيىمەن سېنى ،
ئەي ، باغرىنى تىلغۇچى سۆيىمەن سېنى
ئەي زامانىنى سىلىغۇچى سۆيىمەن سېنى . . .

ئۇلار بىزنىڭ كېلىشىمىزگە ئۇلگۇرتۇپ پولو دۇملەپ قويغانىكەن . بىز ئۇخشىغان پولوغا ئىشتىھا بىلەن ئېغىز تەگكەچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق .

گۇلباھار خېنىمنىڭ تەسىرلىك سەرگۈزەشتىلىرى ، جاسارىتى ، تەۋەككۈلچىلىكى سودا ساھەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورتاق يولى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم . ئۇ دەسلەپ ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى بىر سودا سارىيىدا پىرىكازچىك بولغان . قورساقتىن ئېشىنمايدىغان ئازغىنا مائاشقا باغلىنىپ قالغاندىن كۆرە نېمە بولسام بىر تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ باقاي دېگەن نىيەتكە كەلگەن . پۇرسەتنى چىڭ تۇتقۇچى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ قاتارىدا پاكىستانغا چىققان . ئۇ يەردە ياسىنجان بىلەن شېرىكلىشىپ ئىككى ئارىدا مال يۆتكىگەن . بىر قېتىم سودىدا زىيان تارتىپ ھەممە دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان . ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ھاياتقا قىزغىنلىق ، تەۋەككۈلچىلىك ۋە يېڭى ماكان ئىزدەش روھى ئۇنى جىم تۇرغۇزمىغان . ئۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقەتچىلىرىنىڭ ئىماراتقا قاتناۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۆتنە يېرىم قىلىپ بولسىمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ باقماقچى بولغان . 1997 ـ يىلى ئۇ ئىماراتقا كەلگەندە كەلگۈسىدە ئالتۇن خەزىنىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان بۇ چوكانغا باشقا ئۇيغۇرلار ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىكەن .

ـ بۇ جەرياندا ئاچلىقنىمۇ ، يوقسۇزلۇقنىمۇ كۆردۈم ، باشقا كۈن چۈشكەندە يۆلەش ئويىدا سۇنغان خەيرلىك قوللارنىمۇ ، جۆندەش كويىدا بولغان ئالدامچى كاززاپنىمۇ كۆردۈم . چەت ئەلدە پۇلى يوق ئادەم ھەركىمگە ئېغىر كېلىدىكەن ، ھەممە ئادەم قاچىدىكەن . پۇل تاپقاندا ياتمۇ ، دۈشمەنمۇ خۇش چىراي

مەن بۇ ئىشنىڭ تەسىرىدىن ھەم ھەيرانلىق، ھەم پەرىشانلىق ئىچىدە كېتىۋاتاتتىم. دېڭىزغا يېقىن يەردىكى يول بويىدا بىر بولكىۋاي ماشىنا توختىتىقلىق بولۇپ بىر بوۋاي بىلەن 16 ـ 17 ياشلاردىكى بىر يىگىت لىمون سېتىۋاتاتتى. مەن بوۋاينىڭ پۇل ئېلىشلىرىدىن بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ يېقىنراق كەلدىم. بوۋاي پۇلنى بىر ھازا ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، ئالدى ـ ئارقىسىنى ئالىقانلىرى بىلەن سىيلاشتۇرغاندىن كېيىن يانچۇقىغا سالاتتى.

— لىمون ئالامسىز؟

— ياق، ماسقات بازارلىرىنى كۆرگىلى چىققان. بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان بۇ بالا ماڭا قىزىقىپ قاراشقا باشلىدى.

— سىز چەت ئەللىككەنسىز ـ دە؟

— شۇنداق، ئۇممانغا كەلگىنىمگە بىر كۈن بولدى.

شۇ ئارىدا بوۋاي ئوغلىغا «مەن نامازدىگەرنى ئوقۇپ كېلەي، سەن ساتقاچ تۇر» دەپ تاپىلاپ قويۇپ ھاسىسىنى توكۇلداتقانچە كەينىگە بۇرۇلدى. شۇندىلا مەن بوۋاينىڭ ئەمالىقىنى بىلدىم.

— مەن ياردەملىشەيمۇ؟

— ھاجىتى يوق، — دېدى ئوغلى چاققانلىق بىلەن گېپىمنى تارتىۋېلىپ، — دادام مەسچىتكە سىزدىنمۇ بالدۇر يېتىپ بارالايدۇ.

مەن بۇ ئوغۇل بالا بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار بەش بالا بولۇپ ئۇ كەنجىسى ئىكەن. تۇنجى بالا تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسىنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قاپتۇ. لېكىن، دادىسى ئۆز بېغىدىن چىققان لىمون، خورمىلارنى سېتىپ باققاللىق بىلەن ئۆيىنى قامداپتۇ. تۆت بالىسىنى تالالىق قىپتۇ. ئانىسى بىر نەچچە يىل بۇرۇن تۇگەپ كەتكەچكە ھازىر كەنجى بالىسى بىللە تۇرىدىكەن.

بۇلارنى ئاڭلاپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكتۇم. ھاسىسىنى

# لىمون ساتقۇچى ئەما بوۋاي

مەن ئىختىيارسىز ھالدا مەززىلىك ئەتىر ھىدىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتىم . قارا كىيىملىك ئاياللار ، بەللىرى ئوچۇق ھىندى خوتۇنلار ، تۈركچىگىمۇ پارىسچىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىلۇشى تىلىدا چۇقچۇلداپ سۆزلەپ كېتىۋاتقان قارىقۇمچاق قىزلار . . . ئومۇماندا ئاياللارنى كوندۇزدىمۇ خېلى جىق كۆرگىلى بولاتتى . گاھىدا مۇگدىشىپ كېتىۋاتقان بالاغەت يېشىدىكى قىز - يىگىتلەرمۇ ئۇچراپ تۇراتتى . بىردىنلا ئەتىر ھىدىنىڭ ئورنىغا بۇرنۇمغا بەتبۇي پۇراق گۇپۇلدەپ ئۇرۇلدى . بېشىمنى كۆتۈرۈشۈمگىلا ئوتتۇرا ياشلىق ، ئاق لىباسلىق بىر ئەر ماڭا سوقۇلۇپ كەتتى ۋە ھومىيىپ قاراپ بىر نېمىلەرنى دەپ ئاغزىنى بۇزدى . سۆزىگە قارىغاندا ئەرەبچە ئەمەس ئىدى . بىلۇشى بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم . ئۇ مەست ئىدى . ماسقاتتا پاكىستاننىڭ بىلۇشىستان ئۆلكىسىدىكىگە ئوخشاش تىلدا سۆزلەيدىغان ئومانلىق بىلۇشىلار خېلى كۆپ ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئەرەبچىنى تولۇق بىلمىگەچكە ، يېتەرلىك مائارىپ تەربىيىسى ئالمىغاچقا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئاز ، بىراق تۆرمىلەردە كۆپ بولىدىكەن . مەن دوستۇمنىڭ «كوچىغا چىققاندا بىلۇشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلان» دېگەن سۆزىنى قۇلىقىمدا چىڭ تۇتقاچقا ئۇنىڭ يولسىزلىقىغا ئىنكاس قايتۇرمىدىم . ئۇ كىشىلەرگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ دەلدەڭشىگىنىچە بازاردا كېتىۋاتاتتى .

ئىماراتتا ھاراق قانۇن بويىچە چەكلەنگەن . ھەر قانچە چوڭ سۇپېرماركىتلاردىنمۇ توخۇ سۈتى تېپىلسا تېپىلىدۇكى ھاراق تېپىلمايدۇ . ھاراق ئىچىش ، سېتىش ، توشۇش جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان قانۇنسىز قىلمىش . بىرەر ئادەمنىڭ كوندۇزدە ئەمەس ، كېچىدىمۇ بۇ ھالەتتە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس . ئوماندىمۇ ھاراق چەكلىنىدىكەن ، بىراق قانۇننىڭ ئىجراسى ئانچە چىڭ بولمىسا كېرەك .

توختاش بىلەن بىلىگە پۇل قاپچۇقى ئېسىۋالغان، قولىدا كىچىك بىر چامادان كۆتۈرۈۋالغان بىرى بىز تەرەپكە كەلدى. ۋە ئىنگلىزچە «ئەلئەيىنگە نەچچە پۇل» دەپ سورىدى. شۇنداق قىلىپ پاكىستانلىق شوپۇر خۇشاللىق بىلەن تۆتىمىزنى باشلاپ ئالاھازەل 20 مىنۇتچە مېڭىپ چەت بىر يەرگە توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىسىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. پاكىستانلىق شوپۇر ئىشىكنى ئېچىشىغىلا باڭغىلادىش چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرۇۋالدى. كەيىندىكى ئۈچ كىچىك ئورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى چامادانلىق كىشى ئىككى تەرىپىدە كەشمىرلىك بىلەن مەن ئولتۇردۇق.

ئالاھازەل يېرىم سائەتچە ئۇن - تىنسىز ماڭغاندىن كېيىن كەشمىرلىك يىگىتنىڭ ئىچى پۇشقان بولسا كېرەك، ھېلىقى يولۇچىغا قاراپ گەپ تەشتى:

— سىز قايسى دۆلەتتىن؟ — قارا تەنلىك بۇ يىگىت ئەرەبچىنى بىلمىسە كېرەك، كەشمىرلىككە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن،

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئىنگلىز تىلىدا.

كەشمىرلىك يىگىت ئارقىدىنلا «سىز ئەرەبچە بىلمەمسىز؟ مەن ئىنگلىزچە بىلمەيمەن» دېدى. مەن تەبىئىيلا بىر - بىرىنىڭ تىلىنى ئۇقمايدىغان بۇ ئىككى «گاچا»نىڭ ئارىسىدىكى تىلماچقا ئايلىنىپ قالدىم. بۇ يىگىت گوللاندىيىلىك مۇسۇلمانكەن. بىز ئاستا - ئاستا كەشمىرلىكنى ئۇنتۇپ ئۆز ئارا قىزغىن مۇڭدىشىپ كەتتۇق. ئۇ گوللاندىيىدە بىر كومپيۇتېر شىركىتىدە ئىشلەيدىكەن.

— مەن بۇ دۆلەتنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، - دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن — گەرچە كەلگىنىمگە ئۈچ كۈنلا بولغان بولسىمۇ مەن بۇ دۆلەتتە ئىشلەپ قېلىشنى ئويلاۋاتىمەن. نەگىلا قارىساڭ مۇسۇلمان، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ كېتىدۇ، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلمايدىكەن، بۇلاڭچىلىق، قورقۇتۇش، بوزەك ئېتىش يوق ئىكەن. بىرەر نەرسەڭنى

توكۇلدىتىپ مەسچىتكە كېتىۋاتقان بوۋاي ماڭا گويا خىزىردەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئىختىيارسىز يۇرتۇمدىكى ئۇيغۇرلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلدى. بىزدىمۇ بۇ بوۋايدەك ئەمالار بار، دوقمۇشلاردا، تام تۇۋىدە، مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقىنىنى كۆرىمەن. بىزدە ئىككى كۆزى تۇتۇلۇپ قالمىغانلار بار، ئۇلارنىڭ سىيلاپ - سىيپاپ دەلدۇگۇنۇپ قاۋاقخانىلاردىن ئەمالاردەك چىقىۋاتقىنىنى كۆرىمەن.

## ياۋروپادىن كەلگەن مۇسۇلمان

كۆپنى كۆرگەن جاھانكەزدىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئىمارات بىلەن كانادا ئەڭ ئەمىن، بىخەتەر دۆلەت ئىكەن. ئەگەر گوللاندىيىدىن كەلگەن بىر كومپيۇتېر ئۇستىسى بىلەن تاسادىپىي مۇڭدىشىپ قالمىغان بولسام، تەسەۋۋۇرۇمدىكى «يېشىل ياۋروپا» كۆز ئالدىمدىكى بۇ قاقاس دىيارغا نىسبەتەن مەڭگۈ تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ بەلگىسى بولۇپ قېلىۋەرگەن بولاتتى.

بىر كۈنى نامازدىگەردىن كېيىن دۇبەيدىن ئەلئەيىن شەھىرىگە قايتماقچى بولدۇم. قەرەللىك قوزغىلىدىغان ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاپتوبۇسلارغا قارىغاندا شەخسلەرنىڭ قانۇنسىز كىرا پىكاپلىرى قۇلايلىق، ئەرزان بولغاچقا، مەن دېڭىز بويىدىكى نىشانلىق يەرگە كەلدىم. بىردەمدىلا بىر باڭگىلادىش، بىر كەشمىرلىك ۋە مەن ئۈچىمىز ئەلئەيىنگە بارىدىغان شوپۇر بىلەن كېلىشىپ يەنە بىر يولۇچى كەلسىلا ماڭماقچى بولدۇق. بىز كىرا كېمىلىرى بىلەن دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىدىكى دېيرا دۇبەيدىن كېلىۋاتقان يولۇچىلارغا قاراپ شوپۇر بىلەن بىللە پەس ئاۋازدا «ئەلئەيىنگە، ئەلئەيىنگە» دەپ خېرىدار چىللاشقا باشلىدۇق. ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ كېمىنىڭ 70 - 80 چە ئادىمى چۈشۈپ بولغان بولسىمۇ ئەلئەيىنگە بىرەر يولۇچى چىقمىدى. تۆتىنچى كېمە قىرغاقتا

ئۇلار ماڭا ئۇيغۇرلارنىڭ «يان كۆرۈنۈشىدەك»لا تۇيۇلغانىدى؛ چۈنكى، ياقا يۇرتتىكى ئۇيغۇرمۇ ئادەمگە ئۇيغۇردەك تۇيۇلمايدۇ. ئۇزۇن يىللىق چەت ئەل هاياتى ئۇلاردا «چەت ئەل خاراكتېرى»نى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ. دەسلەپتە ئۇقۇش ياكى باشقا ئىش ئۇلارنىڭ غايىسى بولسىمۇ كېيىنچە بارا - بارا سودا، تىرىكچىلىك ئۇلارنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار گويا چۆل - باياۋاندا كېتىۋېتىپ، پىژ - پىژ ئىسسىقتا سايە تاشلاپ تۇرغان بىر تۇپ خورمىنى كۆرۈپلا سەپەر مەنزىلىنى ئۇنتۇپ قالغان يولۇچىلارغا ئوخشايدۇ.

بىراق، مەن قۇرئاننىڭ يېشىل سايىسىدىكى بىر ئۇيغۇرنى كۆردۈم.

مەن دەسلەپ ئىماراتقا كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن بىر مەزگىل فۇجەيرە شەهىرىدە ئىماملىق ۋە قوشۇمچە مۇدەررىسلىك قىلىدىغان ئابدۇلمەلىك قارىي هاجىمنىڭكىدە بولدۇم. ئۇ مەشرەپ يالاڭ ئاياغ كەزگەن، ئاللا يولىدىكى ئاشىقلار يۇرتى خوتەندىن بالا چاغلىرىدا چىقىپ كېتىپ، ئون نەچچە يىل پاكىستاندا ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە رەسمىي ئىلىم تەهسىل قىلغانىدى. بىر تىزىق مارجاندەك ئون — يىگىرمىگە يېقىن ئۇيغۇر بالىسىدىن پاكىستاندىن ئىماراتقىچە بولغان ئىلىم مۇساپىلىرىدە ئوقۇ - ئوقۇ كىچىك بالىدىن يۈرۈتلىرى خەت تارتقان يىگىتكە ئايلانغۇچە دىپلوم بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن ئىككىسىلا قالغان. ئەڭ ئاخىرىدا سودا بىلەن ئەمەس، يەنىلا ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقىنى مۇشۇ بىرلا ئابدۇلمەلىك ئىكەن.

ئۇ ئايالى هۆمەيرە قارىي خېنىم ۋە ئۈچ بالىسى بىلەن ئىمارات شارائىتىدا ياشىنا، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، هاۋا تەڭشىگۈچلىرى بىلەن قەدىر ئەهۋال ياشاۋاتسىمۇ ئائىلە مېهرى ۋە ئىلىم هۇزۇرى بىلەن دۇنيا شاۋقۇنلىرىنى ئۇنتۇغاندەك ئىدى. چەت ئەل تۇپرىقىغا قەدەم تاشلىغان هەربىر ئۇيغۇر يۈرىكىگە گويا يوغان بىر قارا تاش ئېسىپ قويۇلغاندەك

ئۇنتۇپ قېلىپ، 15 ~ 20 مىنۇتتىن كېيىن ئىزدەپ كەلسەڭ، ئۇنىڭغا ھېچكىم چېقىلمايدىكەن، تۇرغان جايىدا تۇرىدىكەن. نېمىدېگەن ئەمىن دۆلەت ـ بۇ! مەن ياۋروپالىق لېكىن ياۋروپادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتتە پۇل قاپچۇقىنى مۇنداق ئاشكارا ئېسىپ ماڭالمايمەن، كەينىمگە چۈشۈۋالىدىغان ئوغرى ياكى بۇلاڭچىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكىم سۇ. دېمىسىمۇ كۆپكۆندۈزدە بۇنداق ئىشلار دائىم چېلىقىپ تۇرىدۇ، ھەتتا ساقچىلارنىمۇ ئۇرۇپ ـ چەيلىۋېتىپ، بۇلايدىغاننى بۇلاپ قاچىدۇ. پاھ، ئىمارات يوللىرى، گويا ماشىنا كۆرگەزمىخانىسىغا ئوخشايدىكەن. ئەڭ ئېسىل، داڭدار ماشىنىلار مۇشۇ يەردىكەن، گەرچە ھەممە داڭدار ماشىنىلارنى ياپونىيە، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا ئىشلىسىمۇ بۇلار ئەمەلىيەتتە ئەرەبلەرنىڭ ئاستىدا ئىكەن. بىز ياۋروپالىقلارنىڭ ئىشلىتىدىغىنى ئەڭ ئەرزان، ئادەتتىكى ماشىنىلار.

مەن ھەيرانلىقتىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. غەرب ئەللىرى تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ياۋروپا مېنىڭ نەزەرىمدە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى ۋە ئۈلگىسى ئىدى. گويا ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ۋە ماددىي بايلىقلىرى، گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتلەر ۋە يۈكسەك پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يەرگە جەم بولغاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق، بىر ياۋروپالىقنىڭ ياۋروپا ھەققىدىكى بايانلىرىغا قارىغاندا مەندىكىسى پەقەت ياۋروپا ھەققىدىكى بىر گۈزەل خىيالدىن ئىبارەت ئىدى.

## قۇرئان سايىسىدا ئۇيغۇر

مەن بۇ يەردە ئوقۇش ياكى تىجارەت بىلەن كېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا تىرىكچىلىك يوللىرىدا قىسمەت غازاڭلىرىدەك لەيلەپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارنى يىراقتىن كۆرگەن. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرگەن ياكى ئۇدۇل كېلىپ كۆرۈشكەن چاغلاردىمۇ

كۆرگىلى بولماي تىمتاس بولۇپ قالدۇ. تاكى ئەسىرگىچە شەھەر كۇندۇزدىكى قەبرىستانلىقتا ئايلىنىپ قالدۇ. ئىشىمنىڭ قۇيرۇقىنى ئۇزۇش ئۇچۇن ناماز دىگەرگىچە تۆت — بەش سائەت ساقلىشىم كېرەك ئىدى. مەن سېمونت يوللارنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئاتەش ئىسسىقىدا نەگە بېرىشنى بىلمەي قالدىم. بوغوزۇمدا يىغىغا ئوخشايدىغان بىر خىل قىرتاق تۇيغۇ، ياقا يۇرت غېرىبلىقى، ئىچىمگە ئېغىر بىر قارا تاش ئېسىقلىق تۇرغاندەك... بىردىنلا ئالدىنقى قېتىم بىر سودىگەرنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە بۇ يەردە بىر ئۇيغۇر ئېچىۋالغان «قانۇنسىز تەكىيخانا» نى ئىزدەشكە باشلىدىم.

ئاڭلىشىمچە، بىر جاھانكەزدى سودىگەر ئىجارىگە ئالغان ئۈچ ئېغىزلىق بىر ئۆينى كېلىپ - كېتىپ يۈرگەن ئۇيغۇر ئوقەتچىلىرى ئۇچۇن يېتىپ قوپىدىغان ياتاق قىلىپ، ئانچە - مۇنچە تاماقمۇ چىقىرىدىكەن. مەن بىر - ئىككى سائەتچە ئىزدەپ سوراپ چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئاخىر تېپىپ كىردىم. كونا بىنادىكى بۇ ئۆي ئىشىكتىن كىرىشىگىلا دەھلىز، ئاشخانا، بىر چوڭ، ئىككى كىچىك ھۇجرا بولۇپ، كىچىك ھۇجرىدا ئۆي ئىگىسى تۇرىدىكەن. قالغان ئىككىسىگە ئاستى - ئۈستى ئىككى قەۋەتلىك كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، بەئەينى ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا ئوخشايدىكەن. كارىۋاتتىن باشقا، ئادەم ئولتۇرۇپ - قوپقۇدەك بوشلۇقمۇ يوق بولۇپ، تارلىقىدىن ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتەتتى.

مەن بۇ تەكىيخانىغا كىرگەندە ياش ئوقەتچى بالىلاردىن بەش-ئالتىسى مۆكۈدىشىپ ئولتۇرغانىكەن. مەن خۇشاللىق ۋە ياتسىراش ئىچىدە ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتىم. ئۇلار پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆز گېپىگە چۈشۈپ كەتتى. مەن يېنىمدىكى يېشى كىچىكرەك بىرسىگە پەس ئاۋازدا گەپ قىلدىم:

— ياتاقتا ئادەممۇ ئانچە كۆپ ئەمەسكەن - دە؟

— نەدىكىنى، ئاخشام قىستىلىشىپ ياتتۇق. بىر

غېرىبلىق ھېس قىلماي قالمايدۇ . بىراق ، ئۇ قۇرئاننىڭ يېشى… سايىسىدا ، زامانىنىڭ خىلۋەت غارىدا ياشاۋاتقان زاھىت… ئوخشايتتى . ئۆيىدە تەكچىلەرگە پاتماي قالغان قېلىن - قېلى… ئەرەبچە كىتابلار ، دىنىي ئەسەرلەر ، ئەرەب شائىرلىرىنىڭ تو… - توم شېئىر توپلاملىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئۇ مۇش… كىتابلاردىن باش كۆتۈرمەي ئاي ، كۈن ، يىللارنى ئۆتكۈزەتتى . شېئىر - قەسىدىلەرنى يادلاپ روھىي تەييارلىق بىلەن ياشايتتى . ئۇنىڭ پاراسەت چاقناپ تۇرغان تەبلىغ - پەتىۋالىرىنى مەنلا ئەمەس ، مەسچىت جامائىتى بولغان ئەرەبلەرمۇ جىمجىت ئاڭلايتتى .

ماڭا كېيىنچە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۆپ پۇرسەت بولمىدى ، بولغاندىمۇ پۇل ۋە پايدا ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرساممۇ ، قەسىدە ۋە كىتابلار توغرۇلۇق پاراڭلارنى قايتا ئاڭلاپ باقمىدىم . ئەمما ، ئابدۇلمەلىك قارىي ھاجىمنىڭ كىتابلار ئارىسىدا يۈرگەن تونۇش سىيماسى ھامان كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى .

## تەكىيخانىدا

كەچ بولغاندا توخۇمۇ كاتەككە كىرىپ ئۇخلايدۇ . بىراق ، چەت ئەلدە توخۇ كاتەكچىلىك ياتاقنىڭمۇ زەھەردەك قىممەتلىكىنىڭ دەستىدىن بىزگە ئوخشاش غېرىبلار يۇرتىدىن كەلگەنلەرنىڭ بېشى قاتىدۇ . ئەگەر ئاسماندا ئۇخلىغىلى بولسا ئىدى ، چەت ئەلگە چىققان ھەر بىر ئادەم خېلىلا پىتلىنىپ قايتىپ كەلگەن بولاتتى . بىراق ، بىر كۈنى مەن ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان ئەلئەيىن شەھىرىدىن بىر ئىش بىلەن دۇبەيگە كەلدىم . ئىشلىرىمنى پۈتتۈرگىچە چۈش ۋاقتى بولۇپ قالدى . بۇ دۆلەتنىڭ ئادىتىدە پېشىن ۋاقتىدىن كېيىنلا كەسىپ ، تىجارەت توختايدۇ ، ھەممە دۇكانلار ، ھەممە ئىشىكلەر تاقىلىپ ئادەملەر چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى باشلىۋېتىدۇ . كوچىدا ئادەم

ئېچىپلا ھەيران قالدىم . مىچچىدە ئادەم ، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن
ياتاقتا ئولتۇرغۇدەك بوش يەر يوق ئىدى . مەن ئۆتكەن قېتىم
كۆرگەن تونۇش چىرايلاردىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمىدى ، بۇ
ئادەملەرنىڭ ھەممىسى 60-70 لەرنىڭ قارىسىنى ئالغان ئۇيغۇر
بوۋايلار ئىدى . بىخسىغان ئىسسىق ۋە تەرلىگەن پۇراقلار ياتاقنى
بىر ئالغان بولسىمۇ قەلبىم ئېيتقۇسىز بىر ھاياجانغا
چۆمۈلگەن ، ئۇيغۇرنىڭ چىرايىنى ، قوي كۆزلىرىنى ، تونۇش
ھىدىنى ، مەڭگۈ ھېچنېمىگە تېگىشكىلى ، تەڭ كەلتۈرگىلى
بولمايدىغان مېھرىنى ھېس قىلغانىدىم . بىراق ، ئۇلارنىڭ مەن
بىلەن ئۈن- تىنسىز كۆرۈشۈشلىرى ، كۆتۈرۈپ قوپقىسىز دەرد
ئاستىدا ئېزىلىپ كەتكەندەك ئۈن - تىنسىز مۆلدۈرلەپ
ئولتۇرۇشلىرى يۈرەك - باغرىمنى ئېزىۋەتتى . مەن ئازراق
ئەھۋاللىشىپ ئۇلارنىڭ ھەج قىلىش ئۈچۈن غەيرىي رەسمىي
يوللار بىلەن كەلگەنلەر ئىكەنلىكىنى ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا
ھەج ۋىزىسى ئالالماي كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىغا بىرەر ئايچە بولۇپ
قالغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم . ئۇيغۇرچىدىن باشقا
بىرەر ئېغىز چەت تىلى ئۇقمايدىغان ، كۈندىلىك 20 دەرھەملىك
ياتاق پۇلىنىمۇ ئۇلۇغ مۇددىئالار ئۈچۈن ئۆمۈر بويى قىسىنىپ
يىغقان پۇللىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلارغا نىسبەتەن يەنىلا ئاز
تۆلىيەلمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم . نېمىشقىدۇر ئۇلار ماڭا ئانچە سىر
بەرمەي ، گەپ قىلماي خەۋپسىرىگەندەك ، بىر نەرسىدىن
شۈبھىلەنگەندەك مۇئامىلە قىلىشىۋاتاتتى . بەلكىم بېشىدىن كۆپ
ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن بۇ مويسىپىتلار ئۇلۇغ ھەج
پەرزىنى ئادا قىلىپ بولماي تۇرۇپلا قويمىچى ، كاززاپ ،
جاسۇس ، ساپساپچىغا ئۇچراپ ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇشتىن
ئەنسىرىسە كېرەك . چۈنكى ، چەت ئەلگە چىققانلارنىڭ بۇنداق
قىسمەتلىرىنى مەنمۇ خېلى ئاڭلىغان . ئۇ كۈنى تاماق يوق
ئىكەن ، ئايالىم ياتاق ئىگىسىنىڭ ھۇجرىسىدىمۇ لىق مېھمان
بارلىقىنى - ياشانغان ئاياللار ۋە ئاران ماڭىدىغان بىچارە
مومايلارنىڭ ئايالىم بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئۆز قىزىنى

كىچىلىكى 20 دەرھەم ، ئون تۆتىمىز ، ھۆددەس ئەرزان ، بىر قاچا تاماق ئون دەرھەم ، 23 يۈەن دېگەن گەپ . . .

ئۇدۇلۇمدىكى بۇرۇتلۇق يىگىت بىزنىڭ گېپىمىزگە قۇلاق سېلىۋاتقان بولسا كېرەك ، ماڭا قاراپ : «يېسەڭلار لەگمەن بارغۇ دەيمەن ، ھاجىمىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ بېقىڭلار» دېدى . مەن بۇگەپنى ئاڭلاپ گۆھەر تېپىۋالغان ئادەمدەك خۇش بولۇپ دەرھاللا ئورنۇمدىن تۇردۇم . ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالغاچ چىمپىلداپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ ماق لەگمەننى ئىشتىھا بىلەن چايناۋاتسام تاراققىدە ئىشىك ئېچىلدى . ھەممىمىز ئىشىككە قارىدۇق . 30 بىلەن 40 نىڭ ئارىسىدىكى بىر خەنزۇ كىرىپ كەلدى .

— ھوي ، مەن بۇ يەردە ئۇيغۇرلار ياتامدىكىن دېسەم خەنزۇلارمۇ بار ئىكەن — دە .

— شۇنداق ، — دېدى ئۇدۇلۇمدىكى يىگىت — ئۇمۇ مۇشۇ يەردە يېتىپ ، قوپىدۇ ، تالادا ئەڭ ئەرزان ياتاقمۇ 70 ـ 80 دەرھەم تۇرسا ، ئۇ يەرلەردە بىر ـ بىرىمىزگە چىرايلىق كۆرۈنمىگەن بىلەن چەت ئەلدە كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان گەپكەن ، شۇڭا مۇشۇ ئاغىنىلەر باشلاپ كەلدى ، ئۆزىمۇ ئوبدان ئىمىكەن .

مەن جاڭ فامىلىلىك بۇ كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ باقتىم . ئۇ بىر شىركەتنىڭ مەھسۇلاتىغا بازار ئېچىش ئۈچۈن ۋاكالەتچى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن . ئۇ بۇ يەرنىڭ ئىسسىقىدىن ، قىممەتچىلىكتىن ، ئۇيغۇرلار ئېچىۋالغان بۇ دەڭنى يەتتە — سەككىز كۈن بالدۇرراق بىلىۋالالمىغىنىدىن بىردەم قاقشىدى . ئۆزىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارغاندىمۇ «شىنجاڭ لەگمىنىنى» سېغىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ، تەلىيىگە بۇ يەردىمۇ لەگمەن تېپىلىپ بەك خۇش بولغانلىقىنى ئېيتتى .

ئارىدىن بىرەر ئايچە ئۆتكەندە مەن ئايالىم بىلەن دۇبەي شەھىرىگە كەلدۇق ۋە قورساقنى ئەستەرلىۋېلىش ئۈچۈن يەنە ھېلىقى تەكىيخانىغا كىردۇق . چوڭ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى

قولىقىغا يېتىپ ھەممىسىنى ئايروپىلان بىلەن سەئۇدىغا ھەقسىز يولغا سېلىپ قويۇپتۇ، لېكىن ھازىر ئۇ تەرەپنىڭ يولىنى قاتتىق تىزگىنلىگەچكە ئىمارات ئارقىلىق ھەجگە ماڭىدىغانلار بۇرۇنقىدەك كۆپ ئەمەس.

مەن ياسىنجاننىڭ بايانلىرىدىن گويا ئىماراتقا قايتىپ بېرىپ قالغاندەك، ھەشەمەتلىك بىر ئەلدىكى غېرىب - غۇرۋا كىشىلىرىمىزنىڭ چىرايىنى قايتا كۆرگەندەك بولدۇم.

## جۇڭگولۇق ئابدۇللا

شېكەر قوشماي قېنىق دەملەنگەن تاڭسۇق ئەرەبچە قەھۋە ئىچكەچ مېھمانخانا دېرىزىسىدىن دۇبەي كوچىلىرىغا نەزەر تاشلىغان ئادەم مىغىلداپ ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىراي - تۇرقىغا قاراپ ھەرگىزمۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ كۆپى جۇڭگولۇقلار دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدە خەنزۇلار ئانچە كۆپ ئەمەس، گەرچە جەنۇبىي جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانى ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم لىق ئادەم بىلەن شارجا ئايرودرومىغا قونسىمۇ بۇ يەردە جۇڭگولۇقلار كۆزگە ئانچە چېلىقمايدۇ. ئەبۇزەبىدىكى سىتى پىلازا ياكى ئەلئەييندىكى ئەلمول دەرىجىدىن تاشقىرى بازىرىنى ئايلانغان ئادەم رەڭگارەڭ چىراغلار ئاستىدا كۆز چاقنىتىپ تۇرغان قىممەت باھالىق چەت ئەل ماللىرى ئىچىدىن جۇڭگونىڭ بىرەرمۇ مېلىنى بايقىيالمايدۇ. بىراق، توپ تارقىتىش دۇكانلىرىدا ياكى ئادەتتىكى بازارلاردا سېتىۋاتقان ئەرزان ماللارنىڭ مۇتلەق كۆپى جۇڭگونىڭ، ئۇنىڭغا قاراپلا جۇڭگونىڭ ھەقىقەتەن چوڭ بىر سانائەت دۆلىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. گەرچە يەرلىك ئەرەبلەر ئاقسۆڭەكلىك سالاپىتى بىلەن ئامېرىكا، ياپون، شۋېتسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ زەھەردەك قىممەت ماللىرىنى تاللاپ سېتىۋالسىمۇ بۇ دۆلەتتە كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان، ئىشلەمچى

كۆرگەندەك قوچاقلاپ، يىغلاپ، ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا خېلى ھايال بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ھەر ئىككىمىزنىڭ باغرى ئېزىلىپ كەتكەنىدى، بىراق بۈگۈن كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ئايالىمنى ئەلئەيىندىكى دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تالىبە (قىز ئوقۇغۇچىلار) لەر ياتىقىغا يەتكۈزۈپ قويمىسام بولمايتتى. بىز ئۇلارنىڭ سەپىرىگە ئاقىۋەت تىلەپ ياندۇق.

تاكسىغا چىقىپ بۇ تەكسىخانىغا يېقىن يەردىكى «مەيدانى بەنىياس» (بەنىياس مەيدانى) دىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر مەنزىرىگە كۆزۈم چۈشتى. مەيداندىن يولغا قايرىلىدىغان يەردىكى داق سېمونتتا بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. بېشىدا ئۇيغۇر دوپپىسى، ئۈچىسىدا ئاق تون، پۇتىدا قارا لاتا خەي، ئېڭىكىنى يۆلەپ، ئالدىراش ناتونۇش كىشىلەر توپىغا، ھەيۋەتلىك پىكاپ ـ ماشىنىلارغا قاراپ خىيالغا چۆكۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئاللادىن باشقا ھەممە نېمىسى ناتونۇش بۇ شەھەردە تىلسىز، يولسىز، پۇلسىز ئۇيغۇر ئۆزىنى تىنكەندەك يالغۇز ھېس قىلىپ شىددەتلىك غېرىبلىقنى تېتىۋاتاتتى. ماشىنا ئاستا ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا شۇنچە يېقىندىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ھالەت بايىقى كۆرۈنۈشلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئىچىمنى سىيرىلدۇرۇۋەتتى. كۆزلىرىمگە لۆممىدە ياش كەلدى.

مەن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ بىر يىللاردىن كېيىن دۆبەي ئارقىلىق ئۇممادىن كەلگەن ياسىن ھاجىم بىلەن شۇ ئەھۋاللار توغرۇلۇق مۇڭدىشىپ قالدۇق.

— ئۇ تەكسىخانا ھازىر يوق، — دېدى ياسىنجان، — ئۇ ياتاقنى ئاچقانلار ۋە تۇرلۇك يوللار بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر بولسىمۇ ھاجىلارنىڭ پۇلىغا شېرىك بولغانلار ھازىر سورۇلۇپ كەتتى. ئۇ يىلى غەيرىي رەسمىي يوللار بىلەن ھەج قىلىش ئۈچۈن دىيارىمىزدىن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە كەلگەنلەر بىرەر يۈزچە ئادەمگە يەتكەن. ئۇلارنىڭ چەككەن ئەزىيەتلىرى، غېرىب، مىسكىن ھالىتى دۆبەي شەھىرىنىڭ ئەمىرىنىڭ

ئارىسىدا گويا زۇلمەتكە ئىشىك يېپىۋاتقان بىر نۇرلۇق سېيمانى كۆرگەندەك باشقىچە بىر يېقىنلىقنى سەزدىم.

ئەنە شۇ يېقىنلىق مېنى بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭ دۇكىنىغا سۆرەپ باردى. ھەر قېتىم ئۇ شۇنداق قىزغىن، سەممىي ۋە مۇسۇلمانلارغا خاس تەۋازۇ بىلەن كۈتۈۋالاتتى. بىز تىلنىڭ سىرتىدىكى نامەلۇم سېھىر بىلەن خېلى ئۇلپەتلەردىن بولۇپ قالغان بولساقمۇ ئۆزئۆمنى قايتا ئىزاھلاپ يۈرمىگەنىدىم.

بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسام ئۇنىڭ يانفونى جىرىڭلاپ كەتتى، تېلېفوننى ئېلىپلا خەنزۇچە سۆزلىدى، قارشى تەرەپ جۇڭگولۇق ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئېيتىشقا بولمايدىغان بىر قىسىم مەخپىيەتلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم ــ دە، كۈلۈپ كەتتىم. ئۇ تېلېفوننى قويۇپ، بىر ئاز تۇيۇپ قالغاندەك نېمىشقا كۈلۈپ كەتكىنىمنى سورىدى.

مەن خەنزۇ تىلىدا:

ــ سىزنىڭ مەخپىيەتلىرىڭىزنى ئۇقۇپ قالدىم ــ دەپ كۈلدۈم.

ــ سەن راستىنلا جۇڭگولۇقمۇ؟

ــ مەن باشتا دېگەنغۇ.

ــ جۇڭگونىڭ قەيېرىدىن؟

ــ شىنجاڭدىن.

ــ ھەي، بالدۇرراق شىنجاڭدىن دېسەڭچۇ!

ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ زۇۋانىنى ئۇقالايدىغان بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمدىن خۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيالتلىق مەخپىيەتىنى ئۇقۇپ قالغىنىمدىن بىر ئاز ئوڭايسىزلاندى. ئارقىدىن بىز قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ ماڭا قىلچە يوشۇرۇپ ئولتۇرماي باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ خېنەندە تۇغۇلۇپ، شاڭخەيدە چوڭ بولغانىكەن. ئەگەر تەقدىر ئۇنى نەۋرە ئاكىسىنىڭ كەينىدىن ئىمارانقا ئېلىپ كەلمىگەن، نەۋرە ئاكىسى ئۇنى ئالداپ بار ــ

ھىندىلار ، پاكىستانلىقلار ، پارسلار ۋە باشقا نامرات ئەرەب دۆلەتلىرىدىن كەلگەنلەر دەماللىقتا جانغا ئەسقاتىدىغان ، جوڭگونىڭ ئەرزان ماللىرىغا يۈگۈرىدۇ ، جوڭگولۇقلار بىلەن ھەر ھالدا يامان ئەمەس مۇئامىلە قىلىشىدۇ .
بىر كۈنى ئەلئەين شەھىرىدە يۇرتىغا قايتىش ئالدىدا تۇرغان مىسىرلىق دوستۇم ئەرزان سائەت ئېلىش ئۈچۈن مېنى ئالايىتەن بىر خەنزۇنىڭ دۇكىنىغا باشلاپ باردى ، ۋە «سەن جوڭگولۇق بولغاندىكىن ، ھە - پە دېيىشىپ بەرسەڭ ، ئازراق بولسىمۇ ئېتىبار قىلىپ قالار» دېدى . بىز كىرگەندە 39 - 40 ياشلارغا كىرگەن بىر خەنزۇ يىگىت قول سائەتلىرىنى تەكچىگە تىزىۋاتاتتىكەن .
— سىز قايسى دۆلەتتىن ؟ — دەپ سورىدى .
— مەن جوڭگودىن كېلىشىم ، — دېدىم مەنمۇ ئىنگلىزچە جاۋاب قايتۇرۇپ . ئۇ چىراي - تۇرقۇمدىن ، بۇرۇتلىرىمدىن ۋە خەنزۇچە ، ئىنگلىزچە ، تەلەپپۇزۇمدىن مېنى ئاللىقاچان باشقا دۆلەتكە تەۋە قىلىۋەتكەن بولسا كېرەك ، ئىشەنمىگەندەك قاراپ قويدى - دە ، گېپىمنى تەكرارلىدى .
— مەن جوڭگولۇق دېدىڭىزما ؟ چاقچاقتا ئۇستىكەنسىز .
— ئۇنداقتا مەيلى ، سىزچە مەن قايسى دۆلەتتىن ؟
— ئۆزبېكىستاندىن ياكى ئىراندىن .
قايتا چۈشەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتەك ھېس قىلدىم ، بىز ئارىلاپ ئىنگلىز ياكى ئەرەب تىلىدا باھاسىنى سورىغاچ سائەتلەرنى تاللاشقا كىرىشىپ كەتتۇق ، ھەيران قالغىنىم باشقا خەنزۇ سودىگەرلەرنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىنگلىزچىسىمۇ ، ئەرەبچىسىمۇ خېلىلا ياخشى ئىدى . دەل شۇ چاغدا ناماز شامغا مەسچىت - مەسچىتلەردىن ئەزان ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى .
— كەچۈرۈڭ ، نامازشامنى ئوقۇۋېلىپ كېلەي .
مەن تېخىمۇ ھەيران قالدىم . ئۇ دۇكاننى تاقاۋاتقان چاغدا كوچا چىراغلىرىنىڭ شولىسى بىلەن كۆكۈم قاراڭغۇلۇقى

قىلىغان يەردە ئۇلارمۇ ئاخىر مېنىڭ تاللىشىمغا ھۆرمەت قىلدى . ھازىرمۇ بۇ يەردە جۇڭگولۇقلار بىلەن ئارىلىشىمەن ، بەزمە ـ باراۋەتلىرىگە بارىمەنيۇ ، مۇسۇلمانچە بولمىغان تامىقىنى يېمەيمەن ، ھاراق ئىچمەيمەن .

— سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىن باشقا بۇ يەردە يەنە مۇسۇلمان بولغان خەنزۇلار بارمۇ ؟

— خەۋىرىڭىز يوقكەن ـ دە ، 40 ـ نەچچىنچى يىللىرى مابۇفاڭنىڭ بىر قىسىم تۇڭگان ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خەنزۇ ئەسكەرلەردىن بولۇپ 100 نەچچە جۇڭگولۇق ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە كېلىپ شارىقە شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن . ئىمارات مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئىماراتنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلىنىپتۇ ، شۇڭا شارجا ياكى دۇبەيدە كېتىۋېتىپ مۇۋاتىنلارنىڭ ئاق كاندورا ، قارا چەمبىرىكنى كىيىپ كېتىۋاتقان جۇڭگو چىراي كىشىلەرنى ئاندا ـ ساندا ئۇچرىتىپ قالىسىز ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى باي . بىراق ، ھازىرقى ياشلىرى پۈتۈنلەي ئەرەبلىشىپ كەتكەن ، جۇڭگو تىلىنى ئاساسەن ئۇقمايدۇ .

ئەرەبلەر ئابدۇللا دەپ ئات قويۇۋالغان ، ماڭا ئۆزىنى شىياۋتيەن دەپ تونۇشتۇرغان بۇ شاڭخەيلىك يىگىت تولىمۇ قىزغىن ، سەمىمىي ۋە تەقۋادار ئىدى . كىرگەنلەر بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ قالاتتى . سىلىق ـ سىپايە ، مەرى ئىسسىق ، راست سۆز ئىدى . ئېھتىمال ئەرەبلەر ئارىسىدا ئۆتكەن ئون يىللىق ھايات ، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە گۈزەل ئىسلام ئەخلاقى ئۇنىڭ خاراكتىرىدە مۇشۇنداق زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان بولسا كېرەك . مەن كېيىنچە ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇنداق بىر شېئىر يازدىم :

## جۇڭگولۇق ئابدۇللا

ئەرەبلەر ئۇنى شۇنداق ئاتايدۇ ،

يوق بىساتىدىن ئايرىپ كۆك تۆشكە ئايلاندۇرۇپ قويمىغان بولسا، ئۇ مەڭگۈ ئىسلام نۇرىدىن ھىدايەت تاپالماي ئۆتۈپ كېتەر ئىكەن.

— ياقا يۇرتتا نە بېشىمنى سىلايدىغان ئۇرۇق - تۇغقىنىم، نە ۋەتەنگە قايتقۇدەك پۇلۇم، ياتقۇدەك يەر، يېگۈدەك نېنىم يوق باشپاناھسىز قالدىم. تالا ئوتتەك ئىسسىق، تۇنجى قېتىم ئىنساننىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، دۇنياغا قۇرۇق قول كېلىپ قۇرۇق قول كېتىدىغىنىنى ھېس قىلدىم. كىشىلەر مەسچىتكە كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بايلارمۇ، مەندەك پېقىر - مىسكىنلەرمۇ بار ئىدى. ئەرەبلەرمۇ، مۇساپىرلارمۇ بار ئىدى. ئويلىسام ئۇلارمۇ باشپاناھسىز ئىكەن. ئۇلارغا ئەگىشىپ مەسچىتكە — پاناھ جايغا كىردىم. ئۇلار قىلغاننى قىلدىم. كۆزلىرىمگە ياش كەلدى، ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتىم. جامائەت بېشىمنى سىلىدى. مىسكىن مۇسۇلمان ئىكەن، دەپ ئاش تاماق بەردى، خەيرخاھلىق قىلدى. بولۇپمۇ بىر تەقۋادار سۇدانلىق خالىس نىيەتتە ياردەم قىلدى ۋە ئايەت ئىسلام ئۆگەتتى، ئەرەبچە ئۆگەتتى، نامازنىڭ، ئىماننىڭ نېمىلىكىنى بىلدىم. بارلىق ئىنسانلارنىڭ باشپاناھىنى تونۇدۇم. ئۇلار مېنى يېڭى مۇسۇلمان دەپ ئىقامەت بەردى، ساخاۋەت قوللىرىنى سۇندى. دۇكان ئاچتىم، پۇللۇق بولدۇم، بىر مەزگىل خوتۇنۇم بىلەن قىزىمنى ۋە سىڭلىمنى ئەكېلىپ تۇرغۇزدۇم، ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولدى. ھازىر شاڭخەيدە.

— مۇسۇلمان بولغىنىڭىزنى باشقا جۇڭگولۇقلار ئۇقامدۇ؟ ئۇلار سىزنى يەكلىمەدۇ؟

— مەن ھەممىسىگە ئېيتتىم، ھەقنى تونۇش نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئىككى دۇنيا خوش بولىدىغان ئىش. شاڭخەيگە بارغاندا مەسچىتنىڭ ئاخۇنىنى چاقىرىپ، ئەل - جامائەت ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىمنى جاكارلىدىم. باشتا ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر بۇنى قوبۇل قىلالمىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ دىنسىزلىقىنى ھۆرمەت

# ئەرەبلەرنىڭ سايىسى

مارجاندەك يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان كېچىلەردە سەن ئىمارات كوچىلىرىدا قارا چۇمبەلدىكى كۆزلەرنى بىر كۆرۈشكە تەلپۈنىسەن . بىراق ، سۇپىر ماركىتتىكى بەس ـ بەس بىلەن مـــال سېتىۋالغۇچىلار ئىچىدىنلا بۇنداق پۇرسەت ساڭا بىرەر قېتىم نېسىپ بولىدۇ . سەن ئاشۇ پاك نىگاھلارغا ، تاسادىپىي هــايــالىق بېقىشلارغا توك سوققاندەك ئېرىشىسەن . بۇ يەردە ناتونۇش ئاياللارغا ئاشكارا يېقىنچىلىق قىلىش ، گەپ قىلىش ۋە پوخۇرلۇق قىلىش چەكلەنگەن ، زىناخورلۇق ئېغىر جىنايى جازاغا تارتىلىدۇ . بىراق ، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن بىر قىسىم چەت ئەللىك پۇل تاپار خېنىملارنىڭ ئىما-ئىشارەتلىرىگە تولغان تــار رەســتــىــلــەر ۋە مېھمانخانا ئىشىكلىرىدە ئانچە ـ مۇنچە ئــەرەبلەرنىڭ سايىسى ئەگىپ قالىدۇ . گەرچە بۇ جەمئىيەتتە يۇقىرىقىدەك ئەھۋال يوقنىڭ ئورنىدا ، ھەتتا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئەھۋالدا بولسىمۇ ، تومۇز ئايلىرىدا ياۋروپا ياكى تايلاندقا ساياھەت خۇمارى بار مۇۋاتىنلار ئارىسىدىكى بەزى سەتچىلىكلەر تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىكى ھەجۋىي دىئالوگلار ياكى كوچىدىكى مــىش ـ مىش پاراڭلار ئارقىلىق پات ـ پات قۇلاققا كىرىپ قالىدۇ .

مەن ئەرەبلەرنىڭ ئەر مىللەتكە خاس مەردۇمەردانىلىقى ، ھــەربــىر مۇسۇلماننى ئۆز قېرىندىشى بىلىپ ياردەم قولىنى سۇنۇشقا تەييار تۇرىدىغان گۈزەل پەزىلەتلىرىنى كۆپ كۆردۈم . ئۇلاردىــكــى ئــاقسۆڭەكلەرگە خاس سالاپەت ۋە سالاھىيەتنى پەيغەمبەر قوۋمىنىڭ زاتى ئېسىللىقىدىن دەپ بىلدىم . ئەمما ، بــىــر قــىــســم يــاقــا يــۇرتــلــۇق تىجارەتچىلەرنىڭ «ئەرەب سـودىــگــەرلــىــرى گېپىدە تۇرمايدىكەن . ۋاقىت قارىشى يوق ئــىــكــەن» دەپ ۋايسىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدىم . دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەتتىكى ناچار كىشىلەر ئارىسىدا بار بولغان بۇنداق

ھاجىتى چۈشكەندە ئەرزان سائەتكە ،
ياكى شياۋتيەن
ماڭغاندا تاھارەتكە
ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن
ئەگىشىپ جامائەتكە .

ئۈنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم ،
ئەخلەت ساندۇقى يېنىدا .
يالتىراق ئۇچماقتا قاناتسىز ،
كوچىلار بويالغانىدى
قۇياشنىڭ ئىسسىق قېنىدا .

جىن شاپتۇل غاجىغاندەك
چىققاندەك سۈنىڭ جېنى .

ئۈنىڭ دىنى
— ئىسلام ،
ئايرىلىپ ھەممە نەرسىسىدىن ،
شاپائەتكە ئېرىشكەن كۆندىن باشلاپ .
ئۈنىڭ ئىسمى ئىككى بولدى ،
ئىككى رەت ئۆتكەندەك ئەينەك ئالدىدىن ،
كېيىنكى ئىسمى شەپقەت تولدى ،
تىك تاغ بىلەن ھۆل ئىدىيە كېسىشكەن ،
سەددىچىن سىپىلىنىڭ گۈگۈم پەيتىدە ،
ئۆسكەن موگۈلاردەك يامغۇردىن كېيىن .

مەن ھاۋادا ياشايمەن ، يىلتىزسىز ،
ئۇ سۇدا ياشايدۇ يالقۇنسىز .

— نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ ! — دەپ ۋارقىرىدىم .
— كەچۈر ، ئىشىكنى خاتا تونۇپ قاپتىمەن ، — دېدى ئۇمۇ گۇركىرەپ .
مەن ياتاققا كىرىپ كەتتىم . ئەمدىلا كىرىپ ئولتۇرۇشۇمغا ئىشىك يەنە تىرىقلاشقا باشلىدى . غوززىدىلا ئاچچىقىم تۇتۇپ ئىشىكنى ئاچتىم ، قارىسام ھېلىقى ئەرەب ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ مىت قىلماي تۇرىدۇ .
— ماڭ يوقال ، نېمە قىلماقچى سەن ! دەپلا سىرتقا ئىتتىردىم . ئۇمۇ مۇشتىنى پۇلاڭلىتىپ مېنى ئىتتىردى . بوسۇغىدا بىر - بىرىمىزنىڭ كارنىيىغا ئېسىلغىنىمىزچە كۆچ كۆرسىتىشكە باشلىدۇق . شۇندىلا مەن ئۇنىڭ گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراۋاتقىنىنى بىلدىم . ناماز ئوقۇۋاتقان ئايالىم ناماز كىيىمى بىلەنلا يۈگۈرۈپ چىقتى . ئۇ ئايالىمنى كۆردى — دە ، بىردىنلا قولىنى مەندىن بوشىتىپ ئارقىغا داجىدى .
— خانىم ، ياتاقتا ئايال كىشى بارلىقىنى بىلمەپتىمەن ، كەچۈرۈڭ ، ساقچىغا دېمىسەڭلار ، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي ، مەن ھازىرلا كېتەي ، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى . شۇئان ساقچىغا دېيىش لازىملىقى ئېسىمىزگە كېلىپ ئاستىن قەۋەتتىكى مۇلازىمەتچىلەر قېشىغا ماڭدۇق . چۈنكى ، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى جەزمەن قانۇنىي جازاغا تارتىلاتتى . ئۇ يالۋۇرغان پېتى چىرايى تامدەك تاتىرىپ كارىدور تېمىغا يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى .
مۇلازىمەتچىلەر بىزدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ ساقچىغا تېلېفون قىلىۋاتقاندا ئۇ ھاسىراپ - ھۆمىدىگەن پېتى مېھمانخانىدىن چىقىپ ساراي ئالدىدا توختىتىلغان ماشىنىغا ئۆزىنى ئاتتى ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەرەبنىڭ سايىسى كاللىمىزدىن ۋە قاراڭغۇ كوچىدىن بىردەمدىلا غايىب بولدى .

قىسمەن ئىللەتلەرنى بىر مىللەتنىڭ ئەيىبى دېگىلىمۇ بولماس. ۋاقىت قارشىنىڭ يوقلۇقىغا كەلسەك مەن ئۇنىڭغا ئىقرار بىراق باشقىچە قاراشتا. ئىمان - ئېتىقادى سەۋەبىدىن ۋاقتى كەڭرى قىلىنغان بىر قوۋم كىشىلىرى گويا خەزىنىدە ياشاۋاتقان ئادەملەرگە ئوخشايدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدە ئېشىپ — تېشىپ تۇرغان نەرسىنى باشقا «يالاڭتۆش» لەردەك چوڭ بىلىپ كەتمەيدۇ. ئىمانى سۇسلۇقتىن ۋاقتىنىڭ بەرىكىتى تارتىۋېلىنغان كىشىلەرگە ۋاقىتنى يەتكۈزەلمەي پالاقلاپ يۈرمەكتىن باشقا ئامال يوق.

ۋەھالەنكى، غەربنىڭ قىممەت ئۆلچىمى توشۇپ كېتىۋاتقان كاللىنىڭ كەينىگە ئەرەبلەرنىڭ كۆلەڭگىسى چۈشمەكتە.

چۆچەكلەردىكىدەك باي — باياشات تۇپراقتا، ۋالىلداپ تۇرغان قايناق شەھەرلەردە، ئادەملەرنىڭ ۋارقىراپ سۆزلەشكىنىنى ياكى ئۇرۇشۇپ — تالىشىپ قالغىنىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەرەبلەر گويا ئىسلامنىڭ نۇرانە شولىلىرى بىلەن ئاجايىپ بىر قەلب ھۇزۇرى ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ياكى يۇقىرى مەدەنىيەتنىڭ ئاقسۆڭەكلەرچە پەللىسىدە ياۋايىلىقنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

بىراق — مەن ئويلىمىغان بىر ئىشقا يولۇقتۇم. بىر كۈنى بىز ئەرزان بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان ئەلئەين شەھىرىگە قوشنا دۆلەت ئوماننىڭ بىرەيمى شەھىرىدىن ئۆي ئىجارە ئىزدىدۇق. كەچكىچە ئۆي تاپالمىغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە پاسپورت ۋە توي خېتىمىزنى كۆرسىتىپ بىر كىشىلىك ياتاق ئالدۇق. بىز ئالغان ياتاقنىڭ يېنىدىكى ئىشىك ھاڭغىرقاي ئوچۇق بولۇپ تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇرغان بىر ئەرەب ئايالىم ئىككىمىزنى غىل - پال كۆردى. بىز ياتاققا ئورۇنلىشىپ بەش مىنۇت بولا - بولماي ياتىقىمىزنىڭ ئىشىكى كىتىرلاشقا باشلىدى، بىردەم سەۋر قىلىپ باققاندىن كېيىن ئاخىر ئىشىكنى ئاچتىم. قارىسام ھېلىقى قوشنا ياتاقتىكى ئەرەب ئىكەن. مەن غەزەپ بىلەن:

دېرىزىنى ئېچىۋېتەي ، — دەپ تۇرۇۋالدى .

ئاھ ئانا يۇرتۇم ، يازدا يامغۇر ، قىشتا قار ـ مۇزلىرى بار ، كۈزدە سالقىن باغلىرى ، ئەتىيازدا كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرگۈدەك يېشىل دەل ـ دەرەخلىرى بار بېهىش مەسىللىك ماكان ـ بۇ يۇرتقا كەلگەندىن بېرى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنى كۆرمەپتىمەن . ئۇ يەردە دۇم يېتىپ ياكى ئوچۇم ـ ئوچۇملاپ سۈيىنى ئىچسە بولىدىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلىك ئەلۋەك يېزا ـ قىشلاقلار ، شەھەرلىرىمىزدىكى گۈل ـ چىمەنلەرنىڭ ئارىسىدا مارجاندەك ئويناپ ئاققان سۇلار . بۇ يەردە ئەرەبلەرنىڭ ھەر ـ ھەر داچىلىرى قاقىراق چۆلدە ياكى قۇملۇقلاردا سۆڭەكتەك پارقىراپ تۇرىدۇ . نۇرغۇن چىقىم بىلەن تولا تەستە ئەي قىلغان ھويلىسىدىكى ئاندا ـ ساندا خورما دەرەخلىرىمۇ تۇۋىگە سايە ئەمەس ئوت ـ ئىسسىق تاشلايدۇ . بىزنىڭ يەرلەرگە بولسا خالىغان دەرەختىن بارماقچىلىك نوتا كېسىۋېلىپ يەرگە پاتۇرۇپ قويساڭ كۆكلەپ چىقىۋېرىدۇ . سۇ قۇيۇپ پەرۋىش قىلساڭ ، ياندۇرقى يىلى بۇككىدە سايىدىغۇدەك بولىدۇ .

تالادىن غۇرۇلداپ شامال كىرىشكە باشلىدى . كۆڭۈلنى ئېلەشتۈرگۈچى بېنزىن پۇرىقى ، ئادەمنىڭ دېمىنى سىقىدىغان غېرىبلىق . . تۇرۇپلا پىنىنە سالغان مەززىلىك ئۈگرە ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى ، ئارقىدىن لەڭمەن ، پولو ، چۆچۈرە ، مانتىلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى . ئاھ بۇ يەرلەر ، قاشتېشى شىرەلەرگە تولۇپ تۇرىدىغان تايىنى يوق غەرىبچە تائاملار ، خىرۇستال قاچىلاردىكى ، كۈمۈش تەخسىلەردىكى ئىسسىق باسمايدىغان قۇرۇق سۆلەت ھەررەڭ ـ سەررەڭ بىر نېمىلەر ، دۇنيادا ئۇيغۇردەك قولى تەملىك ، داستىخىنى شېرىن مىللەتتىن يەنە بىرسى بارمىدۇر ؟ تاغدەك تۇرمۇش غېمى ئاستىدىمۇ پادىشاھدەك مەئىشەت سۈرەلەيدىغان ، ئەزىيەتلەرگە ئېزىلمەيدىغان ، تالاپەتتىن تۈگىشىپ كەتمەيدىغان ، ھەر ۋاقىت ھاياتقا قىزغىن مۇھەببەت بىلەن توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ، مېهماندارچىلىقلارنى قىلىپ تۇرىدىغان مۇنداق ھاياتىي قۇۋۋىتى

## ئانا يۇرتۇم، تۇپرىقىڭنى كۆزۈمگە سۈرتكۈدەك بولدۇم

مەن قايتىش ئۈچۈن ئايرودرومغا كېتىۋاتىمەن، 2000 — يىلى 5 - ئايدا تۇنجى قېتىم بۇ يات تۇپراققا قەدەم تاشلىغاندىن — 2001 — يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاخىرقى قېتىم بۇ مۇقەددەس ديار بىلەن خوشلاشقۇچە ئىچىمدىن بىر قېتىم كۈلۈپ باقماپتىمەن. ئەلئەيىندىكى شەيخ زايىد كۇتۇپخانىسىدا مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئىنگلىزچە شېئىرلار توپلىمى قولۇمغا چىققاندىمۇ، چارشەنبە چۈشتىن كېيىن ئايالىم ئوقۇۋاتقان جامىئە ئالدىدا ئۇزۇن رەسمىيەتلەردىن كېيىن ئايالىمنىڭ دەرۋازىدىن چىققىنىنى كۆتۈپ تۇرغاندىمۇ، پۇل تاپقان ئادەملەرنى كۆرۈپ، پۇل ساناۋاتقان قوللارنى كۆرۈپ ئۇلارغا ئەگەشكەن، ئانچە - مۇنچە قاملاشتۇرغان چاغدىمۇ خۇش بولغانىدىم. بىراق، بىر قېتىممۇ ئىچىمدىن كۈلۈپ باقماپتىمەن. ئۇيغۇردەك ئۆز يۇرتىغا رىشتى چىڭ، ياتلارغا كەڭ قورساق، ئادىمىي، مېھرىبان، بەرداشلىق بىر قوۋم دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدىن تېپىلمايدىكەن. كۈلسە ئۆز يۇرتىدا كۈلىدىكەنكى دۇنيانىڭ باشقا ھەرقانداق يېرىدە ئۆزىنى يېتىمدەك ھېس قىلىدىكەن، مەن ئولتۇرغان تاكسى چۆل - باياۋاندىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ئايرودرومغا كېتىۋاتىدۇ. مەن ھاياجان بىلەن دېرىزە سىرتىدىكى ھەممە نەرسىگە قارايمەن، قىيالماسلىق بىلەن ئەمەس بۇلارنى قايتا كۆرمەسلىك خۇشاللىقى ئىچىدە. يىل بويى تۆت پەسىل ياز بولىدىغان بۇ يەردە 12 - ئاي بولۇشىغا باقماي بىر كۆڭلەك بىلەن چىپىلداپ تەرلەپ ئولتۇرۇپتىمەن. تاكسى شوپۇرىغا:

— تەرلەپ كەتتىم، ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئېچىپ قويساڭ دېۋىدىم، بۇ بېخىل پاكىستانلىق:

— ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئاچسام بېنزىن جىق كېتىدۇ،

راھىتىمۇ ئازاب بولغۇدەك ، چۈنكى مېنىڭ پېشانەمگە ئۇيغۇر بولۇش پۈتۈلگەنىكەن .

ئايروپىلان «مىڭ بىر كېچە »دىكى ئۇچار گىلەمدەك ئاستا — ئاستا ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا پەسلىگەندە خۇشاللىقتىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى . ئاھ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراق ، مەن پەيغەمبەر دىيارىدىن قېشىڭغا كەلدىم ، ئاجايىپ گۈزەل ئېتىقاد ۋە تەسۋىرلىگۈسىز مۇھەببەتنى ئېلىپ . ئاھ ، ئەزىز ۋەتەن ، مەن ئۇيغۇر بولۇش ئۈچۈن قۇچىقىڭغا قايتىپ كەلدىم ، چۈنكى مەن ياپون ، ئىنگلىز ياكى باشقا مىللەت بولۇپ قالماي ئىمان - ئېتىقادلىق ئۇيغۇر بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن مىڭ مەرتىۋە رازى ، مىڭ قېتىم يارالسام مىڭ قېتىم ئۇيغۇر بولۇشقا رازى . ئاھ ! چەت ئەلدە كۆزۈمگە سۈرتكۈدەك بولغان يۇرتۇمنىڭ تۇپرىقى ، سائادىتى ماڭا تەۋە بولمىغان باي - باياشات ئەللەردىن ماڭا تونۇش جاپا - مۇشەققەتنى ، غەم - رىيازەتنى ، خۇشال - خۇرام كۆتۈرۈش ئۈچۈن ساڭا قايتىپ كەلدىم . ئۆلسەممۇ مۇشۇ يەردە ئۆلەي ، خالايىق بېشىمغا تۇپرىقىڭنى تاشلاپ مەرى ئىسسىق باغرىڭغا مېنى كۆمۈپ قويار . بىز سۆزلەيدىغان بۇ يېقىملىق ئانا تىلدا ، بىزنى بىر - بىرىمىزگە تونۇتقان ، دىل رىشتىمىزنى چاتقان بۇ ئۇلۇغ زۇۋاندا مۇشۇ كەلىمىلىرىمنى ئوقۇۋاتقان ئەي جانجىگەر ئۇيغۇرۇم ، ئەمدى كىتابنى يېپىپ قويۇپ ، مەن ئوقۇغان شېئىرنى ئاڭلا . بۇ شېئىرنى ئون يىل مۇقەددەم يازغانىدىم . بۇ قېتىم «چۈمبەلدىكى كۆز » ناملىق شېئىرلار توپلىمىغىمۇ كىرگۈزدۈم . ئەمدى ئۇنى ساڭا ئۆزۈم ئوقۇپ بېرەي .

يادلىۋال ، چەت ئەلدىن كەلگەن ھەربىر قېرىندىشىڭنىڭ ئالدىغا ئۇنى يادلاپ چىق !

يادلىۋال ، چەت ئەلگە ماڭغان ھەربىر دوستۇڭغا ئۇنى يادىكار قىل !

چەكسىز مىللەتتىن يەنە بىرسى بارمىدۇ؟
ئىماراتقا يېڭى كەلگەن چاغلىرىم، ھەشەمەتلىك بازارلاردا، مەرمەر سارايلاردا ئايلىنىپ يۈردۈم. قورساق ئاچتى، بۇ مۇسۇلمان دىيارى بولغاندىكىن ھەممە غىزاسىنى يېيەلەيمەن دەپ ئويلىدىم. ئەرەب تاماقخانىسىغا كىردىم، ئىچىگە ھېسسىپتەك گۈرۈچ تىققان توخۇ، بۇخارى بەريانى دەپ ئاتالغان سەۋزە - قىيمىچى يوق ئاق پولو، ئۇن ۋە گۈرۈچلەردە قىلىنغان مىچىلداپ تۇرىدىغان غەلىتە تائاملار، غەربچە سالاتلار، ھېچقايسىسىنى يېيەلمەيدىغىنىمغا كۆزۈم يەتتى. ئاندىن پاكىستانلىقنىڭ تاماقخانىسىغا كىرىپ باقتىم، بولۇشىغا قىزىل مۇچ سېلىنغان شىلىمدەك ئۇن تاماقلىرى، قوللىرىنى قاچىسىدىكى ئۇماچتەك بىر نېمىلەرگە تىقىپ غەلىتە گۆشلەرنى ماچىلداپ يەۋاتقان پاكىستانلىقلار؛ ئاندىن ئۇ يەردىن چىقىپ ھىندىستانلىقنىڭ تېز تاماقخانىسىغا كىردىم، ھامبۇرگ بولكىسى، خام سەي، تۇخۇم، پەمىدۇر ياكى ئىسمىنى بىلمەيدىغان ئاللىنېمىلەرنى قوتۇرماچنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپلا تەييار قىلىدىغان ساندۇۋىچلىرى، تۇخۇم سېرىقى، نوقۇت ۋە ئۇن بىلەن پەلەمما قىلىپ داسقا ئۇسۇپ قويغان مىج - مىج تامىقى. مەن ئىزدىگەن، مەن تونۇيدىغان ھېچ نەرسە يوق ئىدى. مەن ھەممىسىدىن ئاچ قورساق چىقىپ كەتتىم، مەن گويا كۆك بېدە يەپ كۆنۈپ قېلىپ قۇرۇق سامان ئاغزىغا تېتىماي قالغان ئاتتەك چىپىلداپ تەرلەپ ئاچ قورساق كوچىلارنى كەزدىم، ئاخىر بولماي ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن مەن تونۇيدىغان تۇخۇم بىلەن قورساق ئەستەرلىدىم. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممىسىنى بىرەر قېتىمدىن تېتىپمۇ باقتىم، بىراق ھالۋا يەپ كۆنگەن ئېغىزغا زاڭ تېتىمىدى. نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ، ئاجايىپ تېتىملىق تائاملارنىڭ ئىگىسى بولغان نازۇك ئېغىز خەلقىمنى، خۇشخۇلق ئادەملىرىمنى، ئۇيغۇرنى ۋە ئۇيغۇر تائاملىرىنى سېغىندىم. ئۇلارسىز يېگىنىم چىرايىمغا چىقمىغۇدەك. ئۇلارسىز

شۇ تىلدىنمۇ گۈزەلرەك بىر سۆز .
ئۇزاتقاندا ئەزرائىل بىر كۈن
دەستە تىزىپ ئۆلۈم گۈلىدىن ،
سەن ئۆزۈڭگە توقۇيسەن كېپەن
ۋەتەندىكى خىياللار بىلەن ،
يات تۇپراققا كۆمۈلگەندە سەن
كۆمۈلىدۇ قەلبىڭگە ۋەتەن . . .

2003 ــ يىــل 3 ــ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچىدە يېزىلدى .

مەيلى تۇر پارىژنىڭ گۈزەللىك بىلەن ،
يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ ئەمەستەك كۆلكەڭ .
ئەسلەيسەن نەم قىلىپ قولياغلىقىڭنى
ۋەتەندە دەردىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ دەردى ،
ۋەتەندە يىغاڭمۇ ئۆز تىلىڭ بىلەن .
مىليونىر بوپ كەتكىن بەرىبىر يەرلىك
قەلەندەر ئالدىدا بىر كەپەڭمۇ يوق .
ھەركىم باقالايدۇ كۆزۈڭگە سوغۇق .
مەيلى سەن شاراب ئىچ ئالتۇن قەدەھتە ،
بىر كۆپۈك چىقسىلا ئۈستىگە لەيلەپ
ئوقۇساڭ يېزىلغان ۋەتەن دېگەن خەت .
بېرلىن ئاسمىنىدا كۆرىسەن ھەر كەچ
جىمىكى يۇلتۇزدىن ئۇيغۇر كۆزىنى .
مۇقەددەس بۇۋى مەريەم چېركاۋى
كۆرۈنەر سەن ئۈسكەن تار كوچىدىكى
كىچىك بىر مەسچىتتەك ئۇيغۇرلۇق سالغان .
ھەج قىلىپ مەككىگە بارساڭ مۇبادا
تۇيۇلار يۇرتۇڭدا قالغاندەك خۇدا .
مۇبادا دوزاختا بولسىمۇ ۋەتەن
مەڭگۇ بىر مۇھاجىر جەننەتكىمۇ سەن .
ۋەتەن ، ئېھ ۋەتەن
چىرايلىقتۇر ھەممە نەرسىسى .
چىرايلىق ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ ھەم .
گۆھەردۇر ، ئالمىدۇر ، خۇش پۇراق گۈلدۇر
ۋەتەن دالىسىدا كۆرگەن توڭ تېزەك .
ئىيسادۇر ، مۇسادۇر يۇرتۇڭ ئادىمى ،
يات يۇرتتا تۇغقانمۇ تۇيۇلماس دوستىدەك .
تىللاپ سالغان بولسا ئىلگىرى
ئۆز ئېلىڭدە ، ئۆز تىلىڭدا ئۆز .
تاپالمايسەن دۇنيادا ھازىر

بۇ تەقدىرگە پۈتۈلگەن.
كۆتمىگەن قايغۇ
كۆتەر گۈل تۈتۈپ.

يەمەنلىك باققال ماڭدى بۆرۈلۈپ
سېتىپ بولۇپ بانانلىرىنى،
گۇگۇم ئۆنىڭ يېنىدا.

ئاي سارغىيىپ پىشقان
خورما شېخىدىن
يۈزلىرىمگە چۈشتى نۇر.

تەنها بىر ئۇيغۇر
مەن قەلئەدە،
قەلئە ئۆتمۈشتە.

بۇ ۋاقىتنىڭ ئويۇنى

تۇيۇقسىز دېڭىزدا بوران چىقىپ كېمىنى غەرق قىلىۋەتتى. مەن تەقدىر بورىنىدا بىر تال تاختايغا يامىشىپ توپتوغرا بەش يېرىم كۈن كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈردۈم. ئاق بۇلۇتلار ئارا كېتىۋاتقان ئايروپىلاندىكى ئاق دولقۇنلۇق بەش يېرىم سائەت ماڭا بەش يېرىم كۈندەك بىلىنىپ كەتكەندى. شۇنداق قىلىپ يېپەك يولىدىن كەلگەن ئۇيغۇر سەيياھ دېڭىز قاراقچىسىغا يولۇققاندەك ئاۋارە ھالەتتە قىرغاقتىكى ناتونۇش شەھەرگە ئاياغ باسقاندا ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئەرەبلەرنى ۋە دېڭىزنى كۆردى. ئەرەبلەر يوقلۇقنى ئاڭلىغۇچى مىللەت. كائىناتتىن كەلگەن سادانى ئىنسان تىلى بىلەن، مەنىسىز كېچە ــ كۈندۈزلەرنى مەڭگۈلۈك بىلەن مەنىگە ئىگە قىلدى. چۆل بولسا زېمىندىكى يوقلۇق. ئۇلار يوقلۇقتا تاپىندۇ. يوقلۇقتا

# بازاردىكى قەلئە

(شېئىرىي تەپەككۇردىن ئەرەب مەدەنىيىتىگە تەھلىل)

ماشىنا چاقى سويۇلماقتا تېز
يوللارنىڭ قارامتۇل تېرىسىدىن ،
قالدۇرماي ئىز .

قالدۇرماي ئىز ماڭىدۇ دېگىنىز ،
كونا قەلئە ئۇنىڭ ئىشكى
ئەگىپ ئاقار ئادەم دېڭىزى .

ئىسكىلىتتەك تاشلاندۇق قەلئە
تاملار ھەرە چىشلىرىسىمان .
ئەينەك بىنالار ـ بابىل مۇنارى
بازار قايناق غەپلەتتە ئىنسان .

ئۆزى تارىختا ھازىردا تېنى ،
قەلئە ئىچىدە بىر يېشىل ئايال
تارقاتماقتا خۇش پۇرىقىنى .

ئېزىقتۇردى پەرىشتە مېنى

ھەممىنى دەۋەتتى . غەيبىنىڭ سۆزى تاقىر تاغلاردىكى ئەكس
ساداغا ئوخشايدۇ . ياڭرايدۇ ، تارقىلىدۇ ، مەڭگۈلۈكنىڭ ئۆزىگە
قايتىدۇ .

قۇلىقىمغا ئاڭلانغىنى مەۋجۇتلۇقتىن قايتقان ئەكس سادا
ئىدى . ئۇلار سۆزلەۋاتاتتى ، رەسۇلۇللانىڭ تىلىدا . دەسلەپ
گاڭگىراپ قالدىم . چۈشەنمىگىنىم چۈشەنگىنىم ئىدى ،
ماھىيەت ئىدى . ھەقىقەتنى بىلىشىمىز مانا شۇنداق . سۆز بىر
مىڭ تۆت يۈز يىل بۇرۇنقى ، مەنە ھازىرقى . سۆزنى
سۆزلىگۈچى غەيب ، سۆزنى ئىشىتكۈچى ھەر زاماندا يېڭى .
ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ تىلىدا سۆزلەۋاتاتتى . ئۇلارغا يېقىنلاپ
ئۇپۇققا كىرىپ قالدىم . كېيىن بىلسەم ئىپار ساتقۇچىمۇ ،
خورما دەرىخى تۈۋىدە تەرلەپ ياتقۇچىمۇ ، مەرۋايىت
سۈزگۈچىمۇ ، دوقمۇشتا تەمتىرەۋاتقان ئەمامۇ ، قارا ھىجاپلىرى
بىلەن قارا يالقۇندەك لاۋۇلداۋاتقان بېلىق سۈرئەتلىك
قىزلارمۇ ، رەستىدە كىشىلەرنى قوغلاپ ۋارقىراۋاتقان
ساراڭمۇ ، نۇرانە ئالىقانلىرىنى مىسكىنلەرگە سېخىيلىق بىلەن
ئاچقان ئاق لىباسلىق مەرد بايۋەچچىمۇ ، ئالداپ
ئېلىنۋالغۇچى كاززاپمۇ ، ھەسەل ياسىغۇچى پارسىمۇ ، رەڭلىك
كۆزئەينەك ساتقۇچى ھىندىمۇ بۇ يەردە پەيغەمبەر تىلىدا
سۆزلەيدىكەن . بۇ تىل ھەممىنى ۋە ئىنساننىڭ ھەممە
ئېھتىماللىقىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى .

مەن دېڭىزغا ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىغا كىردىم . دېڭىز
سۈيى ئىككى ياققا تارىلىپ يول ئېچىلغاندەك ئەرەب قولتۇقى
ماڭا تىلسىمات بىلىندى .

مەن مىڭ بىر كېچىدىكى بىر شەھەرگە كەلدىم . بىراق ،
بەسرە ياكى باغدات كوچىسىدا ئەمەس ، ئەرەب بىرلەشمە
خەلىپىلىكىنىڭ كونا پايتەختى ئەلئەيىن شەھىرىدە رېئاللىق
بىلەن شېئىرىي تۇيغۇ گىرەلىشىپ كەتكەن مېنىڭ بەش يۈز ۋە
يېرىم كېچەم باشلاندى .

مەن ئايرۇپىلاندىن چۈشۈپ چۆچەكلەردىكى ھەشەمەتلىك

ئەگىشىدۇ ، يوقلۇقتا ياشايدۇ . لېكىن ، يالغۇز قالمايدۇ يوقنى كۆرىدۇ ، ھېس قىلىدۇ ، تىڭشايدۇ ، ئاخىرىدا يوقلۇققا بويسۇنىدۇ . بار يوقتىن كەلگەن ، يوق بارچە شەيئىلەردىن ئۇلۇغ ، قۇدرەتلىك . دۇنيا شۇنچە كۆپ شەيئىلەر بىلەن تولغان ، بىراق ھەممىسى ھامان يوقلىشىپ كېتىدۇ . بىرمۇ نەرسە قالماي يوقلۇققا قېتىلىدۇ . كوچىدا سانسىز ئادەم ، بىراق ھەممىمىزنىڭ بارار جايى بىر ، بىز يوقلۇققا قايتىمىز -

يوقلۇق — ماھىيەت ، يوقلۇق ئەسلىي زات ، ئەسلىي زاتقا يېقىنلىغانسېرى مەۋجۇتلۇقنىڭ تەرتىپى يوقىلىدۇ . رىتىم تېزلىشىپ غايەت زور ئېنېرگىيە شەكىللىنىدۇ . ماھىيەت — چوڭلۇقتىن كىچىكلىككە ، كىچىكتىن يوققا . غايەت زور ئالەم كىچىكلەپ ـ كىچىكلەپ يوقىلىدۇ . ماددا بۆلۈنۈپ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئاتوملارغا ئايلىنىدۇ . ئەقىل بىلەن ئەمدىلا ماددىنىڭ ئاتوم زەررىچىلىرىگە بۆلۈنۈشىگىچە بىلدۇق - ئاتوم بومبىسى نېمە دېگەن قۇدرەتلىك ! ، ماددا ئاتوم زەررىچىلىرىدىنمۇ كىچىكلەپ ، چەكسىز كىچىكلەپ يوق بولغان چاغدىكى يوقلۇق ئېنېرگىيىسىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ئالەمگە سىغدۇرۇش مۇمكىنمۇ ؟ !

چۆل ـ باياۋاندا كۆزگە كۆرۈنگۈدەك نەرسە يوق ، ئەرەبلەر يوقنى تاللىغان ، ماكاننى ئەمەس زاماننى تاللىغان . زامانلار ئۆتۈپ يوقنىڭ ئاستىدا كۈچ ـ قۇدرەت بايقالدى . گۈل ماكاننى تاللىغۇچىلار ھەيۋە قىلغاندا چۆل ـ باياۋانلاردىكى نېفىت ئەرەبلەرنى كۈچ ۋە بايلىققا ئىگە قىلدى .

ئىچى قۇرۇق كىشىلەر مەنزىرىلىك جايلاردىن تەسەللى ئىزدىشىدۇ . ياپيېشىل ماكانلاردا مەنىسىزلىكتىن ئازابلىنىدۇ . چۆل ـ باياۋانلاردا خۇشال يۈرگەن ئەللەرنى قۇتلۇقلا . چۆل خەلقىنىڭ روھىي قۇۋۋىتى تۈگىمەس ، غايىبتىن كەلگەن ياردەم ئۈزۈلمەس .

ئىچىگە غايىب ئاۋاز توشۇپ مەنىلەرنى سىغدۇرالمىغۇچى قاقاس تاغلارغا يۈزلەندى . تاغ غارىدا بولدۇقلاپ تېشىپ

تايىنىدۇ. سودا بولسا تەۋەككۈلچىلىك، ئۇچۇر ۋە رىزىققا تايىنىدىغان زامان خاراكتېرلىك كەسىپ. ئۇ زاماننى تاللىغان ئەرەب روھىنىڭ ئۆز خاراكتېرىغا ماس تىرىكچىلىك يولى. ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ سودىگەر جامەئەسىدىن چىقىشىدىمۇ بىز بىلمەيدىغان بېشارەت ۋە ھېكمەت بار. مەن سودا قىلمايدىغان ئەرەبلەرنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتتىم. ئەرەبلەر ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈپ سودىنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ. بازارلاردا بېخىللىقتىن ياكى قولى قىسقىلىقتىن ئەمەس، سودىغا ھېرىسمەنلىكتىن توختىماي باھا تالىشىدۇ.

سودا ئوخشىمىغان قوۋم ـ مىللەتلەرنى، ئوخشىمىغان تىل ۋە مەنپەئەتنى ۋە ئوخشىمىغان چېگرالارنى تۇتاشتۇردى. بىز سودىنىڭ دۇنياۋى ماكاننى بىرلىككە كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتىمىز. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قاتارلىقلار بىزگە مۇستەبىت سىياسىي ھاكىمىيەت ئاساستىكى بىرلىكنىڭ پارچىلىنىپ يېڭى دۇنيانىڭ قۇرۇلمىسى سودا ئاساسىدا شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا چوڭ بىر بازار، ئوخشىمىغان زامان بۇ يەردە كېسىشىدۇ. بازار ئەرەبلەرنىڭ قەدىمدىن ھازىرغا، ھازىردىن كەلگۈسىگە سوزۇلغان ھاياتلىق ئۇيۇقى.

مەن ئەرەبلەرنىڭ بازاردىكى قەلئەسىنى كۆردۈم. ئۇ ھازىرقى دۇنيادىن ئىبارەت چوڭ بازاردا قەدىمكى مەدەنىيەت بەلگىلىرى بىلەن قەلئە ھاسىل قىلىپ تۇراتتى. مەن بۇ قەلئەنى ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان كىيىم ـ كېچەك ئەنئەنىسىدىن، ئىسىم ـ فامىلىسىگە قاراپ جەمەتىنىڭ ئورنى ۋە تارىخىنى بىلگىلى بولىدىغان ناھايىتى روشەن قەبىلە كۆز قارىشىدىن، ئەڭ مۇھىمى دۇنيانى شىددەت بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتى ئالدىدا يىمىرىلمەس سېپىل بولغان دىنىي ئېتىقادىدىن كۆردۈم.

بىر دەرۋازىنى چەكتىم. ئىشىكنى ئەرەب رېئاللىقى ئاچتى. بۇ ئەپسانە بىلەن زامانىۋىلىك، تۆگە بىلەن تويوتا، قەدىم بىلەن ھازىر تەڭ مەۋجۇت بولىدىغان ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ خاس رېئاللىقى ئىدى. ئەلئەيىن شەھىرى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئاستانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىقى ئالامەتلەر تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەنگەنىدى. ئۆز پېتى ساقلانغان قەدىمىي سېپىل، شەيخ زايىدنىڭ ئادەمسىز كونا ئوردىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ياپيېشىل خورما دەرەخلىرى، رەت - رەت دۇكانلار، گۇگۇم چۈشۈش بىلەن جىمىرلاپ كۆزلەرنى ئالا چەكمەن قىلغۇچى ئاجايىپ - غارايىپ ئالتۇن بازىرى، «مىڭ بىر كېچە» دىكى كىيىملىرى بىلەن رەڭگارەڭ سۈپەر ماركېتلاردا يەتتە ئىقلىمنىڭ مېلىنى تاللاۋاتقان ئەرەبلەر؛ ئەينەك بىنالارنىڭ يېنىدىكى تاشلاندۇق قەلئە، جىمجىت ئىسسىقتا بوز رەڭگە كىرگەن تاقىر قەلئە، مەن ھەركۈنى يېنىدىن ئۆتىدىغان ياغاچ دەرۋازىلىق قەلئە، «بازاردىكى قەلئە» — دەل ھازىرقى ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسى.

بازار — ئەرەبلەرنىڭ چۆل - باياۋىنىنى ئاۋات قىلىدىغان، ماكانىنى بىر - بىرىگە ئۇلايدىغان، ئادەملەرگە يۈزلەندۈرىدىغان پىسخىك مەيدان، چۆلدەرىشكە قارشى قۇرۇلمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان روھنى تاۋلاش سورۇنى. سودا — ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى تىرىكچىلىك يولى. قەدىمكى ئەرەب روھى يېشىل ماكانى ئەمەس، ھاياتىي كۈچى مەڭگۈلۈك زامانىنى تاللىغان. زامانىنى تاللاش — شەكىلدىن ھالقىغان روھىي تەۋەككۈلچىلىك، يەنى دىنىي تاللاشتۇر. بۇ خىل تاللاش ئوخشاشمىغان زامانلارنى ئېرىتىپ مەڭگۈلۈك بىر قىلىدۇ. دەۋرلەردىن ھالقىغۇچى ئۆلمەس روھ ئىنسانلارنى ئەبەدىيلىككە چاقىرىدۇ. تىرىكچىلىك، چارۋىچىلىق قاتارلىقلار تېگى - تەكتىدىن ماكان خاراكتېرلىك كەسىپ. ئۇ بىۋاستە زېمىنغا، زېمىندىكى نەرسىلەرگە

— ۋاقىتنىڭ مەڭگۈلۈكى، جىنسىي ئاڭ — ۋاقىتنىڭ چېكى، ئىنسانىيەت ئەخلاقىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋاقىتنىڭ رىتىمىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. يەنى ۋاقىتنىڭ سۈرئىتى تېزلەيدۇ ياكى ئاستىلايدۇ. بىز كۈنسېرى ئاشكارىلىنىۋاتقان جىنسىي ئېڭىمىز ئارقىلىق ئالەمنىڭ بىرلىكىدىن ئايرىلىپ ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ چېكىگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. مەدەنىيىتىمىز تەتۈر ئۈنۈمگە ئېرىشىپ كۈتكىنىمىزنىڭ ئەكسىچە ۋاقىت ئاز قالدى. ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن ھەرخىل يۇقىرى سۈرئەتلىك ماشىنا ئەسلىھەلەرنى ياسىدۇق. ۋاقىتىمىز تېجىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ۋاقىتنىڭ سۈرئىتى تېخىمۇ ئىتتىكلەپ كەتتى. ئايروپىلان ۋە تېز سۈرئەتلىك پويىزلارنى ياسىدۇق، ۋاقىتىمىز يەنىلا يېتىشمەي قالدى. ۋاقىت قوغلىشىپ ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويدۇق. ئەكسىچە نەپەس ئالغۇسىز جىددىي رىتىم ئىچىگە كىرىپ قالدۇق. سەۋەب ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئەخلاق پەردىسىنى بىر قات - بىر قاتتىن يىرتىپ جىنسىيەتكە قاراپ ماڭماقتا. ۋاقىت — ئەخلاق، ۋاقىت — بېسىلغان شەھۋەت، ئۇ يوق بولغاندا ۋاقىت يوق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىشمەكچىدۇق، يوقىتىپ قويىۋاتىمىز. مەڭگۈلۈككە يەتمەكچىدۇق، ئىزلىرىمىز دەقىقىلەردە ئۆچۈپ قېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ياسىغىنىمىز بوشلۇق ئەمەس، بوشلۇقنى ئىگىلىگۈچى نەرسە. بىزنىڭ ياسىغىنىمىز ۋاقىت ئەمەس، ۋاقىتنى ئۆلچىگۈچى سائەت. بىز ماھىيەتنى ئۇنتۇپ قالدۇق. بىز ئالەم بېغىدىكى ئەڭ ئېسىل مېۋىگە — ۋاقىتقا قول ئۇزاتتۇق، لېكىن باغۋەننى ئۇنتۇپ قالدۇق.

چەكسىز چۆل - باياۋان، كۈن تىكلەنگەن، ھەممە نەرسە رەڭسىز كۆيمەكتە. تۇساتتىن يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بويىدا بىر ئەرەب ماشىنىسىنى توختاتتى. بۇ ناماز پېشىن ۋاقتى ئىدى. چۆلدىكى مەسچىت ئالدىدا بىر تۈپ خورما دەرىخى يېشىل سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇ سايىگە كەلدى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلىدى. چۈنكى، ئۇ ئەڭ مۇھىم نەرسىنى ئۇنتۇپ

1

## ماشىنا چاقى سويۇلماقتا تېز
## يوللارنىڭ قارامتۇل تېرىسىدىن
## قالدۇرماي ئىز . . .

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىش دەرىجىسىنى مەلۇم جەھەتتىن يول تەرەققىياتىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن . قۇرۇقلۇقتىكى چىغىر يوللار ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ ئىدى . يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ئەنئەنە ئاساسىدىكى دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئويغىنىش دەۋرىگە باشلاپ كىردى . ھاۋا يوللىرى ئىنسانلارنىڭ رەسمىي پەن-تېخنىكا دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولسا يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ۋە ئىنتېرنېت يەر شارى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچۇر دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە . تۆگە ، خورما ، قۇرئان ، قۇملۇق يوللاردىكى قەدىمكى ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى ئىدى . يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ۋە ئۇچۇر تورى يۇ مەدەنىيەتنىڭ نېفىت ، ماشىنا ، ئىسلام ئويغىنىشىدىن ئىبارەت يېڭى دەۋرىنى ئىپادىلىمەكتە .

زامانۋىلىك بىلەن ئەنئەنە ، قەدىم بىلەن ھازىر ، جىنسىي ۋەسۋەسە بىلەن يۈكسەك ئىسلام ئەخلاقى تەڭ مەۋجۇت بولغان سېھىرلىك ئەرەب رېئاللىقى ئىنسانىيەتكە ۋاقىتنىڭ مەخپىيىتى بولغان سىرلىق رىتىمنى ئاشكارىلىماقتا . ۋاقىت ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقى ئۇچۇن ئالەم قۇرۇلمىسىدا ئاپىرىدە قىلىنغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق ھەم ئىنسانىيەت ئەخلاقىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان سۇبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق . ئالەمنىڭ ئوبيېكتى ۋاقىت ، سۇبيېكتى يۈكسەك ئاڭ . بارلىق ھەرىكەت ۋاقىتنىڭ ھەرىكىتى ، بارلىق ئۆزگىرىش ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى ، مەۋجۇتلۇق ۋاقىتنىڭ مەۋجۇتلۇقى . ۋاقىت ئارقىلىق بار ياكى يوق ، ئۆلۈك ياكى تىرىك ، تۇپراق ياكى ئىنسان . دىنىي ئاڭ

دېڭىز تۆمۈر زەنجىرلەرنىڭ كەينىدە دولقۇنلاپ تۇراتتى. پۈتۈن تۈۋرۈكلەرگە تىنىمسىز ئۆزىنى ئۇراتتى. مەن غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان ماشىنا دېرىزىسىدىن ئەينەك قەپەستىكى مەھبۇستەك دېڭىزغا قاراپ پەرىشانلىق ئىچىدە قول پۇلاڭلاتتىم.

بىراق، ئىككىنچى قېتىم ئەركىن - ئازادە بىر پۇرسەتتە ئالايىتەن دېڭىز كۆرۈش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىققىنىمدا تەسىراتىم باشقىچە بولدى. زەڭگەر رەڭ دېڭىز ئۇپۇقىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى. كۆز ئالدىمدا جىلۋىلىنىپ تۇرغىنى بىردىنبىر، ھەقىقىي ئىلاھىي كۆك رەڭ ئىدى. زېمىندا تۇرۇپ زېمىندىن ئىلگىرى يارىتىلغان سۇغا - دېڭىزغا قارىساق، پەستە تۇرۇپ بىزدىن يۈكسەك بوشلۇققا - ئاسمانغا باقساق كۆك رەڭدە كۆرۈنىدۇ. كۆك - يوق رەڭ، مەۋھۇملۇقنىڭ رەڭگى. كۆك - ئۈستىمىزدىكى ئېنىقسىز بوشلۇقنىڭ، مۇمكىنسىزلىكنىڭ، چەكسىزلىكنىڭ نامى. ئۇ خورما دەرەخلىرى بىلەن قۇمدىن باشقا ھېچنېمە يوق قاقاس زېمىندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆككە باقتى. كۆكتىن چۈشكەن نۇر ئۇنىڭ ئىچىنى يورۇتتى. ئۇ ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆزگىنى كۆردى. ئىنسان رېئاللىقتىدىن ئۆرلەپ ئىلاھىي يۈكسەككە باقتى. رېئاللىقنىڭ ساداسىنى ئەمەس، غەيبنىڭ ئاۋازىنى تىڭشىدى. بىز تۇرمۇشقا باشچىلاپ كىرىشىپ كەتكەندە كۆكنى كۆرەلمەيمىز. مۆجىزىنى ھېس قىلالمايمىز. رېئاللىق تۇيغۇسى كۈچلۈك دەۋرلەردە ئادەملەر رېئاللىقنىڭ سىرتىدىكى ئاۋازنى ئاڭلىيالمايدۇ. كۆك — مىللەتنىڭ روھىي ئۇپۇقىدىكى ئۆزگە تەۋە قەدىمىي ئەركىنلىك. كۆك - ئىنسانلارنىڭ باش ئۈستىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان مەڭگۈلۈك يوقلۇق. كۆك بىز كۆرگەن دۇنيانىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتتى. بارلىققا ئىلاھىي تۈس بەردى. ئىنسانغا دىنىي تۇيغۇ ئاتا قىلدى. شۇنداق قىلىپ كۆك بىلەن يەر ئارىسىدا ئىلاھىي مەنە پەيدا بولدى. مەنە شۇكى كائىنات ئۆزى پەيدا بولغان ئەمەس، ئالەمنىڭ ھەرىكىتى مەقسەتسىز ئەمەس،

قالمىغانىدى.

ئۇشتۇمتۇت يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدىكى ۋاقىتنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىدى. ئۇ مەڭگۈلۈككە يۈزلەنگەن بۇ دەقىقە مېنىڭ ئەسلىمەمدە شېئىرغا ئايلاندى.

## 2

قالدۇرماي ئىز ماڭىدۇ دېڭىز
كونا قەلئە ئۇنىڭ ئىشىكى
ئەگىپ ئاقار ئادەم دېڭىزى

ئاسىيا قىتئەسىنىڭ قاقاچتەك بىر يېرىدە دېڭىز كۆرمەي چوڭ بولغان مەن ئۈچۈن دېڭىز رېئاللىق ئەمەس ئەپسانە ئىدى، باللىق چاغلىرىمدا ئاندېرسون چۆچەكلىرىدىن ئوقۇغان بېلىق قىزنىڭ دېڭىز ئاستىدىكى ئوردىسى، «مىلك بىر كېچە» دە تەسۋىرلەنگەن ئاجايىپ-غارايىپ سۇ ئاستى مەملىكىتى بىلەن كېمىلەرنى غەرق قىلغۇچى دېڭىز بورىنى ماڭا دېڭىزنى تونۇتقان. بەزى بورانلىق كۈنلەردە قۇيرۇقى تاسادىپىي ئېتىز — باغلىرىمىزغىچە كىرىپ قالىدىغان پايانسىز تەكلىماكان قۇملۇقى باللىق تەسەۋۋۇرۇمدا دېڭىز ئىدى. چوڭ بولغانسېرى مەن تۇرغان شەھەرلەردە گويا بىر كېچىدىلا دېڭىز تېشىپ كەتكەندەك كوچا — كويلارغا پاتماي قالغان كىشىلەر توپى مەندە ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. دېڭىز گويا ئىزسىز مېڭىپ، شەپىسىز بېسىپ كىرەتتى. دېڭىز مەن ئۈچۈن ئەنە شۇنداق سىرلىق ۋە ۋەھىملىك ئىدى.

مەن يېرىم كېچىدە كۆكتىن ئەرەب زېمىنىغا چۈشۈپ دۇبەي شەھىرىدە دېڭىز بىلەن بىر كېچە بىللە ئۇخلاپتىمەن. يېنىمدا، مەن چۈشكەن مېھمانخانىدىن 20 قەدەم نېرىدا دېڭىز بارلىقىنى ئۇقماپتىمەن. تاڭ سۈزۈلگەندە مېھمانخانىدىن تاكسى بىلەن ئالدىراش كېتىۋېتىپ تۇنجى قېتىم دېڭىز كۆردۈم.

ئەخلاقى چۈشكۈنلىشىپ گۇمرانلىقتا يۈزلەنگەن ئازغۇن مەدەنىيەتنى يۇتۇپ كېتىپ ئىنسانىيەت روھىنى پاكلىغۇچى ئۇلۇغ سۇ. ئاخىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق باشلىنىشنى، ھالاكەت ئارقىلىق ھاياتلىقنى يېڭى مەنىگە ئىگە قىلغۇچى مۇقەددەس توپان.

سۇ ئاستىدا قالغان يۈكسەك مەدەنىيەت، قۇم ئاستىدا قالغان ئاۋات شەھەرلەر ۋە ئۆتمۈشكە تەۋە ھەربىر خارابىلىك ئالدىنقىلاردىن قالغان ھاياتلىق ساۋىقى. دەۋرلەردىن ھالقىغۇچى ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئىنسانىيەتنى ئۆلۈمدىن ئاگاھلاندۇرۇشى. مانا بۇ - ئۇلۇغۋار ئۇچۇرلارنى روھى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرۇپ ھاياتقا سەگەك مۇئامىلە قىلغۇچى ئادەملەر دېڭىزى ئەگىپ ئۆتىدىغان قەلئە. بۇ قەلئەنىڭ ئىشىكى دېڭىزدا. چۈنكى، دېڭىز يۈكسەك ئازغۇن مەدەنىيەتنى، ئەيش — ئىشرەتكە تولغان شەھەرلەرنى، چەكتىن چىققان شاھانە قەسىرلەرنى ئۇشتۇمتۇت، سىرلىق چۆكتۈرۈۋەتتى. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئەرەبلەر ئىشىكنى ئاچسىلا دېڭىزنى كۆرىدۇ. دېڭىز شەھەرلەرنىڭ قويرۇقىنى چىشلەپ تۇرىدۇ. دېڭىز ئەرەبلەرنىڭ ئېڭىنى يوقلۇقتا تۇتاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئەرەبلەر جىمجىتلىقتىنمۇ بەكرەك داۋالغۇپ تۇرغان مەڭگۈلۈك ھەرىكەتكە، ئەقلىي تەرتىپتىنمۇ يۈكسەك ئالەمدىكى ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىشىنىدۇ. رېئاللىقتا قارىغاندا مۆجىزىگە چىن پۈتىدۇ. يوقلۇقنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، پەقەت كۆرگىلى بولىدىغان، ماددىنى ۋە ئىنسان ئەقلىنى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىدىغان مەدەنىيەت ئىگىلىرىگە چۆچەك ئەپسانىدەك تۇيۇلىدىغان مۇقەددەس كىتابلار ئەرەبلەر ئۈچۈن غەيبتىن چۈشكەن مۆجىزە، شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدىغان رېئاللىق، ئوخشىمىغان زاماندىكى ئىنسانلارنى يېتەكلەش ئۈچۈن ياڭرىغان ئاللانىڭ ئاۋازى. دېڭىز مەڭگۈلۈك خاتىرە. ئۇنىڭدا زېمىننىڭ تارىخى - قۇرۇقلۇقنىڭ سۇدىن يارىتىلغانلىقى بار. ئۇنىڭدا نوھنىڭ ئازغان قەۋمىغا توپان بالاسى كەلگەنلىكى، مۇسا

چۈمۈلىدىن يۈلتۈزغىچە ئارتۇقچە يارىتىلغان، ئەھمىيەتسىز بولىدىغان بىرمۇ نەرسە يوق!
سۇدا سۇنىڭ ئىزى قالمايدۇ، بىراق سۇنىڭ ھەربىر تامچىسى مۆجىزە. بارلىقتا تۇرۇپ غەيبنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بىر نەرسىنىڭ يوقتىن بار بولۇشى ۋە باردىن يوق بولۇشى مۆجىزە.
ئىنسانلار ئەخلاقنى ياراتقۇچى ئەمەس رىئايە قىلغۇچى. چۈنكى، ئىنسان سەۋىبسىز ئۆز ئەركىنلىكىگە چەك قويۇشنى، نەپسىنى تىزگىنلەشنى خالىمايدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنكى، كىشىلەر زەربىسىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرالمايدىغان، قورقۇنچى كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئەۋلادتىن — ئەۋلادقا ئىزسىز داۋاملاشقان سىرلىق بالايىئاپەت كېيىنكىلەرگە ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئەخلاق ئەنئەنىسىنى قالدۇرغان.
مەن دېڭىزدىن ئۆلۈمنىڭ ئۇپۇق سىزىقىنى كۆردۈم، زور سۇنى كۆردۈم. چۈنكى، مەن يىراق زامانلاردا سۇنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز سىرلىق قورقۇنچىدىن زېمىندىكى دېڭىزدىن يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇقنى تاللاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا ماكانلاشقان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەت — ئۇيغۇرنىڭ پۇشتى.
مەن يەرشارى قۇرۇقلۇقىنىڭ قەدىمكى شاھزادىسى، سۇ ئاستىدا قالغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاكەت بەدىلىگە كەلگەن ھاياتلىق تەجرىبىلىرىنى ساقلىغۇچى، سىرلىق ئەخلاقىي ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى. غەرب ئارخېئولوگلىرى ۋە ئىنسانشۇناسلار قەدىمكى دىنىي ھۆججەتلەردىن، فولكلور ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن تىنچ ئوكيانغا چۆكۈپ كەتكەن ياپېشىل بىر قۇرۇقلۇق بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار مۇ ئىمپېرىيىسى نامىدا سەلتەنەت سۈرۈپ، يەر يۈزىدە بايقالغان ھەرقانداق مەدەنىيەتلىك ئىنسان تارىخىدىن ئۇزۇن تارىخ يارىتالىغانلىقىنى دەلىللىمەكتە.
سۇ — بارچە چىرىگەن، بۇلغانغان مەينەت نەرسىلەرنى پاكىزلىغۇچى. دېڭىز - ئېتىقادتىن شەھۋەتكە قاراپ ماڭغان،

باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش، ئەنئەنە ۋە يېڭىلىق، ئۆتمۈش ۋە ھازىر بىر گەۋدە ئىچىدە تۇرغان ھازىرقى ئەرەب جەمئىيىتى ئىدى. ئۇلار ئۆلۈمنى مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ بىر قىسمى، يوقلۇقنى بىر پۈتۈن مەۋجۇتلۇقنىڭ ماھىيەتلىك بىر تەرىپى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، تۇرمۇشىدا زامانىۋى ئەسلىھەلەر بىلەن ئۇلۇغۋار روھىي ئەنئەنىنى تەڭ بىرلەشتۈرگەن قەدىمكى مىللىي كىيىملىرىنى كىيگەن ئەرەبلەرنىڭ كوچىلاردا ھەشەمەتلىك پىكاپلارنى ھەيدەپ غۇيۇلداپ كېتىۋاتقىنىنى، ھازىرقى زامان بىناكارلىقىنىڭ جىمى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتكەن سەلتەنەتلىك شەھەرلەردە تەۋەررۈك قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ بۇزۇلماي ئاسار-ئەتىقە سۈپىتىدە ئۆز پېتى ساقلانغىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق، ئىنسانلارنىڭ تەكرار ھالاكىتى بەدىلىگە كەلگەن ھاياتلىق ئېڭىغا سەل قارىغۇچى، چوڭقۇر مەدەنىيەت يىلتىزى يوق تەنتەك مىللەتلەر ئەنئەنىگە قارشى ھالەتنى ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى قىلغان. ئۇلار خارابىنى، تەجرىبىنى، يوقلۇقنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ، ئۆتمۈشنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزۈلمەس ھاياتلىقىدىكى بىر دەقىقە دەپ قارىمايدۇ. ھاياتلىق تەجرىبىلىرىنىڭ زەنجىرسىمان ئۇلىنىشىنى ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنى ھامان قەدىمكىلەردىن ئەقىللىق سانايدۇ. پەقەت رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن، ماددا ئېڭى بىلەن تېخىمۇ بۈيۈك، تېخىمۇ ھەقىقىي «غەيبنى» چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا قارىغۇلارچە يېڭىلىقلار بىلەن تولغان قۇرۇق شەھەرلەردە، ئادەملەرنى غەپلەت باسقان بازارلاردا گۇمران بولىدىغان يېڭى بىر بابىل شەھىرىنى بىنا قىلماقچى بولىدۇ: ھاياتلىق مۇنارلىرىنى ئۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھالاكەتنىڭ سىمۋولى بولغان بابىل مۇنارىنى قايتا تىكلىمەكچى بولىدۇ.

بازاردىكى قەلئە، ۋالىلداپ تۇرغان بىنالارغا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ مېنىڭ تەپەككۇرۇمنى تىنىماي غىدىقلايتتى. مەن ئىسسىقتا چىپىلداپ تەرلەپ ھاياتلىق ئىمكانىيەتلىرى

ئەلەيھىسسالام ئۇچۇن دېگىنىز سۆيىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ دېگىزدىن قۇرۇق يول ئېچىلغانلىقى ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز گۇناھى ئۇچۇن دېگىزدىكى بېلىق قورسىقىدا ئۈچ كۈن قاراڭغۇلۇقنى ئۆتكۈزگەنلىكى ، قىيامەت يېقىنلاشقاندا دېگىز قىنىغا پاتماي تېشىپ كېتىدىغانلىقى بار . دېگىز ئەرەبلەرنىڭ يېنىدا چايقىلىپ ، شاۋقۇنلاپ جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ . ئويغاق كىشىلەرگە رېئاللىقتىكى ھەربىر نەرسىدىن ، ھەربىر دەقىقىدىن مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ .

3

ئىسكىلىتەك تاشلاندۇق قەلئە ،
تاملار ھەرە چىشلىرىسىمان .
ئەينەك بىنالار ـ بابىل مۇنارى ،
بازار قايناق غەپلەتتە ئىنسان .

مەن ئەلئەيىن شەھىرىدە ھەر كۈنى كونا قەلئەنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتىم . چۈنكى ، بۇ قەلئە ماشىنىلار غۇيۇلداپ مېڭىپ تۇرىدىغان ماي يولنىڭ بويىدا ، قايناق بازارنىڭ بېقىنىدا ئىدى . قەلئە تاملىرى سېپىلدەك ئېگىز بولۇپ ئۆگزە گىرۋەكلىرىگە خام كېسەكلەردىن ھەرىسىمان شەكىل چىقىرىلغان . قورغاننىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى بالىخانىسىغا بىر لاي پەنجىرە ئېچىلغانىدى . قاشا تام بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان بۇ قەلئە ئىچى ئۆلۈك توپىلىق قاقىرام يەر بولۇپ يېگىندىن كۆكلەپ قالغان بىر تۈپ دەرەختىن ئۆزگە بۇ جايدىن ھاياتلىقنىڭ ئالامىتىنى كۆرگىلى بولمايتتى . قەلئە سىرتى قاينام ـ تاشقىنلىق بازار ، ئىككى تەرىپى ئەينەكلىرى ۋالىلداپ تۇرغان ، ئاسمان ـ پەلەك بىنالار ئىدى . بۇ ئىككى قۇرۇلۇشنىڭ بىرى ئۆتكەن زاماندىكى تىرىكلەردىن قالغان ئۆلۈك دۇنيا ، يەنە بىرى كەلگۈسىدىكى ئۆلۈكلەر مېڭىپ يۈرۈۋاتقان تىرىك دۇنيا . بۇ يېڭى بىنا ۋە خارابىلىك ،

بىزنى سېھىرلەيدۇ. شۇڭا، ئادەملەرنى پەيدا قىلالايدۇ. ئەينەك بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئوخشاش، ئەينەكتىكى ئادەم قوپقۇرۇق. قەلبىدە شەھۋەتتىن باشقا نەرسە يوق، ئادەممۇ قوپقۇرۇق. ئۇ يارىتىلىشنىڭ سەۋەبىنى جىنسىي مۇناسىۋەت دەپ ئويلايدۇ، ئۇنىڭ نېرىسىنى تەپەككۇر قىلالمايدۇ. كۆلەڭگىمۇ ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئويلىيالمايدۇ.

مەن كۆز ئەينەك تاقىغان، يۈزلىرى قىرىلىقتىن پۈرلىشىپ ساڭگىلاپ قالغان ئوممانلىق تاكسىچى بوۋاينىڭ بىر كۈنى قەلئە بار ئايلانمىدىن ئۆتكۈچە ئېيتقان سۆزىنى ئۇنتالمايمەن: «بۇ ماشىنا يولدا كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى، مەن ئۇنى باشقۇرۇۋاتىمەن. قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، پۈتۈن كائىنات ئۆز يولىدا ھەرىكەتتە، چۈنكى باشقۇرۇلۇۋاتىدۇ. ھەي ئەجەم، تۆگىنى بىلەمسەن؟ بىز ئەرەبلەر تۆگىنىڭ ئۆزىنى كۆرمىسەكمۇ تۆگە مايىقىغا قاراپ تۆگە بارلىقىغا ئىشىنىمىز. ئىز — شەك — شۈبھىسىز ئىز قالدۇرغۇچىنىڭ. دەرەخلەرنى، يەرنى، ئادەملەرنى كۆردىڭمۇ؟ ھەممىسى ئىز. مەن قىرىدىم، ئاز كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىمەن، سەنمۇ، كوچىدىكى كىشىلەرمۇ بىر كۈنلەردە يوق، ھەممە نەرسە غايىب بولىدۇ»

## 4

ئۆزى تارىختا ھازىردا تېنى.
قەلئە ئىچىدە بىر يېشىل ئايال
تارقاتماقتا خۇش پۇرىقىنى.

ھازىردا مەۋجۇت بولغان قەلئە، كوچا، كىشىلەر تويى ۋە ھەممە نەرسە كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن تارىخقا مەنسۇپ. ئادەمنىڭ يىلتىزى، كۆرۈنمەس بىر قىسمى ھامان ئۆتمۈشتە. ئادەملەر روھىي ئەنئەنىلەر بىلەن بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ

ئۇستىدە ئىزدەنگەچ كونا قەلئە بىلەن ئەتراپتىكى زامانىۋ
قۇرۇلۇشلارنىڭ پەرقىنى سېلىشتۇراتتىم. بۇ ئىككى خىل بى
تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە ئەينەكلەر ئارقىلىق ماھىيەت جەھەت
زامان ئارقىلىق بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئەينەك
بىلەن زامان بىر — بىرىگە مۇناسىۋەتلىك. چوڭقۇر ئويلىغاندا
ئەينەك ھازىرقى زاماننىڭ بەلگىسى. شەھەرلەر ئەينەك بىلەن
تولدى. بىنالارنىڭ دېرىزىسى، تۈۋرۈكى ھەتتا تاملىرى
ئەينەك، ماشىنىلارنىڭ دېرىزىسى ئەينەك، كېچىدە جىمىرلاپ
تۇرغان چىراغلار ئەينەك، ئەينەك ئېكرانلاردا كومپيۇتېرنىڭ
ياكى تېلېۋىزورنىڭ سېھىرگەرلىكىگە مەپتۇن بولۇپ ھەممىنى
ئۇنتۇغان كىشىلەر، ئەينەك بىلەن قورشالغان كىشىلەر.
ئىسلام سوپىلىرى ئىنسان خۇدانىڭ ئەينىكى دېيىشىدۇ. ئىنسان
بولسا ئۆزىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەكنى ياراتقان. ئەينەكتە
ئىنسان ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىنساننىڭ ئۆزىنى مەركەز
قىلىش ئېڭى يوشۇرۇنغان. ئەينەك كۆرۈنىدىغان نەرسىنى
ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ ماددا ئېڭىنىڭ ئاشكارىلىنىشى. ئەينەكتىكى
ئادەم ساپ رېئاللىققا يۈزلەنگەن ئادەم. ئەينەكتىكى ئادەمنىڭ
ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى يوق. دىنىي تۇيغۇ بولسا بارچە زاماننى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياراتقۇچىغا تەلتۆكۈس يۈزلەنگەن ئادەم
قەدىمدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى، كەلگۈسىدىكى بېشارەتلەرنى ۋە
رېئاللىقتىن ھالقىغان مۆجىزىلەرنى ھازىردا كۆرىدۇ.

سۇلايمان پەيغەمبەر ھەددىدىن ئاشقان ئايال پادىشاھ
بەلقىسنى ئۇخلاۋاتقان چاغدا جىنلارغا تەختى بىلەن كۆتۈرتۈپ
ئوردىسىغا كەلتۈردى. بەلقىس ئويغىنىپ تەختتىن چۈشتى.
ئالدىدىكى ئەينەكلەرنى سۇ ئوخشايدۇ دەپ كۆڭلىكىنى
كۆتۈردى... ھەددىدىن ئاشقان ئادەم غەپلەتتە قالغان،
ئۇخلاۋاتقان ئادەمدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن رېئاللىقتىن باشقا ھېچ
نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇخلاۋاتقان ئادەم ئويغانغاندا ئەينەككە
ئالدانغىنىنى سېزىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىلا كۆرۈپ، بار
نەرسىنىلا كۆرۈپ، ھازىرنىلا كۆرۈپ ئېزىققۇچىدۇر. ئەينەك

قورغىنىنى ساقلاۋاتقان دىنىي مىللەت. بۇ قورغان ئەرەبلەرنىڭ دىنىي روھى بىلەن ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئەنئەنىسىدىن بارلىققا كەلگەن قەدىمكى قەلئەدۇر.

ئەرلەرنىڭ مەردانە خاراكتېرى بىلەن ئەرلىك ھاياتى كۆچىنى ئۇرغۇتۇپ تۇرىدىغان بۇ ئوتتەك، قۇرغاق ماكاندا ئەڭ رېئال نەرسە قاغجىراش. ئايال ۋە يېشىللىققا نىسبەتەن بۇ زېمىنىدىكى ھەممە نەرسە ئالاھىدە سەزگۈرلۈك ھالىتىدە تۇرىدۇ. ھەربىر ئاياللىق ئالامەتلىرىگە ئىگە تىۋىش، گەپ- سۆز، كىيىم- كېچەك، ھەرىكەت، ھالەت ۋە پۇراق ئەرلەرنى ھاياجانغا سالىدۇ. ھەممە نەرسىدىن گويا ئاياللار تىمشىلىۋاتقان، كۆزىتىلىۋاتقان، ھىدلىنىۋاتقان، كۇتۇلۇۋاتقان، بىراق كوچىدا ئايال يوق. ئوت چېچىپ تۇرغان قۇياش خۇددى ئوتتىن ئاپىرىدە قىلىنغان شەيتاندەك ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سالىدۇ، بىراق كۈندۈزدە ئايال يوق. قارا كېچىدە قارا كىيىمگە چۈمكەلگەن ئاياللار مەھرەملىرى بىلەن چاقناپ تۇرغان ئالتۇن بازارلىرىدا قارا يالقۇندەك پەيدا بولىدۇ. مال ئېلىۋاتقان مۇناسىۋەتسىز ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى زەرەتكە تولغان تىلسىز باغلىنىش، ناتونۇش كۆزلەرنىڭ ھاياجانلىق، شىددەتلىك بېقىشى، ئېچىرقاش كەينىدىكى ئاياللارغا بولغان ئېھتىرام ۋە ئۇلۇغلاش، بىراق ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور تارتىش كۈچىگە ئىگە بۇ ماگنىت مەيدانىدا ئۇلارنى بىر- بىرىدىن كەسكىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئۇپۇق سىزىقى بار. بۇ ئۇپۇق سىزىقىنىڭ بىر تەرىپىدە نەپسىنى تىزگىنلەپ تۇرغان شەرم- ھايالىق ئاياللار، يەنە بىر تەرىپىدە دىنىي تەقۋادارلىق بىلەن ئۆزىنى مۇقەددەس قەپەسكە سولىۋالغان ئەرلەر مەۋجۇت. مانا شۇنداق ئېنىق ئەر- ئايالىق بەلگە قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۆرپ- ئادەتتىن ھۈنەر- كەسىپ، ئائىلە، نىكاھ، مىراس، يۇرۇش — تۇرۇشقىچە، تۇرمۇشتىكى چوڭ ئىشلاردىن ئەڭ ئۇششاق بەلگىلەرگىچە جىنسىي پەرق ۋە نازۇك جىنسىي سەزگۈرلۈك

ئۇخشىمىغان زاماندىن مەڭگۈلۈككە قاراپ ماڭىدۇ . مەڭگۈلۈك ئاخىرقى مەنزىل ، مەۋجۇتلۇقنىڭ مەخپىيىتى ئۇنىڭ باش نۇقتىسىدا . ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق ئەنئەنىسى ئۆتمۈشتىن كەلگەن . ئۆتمۈش بىرلا ۋاقىتتا چەكلەش كۈچىگە ئىگە ھازىر ، بېشارەتكە تولغان كەلگۈسى . شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ھازىر سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھەر بىر ئەنئەنە ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى روھىي سەرگۈزەشتىسىنىڭ نەتىجىسى .

مۇبادا ئوتنى ئوتماسلىقنى ئەنئەنە دېسەك ھازىرقى بۇ ئەنئەنە كىشىلەرنىڭ ئۆتكەن زاماندىكى بىر يېرىنى كۆيدۈرۈۋېلىش ساۋىقىدىن كېلىپ چىققان . ئوتنى تىزگىنلەش ئەنئەنىسىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى ياكى ئوتقا بىخۇدلۇق قىلىش كەلگۈسىدە جەزمەن ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدىغانلىقى ياكى بىر يېرىنى كۆيدۈرۈۋالىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى . بوۋاق ياكى كۆيۈشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان ئادەم ئوتقا قولىنى سوزغاندا ئوت ئەنئەنىسىگە ئىگە كىشىلەر ئاگاھلاندۇرۇپ قويىدۇ . بىراق ، بۇ ئەنئەنە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز قولىنى كۆيدۈرۈۋېلىشىدىن پەيدا بولغان ئەمەس . ئۇ يەنىلا مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇ ئەنئەنىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىشى بىلەن داۋاملىشىدۇ . بۇنداق ئوت ئەنئەنىسى پەيدا بولۇش جەھەتتىن ئۆتمۈشكە تەۋە ، بۇ ئەنئەنىگە نىسبەتەن ئوتنى تۇتۇش يېڭىلىق . «بالا » مىللەتلەردە ياكى مەۋجۇتلۇقى تارىختا قارىغاندا كۆپرەك ھازىرغا تەۋە زامانىۋى مىللەتلەردە ئەنئەنە ئېڭى سۇس ، ئەكسىچە رېئاللىق قارىشى ۋە يېڭىلىق ئېڭى كۈچلۈك . بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ھازىرىدا ئۆتمۈشكە تەۋە نەرسىلەر كۆپ ، رېئاللىقىدا ئەنئەنە ئاساس .

ئەنئەنىگە ئىنسانلارنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىقى يوشۇرۇنغان . ھالاك بولماسلىق ئۈچۈن ئۆز ھەۋسىنى چەكلەش ئىرادىسى سىڭدۈرۈلگەن . دۇنيانى بېسىپ كېلىۋاتقان غەرب مەدەنىيەت توپانى ئالدىدا ئەرەبلەر ئۆز

ئەدەبىياتنى، بولۇپمۇ قەسىدىنى.
مەن شېئىرنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئوقۇغۇچى بىلەن ئارىمىزدا قانداقتۇر تېخىمۇ بىر يېقىنچىلىق باردەك ھېس قىلدىم.
— ئۇنداقتا سىز شېئىرمۇ يېزىپ باققانمۇ؟
— مەن يېزىپ باقمىدىم، بىراق ئاكام شائىر ئىدى.
— ھازىر شائىر ئەمەسمۇ؟
— ياق، ئاكام توي قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، جىق قەسىدىلەرنى يازغان. ئۇ قىز ھازىر ئاكامنىڭ ئايالى، ئاكام ئەمدى شېئىر يازمايدىغان بولدى.
— نېمىشقا؟
— چۈنكى، ئۇلار پات ـ پات تەگىشىپ قالىدۇ، يەڭگەم يۈزى ئۇچۇق تالاغا چىقمەن دەپ.
شۇ چاغدا 18 ـ 19 ياشلار ئەتراپىدىكى قارا كىيىملىك بىر قىز يانفوندا سۆزلەشكىنىچە مىرسىدىس ماركىلىق پىكاپنى ھەيدەپ ئالدىمىزدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى — دە، سۆزلەپلا كەتتى.
— بىلەمسىز، ماشىنا، تېلېفون، تېلېۋىزور قىزلارنى تاپتىن چىقاردى. ئۇلار تېلېۋىزوردىن يۈزىنى ئېچىۋېتىشنى، چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ياغلىقتىن چىقىرىشنى ئۆگەندى. تېخى قىز بالا تورۇپ ماشىنا ھەيدەپ كوپكوندۈزدە بىكاردىن — بىكار دۇكان ئايلىنىدۇ، تېلېفوندا ئوغۇللار بىلەن سائەت ـ سائەتلەپ سۆزلىشىدۇ. ھايا قېنى، ئەخلاق قېنى، قىزلار توگەشتى، ئەرەبلەر تۈگەشتى...
مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. بۇ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئەرەب جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە بەرگەن باھاسى، ئەرەب قەلئەسىدىكى ئەنئەنىۋى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ تاشقى دۇنياغا قايتۇرغان كىچىككىنە بىر ئەكس ساداسى ئىدى. بۇ ئەكس سادا ماھىيەتتە قەدىمكى زاماندىكى روھىي تەجرىبىلەردىن كەلگەن بۇيۇك ئاۋازنىڭ ھازىرقى زامانغا

مەۋجۇت ، ھەتتا ئەرەب تىلىدىكى بارلىق سۆزلەر ئەرلىك ۋە ئاياللىق دەپ ئايرىلغان بولۇپ كۆن مۇئەننەس ئىسىم (ئاياللىق ئىسىم) بولسا ، ئاي مۇزەككەر ئىسىم (ئەرلىك ئىسىم) ، سۇ مۇزەككەر ئىسىم بولسا ، ئوت مۇئەننەس ئىسىمدۇر . كوچىدا كېتىۋاتقان قارا لىباس ئايال ، ئاق تون ئەر . مەكتەپ ، ساتىراشخانا ، دۇكان ، ھەتتا باغچىلارغىچە ئەر - ئاياللارنىڭ پائالىيەت سورۇنى ياكى ۋاقتى ئايرىم . ئەكسىچە دۇنيانى باشلاپ كېتىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتى ئىنسانلارنىڭ جىنسىي پەرقىنى يوق قىلىپ ئەر - ئاياللىق بەلگىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەكتە . ئىككى خىل جىنسىي ئالامەتنىڭ بۇنداق ئارىلىشىپ كېتىشى قەدىمكى مەدەنىيەتتىن ھازىرقى مەدەنىيەتكە ئۆتكەنلىكتۇر . بۇ مەدەنىيەت ئاخىرقى ھېسابتا ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى پەردىشەپنى يىرتىپ ، جىنسىي ئەركىنلىك يولىغا ئېلىپ بارغۇسى . بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قىيامىتىدۇر .

ئەرەب مەدەنىيىتىدىكى روشەن ئەر - ئاياللىق ئالاھىدىلىك كۈنسېرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئەرەبلەرنىڭ روھىي قەلئەسى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ قورشاۋىدا قالدى . ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى ئۇيۇق سىزىقىنىڭ كىچىكلىشى ئەرەب دۇنياسىدىكى ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىغا ئىگە ھەربىر ئادەم دۇچ كەلگەن بىر رېئال مەسىلىگە ئايلاندى .

بىر كۈنى يول بويىدا تاكسى كۈتۈۋاتاتتىم . 15 - 16 ياشلاردىكى ئاق لىباسلىق بىر ئوغۇل بالىمۇ يېنىمدا پەيدا بولدى . ئۇنىڭ قولتۇقىدا ئۈچ — تۆت پارچە كىتاب بار ئىدى ، پەمىچە ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئاپتوبۇسىنى ساقلاۋاتقانىدى . مەن ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتىم .

— سىز ئوقۇغۇچىمۇ ؟

— ھەئە .

— تولۇق ئوتتۇرىنىڭمۇ ياكى تولۇقسىزنىڭمۇ ؟

— تولۇقسىزنىڭ .

— قايسى دەرسنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز ؟

قاتلاملىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ، ئەرەبلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا بېرىپ تاقىلىدۇ، خۇش پۇراق بىلەن ئەرەبلەر ئالاھىدە مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كۆپۈلدەپ خۇش پۇراق چاچىدىغان تەبىئىي گۈللەر يوق دېيەرلىك. بولغاندىمۇ گۈللەردىن گۈل ھىدى ئەمەس ئوت - ئىسسىق ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. بىراق، ئەرەبلەر خۇش پۇراققا شۇنداق ئامراقكى ئۇلار ماڭغان كوچا-كوي، رەستىلەردىن، قولىنى تەگكۈزگەن نەرسىلەردىن، پىكاپ ۋە شاماللاردىن ئەتىر ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ئەتىر سەپمەي كوچىغا چىقىدىغان ئەرەب بولمايدۇ. ئۇلار كىيىم - كېچەكلىرىگە ئەتىر سېپىپ، خۇشبۇي ھالدا مەسچىتلەرگە كىرىشىنىڭ خاسىيەتلىرى ھەققىدە پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنى ئاغزىدىن چۈشەرمەيدۇ. تىنىقى ياكى بەدىنىدىن غەيرىي پۇراق چىقىشىنى ئېغىر ئالىدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە پەرىشتە يېقىن كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئەرەبلەرنىڭ پۇراققا بولغان سەزگۈرلۈكى تۇرمۇش ئادىتىدىلا ئەمەس «مىڭ بىر كېچە» دەك فولكلور ئەسەرلىرىدىمۇ ئاجايىپ ۋەقەلەر بىلەن ئۇچراپ تۇرىدۇ. قەدىمكى مىسىر ئايال پادىشاھىنىڭ ئەتىر بىلەن يۇيۇنىدىغانلىقى، مومىيالارنىڭ خۇش پۇرىقى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى بىزگە سىر ئەمەس.

پۇراش سېزىمىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى ئۆلۈمگە تۇتۇشىدۇ. نەرسىلەر بۇزۇلغاندا، چىرىگەندە، ئۆزگەرگەندە ئالدى بىلەن پۇرىقىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. پۇراق گويا ئۆلۈمنىڭ بەلگە بېشارىتى. قارشى جىنستىن كەلگەن خۇش پۇراق غېمىدە يوق تۇرغان بىر ئادەمنى ئۈشتۈمتۇت ھاياجانلاندۇرۇپ قوزغىتىۋېتەلەيدۇ. جىنسىي باشباشتاقلىق ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانىيەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. پۇراش سەزگۈرلۈكى ئالاھىدە ئادەم ئالتىنچى سەزگۈ ئارقىلىق ئۆز ئۆلۈمىنى «پۇرىيالايدۇ». ئۆلۈمگە بولغان سەزگۈرلۈك - يىلتىزى

قايتۇرغان ئاجىز ساداسى ئىدى . ئۇ ئاياللارنىڭ ئورنىدىكى
ئۆزگىرىش ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ماھىيەت خاراكتېرلىك
ئۆزگىرىشى ئىكەنلىكىنى ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ
ئەنئەنىدىن يېڭىلىققا ، دىنىي ئەقىدىدىن جىنسىي ۋەسۋەسىگە ،
ئالەم بىرلىكىدىن ئىنسان تەنھالىقىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى
ئاشكارىلاۋاتاتتى .

بىر توپ دەرەخمۇ ئاياللارنىڭ نازاكىتىنى ھېس
قىلدۇرىدىغان قۇرۇق - قاقشال ئەرەب زېمىنىدا ئىلاھىي سەزگۈ
ئىنسانىي تەن تىلسىماتىدىن روھنىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ
بارىدۇ . دىنىي ھاياجان ئىچىدە تۇرغان ئادەمنىڭ جىنسىي
ئېنېرگىيىسى ئالەم ئېنېرگىيىسىگە قوشۇلۇپ ئىنسان
ئالتىنچى تۇيغۇدىكى ئالاھىدە ئىنسانغا ئايلىنىدۇ . ئالتىنچى
تۇيغۇ پارتلاش ھالىتىدىكى جىنسىي ئېنېرگىيىدىن كەلگەن
زامان تۇيغۇسىدۇر . ئادەمنىڭ ئالەم بىرلىكى ئىچىدە
پارلىشىدۇر . ئۇ ئۇپۇقتىن بىر ياچاق مىقياسىدا پەسلەپ ،
يېقىنلاپ كەلگەن روھنى كۆردى . زامان توغرۇلۇق
يەتكۈزۈلگەن مەڭگۈلۈك ئۇچۇرنى ئاڭلىدى . ئاندىن ئىنسانلارغا
ئۆتكەن زاماندىكى كۆمۈلۈپ كەتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى .
ئىبادەت ۋاقتى بىلەن مۆجىزىلىك ۋاقتىنىڭ مۇقەررەر
باغلىنىشنى چۈشەندۇردى . قىيامەتتىن بېشارەت بەردى .

مەن زامانىنىڭ ھاياجىنىدا ئۆز تىلسىملىرىدىن بوشىنىپ
چىقىپ ئەرەب قەلئەسىگە قەدەم تاشلىدىم . ئۆتمۈشتىكى قەلئەدە
كۆكلەپ تۇرغان بىر توپ دەرەخ ، بىر يېشىل ئايال تۇراتتى .
ئىسسىق شامال ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىنى بۇرنۇمغا ئۇرغاندەك
قىلدى . شۇئان ئۇنىڭ ھىدى مېنى «مىڭ بىر كېچە» دىكى
ئاجايىپ بىر رەستىگە باشلاپ كىردى . رەستىدىكى ساراي
بالىخانىسىدىن خۇش پۇراق بىر قولياغلىق پەسكە لەيلەپ
چۈشتى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بالىخانا دېرىزىسىدە ئايدەك بىر
ساھىبجامالنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆردى . ئىزىقىش
مانا شۇنداق باشلىنىدۇ . پۇراش سېزىمى ھاياتنىڭ ئەڭ نازۇك

ئېزىپ كېتىشىدىن قورقىمەن. چۈنكى، ماڭا تارىخنىڭ تەكرارلىنىشى ئەرەبلەرگە باغلىقتەك، ئەرەب روھىي خارابىلىككە يۈز تۇتسا دۇنيامۇ خاراب بولىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ساپ ئەرەب تىلىدا چۈشكەن ساماۋى كىتابتىن ئىنسانىيەتنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان تارىخىنى، تارىختىن كەلگۈسىگىچە بولغان ھەربىر ئالامەتلىرىنى ھەممىدىن ئوچۇق بىلگۈچىدۇر. ئېيتىلىشىچە شەيتان پەرىشتىلەر ئىچىدىكى بىلىمى ئەڭ يۇقىرى، دەرىجىسى ئەڭ كاتتا پەرىشتە ئىكەندۇق. جەننەتتىكى ئادەمنى ئەنە شۇ شەيتان ئازدۇرغان.

پەن ـ تېخنىكا ئەرەب دۇنياسىنى ۋەسۋەسىگە سالماقتا. غەربنىڭ تەرەققىياتى ئەرەبلەرنى قىزىقتۇرماقتا. غەربنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ماددىي نەتىجىلىرى بىلەن بىللە ئەركىنلىك ۋە پاراغەت ئېڭى ئەرەب روھىنى پەسكە يېتەكلىمەكتە. ئەنئەنىگە قارشى قارىغۇلارچە يېڭىلىق يولىغا باشلىماقتا.

ئادەم غەيبنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئۇنتۇپ مۇقەددەس ئەنئەنىگە خىلاپلىق قىلدى. شەك ـ شۈبھىسىز ئىشىنىشنىڭ ئورنىغا ئەقىل مېۋىسى ـ گۇماننى يېدى. ياراتقۇچى ئەڭ غەزەپ قىلىدىغان ئىشقا، چەكلەنگەن دەرەخكە باشباشتاقلارچە يېقىنلاشتى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋا ئانا قىسسىسى بايان قىلىنغان 7-سۇرە ئەئرافتا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئادەم ۋە ھەۋا يېمەسلىك جېكىلەنگەن بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ قويۇپ ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن جەننەتتىن قوغلانغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. دەرەخلەر «خورما دەرىخى»، «زەيتۇن دەرىخى» دېگەنگە ئوخشاش ئېنىق ئىسىم بىلەن ئاتالغان قۇرئاندا دەرەخ دەپلا تىلغا ئېلىنىشى ناھايىتى ئېنىقكى بۇ ئايەتنىڭ مەنە جەھەتتىكى غۇۋالىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 6 ـ ئايىتىدە «ئاللا ساڭا كىتابنى نازىل قىلدى، ئۇنىڭدا مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەر باركى ئۇلار پۈتۈن قۇرئاننىڭ

چوڭقۇر دىنىي تۇيغۇ، شۇڭا خۇش پۇراقلا ۋە خۇشبۇي نەرسىلەرگە ھېرىسمەنلىك تېگى تەكتىدىن ئېيتقاند دىندارلارنىڭ ۋە دىنىي مىللەتنىڭ سەزگۈ ئالاھىدىلىكىدۇر -

5

ئېزىقتۇردى پەرىشتە مېنى
بۇ تەقدىرگە پۈتۈلگەن.
كۆتمىگەن قايغۇ
كۆتەر گۈل تۇتۇپ.

خىرۇستال قاچىلاردا سۈت، قايماق، ھەسەل، سۇزۇك شېشىلەردە زەمزەم، گۈلاب، مېۋە شەربەتلىرى، مەرمەر ياتقۇزۇلغان ئايۋاندا خورما دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، قولنى ئۇزاتسىلا باشقا ئىتلىملاردا پىشىپ، شېخىدىن يېڭىلا ئۈزۈلگەن ھەرقانداق مېۋە ھازىر؛ ئىشىك ئالدىدا ئىگىسىنى ساقلاۋاتقان مەخمەل ئورۇندۇقلۇق ئېسىل پىكاپلار دولدۇلدەك قانات چىقىرىپ ئۇچۇشقا تەييار! ئۆيدە ئولتۇرۇپ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكى ئىشلارنى بىلگۈسى كەلسە ئېكراندا ھەممىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، گويا دۇنيا ئۇ باشتىن بۇ باشقىچە بىر تال يىڭنىنىڭ تەكشىلىكىدە ياتقاندەك. مانا بۇ ئوتتۇرا شەرقتىكى شاھانە تۇرمۇش، مانا بۇ جەننەتتىكى ئادەم.

ئادەم ئاتا جەننەتتە سەيلە قىلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ جەننەتتە ئىكەنلىكىنى بارا ـ بارا ئۇنتۇپ قالدى. زېرىكىشكە باشلىدى. جەننەت جەننەت ئەمەستەك، يېنىدىكى گۈزەل ئايال ھاۋا ئەمەستەك تۇيۇلدى، چۈنكى شەيتان ۋەسۋەسە قىلىۋاتاتتى.

مەن ئەرەبلەرنىڭ ئېزىپ كېتىشىدىن قورقىمەن. دۇبەي كوچىلىرىدا بىر قولىدا يانفون، بىر قولىدا تەسۋى سىيرىپ كېتىۋاتقان تەقۋادار ئەرەبلەرنى كۆرگىنىمدە، سۇ ئاستىدا قالغان مەدەنىيەتنىڭ تىرىلىۋاتقان يېرىم يالىڭاچ قىزلىرىنىڭ بۇ شەھەردە كېتىۋاتقىنىنى كۆرگىنىمدە، مەن ئەرەبلەرنىڭ

مەن ئۇيغۇرنىڭ تەپەككۇر ئۇدۇمىغا ئىگە ئاۋام بىلەن تۇرغىنىمدا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن، تۇرلۇك بالا - قازا ۋە كېلىشمەسلىك بولغان چاغلاردا كىشىلەرنىڭ مەسچىتلەردە يىغا-زار قىلىشىپ ئاللادىن بالا - قازانى كۆتۈرۈۋېتىشىنى تىلىگەنلىكىنى، غەپلەتتىن ئويغانغان كىشىلەردەك بىردىنلا تېخىمۇ ئىبادەتكە بېرىلگەنلىكىنى كۆرگەنمەن. زىيالىيلار بىلەن بىللە بولغىنىمدا ئۇلارنىڭ ھەربىر بەختسىزلىك سەۋەبىنى كۆرۈنۈپ تۇرغان رېئاللىقتىن، تارىخ بىلەن ھازىر ئارىسىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن ئىزدەيدىغانلىقى، شان - شاۋكەتلىك ئەجدادلىرىنىڭ «كەم ئەقىلللەرچە» دېگىنىزدىن يىراق بۇ قۇم - چۆللۈك ماكانىنى تاللىغانلىقى ھازىرقى ئارقىدا قېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىكەنلىكىدەك ئەقلىي خۇلاسە ۋە مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلىغانمەن. ئەرەبلەر ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرى بىلمەيدىغان تەقدىرگە مۇناسىۋەتلىك ھەربىر ئىشتا ئاللانىڭ پەزىل - ھېكمىتى بار دەپ ئويلايدۇ. «سىلەر بىر نەرسىنى ياخشى كۆرىسىلەر، ئۇ ئىش پايدىلىقتەك كۆرۈنسىمۇ ئۇنىڭدا سىلەرگە زەرەر باردۇر، سىلەر بىر نەرسىنى ئۆچ كۆرىسىلەر، ئۇ ئىش زىيانلىقتەك كۆرۈنسىمۇ ئۇنىڭدا سىلەرگە پايدا باردۇر» دېگەن ئاللانىڭ ھېكمىتى بويىچە تەپەككۇر قىلىدۇ. ئۇلار ئاتا بوۋىلىرىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى يىل بويى ياز بولىدىغان ھارارەتلىك بۇ قۇم - باياۋانلىقنى ماكان قىلغانلىقى ئاللانىڭ تاللىشىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. قۇم - چۆللۈكلەردىن چىققان غايەت زور نېفىتلىكنى بۇ زېمىننىڭ ھازىر بىلىنگەن خاسىيىتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئاشكارا بولمىغان تېخىمۇ زور خاسىيەتلىرىنى ئاللا بىلىدۇ دەپ قارايدۇ. كۈتمىگەن قايغۇ يەنە نامەلۇم خۇشاللىق بىلەن بىرگە، رېئاللىقتا بالايىئاپەتتەك كۆرۈنگەن بىر ئىش ياراتقۇچىنىڭ سىنىقى ياكى كۆرۈنمەس قۇتنىڭ بېشارىتى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. چەكلەنگەن ئىشلار گەرچە ناھايىتى ھۇزۇرلۇق، كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، چەكلىنىش سەۋەبى ئاشۇ زاتنىڭ ئۆزىگە

ئاساسىدۇر. يەنە باشقا مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەر بار » دېيىلگەن بولغاچقا ئىسلام ئۆلىمالىرى سۈرە ئەئرافنىڭ مەنىسىدىن ئىزدىنىش ئىمكانىيىتىنى ھېس قىلىپ ئىسمى نامەلۇم بۇ دەرەخ توغرۇلۇق تۈرلۈك قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەزىلەر بۇ جىنسىيەتكە ئىشارە قىلىنغان، ئۇ جىنسىيەت دەرىخى دەپمۇ قارىدى. ئۇ دەرەخنىڭ قانداق ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئادەم شەيتاننىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ گۇناھكار بولدى ۋە جەننەتتىن قوغلاندى.

ئەرەب روھى — ئەرنىڭ، ئادەم ئاتىنىڭ روھىدۇر. دىنىي تۇيغۇدا جەننەتنى ھېس قىلىدىغان، ياراتقۇچىغا ھەر ۋاقىت مىننەتدارلىق ھالىتىدە تۇرىدىغان دىنىي روھتۇر. گۇمانلىنىش ئارقىسىدىكى تەجرىبىدىن كېلىپ چىققان ئەقلىي خۇلاسە ئەمەس، شەك - شۈبھىسىز ئىشەنچتىن كەلگەن تەقدىرچىلىكتۇر. تەقدىرچىلىك رېئاللىقتىكى كەم - كۈتىلەردىن ئۈمىدسىزلىنىش ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىنىڭ ھېكمەتلىرىگە كامالى ئىخلاس بىلەن ئىشەنچ قىلىش، ئالەمنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش روھىدۇر، ئېتىقاد لەززىتى ۋە قەلب ھۇزۇرى بىلەن تولغان ئەھل جەننەتنىڭ روھىدۇر. ئۆزى كۆرمىگەننى كۆرگۈچى، ئۆزى بىلمىگەننى بىلگۈچى زاتقا رەھمەت- تەشەككۈر بىلدۈرۈشتۇر. تەشەككۈر ھالىتىدە قوبۇل قىلىش ئىنسان ۋۇجۇدىدا رىيازەتنى راھەتكە ئايلاندۇرىدۇ. رەت قىلىش پوزىتسىيىسى جەننەتنىمۇ دوزاختەك ھېس قىلدۇرىدۇ. بىر ئىنسانغا نىسبەتەن دۇنياغا تۇتقان روھىي پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى جەننەتنىڭ دوزاخقا ياكى دوزاخنىڭ جەننەتكە ئۆزگىرىشىدۇر. دىنىي تۇيغۇدا ياشاش ئىنسانغا نىسبەتەن سىرلىق، كۈتۈلمىگەن، يېپيېڭى تۇيغۇ بىلەن خۇشال — خۇرام ياشاشتۇر. بىز دىنىي مىللەتنىڭ تۇيغۇسىدا ياشاش — زاماننى مەڭگۈلۈك قىلغۇچى ئىبادەت جەريانىدۇر، تاللاش ياراتقۇچىنىڭ تاللىشىدۇر.

مۇنار سېلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم تىلدا سۆزلەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان بالىلىرى بىر — بىرىنىڭ مەقسىتىنى ئۇقالماي بۇ مۇنارنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇپ زېمىنغا تارىلىپ كېتىپتۇ. ئوخشاشمىغان ماكاندىكى ئىنسانلار ياراتقۇچىنى ۋە بىر - بىرىنى ئىزدەپ يەرشارىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى ياراتتى. بۇ ئىزدەش ھېلىھەم داۋاملاشماقتا. غەربىي يېرىم شاردا بولىدىغان شەرقىي يېرىم شاردا سېتىلىۋاتقان بىر سېۋەت مېۋىدىن يەرشارىنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ۋە بىر - بىرىگە تەلپۈنۈشىنى ھېس قىلالايمىز. ئۆزى ھەققىدە يەتكۈزگەن ئۇچۇرنى بىلەلەيمىز. سودا ۋە ئۇچۇر ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەلمىساقتىن باشلانغان بىر - بىرىنى چۈشىنىش ئېھتىياجى بىلەن بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىقىنىڭ نەتىجىسى.

مەن ئەلئەيىن شەھىرىنىڭ كۆكتات بازىرىدىكى قىسما - قىسما مېۋىلەردىن جەننەت باغلىرىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولىمەن. بۇ يەردە بىر تۈپ دەرەخنى كۆرگىلى بولمايدۇ، لېكىن جاھاندىكى جىمى مېۋىلەر تەل. خورما ۋە ئاندا - ساندا لىمون دەرەخلىرىدىن باشقا ئادەم سايىدىغۇدەك يېشىللىق چېلىقمايدىغان بۇ قاقاس زېمىندا سۈرىيىنىڭ ئۆرۈكى، ئىراننىڭ پىستىسى، پاكىستاننىڭ ماندارىنى، ئامېرىكىنىڭ ئالمىسى، تۈركىيىنىڭ شاپتۇلى، ئىسپانىيىنىڭ ئۈزۈمى كۆك يوپۇرماقلىرى بىلەن ھازىرلا شاختىن ئۈزۈلگەندەك جىلۋە - ناز قىلىپ تۇرىدۇ. سودا ئارقىلىق بۇ يەر بىلەن ئۇ يەرنىڭ، بۇ يەردىكىلەر بىلەن ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئارىلىقى قىسقىرايدۇ. ئوخشاشمىغان ماكاندىكىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ئالماشتۇرۇلىدۇ. سودا ئەمەلىيەتتە قەدىمدىن بېرى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى يەرشارىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارزۇسىدىن ئىبارەت.

ئايان . بۇ ئىشلاردا ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ . بولمىسا سەۋەبى نامەلۇم بالايىئاپەتلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ ، دەپ قارايدۇ . مەن ئەرەبلەرنىڭ ئېزىپ كېتىشىدىن قورقىمەن . چۈنكى ، دۇنيا بارغانسېرى ئەقلىيلىشىشكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ . ئىنسانلار پەقەت رېئاللىقنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭماقتا ، مەن غەيبكە يۈزلەنگەن ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيۇقىدا ھىلال ئاينى دائىم كۆرۈشنى خالايمەن .

## 6

يەمەنلىك باققال ماڭدى بۇرۇلۇپ ،
سېتىپ بولۇپ بانانلىرىنى ،
كۆكۈم ئۈنىڭ يېنىدا .

مېنىڭ يەمەنلىك بىر دوستۇم بار ئىدى . ئۇ سۇۋقى خۇزرا (كۆكتات بازىرى) ئەتراپىدا بىر سېۋەت مېۋىنى كۆتۈرۈپ بازار باشقۇرۇشتىن قېچىپ يۈرۈپ سەييارە مېۋىچىلىك قىلاتتى . ئۇنىڭ مېۋە قاچىلىغان سېۋەتلىرى ۋە مېۋىلىرى كۆندە دېگۈدەك ئالمىشىپ تۇراتتى . بۈگۈنى ئۇنىڭ بانان ، ئالما ، ئاپېلسىن سېتىۋاتقىنىنى كۆرسەم ، ئەتىسى ئۈزۈم ، ئاناناس ، ئانار ساتقىنىنى كۆرەتتىم . ئەرەب دوستۇمۇ يېڭىلىنىپ تۇراتتى . يەمەنلىك ، مىسىرلىق ، ئومانلىق ، ئىراقلىق ، سۈرىيەلىك . . . بۇ يەردە سودا ۋە ئىنسانىيەت ھاياتلىقىنىڭ ئۈزۈلمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئورتاق بىر مەخپىيەت يوشۇرۇنغان ؛ ماكان باشقا — باشقا ، ئىنسان بىر . غايەت زور ئېنېرگىيىگە تولغان بۇ كائىناتتىكى كىچىككىنە بىر يۇلتۇزدا ئىنسانلار ئۆز ھاياتلىقىدىن خەۋپسىرەش ۋە غېرىبلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ياراتقۇچىنى ۋە بىر - بىرىنى چاقىرىدۇ . يەرشارىنىڭ ئوخشىمىغان بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ئىنسانلارنىڭ ساداسى ياڭرايدۇ . مۇقەددەس قىسسەلەردە ئېيتىلىشىچە كىشىلەر ئەرشئەلاغا چىقماقچى بولۇپ قەدىمكى بابىل شەھىرىدە بىر

ھېكمەت بويىچە بولماي بىزنىڭ ئىرادىمىز بويىچە بولغىنىدا، بىز ئۇلارنىڭ ھەرلىككە كەلگەن كۈچلۈك بىرلا دۆلەت بولۇشىنى تاللىغان بولاتتۇق.

زامان — مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتى. ئىنسانىيەت ھەر قاچان ئۈچ زامانغا تەۋە. دىن ۋە ئۆرپ - ئادەت ھازىرقى زاماندىكى بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆرسەتسە، زاماندىن ھالقىغۇچى بۈيۈك روھىي ئەنئەنىلەر ئۇنى كەلگۈسىدە بار قىلىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ روھىي ئۇپۇقىدا ھىلال ئاي كۆتۈرۈلگەندىن باشلاپ ئەرەب دۇنياسى زامان جەھەتتە ھازىرغا يۈزلەندى. ھازىر يەر شارىدىكى بارچە مەۋجۇدات ئۈچۈن غايەت زور ئوت يالقۇنىدىن باشلانغان چەكسىز ئالەمدىكى بىر لەھزە.

ھازىر — ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى. ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز ھازىرى بار. بىر مىللەتكە تەۋە ھازىر خۇددى بىر كۈندىكى زامان ئايرىلىشىپ كەتكەن گۈگۈم ۋە سۈبھىگە ئوخشاش بۇ مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن كەلگۈسىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ھازىرى ئېنىق ۋە رېئال شەيئىلەر بىلەن تولغان سۈبھىگە ئەمەس، روھىنىڭ مەخپىيىتى بىلەن مەڭگۈلۈك يوقلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىرلىق گۈگۈمغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ مەنىلىرى سىرلىق گۈگۈم پەردىسى ئىچىدە ئىنسانىي غەيبكە ۋە شېئىرغا يۈزلەندۈرىدۇ.

## 7

**ئاي سارغىيىپ پىشقان**
**خورما شېخىدىن**
**يۈزلىرىمگە چۈشتى نۇر**

بىر كۈنى گۈگۈم مەزگىلىدە دېڭىز ساھىلىدىكى بىر تۈپ خورما دەرىخى ئاستىدا تاش ئۈستىدىكى ئادەم بېلىقتەك دېڭىزغا نەزەر سېلىپ ئولتۇراتتىم. غۇۋا ئاسمان ئاستىدىكى سۇ بىلەن

ئىنسانلارنىڭ بۇ ئورتاق ئارزۇسى بەزىدە ئوخشاشمىغان چېگرالاردىكى كىشىلەرنىڭ ئۇرۇش-تالاش قىلىپ زېمىنلارنى بېسىۋېلىشى بىلەن بەزىدە تىنچ ھالەتتىكى مەدەنىيەت تەسىرى ۋە سودا - سېتىق شەكلى بىلەن ئىپادىلەندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سودا بىردىنبىر زورلۇق كۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئىختىيارىيلىق ئاساسىدىكى بىرلىككە كېلىش بولۇپ، ئۇ ماكان بىرلىكىنىڭ ئەڭ غايىۋى ھالىتى.

ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز زامانىدا باشلانغان بىرلىك ھالىتىدىن پارچىلىنىپ، ئادالەتلىك بىر خەلىپىلىكتىن ھازىرقىدەك ئۇششاق بۆلۈنمە ھالەتكە كېلىپ قېلىشى 20-ئەسىر غەرب سىياسىئونلىرىنىڭ غەرەزلىك سىياسىي سۇيىقەستىدىن ئىبارەت. ئەرەبلەر ماكان جەھەتتە يەمەن، سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر، سۈرىيە قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەتكە ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چېگرالىرى ماھىيەتتە ئەرەبلەر ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن. بەلكىم مۇستەبىت بىرلا دۆلەت بولسا ھازىرقىدەك كۆپ قىرلىق، كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق جەلپكار ئەرەب دۇنياسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولمىغان بولاتتى. ھازىرقى ئەرەب دۇنياسى گويا نۇرغۇن دېرىزىلىرى بار چوڭ بىر قەسىرگە ئوخشايدۇ. بىز ئۇنىڭدىن سۈرىيە، مىسىر، لىۋاندەك غەربكە ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىلەرنىمۇ، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە ئوخشاش ئىسلام ئەنئەنىسى ئاساسىدىكى زامانىۋى دۆلەتلەرنىمۇ كۆرەلەيمىز. ئەرەبلەرنىڭ بىر ھاكىمىيەت ئاستىغا ئۇيۇشۇپ بىرلىككە كەلگەن ئەرەب دۆلىتى بولماسلىقى بەلكىم ئاللانىڭ سىنىقىدۇر. بەلكىم كەلگۈسى يەرشارىنىڭ ماكان جەھەتتىن زورلۇق ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، ئىنسان ئىختىيارلىقى ئاساسىدىكى بىرلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىختىيارلىق ۋە ئەركىنلىك ئاساسىدىكى يېڭى ئۇپۇق سىزىقىدا كۆرۈنىدىغان پارچە - پارچە شولىلىرىنىڭ بېشارىتىدۇر. ئەگەر ئىلاھىي

ئىنسانلار ئايغا چىقتى ، ئايدا ھالقىسىمان قاقاس تاغلاردىن باشقا ھېچنېمە ئۇچرىمىدى ، بىراق بۇ ئاينى بىلگەنلىك ئەمەس .
ئاينىڭ بىزگە يېقىن يارتىلىشتىكى ھېكمىتى ، ئاينىڭ ھەرىكەت رىتىمى ، ئاينىڭ ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئەھمىيەتلىرى ، ئىنسانلارنىڭ ۋاقتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ، ئىنسان مەدەنىيىتىگە بولغان سىرلىق تەسىرى تېخى بىزگە قاراڭغۇ . ئالەم ئۇچقۇچىسى ئاي شارىغا قونغاندا مۇسۇلمانلار تەكبىر ئېيتقىنىغا ئوخشاش بىر سادا ئاڭلانغان ، ئاي ئىنسانلار ئۇچۇن ئۆتكەن ھاياتلىقنىڭ خاتىرە بەلگىسىمۇ ؟ قۇياش ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىمۇ ؟ يېنىمىزدا سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالايمىز ، چۈنكى ئاۋاز تارقىلىدۇ . يىراقتا سۆزلىسىمۇ بوشراق ئاڭلايمىز ، چۈنكى ئاۋازنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كېڭىيىپ كەتكەن . كۆز يەتمەس يىراقلىقتا تۇرغان ئادەم سۆزلىسە ئاڭلىيالمايمىز ، بىراق بۇ سۆزلىگۈچىنىڭ ئاۋازى يوقىلىپ كەتكەنلىكتىن ئەمەس ، بوشلۇققا تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن . ئالىملار يۇقىرى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بوشلۇقتىن بىر ئاۋازنى يىغقان . نەتىجىدە بۇ ئاۋاز گىتلېرنىڭ 1943 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق نۇتقىنىڭ پارچىسى بولۇپ چىققان . دېمەك ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئاۋازىنىمۇ سۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ . ھەممە نەرسىنى ئەسلى ھالىتىگە ئەكەلگىلى بولىدۇ . ھېچ نەرسە يوقىلالمايدۇ . ۋەھىينى يەتكۈزگۈچى ئېيتىدۇكى : «قىيامەت كۈنى ھەممە ئۆلۈكلەر تىرىلىدۇ ، قول قولى بىلەن قىلغان گۇناھىغا ، ئېغىز ئېغىزى بىلەن قىلغان گۇناھىغا ، ھەممە ئەزالار شۇ ئەزا بىلەن قىلغان گۇناھقا گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ . ھېچكىم قىلغىنىدىن تانالمايدۇ» . ئاي بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى ئالەمدىن ، يوقلۇق ھالىتىدىكى ئۇلۇغ مەۋجۇتلۇقتىن ، كېچىگە ۋە كۈندۈزگە تەۋە زاماندىن .
ئەرەبلەر ئاي بىلەن زاماننى بېكىتكەن . ھىجرىيە كالېندارى ئاي كالېندارى بولۇپ ھەر قېتىمقى يېڭى ئاينىڭ

قاراڭغۇلۇق تۇتاشقان يىراق يەرلەردە ئاندا ـ ساندا يۇلتۇزلارنىڭ يېشىل ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى . گۈگۈم قويۇقلاشقانسېرى ئەسلىمىلىرىم قويۇقلىشىپ رېئاللىق بىلەن ئۆتمۈش ئارىسىدىكى ھەممە نەرسە بىر ـ بىرىگە خورمىدەك چاپلىشىپ كەتتى . دېڭىز ، قۇملۇق ، قۇم بويلىرىدىكى بوستانلاردا قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان يېشىل كىشىلەر ، زامانىۋى شەھەرلەردە قىسىلىپ ياشاۋاتقان قەدىمىي خەلق ، ئۆزۈلمەس ئەزان ئاۋازى ، ئالەمدىكى نۇر ، مۇڭلۇق قىسمەت ، دېڭىزنىڭ يېشىل ئىشىكى . . . دېڭىزنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى . مەن ئادەم بېلىقلار شەھىرىگە كىردىم . زۇمرەت دەرەخلەر ، سەدەپ تۈۋرۈكلۈك قەسىرلەر ، قاشتېشى ياتقۇزۇلغان كوچىلار ، غەم ـ قايغۇسىز سۇ خەلقى . . . مېنى بىردىنلا يىغا تۇتتى . مەن بەرداشلىق بېرەلمەي دېڭىز ئۈستىگە چىقىۋالدىم . ھىلال ئاي خورما دەرىخى ئۈستىدە سۈتتەك نۇر چېچىپ تۇراتتى . مەن ئىختىيارسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىغا قايتتىم . ئاي يېرىلىپ ئىككى پارچە بولدى . بىر پارچىسى تاغنىڭ ئۈستىدە بىر پارچىسى تاغنىڭ تۈۋىدە ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ئەنە كۆرۈڭلار دېدى . . .

ئاي — ئەرەبلەرنىڭ روھىي قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتقان ئىلاھىي مۆجىزە ، ئۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى . ئەرەب يېزىقىدىكى 28 ھەرپنىڭ ئاي ھەرپلىرى (ھۇرۇپى قەمەرىيە) ۋە كۈن ھەرپلىرى (ھۇرۇپى شەمسىيە) دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈشىدىن تارتىپ ئاينىڭ دۈگىلەك ۋە ھىلال ھالەتتىكى ھەر خىل كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىتىدىغان ئىسلام بىناكارلىقىغىچە ، كۆرۈش سەزگۈسىگە مەنسۇپ رېئال مەدەنىيەتتىن غەيبىنىڭ ئاۋازىنى تىڭشاشتەك ئالاھىدە ئاڭلاش سەزگۈسىگە تەۋە يۈكسەك روھىي مەدەنىيەتكىچە ھەممىسى ئايغا باغلانغان . كۈن بولمىسا ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ ، بىراق كۈندىن قالسىلا ئىنسانلارغا ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ تونۇش پلانېتا ئاي ھەققىدە كۈننىي بىلگەنچىلىك روشەن چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەسمىز .

ئۇلارنىڭ دىلىنى تۇيغۇسىدا ئاي — ياراتقۇچى ئەمەس، بەلكى يارىتىلغانلىق ھەققىدىكى ئىشارە، ۋاقىتنىڭ ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنبەسى باشقا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان سىمۋول. قۇياش كالېندارى — يارىتىش قىزغىنلىقىغا چۆمۈلگەن، مەۋجۇتلۇق سەۋەبىنى مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزىدىن ئىزدىگەن، ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىش ئالاھىدىلىكىنى، يەنى جىنسىيەت ئېگىنى بەلگە قىلغان كىشىلەر توپىنىڭ كالېندارى. ناھايىتى ئېنىقكى گۇمران بولغان بابىل، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئازتېك، ئىنكا، مايا مەدەنىيەت خارابىلىرى ياكى قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى بولسۇن، بارلىق ھالاك بولغان مەدەنىيەت قۇياش مەدەنىيىتىدۇر. قۇياش مەدەنىيىتىدە قۇياشنى ياراتقۇچى دەپ چوقۇنىدۇ. ئېنېرگىيىنى ۋە جىنسىيەتنى ئىپادىلەش بۇ مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتىدۇر. يۇقىرى ئېنېرگىيە ۋە جىنسىيەتنى قويۇۋېتىش خاھىشىغا ئىگە ھازىرقى زامان پەن — تېخنىكىسى ئەمەلىيەتتە قۇياش مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. «قۇرئان كەرىم» دە، شەيتاننىڭ ئوتتىن يارىتىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. قۇياش — كۆيۈپ تۇرغان ئوت. قۇياشقا چوقۇنۇش شەيتانغا چوقۇنۇش. ئەرەب تەپەككۇرى بويىچە بولغاندا شەيتاننىڭ يولى ئازغان قوۋملارنىڭ ھالاكەت يولىدۇر. يەر يۈزىدىن ئىزى ئۆچكەن مەدەنىيەت خارابىلىرىدىن، لەنەتكە ئۇچرىغان قەدىمي شەھەرلەردىن شەك — شۈبھىسىزكى قۇياشقا چوقۇنۇش بەلگىلىرىنى تاپقىلى، قۇياش كالېندارىنىڭ ئالامەتلىرىنى بايقىغىلى بولىدۇ!

ھىلال ئاينى ئەسلىتىدىغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىچىم قاراڭغۇلىشىپ قالغان كۈندۈزلەردە مەسچىت قۇببىسىنىڭ ئاي شەكىللىك سايىسىدا تۇرۇپ ئىنسانىيەت ھەققىدە ئىزدىنەتتىم. زۇلمەتتىكى ئادەمگە ئاي يوپيورۇق كۆرۈنىدۇ. بىراق، ئاينىڭ ئۆزىدە نۇر يوق. ئايدىكىسى قۇياشتىن قايتقان نۇر. ئاي شارى ئىنسانلارنىڭ ھەمراھى. ئاي ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئالەمدىكى

كۆرۈنۈشى بىلەن ئاي بېشى باشلىنىپ 12 ئاي بىر يىل ھېسابلىنىدۇ. 30 يىلدا بىر دەۋرىيلىك ھاسىل بولىدۇ. بۇ كالېندار مىلادىيە كالېندارىدەك نوقۇل ھېسابلاشقىلا تايانمايدۇ. ئاي بېشى ۋە يىل بېشى يېڭى ئاينىڭ كۆرۈنگەن ۋاقتى بويىچە باشلىنىدۇ. روزىنىڭ ۋاقتى ۋە ھېيت كۈنىمۇ ھىلال ئاينى كۆرۈپ باشلىنىدۇ. ئاي بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ سىرلىق مۇناسىۋىتى بار. بۇ مۇناسىۋەت ئاينىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ يۈز بېرىدىغان، دېڭىز دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، دەريالارغا كەلكۈن كېلىش، ئىنسانلارنىڭ جىنسىي ھېسسىياتى، ئۇرۇق – نەسلىنىڭ كۆپىيىشى، دۆلەتلەردىكى زور سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە ئۇرۇش – يېغىلىقلارغىچە، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى ۋە ھاياتلىق مەخپىيەتلىكلىرىگىچە بېرىپ تاقىلىدۇ. بىراق، ھازىرغىچە بىزنىڭ ئېنىق بىلىدىغىنىمىز ئاي ئەرەبلەرنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلىگەنلىكى.

ۋاقىتنىڭ ئاي ياكى كۈن بىلەن بەلگىلەنگەنلىكى ئىنسانىيەتنى ئوخشاشمىغان ئىككى قۇتۇپقا، مەدەنىيەتنى ئوخشاشمىغان ئىككى خاراكتېرگە، زاماننى ئوخشاشمىغان ئىككى يۆنىلىشكە ئىگە قىلغان. دۇنيادا ئىككى خىل ۋاقىت ھېسابلاش ئۇسۇلى، ئىككى كالېندار، يەنى قەمەرىيە كالېندارى (ئاي كالېندارى) ۋە شەمسىيە كالېندارى (كۈن كالېندارى) بار. ھازىرقى يەرشارىدا ئەرەبلەردىن باشقا مىللەتلەرگە ئومۇملىشىپ بولغان مىلادىيە يىل ھېسابى ئەسلىدە خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ كالېندارى بولۇپ ئۇ مىلادىيىدىن 46 يىل ئىلگىرى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى قەيسەرگە مىسىرلىق ئاسترونومنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مىسىرلىقلار قوللىنىپ كېلىۋاتقان قۇياش كالېندارىنى ئىشلىتىشتىن كەلگەن. ۋاقىتنىڭ ئەسلىي مەنبەسى — دىنىي ئېتىقاد. ئۇ ئاينى ۋە قۇياشنى بەلگە قىلغان. ئاي كالېندارى — زۇلمەت ئىچىدە روھى يورۇغانلارنىڭ، ھاياتلىق ھەقىقەتلىرىگە، مەڭگۈلۈك دىنىي تۇيغۇغا ئىگە بولغۇچىلارنىڭ كالېندارى.

تەنھالىق سېزەتتىم ، چۈنكى ساناەت ماڭا تەنھالىقنى ھېس قىلدۇراتتى . مەن خورما دەرەخلىرىنىڭ گۈگۈمدا ھىلال ئاي كۆرۈنۈپ تۇرغان مەسچىت مۇنارىدىن ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تەنھالىق سېزەتتىم ، چۈنكى ئاللانىڭ تىلى — بارلىقنىڭ تىلى . بىراق ، مەن ئۆزۈمنى ماھىيەتتىن يىراقلاپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم .

مەن ئەرەبلەرنىڭ كېچىسىدە شەھرىزادنىڭ پادىشاھىدىن ئەمەس ، ئايالىم ئىككىمىزنىڭ رېئاللىقىدىن قىلىچ بىسىنىڭ ۋەزنىنى ھېس قىلاتتىم . چۈنكى ، سۈنۇق كۆڭۈلگە ياقا يۇرتنىڭ مەيىن شامىلىمۇ تىغدەك سانچىلاتتى .

بىر كۈنى مەن تاڭ ئاتماستا ئويغىنىپ كەتتىم . بېلىق قورسىقىدەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ چىن قەلبىدىن قىلغان تەۋىسى مېنىڭ تەۋام بولۇشى كېرەكلىكىنى سەزدىم . پەقەت شۇ چاغدىلا مەن پاكلىنىپ دۇئالىرىمنىڭ ئىجابەتنى كۆرەلەيتتىم . چۈنكى ، كامالىي ئىشق بىلەن ئاللاغا سېغىنغان ئادەم يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا قوۋمىنى تاشلاپ كەتكەندەك ئۆز خەلقىنى تاشلىۋېتەلمەيتتى . مەن ئۇلۇغ جەزىرىدە سۆيگۈگە تولدۇم . بۇ سۆيگۈ تەقۋادارنىڭ ئېتىقادىدەك قارىغۇلارچە ۋە شەكسىز سۆيۈش ئىدى . ئانىنىڭ كېسەلمەن بالىسىنى سۆيۈشىدەك چوڭقۇر ۋە شەرتسىز سۆيۈش ئىدى . بۇ سۆيگۈم ئۇيغۇرنى ئادەم ئاتا يارىتىلغاندىن باشلاپ قىيامەتكىچە سۆيۈش ئىدى . بۇ سۆيگۈم مېنى جەننەتتەك ياقا يۇرتتىن ھەر چىمدىم توپىسى مېنى ئۆز بىلمىدىغان مېھرى ئىسسىق ئانا يۇرتۇمغا چاقىراتتى . بۇ سۆيگۈم مېنى بۇ يەردىكى ھەربىر ئۇيغۇر ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانىيەتنى سۆيۈشكە چاقىراتتى . مەن بۇ سۆيگۈم ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ بار ۋە يوق ھەممە نەرسىسىنى ، يوقاتقان ۋە ساقلاپ قالغان ھەممە ئەنئەنىسىنى سۆيەتتىم . چۈنكى ، بۇ نەرسىلەر ماڭا ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدۇراتتى . ئۇيغۇرنىڭ ۋاقتى بارلىقىنى بىلدۈرەتتى . چۈنكى ، پەقەت

ھاياتلىق ئىمكانىيىتىنىڭ — مۇمكىنلىكىنىڭ ۋە مۇمكىنسىزلىكىنىڭ سىمۋولى. ئاينىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى، يەرنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقىغا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئايدا ھاياتلىققا زۆرۈر بولغان سۇ ۋە ئىسسىقلىق بار. بىراق، كېچىسى ئاي يۈزىنىڭ نۆلدىن تۆۋەن نەچچە يۈز گرادۇسلۇق تۆۋەن تېمپېراتۇرىسىدا سۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئىنتايىن قاتتىق مۇزلۇقلار بار؛ كۈندۈزى قۇياشتىن كەلگەن ھارارەتنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقىدىن ئاي يۈزىدە يەنە سۇ بولۇش مۇمكىن ئەمەس، يۇقىرى ھارارەتلىك سۇ ھورىلا بار. ئاي گويا ھەر زاماندىكى ئىنسانلارغا كۆرسىتىدىغان مۆجىزە. ئىبرەت، مۇمكىنلىك ھەم مۇمكىنسىزلىك. ئادەم تۇغۇلىدۇ، ماڭىدۇ، ئۆلىدۇ. ئۇ ماڭالىغانلىقى ئۈچۈن جانغا ئۆزى ئىگە دېگىلى بولمايدۇ. خۇددى ئايدىكى يورۇق ئاينىڭ ئۆز مەنبەسىدىن بولمىغىنىدەك ئادەمزاتنىڭ يەر يۈزىدە بار بولۇشىدىكى ئەسلىي مەنبەمۇ جىنس ئەمەس.

— خورما دەرىخى ئاستىدا تۇرۇپ گويا نەچچە مىڭ يىل ياشىغان ئادەمدەك مەسچىت مۇناردىكى ھىلال ئايغا قارىدىم. يۈزلىرىمگە شولا چۈشتى، ئىچىم يورۇپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي كېلىش مەنبەسىنى بىلگەندىم...

8

تەنھا بىر ئۇيغۇر
مەن قەلئەدە
قەلئە ئۆتمۈشتە

بۇ ۋاقىتنىڭ ئويۇنى...

مەن دېڭىزنىڭ كۈندۈزلىرىدە ئالدىراش يۈك پاراخوتلىرىدىن پىرىستانغا دۆۋىلىنىپ كەتكەن ماللارغا قاراپ

بايلارنى كۆرگەنمەن. ۋاقىت — بار-يوقنى بەلگىلەيدىغان، باي-كەمبەغەللىنى ئايرىيدىغان ھەقىقىي بايلىق. ھازىرقى زامان مەدەنىيەت قەسىرىدە ۋاقتى يېتىشمەيۋاتقان قولى قىسقا غەرب بىلەن بۇ قەسىرنىڭ سىرتىدىكى ۋاقتى كەڭ-كەڭرى شەرق خەلقلىرى يۇقىرىقى ئىككى باينىڭ مىسالىدۇر. ئىنسان تەبىئىتى شۇكى، كىمنىڭ بايلىقى كۆپ، ھېسابسىز بولسا شۇ بۇزۇپ چاچىدۇ. كىمدە بىر نەرسە كەم بولسا شۇنى تېجەشكە، قەدىرلەشكە چۈشىدۇ. غەربلىكلەردە كۈچلۈك ۋاقىت كۆزقارىشى بولماي ئامال يوق. بۇ ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئەمەس، بەلكى «ۋاقىت يوقسۇزلۇقى» دا قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان تەدبىرى. ھەقىقىي بايلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان غەربلىكلەر ماددا بىلەن لىق توشۇپ كەتكەن ماكان ئىچىدە قەلبىدىكى بوشلۇقنى سەزمەكتە. غەربنىڭ ھەممە نەرسىسىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كېتىۋاتقان ھازىرقى دۇنيادا شەرقلىقلەرنىڭ بارا-بارا ۋاقىت بايلىقىدىن ئايرىلىپ ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرنىڭ ھەم يات مەدەنىيەت قەسىرىدە ھەقىقەتەنمۇ ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلغۇچىغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرنىڭ ۋاقىت رىتىمىمۇ بارا-بارا تېزلىشىشكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ.

ئىشىك چېكىلدى، مەن ئىشىك يوچۇقىدىن تونۇش ۋە مىسكىن بىر چىرايىنى كۆردۈم. سان-ساناقسىز يات چىرايلار قاپلىغان ئۈرۈمچىدە تۆمۈر قەپەستەك ئىشىكىمنى چەككۈچى بىر تىلەمچى ئىدى، ئوچۇق ئېيتقاندا، ئىلىم ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ئۇيغۇر تەتقىقاتچى ئىدى. ئىشىكنى ئاچتىم. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بارلىق ماددىي تەپەككۇر بىلەن قوراللانغۇچىلارنىڭ چىراي ئىپادىسى — روھىي چۈشكۈنلۈك، ھەسرەت، ئۆزىدىن يىرگىنىش، نارازىلىق ۋە غېرىبلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇيغۇر بۇنداق بولمايدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشقان يات مائارىپ ۋە غەربچە

ۋاقىتلا ھەممىنى بار قىلىدىغان بىردىنبىر مەۋجۇتلۇق.
مەۋجۇداتقا بېرىلگەن ئەڭ كاتتا غەنىيمەت. ئىنسانلارغا قىلغان
ئالىي ھەدىيە، تەڭدىشى يوق نېمەت. ئۇيغۇرغا ۋاقىت كەڭ -
كەڭرى بېرىلگەندى.

مەن ئۇيغۇرلارنىڭ بەرىكەتلىك ۋاقتىدا تۇرۇپ ئەركىنلىك
ئىلاھىنىڭ ھەيكىلى يېنىدىن ماشىنا بىلەن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان ئامېرىكىلىقنىڭ تۇرمۇشىدىكى زور بوشلۇقنى
كۆرەتتىم.

ۋاقىتتىن باشقا ھەممە نەرسىسى تەل ياپونىيىلىكنىڭ بىر
پارچە يېسىۋىلەكنى پىشۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي چايناپ
كېتىۋاتقىنىدىن تۇرمۇشىدا لەززەت قالمىغانلىقىنى كۆرەتتىم.
رىزقى تۈگىگەن پادىشاھ ھەشەمەتلىك قەسىردە توقچىلىق بىلەن
ئۆلۈپ كېتىدۇ. ۋاقتى توشمىغان يېتىم تالادا قېقىلىپ -
سوقۇلۇپ يۈرسىمۇ ئەزرائىل ئىزدەپ كەلمەيدۇ. چۈنكى،
ھەقىقىي بايلىق ۋاقىت، رىزىق - ۋاقىت. ۋاقىتنى ياراتقۇچى
ئۆزىگە يېقىن ئۈممەتتىن نېمىتىنى ئايىمىغان. يەر يۈزىدە
لەنەتكەردى قوۋمىنىڭ ۋاقتىنى توشتۇرۇپ تۇرغان. ۋاقتى ئاز
قالغانلار جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. ئەركىنلىكتىمۇ ئۆزىنى
ئەركىن ھېس قىلالمايدۇ. ۋاقىت كەڭ ئەللەردە كىشىلەر
قاتتىقچىلىق ئىچىدىمۇ ئازادە ياشايدۇ.

سەن غەربنىڭ قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇۋېلىپ
پەرۋەردىگارنىڭ خەزىنىسىدىن ئىنئامغا ئېرىشكۈچىنى
ئەيىبلىمە. ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىلىرىگە
بەرگەن سوۋغىسى-ۋاقىت. ئۇيغۇرلاردا ئەۋزەللىك،
مولچىلىق، ئىمكانىيەت - ۋاقىت. كوزىدىن تېشىپ كەتكەن
ھەسەل ئۈچۈن كوزا ئىگىسىنى گۇناھكار سانىما. ئۇ —
ھەسەلچىنىڭ سېخىيلىقى ۋە شاپائىتى. بۇ ھەسەل — ۋاقىت.

چۆنتىكىدە تەڭگىنىڭ تايىنى يوق ھەر - ھەر قۇرۇق
سۆلەت بايۋەچچىلەرنى كۆرگەنمەن. كەمبەغەلنىڭ چەكمىنىنى
كىيىپ يۈرگەن، دۇنياسىنىڭ سانىنى بىلمەيدىغان ئالامەت

نامايان. ئۇ ۋاقىت مۆجىزىسى ئارقىلىق كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە، قىشنى يازغا، يازنى قىشقا، ئۆلۈكنى تىرىككە، تىرىكنى ئۆلۈككە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بار بىلەن يوقنىڭ، تۇپراق بىلەن ئادەمنىڭ، باشلىنىش بىلەن ئاخىرلىشىشنىڭ ئارىسى بىرلا دەقىقە. قەشقەر ھېيتكاھ مەسچىتى ئالدىدا قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرگەن غېرىب ـ مىسكىن بىلەن بابىل شەھىرىدىكى مۇئەللەق باغچىدا ئەيش ـ ئىشرەت قىلىۋاتقان پادىشاھقىچە بولغان ئارىلىق بىر دەقىقە. ئەلئەيىن شەھىرىدىكى كونا قەلئە يېنىدا چىپىلداپ تەرلەپ ئېغىر سومكا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان سائەت ساتقۇچى بىلەن قۇياش سىستېمىسىدىكى ئەڭ يىراق پلانېتىنىڭ ئارىسى بىر دەقىقە.

لۇت شەھىرى ئاشۇ سەۋەب بىلەن دۇم كۆمتۈرۈلگەن. بىراق، ۋاشىنگتون كوچىلىرىدا لۇت پۇقرالىرىنىڭ ئېڭى بىلەن كېتىۋاتقانلاردىن، بىز ياشاۋاتقان يەر يۈزىدىكى سۇ ياكى قۇم ئاستىدا قالغان شەھەر ئىزلىرىدىن ھالاك بولۇشنىڭ بىرلا زامانغا تەۋە ئەمەسلىكىنى تۇيىمەن. تۆگە مىنىپ قۇملۇقتىن چىققان مۇبارەك زاتنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن خۇش خەۋەرلىرىنى تەكلىماكان بويىدىكى يېشىل بوستانلىقلاردىن شۇنچە ئېنىق ئاڭلايمەن. مەۋجۇتلۇقى بەلگىلەنگەن بىر مىللەتكە نىسبەتەن ۋاقىت ئېرىشىش بىلەن مەھرۇم بولۇش ئارىلىقىدىكى ئىمكانىيەت. غايىب بولغان شان-شەرەپ قايتا تىكلىنىدۇ، قولدىن كەتكەن نەرسىلەر قايتىپ كېلىدۇ، ھازىر يوق نەرسىلەر كەلگۈسىدە بار بولىدۇ، پەقەت ۋاقىتلا بولسا. ۋاقىتنىڭ مەنبەسى — دىنىي ئەھكاملار چۈشۈرۈلگەن ئۆتمۈشتە، ئەنئەنىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقى ۋاقىتنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقى، باش مەنبەنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى.

بىز دىنىي تۇيغۇغا باي ئەنئەنىلەر بىلەن ۋاقىتنىڭ كەڭ ئىمكانىيىتى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىر مىللەت. شۇڭا، ئۇيغۇرنىڭ ۋاقتى توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، چاي ـ مەشرەپ، ئولتۇرۇش-قوپۇشلار بىلەن كەڭ ـ كۇشادە، ئەركىن

تەپەككۇر ئۇنى باشقا بىر مىللەتكە ئايلاندۇرۇپ قويايلا دەپ قالغانىدى. بۇ تەتقىقاتچىغا مەلۇمكى ئۇيغۇر ئۇيغۇر بولغاندىن بېرى، دىنىي ئاڭ ئارقىلىق ياراتقۇچى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزمەي كەلگەن، ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلامدا توختالغان دىنىي مىللەت. ئىنسانىيەت ئالدىدا ئۇيغۇر ئېتىقادىدىن ئىبارەت ئالىي، شەرتسىز، چەكسىز سۆيگۈنىڭ ئىگىسى، يەنى خۇدانىڭ ئاشىقى. دۇنيا ئالدىدا ھەر ۋاقىت يېپيېڭى بولغان دىنىي تۇيغۇ بىلەن ئىزدەنگۈچى. ئىشىكىمنى چەككەن بۇ ئۇيغۇر زىيالىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئاللىقاچان ئۇيغۇر روھىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى.

مەدەنىيەت — ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقتىكى تەنھالىق تۇيغۇسىدۇر، دىنىي تۇيغۇنىڭ ئەكسىچە ئادەمنىڭ ئالەم ئىرادىسىدىن، كائىنات بىرلىكىدىن ئايرىلىپ ئۆزمەنچىلىك قىلىشىدۇر. ماكان جەھەتتە ئالەمدىن، زامان جەھەتتە مەڭگۈلۈكتىن ئايرىلىپ تەنھا تەرەققىي قىلىشىدۇر.

ۋاقىت — كائىنات بىلەن ئىنسانىيەت روھى ئوتتۇرىسىدىكى ئىلاھىي ماسلىق. شۇڭا، ۋاقىت بىلەن ئىنسانىيەت روھىنى تەشكىل قىلغۇچى دىن، ئەخلاق، جىنس بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئوخشاشمىغان ماكان ۋە جىنسىي تۇيغۇدىكى ئىككى ئادەمنىڭ ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشاشمىغان دىندىكى ئىككى مىللەتنىڭ ۋاقتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئىنسانلاردا ئەخلاق بۇزۇلۇپ، دىن سۇسلاپ، جىنسىي باشباشتاقلىق ئەۋج ئالغاندا ۋاقىت تېز ئۆتىدۇ، جىق قالمايدۇ، ھەتتا زامان ئاخىرلىشىپ قالىدۇ. مۇقەددەس كىتابلاردا تەمسىل كەلتۈرۈلگەندەك ئۇلار (يەنى ئازغان قوۋم) بىز پەقەت ئازغىنا ئۇخلىدۇق دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە نەچچە يۈز يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئويغانغاندا يېمەكلىكلەرنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئېغىلدا باغلاقلىق ئېشەكنىڭ سۆڭەكلىرى ئاپئاق دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ۋاقىتتا بارلىقنى بار ۋە يوق قىلغۇچى ھەممىدىن ئۇلۇغ زاتنىڭ مۆجىزىلىرى

ھاياتىمىزغا ئىگە بولالمايمىز . ھەممىمىز كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيـادىـن قايتىپ كېتىمىز . ئاي تولدى ، قومۇلۇققا . قۇم پىـرامىـدالار كەينىدە مەن شىر تەنلىك ئادەم سىفىنكىسنى كۆردۇم ، ئـۇ تىـپـىـشماق سوراپ جاۋاب بېرەلمىگەنلەرنى يېمەكتە . مەن بارلىق ئۆلگەنلەر مەدەنىيىتىنىڭ تېپىشمىقىنى تاپتىم : ۋاقىت — ئاي كالېندارى ۋە قۇياش كالېندارى .

ئاي كالېندارى — قاراڭغۇلۇقتىن يورۇغانلارنىڭ ، ئۆز مـەنبەسىنى تونۇغانلارنىڭ، غەيىپكە ، مۆجىزىگە ، ئۆلۈمگە ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى دۇنياغا ئىشىنىدىغانلارنىڭ ، يەنى ئىمان — ئېتىقادلىق ئەھلىي جەننەتنىڭ ۋاقىت ئۆلچىمى .

كـۈن كالېندارى — كۈندۈزدىكى دۇنيانىلا راست دەپ بـىلىدىغان ، كۆرۈنگەن نەرسىلەرگە ، ئۆزىگە ، جىنسىيەتكە ، ساپ ئېنېرگىيىگە ، ۋە بىر دەملىك ھاياتقا ئىشىنىدىغانلارنىڭ ، ئازغانلارنىڭ ۋە دوزاق ئەھلىنىڭ ۋاقىت ئۆلچىمى . ۋاقىت — ئۆلۈمنى ھاياتنى ، بارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

مـەن ئـوخـشـاشـمـىغـان ئىـرق ، ئوخشاشمىغان تىل ، ئوخشاشمىغان ماكاندىكى كىشىلەرنىڭ ئادەم ئاتىدىن ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ئورتاق ھاياتلىق تەجرىبىسىنى تەڭلا ئۇنتۇپ قېلىشىغا ئىشەنمەيمەن . ھاياتنى سۆيمەسلىككە ئىشەنمەيمەن . ئۇلۇغۋار ئاۋازلار ئۇزۇلمەي ياڭراپ تۇرىدۇ . غەيبنىڭ ساداسىغا قـۇلاق سـالـغـۇچى بۇيۇكلەر ھەربىر زاماندا غەپلەت باسقان كـىـشـىـلـەرنى ئويغىتىشقا چاقىرىدۇ . ئويغاق مىللەتلەر ئۆز تـەمـكـىـنـلـىكى بىلەن ھالاكەتكە ئالدىراپ كېتىۋاتقانلارنىڭ قەدەملىرىنى ئاستىلىتىشقا قادىر بولالايدۇ . ئىنسانلار بىر - بىرىنى سۆيىدۇ ، ياراتقۇچىنى تونۇيدۇ . بىز ئەنئەننى سۆيۈش ئارقىلىق ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىمىزنى ۋە ھاياتتىكى ھەربىر دەقـىـقـە ئـۇچـۇن چـەكسىز تەشەككۈرىمىزنى ئىپادىلەيمىز . ياشىسۇن ھاياتلىق ! ياشىسۇن ئېتىقادلىق ئەنئەنىلەر !

2002 - يىلى 12 - ئاي ، 2003 - يىلى 1 - ، 2 - ئايدا يېزىلدى .

— ئازادە ئۆتىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ ۋاقىت ئېڭى غەربنىڭكىدەك سۈرئەت ۋە ئۈنۈم قوغلىشىدىغان ماددىي ئۆلچەم ئاساسىدىكى رېئال ۋاقىت ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك مۇراسىملاردىن باشقىسىغا ئالدىراپ كەتمەيدىغان روھىي ۋاقىت.

زامانىۋىلىق ئوخشىمىغان مىللەتلەرنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ يەرشارىدا ۋاقىت قىسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەھۋالدا بىز تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئارقىدا قېلىش ئارقىلىق بۇ تەرەققىياتتىن ئۆزگىچە يول تۇتۇۋاتىمىز. ھازىرقى يەر شارى مەدەنىيىتىگە پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرۇۋاتىمىز. ھالاكەتكە سەزگۈر قەدىمىي روھنىڭ تاللىشى بويىچە دۇنيانىڭ جىددىي رىتىمىغا ئەگىشىپ كەتمەي گويا ئۆلۈمگە ئالدىرىمىغان ئادەمدەك ئاستا قەدەم بىلەن مېڭىۋاتىمىز.

مەدەنىيەتنىڭ يېڭى بابىل مۇنارى ئالدىدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇقەددەس پاسىللار يوقالماقتا. ھاياتلىق ئېڭى گاجىرلىماقتا. كىشىلەر توپى قوشۇلۇپ كەتمەكتە.

تەرەققىياتى كۆنسېرى بىرگە يات بولغان شەھەرلەردە بىز ئالدىراش ئادەملەر ئارىسىدىن تونۇش چىراي ئىزدەيمىز. توپ سىرتىدىكى تەنھالىقتا قوۋم - قېرىنداشلىرىمىزنى سېغىنىمىز. داۋاملىشىۋاتقان توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلار ئارقىلىق ھازىرقى دۇنيانىڭ جىددىي رىتىمىدىن ئايرىلىپ قەدىمگە قايتىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئادەملەرگە ۋە ياراتقۇچىغا بولغان ھۆرمەت - ئېھتىرامى، سۆيگۈ - ئىخلاسى ئارقىلىق ۋاقىتنىڭ سۇبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقى بويىچە كەڭ - كۆشادە ۋاقىتقا ئېرىشىمىز. مانا شۇ خاس ئەنئەنىلەر گويا قەدىمكى قەلئەگە ئوخشاش ھالاكەتلىك مەدەنىيەتنىڭ شىددەتلىك كەلكۈنىدىن بىزنى ساقلايدۇ.

ھىلال ئاي چىقتى. مەن دېڭىز بويىدىكى كوچىغا ئېچىلغان ئىشىك ئالدىدا قايتقان دولقۇندەك ھارغىن كىشىلەرگە نەزەر سالدىم. كىشىلەر توپى غايىب بولدۇ، ھەممە غايىب بولدۇ. خۇددى ئاي قاراڭغۇسى بولغاندەك بىر كۈنلەردە بىزمۇ ئۆز

يېزىنىڭ توپىلىق يولىدا مەكتەپكە كېتىۋاتقىنىمدا ئاپئاق ساقاللىق خىزىرنىڭ تېرەكلىكتە ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىغا، مەن كەينىمگە قارىغان هامان لاپپىدە غايىب بولۇپ كېتىدىغىنىغىمۇ ئىشىنەتتىم. شېئىر دېگەن نېمە دەپ سورىغۇچىلارغا مەن پەقەت شۇنىلا ئېيتىپ بېرەلەيمەن.

دادام يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئاددىي بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، يەنى مەن بىلىدىغان شائىر ئىدى. مەن ئۇچۇن مەڭگۈ ئۇنتالمايدىغان ئەڭ ئۇلۇغ شېئىر ۋە شېئىر يازمايدىغان نۇرغۇن ئۇلۇغۋار شائىرلارنىڭ بىرى بولغان دادام ماڭا شېئىر - قوشاقلارنى، چۆچەكلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى. مەن شېئىرىي هېسسىياتقا باي، شائىرى كۆپ قەدىمكى بىر مىللەتنىڭ پۇشتى بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى هامان ئۇدۇملۇق شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ ۋارىسى دەپ ئويلايمەن.

هازىرقى دۇنيا ئۇچۇر ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە دەۋرىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە يېڭى بىر شېئىرىيەت دەۋرىگىمۇ قەدەم قويدى. ماددىي مەئىشەتچىلىك ئىچىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنسانىيەت ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلىي تۇيغۇسىغا، دىنىنىڭ سېھرىي كۈچىگە مەپتۇن بولۇۋاتقان، ئىنسان ئۆز سىرىنى ئېچىشقا ھەرقانداق دەۋردىكىدىنمۇ بەك تەقەززا بولغان هازىرقى دۇنيا شېئىرىيىتى ئۇزاقتىن بۇيان بېكىنمە هالەتتە تۇرۇۋاتقان يېپىق شېئىرىيىتىمىزگە ۋاستىلىك بولسىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

مەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى كونا بىلەن يېڭى، ۋارىسلىق بىلەن ئىنكارچىلىق بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىپ، بىرى يەنە بىرىنى يۇتۇۋەتمەكچى بولغان دەل مۇشۇ ئۆتۈشمە باسقۇچنىڭ مەهسۇلى. مەن شېئىردىن ۋاز كېچەلمەيتتىم، شۇنداقلا «بۇلاق» نىڭ ئالدىغا «سۆزۈك»، «گۈزەل»نىڭ كەينىگە «جانان»، «تاتلىق» نىڭ قاپىيىسىگە «شادلىق» تىزىلىپ كېلىۋېرىدىغان شېئىرلاردىنمۇ بىزار ئىدىم. مەن ئوقۇغان خېلى كۆپ شېئىرلارنىڭ تىلىدىن نامراتلىق يېغىپ تۇراتتى.

## شېئىر — مېنىڭ ئاۋازىم

تاقتۇ ـ تۇقتۇ ،
ئۇنچە مارجان .
لوۋى شېكەر ،
ئاخۇنۇم ئۆلۈپتۇ ،
شورلۇق يەرگە كۆمۈپتۇ .
يىغلىغىلى ئادەم يوق ،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ .

كىچىك چاغلىرىمدا مەھەللىدىكى باللار بىلەن دائىم مۇشۇ قوشاقنى ئېيتىدىغىنىم يادىمدا . ئۇ چاغدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئورنىدىن قوپۇپ ئۆزى ئۆچۈن قانداق يىغلايدىغانلىقى بىزنى ئانچە ھەيران قالدۇرالمايتتى . سۆزلەر بىز ئۈچۈن مەنىسىنى يوقاتقانىدى . سۆزلەر (بولۇپمۇ قاپىيىلىك سۆزلەر) گويا چىرايلىق ئويۇنچۇق ۋە قالايمىقان چېچىۋېتىلگەن مارجاندەك بىزنى ئۆزىگە مەلىكە قىلاتتى . خەت ساۋاتىم چىقىشقا باشلىغاندىن كېيىن مەن تېخىمۇ رەڭگارەڭ ۋە ئاجايىپ - غارايىپ چۆچەكلەر دۆلىتىگە بېرىپ قالدىم . مەن ئۇچار گىلەمگە ، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ مىسران قىلىچىنىڭ كارامىتىگە ، مەلىكىنىڭ خاسىيەتلىك ئالمىنى يەپ كىيىككە ئايلىنىپ قالغىنىغا ئىشىنەتتىم . مەن جىلتامنى ئېسىپ

مەستخۇشلۇقتا يۈرگىنىمنى ھېس قىلىمەن. بولۇپمۇ شېئىر يېزىۋاتقان چاغلىرىمدا مۇھىتقا مەستلەردەك كىرىپ كېتىمەن. مەستلەردەك جۈملىلەرنى تۈزىمەن.

بىز ئۇلتۇرغان قاتتىق ئورۇندۇق  
بارا ـ بارا كەتتىغۇ يۇمشاپ.  
نېمە بولدى پۇتلار كولگونچەك  
تۇرالمايدۇ شىرە ئويناقلاپ.  
بۇرادەرلەر يۆلىنىۋېلىڭلار  
ئاي ماڭالماي قاپتۇ دەلدەڭلەپ...

كىتابخان مۇھىتقا ماڭا ئوخشاش شېرىكەيپ بولۇپ كىرىپ كېتىدىغان بولسا، «كونا شەرقتىن پاتار غەربكە» ناملىق شېئىرىمدىكى يۇقىرىقى «كولگونچەك پۇت»، «ئويناقلىغان شىرە» ۋە «دەلدەڭشىگەن ئاي» دىن قىلچە مەنتىقىسىزلىق ھېس قىلمىغان بولاتتى.

شېئىر ئۇزاقتىن بۇيان گراماتىكىنىڭ، لوگىكىنىڭ، ئەنئەنىۋى ئېستېتىكىنىڭ ۋە پەلسەپىنىڭ «مالاي» لىقىنى قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ شېئىرلىرىمىزدا شېئىرنى ئالاھىدە ھوقۇقتا ئىگە قىلىدىغان شېئىرىيەت تىلشۇناسلىقى ۋە شېئىرىيەت لوگىكىسىزلىقىغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئەقىلغا مۇۋاپىق جۈملىلەرنى تۈزۈپ كەلدۇق. ئەقەللىيسى كاللىسىغا پات ـ پات خاتا تۇيغۇ ۋە پەلپەتىش خىياللار كىرىۋالىدىغان تىرىك ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى مىسرالاردا بىرەر سۆزنى قالايمىقان ياكى خاتا ئىشلىتىش بىلەن بولسىمۇ ئەينەن ئىپادىلەشتىن قورقتۇق. خۇددى شائىرنىڭ پەيلاسوپ بولۇش ۋەزىپىسى باردەك ھە دېسىلا شېئىرغا ئاللىقانداق يۈكسەك پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئۆلچەم قىلىۋالدۇق. شەكىل — قۇرۇلمىلىرىنىڭ مۇكەممەللىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋالدۇق. شېئىرنىڭ بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىش

سىياھ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە چۆچەك ۋە قوشاقلىرىمىزدا، خەلقىنىڭ زاغرا تىلىدا ئاجايىپ شېئىرىي پاساھەتنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. مەن «تارىم» ژۇرنىلىدا:

«بۇرۇن ـ بۇرۇندا
نۇرغۇن ـ نۇرغۇن چۆچىكىم بولغان.
چۆچەكلىرىمدە
توخۇ، توشقان، ئۆردىكىم بولغان».

دېگەن شېئىرلارنى ئېلان قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئۆز ئاۋازىمنى تېپىۋالدىم. مەن شېئىر يازماقچى بولغاندا چۆچەكلەر دۆلىتىدە قالغان باللىق چاغدىكى ئۆزۈمگە قايتىمەن. مېنى ئوراپ تۇرغان، كىشىلەر تەرىپىدىن ئات قويۇلغان، مەنە بېرىلگەن، كۆزقاراش سىڭدۈرۈلگەن شەيئىلەر، رەتلىك، قانۇنىيەتلىك دۇنيا ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلىدۇ. مەن ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى ۋە سۆزلەرنى ئويۇنچۇقۇمنى تىزغاندەك قايتىدىن تىزىپ چىقىمەن. بۇ تىزىش جەريانىغا مېنىڭ تۇيغۇلىرىم، ئادىتىم، خۇشاللىق ۋە غەملىرىم، خاھىشىم ئۆزلۈكىدىن سىڭىپ كېتىدۇ. مەن ياراتقان بۇ سەبىي دۇنيادا «ئوماق يۇلتۇزلار» مۇ، «ئوماق تېزەكلەر» مۇ، «ئۇچالايدىغان بېلىقلار»، «قاناتلىق ئادەملەر»، «گەپ قىلىدىغان ئۆمۈچۈك»، «يىغلاۋاتقان دەرەخ» مۇ بار. بىز بۇ زېمىندا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان خىزىرغا ئوخشاش ساقاللىق كىشىلەرمۇ بار. مەن ئۈچۈن شېئىرنىڭ تىلى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئەركىن ۋاستە، خۇددى چۆچەكلەردىكى تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن تاز توساتتىن ئېرىشىپ قالغان كارامەتلىك ئەڭگۈشتەردەك خالىغانچە ئىشلىتىپ سېھىر پەيدا قىلغىلى بولىدىغان ئۇلۇغ ھەم خىسلەتلىك نەرسە. مەن ئەزەلدىن ھاراق ئىچىپ باقمىغان، ئەمما كۆپ ھاللاردا روھىي

مەستخۇشلۇقتا يۇرگىنىمنى ھېس قىلىمەن. بولۇپمۇ شېئىر يېزىۋاتقان چاغلىرىمدا مۇھىتقا مەستلەردەك كىرىپ كېتىمەن، مەستلەردەك جۈملىلەرنى تۈزىمەن.

بىز ئولتۇرغان قاتتىق ئورۇندۇق
بارا ـ بارا كەتتىغۇ يۇمشاپ،
نېمە بولدى پۇتلار كۆلگۈنچەك
تۇرالمايدۇ شىرە ئويناقلاپ.
بۇرادەرلەر يۆلىنىۋېلىڭلار
ئاي ماڭالماي قاپتۇ دەلدەڭلەپ...

كىتابخان مۇھىتقا ماڭا ئوخشاش شىركەيپ بولۇپ كىرىپ كېتىدىغان بولسا، «كونا شەرقتىن پاتار غەربكە» ناملىق شېئىرىمدىكى يۇقىرىقى «كۆلگۈنچەك پۇت»، «ئويناقلىغان شىرە» ۋە «دەلدەڭشىگەن ئاي» دىن قىلچە مەنتىقسىزلىق ھېس قىلمىغان بولاتتى.

شېئىر ئۇزاقتىن بۇيان گرامماتىكىنىڭ، لوگىكىنىڭ، ئەنئەنىۋى ئېستېتىكىنىڭ ۋە پەلسەپىنىڭ «مالاي» لىقىنى قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ شېئىرلىرىمىزدا شېئىرنى ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە قىلىدىغان شېئىرىيەت تىلشۇناسلىقى ۋە شېئىرىيەت لوگىكىسىزلىقىغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئەقلىغا مۇۋاپىق جۈملىلەرنى تۈزۈپ كەلدۇق. ئەقەللىيسى كاللىسىغا پات ـ پات خاتا تۇيغۇ ۋە پەلەپەتىش خىياللار كىرىۋالىدىغان تىرىك ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى مىسرالاردا بىرەر سۆزنى قالايمىقان ياكى خاتا ئىشلىتىش بىلەن بولسىمۇ ئەينەن ئىپادىلەشتىن قورقتۇق. خۇددى شائىرنىڭ پەيلاسوپ بولۇش ۋەزىپىسى باردەك ھەدېسىلا شېئىرغا ئالىلىقانداق يۇكسەك پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئۆلچەم قىلىۋالدۇق. شەكىل — قورۇلمىلىرىنىڭ مۇكەممەللىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋالدۇق. شېئىرنىڭ بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىش

سىياھ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە چۆچەك ۋە قوشاقلىرىمىزدا، خەلقنىڭ زاغرا تىلىدا ئاجايىپ شېئىرىي پاساھەتنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. مەن «تارىم» ژۇرنىلىدا:

«بۇرۇن ــ بۇرۇندا
نۇرغۇن ــ نۇرغۇن چۆچىكىم بولغان.
چۆچەكلىرىمدە
توخۇ، توشقان، ئۆردىكىم بولغان».

دېگەن شېئىرلارنى ئېلان قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئۆز ئاۋازىمنى تېپىۋالدىم. مەن شېئىر يازماقچى بولغاندا چۆچەكلەر دۆلىتىدە قالغان بالىلىق چاغدىكى ئۆزۈمگە قايتىمەن. مېنى ئوراپ تۇرغان، كىشىلەر تەرىپىدىن ئات قويۇلغان، مەنە بېرىلگەن، كۆزقاراش سىڭدۈرۈلگەن شەيئىلەر، رەتلىك، قانۇنىيەتلىك دۇنيا ئاستا ــ ئاستا ئۇنتۇلىدۇ. مەن ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى ۋە سۆزلەرنى ئويۇنچۇقۇمنى تىزغاندەك قايتىدىن تىزىپ چىقىمەن. بۇ تىزىش جەريانىغا مېنىڭ تۇيغۇلىرىم، ئادىتىم، خۇشاللىق ۋە غەملىرىم، خاھىشىم ئۆزلۈكىدىن سىڭىپ كېتىدۇ. مەن ياراتقان بۇ سەبىي دۇنيادا «ئوماق يۇلتۇزلار» مۇ، «ئوماق تېزەكلەر» مۇ، «ئۇچالايدىغان بېلىقلار»، «قاناتلىق ئادەملەر»، «گەپ قىلىدىغان ئۆمۈچۈك»، «يىغلاۋاتقان دەرەخ» مۇ بار. بىز بۇ زېمىندا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان خىزىرغا ئوخشاش ساقاللىق كىشىلەرمۇ بار. مەن ئۇچۇن شېئىرنىڭ تىلى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئەركىن ۋاستە، خۇددى چۆچەكلەردىكى تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن تاز توساتتىن ئېرىشىپ قالغان كارامەتلىك ئەڭگۈشتەردەك خالىغانچە ئىشلىتىپ سېھىر پەيدا قىلغىلى بولىدىغان ئۇلۇغ ھەم خىسلەتلىك نەرسە. مەن ئەزەلدىن ھاراق ئىچىپ باقمىغان، ئەمما كۆپ ھاللاردا روھىي

يەرشارىنىڭ گلوبۇسى .

ئىنسانىيەت ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتتا ئاجايىپ - غارايىپ تەرەققىياتلارنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ ئادەمنىڭ ئۆزى يېڭىلانغىنى ياكى بۇ يېقىندا روھىي مۆجىزىلەرگە ئېرىشكىنى يوق . چېگرالارغا ئايرىلغان پارچە - پارچە يەرلەردە ، توپا ئۆيلەردە ياكى ئاسمان پەلەك ئىمارەتلەردە ياشاۋاتقان ئادەملەر بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان روھىي سەرسانچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا . قانداقتۇر ئۈمىدسىزلىك بىر دۆلەتنىڭ ، ئۈمىد يەنە بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى ئەمەس . غەم - قايغۇ ياۋروپالىقلارغا ، خۇشاللىق بىزگە بەخشەندە قىلىنىۋېتىلگەنمۇ ئەمەس . ھېسسىياتنى باشقىلاردىن ئۆگەنمىسەكمۇ ياكى دورىمىساقمۇ جېنى ، ھېس - تۇيغۇسى بار پۈتۈن-سۈرۈك ئادەم بىز . ئەپسۇسلىنارلىقى ، بەزى شېئىرلىرىمىزدا غەمكىنلىك ، بۇرۇقتۇرمىلىق ، ياش ۋە ئىنتىزارلىق ئىپادىلىنىپ قالسا ، كۆپلىگەن نەشر ئەپكارلىرى «بۇ غەربنىڭ ئىدىيىسى» دەپ سوغۇق مۇئامىلە تۇتۇۋاتىدۇ ، ئوبزورچىلار تەنقىدىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىۋاتىدۇ . ئەجەبا بۇ يەردىكى ئىنسانلار بىرلا خىل ھېسسىيات قاچىلاپ قويۇلغان ماشىنا ئادەممۇ ؟ ! بىزنىڭ مەنىۋى پائالىيىتىمىز ، بىزنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرىشىمىز ئاياغلىشىپ بوپتۇمۇ ؟ ! تەرەققىيات ئۈچۈن كۈرەش بولىدىكەن تەكرار يېڭىش - يېڭىلىش ، ئۈمىد ھەم ئۈمىدسىزلىك ، ياش ۋە كۈلكە بىزگە دائىم ھەمراھ ، خۇددى بىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىمىز غەربنىڭكىگە ئوخشىمىغاندەك بىزنىڭكىمۇ ئۆزىمىزگە خاس دەردىمىز ، غەم - قايغۇلىرىمىز بار ، بەلكى تېخىمۇ كۆپ ۋە چىرايلىق !

شائىرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە شېئىرنىڭ قەدىر - قىممىتى كىتابخاندا ، شەخسەن ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتسام ، كىتابخان شېئىرىمدىن سۆيۈنۈپ «بۇ شېئىردا مەن قىلماقچى بولغان گەپنى ئېيتىپتۇ» دېسە ، بۇ دەل مەن ئىزدەپ يۈرگەن كىتابخاندۇر . مېنىڭ شېئىرىمدىن لەززەتلەنمەكچى بولغان

ئىمكانىيىتىنى بوغۇپ ، شائىرلارنى شېئىر ئەمەس ، گويا ئۇجۇر — بۇجۇرلىرىغىچە ئۆزى ئىزاھلاپ بېرىدىغان ماقالە يېزىشقا قىستىدۇق .

ئەدەبىياتنىڭ مەركىزى ـ تىرىك ئادەم ، شېئىرنىڭمۇ باشقا ئەمەس ، ئەلۋەتتە . روھىي دۇنياغا ئىگە بىر تىرىك ئادەم بىر دەقىقىنىڭ مەڭگۈلۈكى ئىچىدە ، كائىناتتىكى بىر تال توزان ھالىتىدە ياشايدۇ . بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى شائىر بولسا گويا ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە تەنھالىقى ، ھەممە ئازابلىرىنى ئۆزىگە يۈكلىگەن ھالدا ئەبەدىيلىك ئىچكى سەرسانچىلىقتا شېئىر يازىدۇ . بىر شېئىر — بىر قەلبنىڭ ، بىر مىللەتنىڭ ئىچكى تارىخى . بىزنىڭ مىللىتىمىز تولىمۇ قەدىمكى زامانلاردىلا پارلاق شەھەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان . ئاشۇ مەدەنىيەتنىڭ خارابىلىرى ئاللىقاچان قۇم ئاستىدا قالغان بولسىمۇ ، ئۇ مەدەنىيەت روھىي ئەنئەنىۋى ھادىسىلەر سۈپىتىدە ھېلىھەم بىز بىلەن بىللە نەپەس ئالماقتا . ئۇ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز ، سۆزىمىز ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدە ، دىنغا ، يات مەدەنىيەتكە ۋە دۇنيانىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا تۇتقان پوزىتسىيىمىز بىلەن ئورنىمىزدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . بىز بارلىق نازۇك ۋە ئەركىن ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىدە قەلبىمىزنىڭ قاراڭغۇ قاتلاملىرىغا چەكلىمىسىز بۆسۈپ كىرسەك ، يالغۇز ئۆزىمىزنىڭلا ئەمەس ، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى قازغان ، مىللەتنىڭ مەنىۋى يىلتىزىنى ئىزدەش ئۈچۈن گۈزەل شېئىرىي تەۋەككۈلچىلىك قىلغان بولىمىز .

شائىر تەكرار چېقىلىدىغان ئەينەك . ئۇنىڭ ھەممە سۇنۇقلىرىدا قۇياش نۇرى ئوخشاشلا ئەكس ئېتىدۇ . ھەممە نەرسە شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن ، شائىر ئۆز شېئىرى ئىچىگە ئېرىپ كەتكەن بولىدۇ . ئۇنىڭ ھەربىر شېئىرىدا ئۆزى ياشاۋاتقان تەبىئەتمۇ ، ئۆزى تەۋە بولغان مىللەت ۋە جەمئىيەتمۇ بار . بىر پارچە شېئىر شائىر روھىي دۇنياسىنىڭ گلوبۇسى . شائىر ياشاۋاتقان ۋە شائىردا ياشاۋاتقان

# خەت

(«قىزلار ياتىقىدىن ياڭرىغان ناخشا» ھېكايىسىنىڭ ئاپتورىغا خەت)

— ئاغىنىلەر، سائەت 12 بوپتۇ، چۈشلۈك تاماقتا ماڭايلى.
— لەڭمەن يەمدۇق، پولومۇ؟
— بەربىر غۇ . . .
— ئاپلا، سائەت تۆتتىن ئېشىپ كېتىپتۇ. كەچلىك تاماقتا تېزرەك چىقايلى.
بىلمەيمەن، بىزنىڭ ئاشقازىنىمىز سائەتكە توغرىلاقلىقمىكىن ياكى بىز سائەتكە توغرىلاقلىق ماشىنا ئادەممىزمىكىن؟ ئاشخانا، سىنىپ، ياتاق ئارىلىقىدا پىرقىراپلا يۈرگىنىمىز يۈرگەن. بەزىدە دۈشەنبە، سەيشەنبە . . . يەكشەنبە دېگەندەك ئوخشىمىغان ئات قويۇۋالغان قەدىمكى ئادەملەرنىمۇ تىللىغۇم كېلىدۇ. كۈنلەرنىڭ ھەممىسى ئوپمۇئوخشاش تۇرسا، كونا يىل، يېڭى يىل، ئۇ كۈن، بۇ كۈن دەپ ئاتىۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟!
لېكىن، نېمىشقىدۇر تېزرەك كەچ بولۇشىنى، بالدۇرراق تاڭ ئېتىشىنى تىلەپ قالىمەن. ئېشقىلىپ بۈگۈندىن قۇتۇلسىلا بىر ئۆزگىرىش بولىدىغاندەك. ئېسىمگە پات - پات ئالېكساندىر دىيۇمانىڭ «گراف مونتې كرېستو» سى كېلىپ قالىدۇ. «ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئەقىل - پاراسىتى مۇنداق ئىككى

خالايىق ئالدى بىلەن كاللىسىدىكى «تۇغما گۇمانلىق سۆزلەر»گە تەييارلاپ قويغان سىمۋول قەپىسىنى پاچاقلاپ تاشلىشى كېرەك. ئاندىن شېئىردىكى دەريا، ئورمان، تاغلارغا ئوخشايدىغان سۆز دۆۋىلىرىدىن ئىككىنچى شائىر سۈپىتىدە ئۆز شېئىرىنى، ئۆز دۇنياسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك، يەنى شېئىردىكى ھېس - تۇيغۇلارنى ئۆزىنىڭكىگە ئايلاندۇرۇپ، بىر پۈتۈن شېئىرنىڭ ئاستىدا دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقان بىر يۈرەك بارلىقىنى ھېس قىلىشى كېرەك.

مەن «ئىزم» لارغا ئانچە چوقۇنۇپ كەتمەيمەن. شېئىرلىرىم «مودېرنىزم»غا تەۋەمۇ ياكى «رېئالىزم» ۋە ياكى «ھالقىما رېئالىزم» غىمۇ بۇ ماڭا ئېنىق ئەمەس. بىلىدىغىنىم ھەربىر شېئىردا ئۆزۈم بار، ھەربىر مىسرا — مېنىڭ ئاۋازىم.

دۇنيا مەن ئۈچۈن شېئىر، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ ھەم مۇڭلىنىدۇ. مەن ماڭا تونۇش ۋە ناتونۇش، مېنى ياقتۇرىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغان بارلىق كىتابخانلىرىمغا ئېھتىرام بىلەن شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: مەن بارلىق شېئىر ئوقۇيدىغانلارنىڭ شائىرى. مەن شېئىرنى خەلقىم ئۈچۈن، شېئىرىيەت پەرىشتىسى ئۈچۈن، ھەتتا بەزىدە مەندىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدىغان تەنھالىق قەسىرىدىكى ئۆزۈم ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن. بىراق، شېئىر پۈتكەندىن كېيىن شائىر مەن ئەمەس، سىلەر. ئەزىز كىتابخانلىرىم، مەن بۇ قۇشنى قويۇپ بەردىم، ئۇنى قەپەسكە سولىۋالماڭلار!

1991 - يىلى 2 - ئايدا يېزىلدى.

تۇرۇپلا، ئەسىرىڭىزنىڭ «جېنى» ھەققىدە توختالغۇم كېلىۋاتىدۇ. دەسلەپتە ھېكايىڭىزنى ھېكايە ئەمەس پسىخولوگىيە ئەسىرىمىكىن دېگەنىدىم. بىر تۇرۇپ بۇ ئەسەرگە تىرىك ئادەملەرنىڭ روھىنى تارتىدىغان بىر ماگنىت ئورنىتىلىپ قويۇلغان بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلىدىم. نۇرغۇن باش قاتۇرۇشلاردىن كېيىن بۇ ئەسەرنى يەنىلا ھېكايە دەپ ئاتاش قارارىغا كەلدىم. بىزنىڭ ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىمىزدا خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلەرگىمۇ ئاندا ـ ساندا پسىخولوگىيە «يالىتىپ» قويۇلاتتى. نامى چىققان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ كۆپىنچە بىرەر پېرسوناژنىڭ چاپىنىنى، ئىشتىنىنى، ھەر ھالدا ئادەمگە ئوخشىتىپراق قويۇپ چىققان بىرەر ھەيكەلنىڭ چىرايىنى ئېسىمدە قالدۇرۇۋالاتتىم. سىز بولسىڭىز ئادەملەرنىڭ پسىخكىسىنى ئەڭ ياخشى ئىگىلىگەن يازغۇچىغا خاس ھالدا، ئەسىرىڭىزگە ھېسسىيات، پېرسوناژلىرىڭىزغا جان ئاتا قىلىپسىز.

قېنى، سىزنىڭ ئالىمىڭىزدىكى بىرىنچى ئىنسان دىلدارغا كېلەيلى: بۇ قىز، قانداقلا بولمىسۇن بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنى دوك قىلىپ قويۇۋاتقان قاتمۇقات كىشلەردىن روھىي دۇنياسىدا ئازاد ياشايدۇ. ھەرقانداق رامكىغا چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ جىسمى بارا ـ بارا ئۇنى چۈشەنمەيدىغان دوستلىرى ئارىسىدىن چىقىپ كېتىپ روھى بىلەن بىرىكىدۇ ۋە ھېچكىم بىلمەيدىغان دۇنياغا — ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كېتىدۇ. دوستلىرىغا: «غايەمدىكى ئوبرازنى تاپالمايدىغاندەكلا قىلىمەن، بەلكى ئۇ تېخى تۇغۇلمىغاندۇ. بىراق، ئىزدەيمەن» دەيدۇ. ھېچقانداق چۈشەككە كىرىپ قالمىغان، مېخانىكىلىشىپ كەتمىگەن، مۇستەقىل، ئەسلىي ئادەم مانا مۇشۇ قىزدەك روھىي دۇنياغا ئىگە بولىدۇ. سارتىرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئادەم بۇ دۇنياغا يەككە ـ يېگانە، يالغۇز تاشلىۋېتىلگەن، بىلگىلى، چۈشەنگىلى بولمايدىغان مەخلۇق. . . گۈزەللىكنىڭ قىممىتى خىيالدا، رېئاللىقتا بىرەرمۇ گۈزەل نەرسە بولمايدۇ». شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دىلداردەك

سۆزگە يىغىنچاقلانغان — كۆتۈش ۋە ئۈمىدۋار بولۇش».
دەرھەقىقەت، بۈگۈن مەن ئۈچۈن بىر يېڭىلىق بولدى. مەكتەپ كۈتۈپخانىسى ئالدىدا كېتىۋاتاتتىم. ئۇدۇلۇمدىن بىر نەچچە ستۇدېنت چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چىرايى ئانچە ئېسىمدە بولمىسىمۇ، روھىي دۇنياسى شۇنچە تونۇشتەكلا قىلاتتى.
— ھەي، دىلدارغۇسىز؟
— پەرھاتمۇ سەن؟
— سەلىمەغۇ بۇ؟
بۇلار كىم بولغىيتتى، نەدە تونۇشۇپ قالغاندىمەن. ئېسىم قۇرۇسۇن، سىلەرنى تونۇمىغىنىمنى، رۇقىيە سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ؟ يەنە ھېكايە يېزىۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزى كەلمەي سىلەرنى ئەۋەتكىنى قىزىق — دە.
رۇقىيە، سىزنىڭ سۆيۈملۈك پېرسوناژلىرىڭىز بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدا ئۇچرىشىپ قالدىم. دىلدارنىڭ مىجەز - خۇلقىدىكى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئۆزگىچىلىك، تۆمۈردىن ياسالمىغان پەرھاتنىڭ رېئاللىقتىكى ئادەملەر بىلەن مېڭىپ يۈرگەن چاغدىكى جانلىق قىياپىتى، سەلىمەنىڭ خوش چىرايى شۇنداق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. قىزلار ياتىقىدا كېچىچە ناخشا ئېيتىپ، بىزنى ئۇخلاتمايدىغان بىر نەچچە قىز بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ قالدىم. ئەپسۇس، «ھەجەر» ئىسىملىك پېرسوناژ بىلەن تونۇشالماي قالدىم. ئېھتىمال ئۇ سىزنىڭ قەغىزىڭىزدە مېڭىپ يۈرسە كېرەك.
«قىزلار ياتىقىدىن ياڭرىغان ناخشا» ھېكايىڭىز بىلەن سىزنى تەبرىكلەيمەن. رۇقىيە، تالانتىڭىزنى ئالامەت ئىپادىلەپسىز. ئەسىرىڭىز تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپتۇ.
ئۆتكەندە «ئىلى دەرياسى» بويىدا مەتتىمىن ھوشۇر ئاكىنىڭ ئەدەبىي قىزى «ئايخان» نى تۇنجى كۆرۈپلا نەچچە كۈنگىچە تاتلىق مەست بولغانىدىم. مانا ئەمدى «قىزلار ياتىقىدىن ياڭرىغان ناخشا» مېنى يەنە خېلى كۈنلەرگىچە ئۇخلاتمايدىغان ئوخشايدۇ.
تىلىدىكى تەبىئىيلىك ۋە نەپىسلىكتىن ئېغىز ئاچماي

پەرھاتنىڭ تەقدىرىنى «رەيھان بىلەن بەختلىك بولۇپ كەتتى» دەپ پۈتۈپ قويغان بولسىڭىز، مۇرادىغا يەتكەن نۇرغۇن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ تويدىن كېيىن بىردىنلا ئەسلىدىكىگە ئوخشىماي قالىدىغانلىقى، ئەرلەرنىڭ پات - پات، ئۆيىگە مەست بولۇۋېلىپ كىرىدىغانلىقى، ساداقەتلىك ئاياللارنىڭمۇ تاسادىپىيلا «تالاغا قاراپ» قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى مەڭگۈ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتىڭىز.

ھېكايىڭىزنىڭ قۇرۇلمىسىغا مەستلىكىم كەلدى. قۇرۇلمىسى ھېچقانداق قېلىپقا چۈشۈپ قالمىغان ياكى ماكاننىڭ ياكى ۋاقىتنىڭ ۋە ياكى ئادەمنىڭ تەرتىپىگە تىزىلمىغان. ئەگەر تىزىلدى دېيىلسە ھېسسىياتنىڭ تەرتىپسىزلىكى بويىچە تىزىلغان. سىز خىيال، چۈش، رېئاللىق، شەھەر، سەھرا، بېيجىڭ، غۇلجا ئارىلىشىپ كەتكەن شېئىرنى رەسىم سىزىپ چىقىپسىز. كىشىگە يەنە بىر تەسىر قىلىدىغان يېرى خۇددى بىرەر مەكتەپنىڭ قىزلار ياتاق بىناسىنى قاپ بەلدىن كېسىۋېلىپ، توغرا كەسمە يۈزىنى كىتابقا چاپلاپ قويغاندەك چىنلىقتا. مەن، ھەتتا سىنىپىمىزدىن پەرھات، دىلدار، رەيھان، سەلىمەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇپ بولدۇم.

ھېكايىڭىزگە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ، غۇلجا» دېگەن جاي نامىلىرى تېخىمۇ يارىشىپتۇ. بەزى دوستلىرىمىزنىڭ ھېكايىسىدىكى پېرسوناژنىڭ دوپپىسىنى ئېلىۋەتسەم، شۇ ھامان باشقا بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالاتتى. بەزى قەدىر ئەھۋال ئىجادچان ئاپتورلارنىڭ ئىسمىنى كۆرمەيلا، ھېكايىسىنى ئوقۇپ تاشلىسام، بۇ جەزمەن يۈز پىرسەنتلىك ئەجنەبىي يازغۇچىنىڭ دەپ ھۆكۈم قىلىۋېتەتتىم. ھېكايىڭىزدىكى پېرسوناژلىرىڭىز نامىدىن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. سىزمۇ ماڭا ئوخشاش سەھرالىقتا تولىمۇ لەززەت بەخش ئەتكەن «يېزىنىڭ توپىلىق يوللىرىغا، ئېگىزلىقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن يوغان كۆزلۈك مۇلايىم، ياۋاش كالىلارغا، ياغلىقىنى ئېڭىكىدىن چىگىپ، پەشتاما تارتقان، چېلەك كۆتۈرگەن بېجىرىم يېزا ئاياللىرىغا» سېغىنىشلىق سالىمىمنى

بىر جانلىق ئادەمنىڭ تەلپۈنىدىغان ئوبرازى رېئاللىقتا ئۇچرىمايدۇ ياكى مەڭگۈ ئۇچرىمايدۇ . ئۇنىڭ ئىزدەپ يۈرگەن ئوبرازى پەقەت خىيالىدىنلا ئىبارەت .

پەرھات — يەنە بىر ئادەمدەك يارىتىلغان ئوبراز . ئەگەر سىز يالغان ئېيتمىغان بولسىڭىزلا رەيھان ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئاشىق - بىقارار قىلىپ قويىدىغان چىرايلىق پېرسوناژ ئىدى . پەرھات ئاشۇ چىرايلىق قىز بىلەن يۈرىدۇ . ئەمما ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن رەيھاندىن ئايرىلىپ كېتىدۇ — دە ، دىلدارغا كۆڭۈلنى ئىزھار قىلىدۇ . رەيھاندىن ئايرىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيدۇ . پەقەت : «مەن باشتا ئانچە ھېس قىلمىغانىكەنمەن ، ئويلىسام رەيھانغا بولغان مۇھەببىتىم ساۋاقداشلىق ھېسسىياتىلا ئىكەن» دېگەندەك ئالجوقا سۆزلەرنى قىلىدۇ . ئېنىقكى ئىنسانىيەت تا قەدىمدىن بېرى ئۆز خىياللىرىدا مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىغان . ئاشىق - مەشۇقلار ھەققىدىكى ئاجايىپ قىسسە - رىۋايەتلەرنى پەيدا قىلغان ، ھەتتا مۇھەببەت ئىلاھلىرىنى ياراتقانۇ ، لېكىن ھېچكىممۇ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىگە ئىزاھات بېرەلمىگەن . ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە قايسى خىل ھېسسىياتنىڭ مۇھەببەت جۈملىسىگە كىرىدىغانلىقىنى ھەممىلا ئادەم خۇددى پەرھاتقا ئوخشاشلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ .

پەرھاتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا دىلدارغا تەلەپ قويۇشى «ئۇجمە كۆڭۈللۈك» مۇ ؟ ياق ، پەرھاتنىڭ تىرىك ئادەملىكى دەل مۇشۇ يەردە ، ئادەمنىڭ روھىي تەلىپى مەڭگۈ قانمايدۇ . بىرىگە ئېرىشكەن ھامان بىرىگە تەلپۈنىدۇ . ئۆز روھىنىڭ يەنە ھېچقايسىسىدا قانمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ . تەلپۈنۈپ ، تەلپۈنۈپ . . . كۈتۈپ ، كۈتۈپ . . . ياشايدۇ . فرويىدنىڭ روھىي ئانالىز پسىخىكىسى بويىچە ئېيتقاندىمۇ بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ روھىي تەقەززالىقىنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا قاندۇرۇشى مۇمكىن . بوش قالغان قىسمىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇ دائىم باشقىلارغا تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ . ئەگەر سىزمۇ كالىسى ئەدەبىيلىشىپ كەتكەن ، ئەسەر يېزىش ماشىنىسىغا ئايلىنىپ قالغان نۇرغۇن ھېكايىچىلىرىمىزغا ئوخشاش ،

ھېچكىمنى دورىماسلىق كېرەك . ئىسىم بىلەن ئادەمنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق . مېنىڭچە بولغاندا دىلدار بىلەن ھەجەرنىڭ ئىسمىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان بولسىڭىز ، دۇنيادا ئىسمى چىرايلىق ئادەملەرنىڭمۇ نى - نى رەزىل ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ، نى - نى سەت ئىسىملارنىڭ ئاستىدا تولىمۇ چىرايلىق قەلبلەرنىڭ كۆمۈلۈپ ياتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويالايتتىڭىز . (2 ) ھەجەر ئىسىملىك ئەدەبىي پېرسوناژ ، يەنى سىز سەلبىيلىك ماركىسى چاپلاپ قويغان ئوبراز ماڭا ئادەمدەك تۇيۇلمىدى . رېئاللىقتا كىمنىڭ پېشانىسىگە ياخشى - يامان دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ ؟ ! تىرىكلەر ئىچىدە ئۆمۈر بويى ياخشى ئىش قىلىدىغان ، يامانلىق قىلمايدىغان ياكى يامانلىقلا قىلىدىغان ، زادى ياخشى ئىش قىلىپ باقمىغان ئادەممۇ بارمۇ ؟ ! ئىش ئەپلەشمىگىلى قوپسىلا ھەجەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويىسىز . ئۇنى تەسۋىرلىشىڭىزچۇ تېخى ! «قېنىق گىرىم قىلىنغان يىرتىق كۆزلەرگە قاراپ كۈلگۈم كەلدى . ئۇ غەزەپلەنگەندە بۇ كۆزلەر تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتەتتى» بىزنىڭ پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىزدىن خېلى ئۇستاتلىق بىلەن ئۆگىنىپسىز ! قىزلار ياتىقىدىن ئومۇمىي خور ياڭرىغان كۈنى ماڭا ناتونۇش بولغان بىر نەچچە قىزنىمۇ سۆرەپ كىرىدىڭىز يۇ ، ھېچبولمىغاندا ئاشۇ ئادەملەر قاتارىغا قەلىمىڭىزنىڭ ئۇچى بىلەن قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ بولسىمۇ ، «ھەجەر» دېگەن ئىسمىنى يېزىپ قويمىدىڭىز .بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك — ھە ؟ !

خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە كەچ بولدى . كۈن يەنىلا غەربكە پاتتى .

1991 - يىلى 12 - ئايدا يېزىلدى .

يەتكۈزۈپ قويۇڭ ھەم «زىچ يېزىلغان رۇس يېزىقى، كۆزۈمگە خۇددى تۇرخۇنلىرىدىن ئىس چىقىپ تۇرغان قەدىمكى زامان ئۆيلىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى» دېگەن جۈملىلەرگە «يازغۇچىغا خاس، تەسەۋۋۇرغا باي يېڭىچە ئوخشىتىش» دېگەن تەقدىرنامىنى تارقىتىپ بېرىڭ!

«كەشمىنى كىيدىم — دە، دېرىزە ئالدىغا كەتتىم، سىرتتا تاراسلاپ يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ»، «بۈگۈن كېچە قاتتىق يامغۇر ياغدى، ئەتىگەندە تۇرسام ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ كېتىپتۇ»، «كەچلىك تاماقتىن كېيىن زالنىڭ دېرىزىسىدىن سىم — سىم يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىغاچ، پەستىكى رەڭگارەڭ كۈنلۈك تۇتقانلارنى تاماشا قىلىپ تۇراتتىم».

رۇقىيە، باشتا بۇ يامغۇرلىرىڭىز ماڭا سەل ئوشۇقچە يېغىپ قالغاندەك تۇيۇلغانىدى، ھەتتا كىچىككىنە بىر ھېكايىدە يامغۇرنىڭ ئۈچ قېتىم يېغىپ قېلىشى بەلكىم «گۈزەل خاتالىقتۇر» دەپ ئويلىغانىدىم. «بېيجىڭ دېگەن شۇنداق يامغۇرلۇق شەھەر — دە» دەپ تۇرۇۋالسىڭىزمۇ مەيلى. لېكىن، يەنە ئويلىسام كۆڭۈل يىغلاۋاتقاندا، ھېسسىياتنىڭ ئىپادىسىگە ئەگىشىپ ئۈچ ئەمەس، 30 يەردە يامغۇر ياغدۇرسىمۇ بولامدىكىن دەپ قالدىم. قىزىق يېرى شۇكى: «ھېكايىڭىزدىكى يامغۇرغا قاراپ بىردىنلا يامغۇرنى سېغىنىپ كەتتىم. شۇ تاپتا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان بۇ قار توساتتىن يامغۇرغا ئايلىنىپ كەتسە — ھە؟»

رۇقىيە، سىزدىن سوراپ باقاي، ھەجەرگۈل ئادەممۇ؟ پېرسوناژمۇ ياكى جىنمۇ؟ ئۇ جىن بولسا ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمايدۇ. پېرسوناژ بولسا قەغەزدىن چۈشۈپ گەپ قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن گەپ قىلماقچىمەن. (1) يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئاكا نۇرغۇن يىللار «ئىزدىنىش» ئارقىلىق ئەلا، رەقىب، نامەت... دېگەندەك ئىسمىغا قاراپلا مىجەز ـ خاراكتېرىنى بىلىۋالغىلى بولىدىغان ئىسىم فورمۇلىسىنى ئىجاد قىلغانىدى. «ئالتۇن كەش» چۆچىكىدە ھارازۇل مومايىنىڭ قارا نىيەت قىزىنىڭ ئىسمى ھەجەرگۈل بوپقالغان بولسا ئۇمۇ خېلى بۇرۇنقى ئىشلار.

دۇنيانىڭ مەركىزى» دەپ شەرھلەشتى . يۇقىرىقى ئوبزوردا دەل مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا شائىر ئۆزىنىڭ زامانىۋى تەپەككۇرى بىلەن تارىخقا ۋە كەلگۈسىگە نەزەر سالغان . بىز ئۇنىڭدا مىللەتنىڭ تارىخىي ۋۇجۇدىدىكى ساق يەرلەرنى سۆيۈپ قويۇپ ، جاراھەتكە كەلگەندە ئاغزىنى ئېلىپ قېچىشتەك ئادەت بولۇپ قېلىۋاتقان زىيالىيلىق پسىخىكىسىنى كۆرەلمەيمىز . ھەربىر سۆز - جۈملىلەر ئارىسىدىن بۇلدۇقلاپ تۇرغان شېئىردەك جاراھەت ، ئۇن چىقىرىپ يىغلاشقا جۈرئەت قىلالمىغانلارنىڭ جەسۇرانە يىغا ئاۋازى ، ياش ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئۈمىد ، بىر پۈتۈن ئوبزوردا يالغاندىن ھەجىيىشنى رەت قىلغان مەردانە شېئىردەك بىزنى ھاياجانلاندۇردى .

ئەپسۇس . . . مىڭ ئەپسۇس ، بۇ گۈزەل ئوبزور تولىمۇ زور بىر خاتالىققا يول قويغان . ھەقىقىي بىر يازغۇچى ۋە شائىر — بىر خەلقنىڭ ئارالىق پوچتىخانا ، ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرى ئۆز خەلقىدىن دۇنياغا ، شۇنداقلا دۇنيا خەلقىدىن ئۆز خەلقىگە يوللانغان خەت . سوغۇق قانلىق بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق ، ئېتىقاد - مەۋجۇت مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ زور مىللىي ئالاھىدىلىكى . نېتزى خۇدانى ئۆلدى دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ ، ياۋروپالىقلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . ناۋادا سارىتلار ساناتورىيىسىدە ئۆلگەن بىر ياۋروپالىق خۇدا ئۆلدى ، دەپ جاكارلىغان بولسا ئۇ بەرىبىر جۆيلۈش ، بىزنىڭ بۇ قەدىمىي دىيارىمىزدا ھەم ئىسلام دىنىمىزدا خۇدا كىشىلەرنى غايە بىرلىكىگە ، ئورتاق بىر ئېتىقادقا توپلىماقتا . خۇدا ئىنسانلارنى مۇكەممەللىككە چاقىرماقتا . بىر نەرسىنى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ ، بىز ياشلار گۈزەل خاتالىقلىرىمىز ۋە يېڭىلىق ئىزدەش يولىدىكى مەردانە ئىزىقىشلىرىمىز بىلەن جەزمەن كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى زېمىنىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك . لېكىن ، يىلتىزىمىز ئالدىنقىلار ئاچقان ئەدەبىياتنىڭ مۇنبەت زېمىنىغا دەسسەپ تۇرمايدىكەن ، قەلبىمىز يېڭى تەپەككۇر بىلەن قانات چىقارمايدىكەن ، قەبرە نامىمىزگە «ئاتا - ئانىسىز تۇغۇلغان بۇ بوۋاق بىر قەدەم يول مېڭىپلا ئۆلۈپ كەتتى» دەپ يېزىپ قويۇلىدۇ ، خالاس .

# بىزگە كىرىست كېرەك ئەمەس

(شائىر ئەسقەر ياسىننىڭ «كرىستقا مىخلانغان ئىيسا» ناملىق ئوبزورىغا)

كىشىلەرنىڭ نەزىرى ئۆزىگە ئاغدۇرۇلغان، ئىنسان ئۆز روھىدىكى گۈزەللىك ۋە سىرلىقلىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان بۇ دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا يېڭىدىن ـ يېڭى شېئىرلارنى بارلىققا كەلتۈردى. شېئىر ئەسلىدىكى زامان ۋە ماكاننى بۇزۇپ تاشلاپ، سەنئەتنىڭ ھەممە ساھە ۋە ژانىرلىرىغىچە كېڭىيىپ كەتتى. (ھېكايە، رومانلاردىكى شېئىرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە). مەن ئەسقەر ياسىننىڭ پەلسەپە، تارىخ ۋە شېئىرىي گۈزەللىكلەر بىلەن تويۇنغان بۇ ئوبزورىنى دەۋرىمىز يېڭىلىقلىرى ئىچىدىكى يەنە بىر يېڭىلىق، يەنى شېئىرغا يېزىلغان شېئىرىي ئوبزور دەپ قارايمەن، ھەتتا ئۇنى يېقىنقى زامان مىللىتىمىز پىسخىكا تارىخىغا يېزىلغان ئوبزور ۋە قەلبىمىزنىڭ پوئېزىيىلىك تارىخى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئاتام زامانىدىن باشلاپ ئىنسانلار ئوخشىمىغان دىنلار ئارقىلىق ئىنسانلار خۇدانى ئىزدىمەكتە. خۇدانىڭ مەشھۇر شېئىرىي تراگېدىيىسىدە رول ئېلىۋاتقان ئىنسان، دۇنيا سەھنىسىدىكى مەركىزىي پېرسوناژ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر سوپىزمچىلىرى ئادەمنىڭ ئالەمدىكى بۈيۈك ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «ئادەم — ئاللانىڭ ئەينىكى» دەپ قارىغان بولسا، ئۇنىڭدىن نەچچە ئەسىر كېيىنكى ياۋروپا گۇمانىستلىرى «ئادەم

# غەربنىڭ ئەقىل تراگېدىيىسى —

## پەرىزات بىلىق

بىز چوڭ بولۇشنى خالىمىدۇق . بىز سەبىي دۇنيادىن ئەلتۆكۈس مېھرىمىزنى ئۈزەلمىگەچكە بالىلىقتا خوش دېيىشكە ئاغزىمىز بارمىدى . دەل شۇ سەۋەبتىن غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە شەرق تەربىيىلەشكە بولىدىغان بىر كىچىك بالىنىڭ ياكى ئەپسانە — چۆچەكلەر دۇنياسىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قېلىنىۋەردى . چۈنكى ، ئۇلار شەرقتىن ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى ، قەدىمكى سەلتەنەتنى يوقاتمىغان پادىشاھلارنى ، قەدىمكى پادىشاھلىق تۈزۈملەردىن ئانچە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان كۈچ ۋە ھاكىممۇتلەقلىق ئاساسىدىكى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىلىرىنى ، پەن - تېخنىكىغا ئىنتىلىشتىنمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەك دىنىي قىزغىنلىقتا بېرىلگەن سىرلىق شەرقلىقلەرنى كۆردى . ئۇنداقتا ئادەملەردىكى ئەپسانىۋى تەپەككۇر ، قېلىپلاشقان كۈندىلىك تۇرمۇشقا ۋە ئەقلىي تەپەككۇرغا ئورۇن بوشاتقان ، ئادەم ئادەملىكىدىن يىراقلاپ ، دۇنيا ماشىنىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ھازىرقى زاماندا چۆچەك ئادەملەرگە زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ؟ !

مېنىڭچە جەمئىيەتنىڭ ماددىي تەرەققىياتى بىلەن ئومۇميۈزلۈك پۇلغا بېرىلىش ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان روھىي تەشنالىقىنى ۋە نەپىس شېئىرىي ئېھتىماللىقىنى ئەلتۆكۈس بەربات قىلالىغىنى يوق . شۇنىڭ ئۈچۈن چۆچەك ھازىرمۇ ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە

دۇنيادا دۇنيا ئەدەبىياتى دەيدىغان تومتاق ئەدەبىيات يوق ، پەقەت بىر ئەدەبىيات مىللىي ئەدەبىيات بولغىنى ئۈچۈن دۇنيا ئەدەبىياتى بولالايدۇ . يېقىندىن بېرى بەزى شېئىرلاردا ھەدېسىلا «كرېست ، ۋېناس» دېگەندەك سۆزلەر ئاۋۇپ كەتتى . بىز غەربنىڭ بىزگە ماس كېلىدىغان ئىلغار ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلالايمىز ، ئەمما كرېستنى قوبۇل قىلالمايمىز . مۇھەببەت ئىلاھى ۋېناس ھەققىدىكى گۈزەل ئەپسانىنى ئاڭلاشقا بولىدۇ يۇ ، ئەمما بىزدىكى مۇھەببەت پەرشتىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن غېرىب ـ سەنەم ، پەرھاد ـ شېرىن ۋە تاھىر ـ زۆھرەلەر ھەققىدىكى يارقىن ئەپسانىلەرنى چەتكە قېقىش ھوقۇقىمىز يوق !

1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يېزىلدى .

مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەي كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتتى . مەڭگۈلۈك روھقا ئايلىنىش ئۈچۈن خۇدانىڭ دەرگاھىغا قاراپ ئۇچتى ، يىراق يىزنىڭ شەرقچە ئۈمىدۋارلىقىمىز بىلەن دىنىي ئېڭىمىز بۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەنىدى . ئاشىق - مەشۇقلار ۋىسالغا يېتىشى ، ساپ مۇھەببەت ھەممىدىن غالىب كېلىشى كېرەك .

ئاندېرسېن ئەپەندى يالغان ئېيتمىغان بولسىلا گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بۇ پەرىزات بېلىقتا شاھزادىلا ئەمەس ھەرقاندىقىمىز كۆيۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن ئىدى . ئەپسۇسكى ، بىز ئەسەرنى ئوقۇپ ئاخىرىغا كەلگەنسېرى ئۇنىڭ مۇھەببەت قارىشى بىزنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى سېزىپ قالدۇق . بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىزنىڭ ئەكسىچە شاھزادىسى بىزگە مۇنداق جاۋاب بەردى : « . . . ئۇ قىز مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان . ئۇ بۇ دۇنيادا مەن ياخشى كۆرەلەيدىغان بىردىنبىر قىز » . كۆپ ھاللاردا بىر تال چاچنى ، بىر پاي كەشنى كۆرۈپلا غايىبانە ئاشىق بولۇشتەك مۇھەببەتنىڭ شەرق قىسسىلىرىدىكى سىرلىقلىقى يوقىلىپ ، ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇ خىل ئىنسانىي مۇھەببەت پەرىزات بېلىق تراگېدىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

بىز مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز : غەربنىڭ تەپەككۇرى ئەقلىي تەپەككۇر ، ئۇ ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت . شەرقنىڭ تەپەككۇرى دىنىي تەپەككۇر ، ئادەم بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ، خەنزۇ تەپەككۇرى ئىجتىمائىي تەپەككۇر ، ئۇ ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت . ئەقلىي تەپەككۇر بىلىش ۋە مەنپەئەتدارلىق ئاساسىدىكى تەپەككۇر شەكلى بولۇپ ، ئۇ ئىنساننى ماددىي تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرىدىغان روھىي تراگېدىيە . دىنىي تەپەككۇر بولسا خۇدا ۋە گۈزەللىكنى مەقسەت قىلغان شېئىرىي تەپەككۇر ، روھنىڭ غايىۋى ئىپادىلىنىشى . تراگېدىيە ئۈستىگە قۇرۇلغان مەلىكە بىلەن شاھزادىنىڭ تويى پەرىزات بېلىقتىن ئىبارەت ئەپسانىنى ئىنسان رېئاللىقىدىن سىقىپ چىقىرىپ ، روھنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن بېشارەت بەردى ، رېئاللىققا يۈزلىنىپ

يەنىلا ئۆز ئەھمىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ رېئاللىق كەينىنى قىلغان ماڭا ئوخشاش بىر شائىرغا، ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ مىللەتكە نىسبەتەن چۆچەكلەر رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، خىيال ئارقىلىق يوشۇرۇن ئارزۇنى قاندۇرۇشتا كىشىگە تەسەللى بەخش ئېتىش رولىغا ئىگە. بۇ خىل موھتاجلىق كۆتۈلمىگەن پۇرسەتتە مېنى غەربلىكلەرنىڭ ئەپسانىسى بىلەن ئېنىقراق ئېيتقاندا دانىيىلىك چۆچەك يازغۇچىسى ئاندېرسېن بىلەن ئۇچراشتۇردى. بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ياش بوۋاي، مەڭگۈ 70 ياشلىق ئەرۋاھ يازغۇچى ماڭا ئىنگلىز تىلىدا «كىچىك پەرىزات بېلىق» ناملىق چۆچەكنى ئېيتىپ بەردى. ئۆزۈمنى ئاخىرىغىچە تۇتالماي قالدىم. دىمىغىم ئاچچىق بولۇپ كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كەلدى. چۈنكى، ئۇ بالىلارغا، بالىلىق دەۋرى بولغانلارغا، چوڭ بولغاندىمۇ بالىلارچە ياشايدىغانلارغا، گۈزەللىكنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن ھەرقانداق دەۋردە ياش تۆكۈش كېرەكلىكىنى ئېغى ئۇنتۇپ قالمىغانلارغا ئورتاق ئىدى. شۇڭا، بۇ ئەسەر بۇرۇن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ياكى قىلىنمىغان بولسۇن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن بىر تەرجىمە قىلىپ چىقىش قارارىغا كەلدىم. ئۇ قانداقتۇر دانىيە تىلىدىكى بىر ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچىغا ۋە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى بولماستىن، بەلكى بىر روھنىڭ يەنە بىر روھقا پېچىرلىشى، غەربلىكلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ۋە بۇ ئاڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان دۇنيانىڭ شەرقلىكلەرگە ئاشكارىلىنىشى.

پەرىزات بېلىق تەسىرلىك بىر مۇھەببەت تراگېدىيىسىنى، تراگېدىيە بولغاندىمۇ غەربلىكلەرنىڭ ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان روھىي تراگېدىيىسىنى ئالدىمىزغا تاشلايدۇ. بىز ئۇنى ئادەتتىكى بىر چۆچەك قاتارىدا ئەمەس، ئەھمىيەتلىك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئۆلمەس شېئىرىي ئەسەر دەپ قارىساق، ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرى ۋە خاھىشى ئارقىلىق شەرقلىكلەر بىلەن غەربلىكلەرنىڭ روھى بىلەن رېئاللىقىدىكى ماھىيەتلىك پەرقلىرىنى بىلەلەيمىز.

شۇنداق قىلىپ بىچارە پەرىزات بېلىق ئىنسانلار ئارىسىدا

غەربلىكلەرنىڭ مانا شۇ خىل تراگېدىيىلىك تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى.

ئىنسانىنىڭ تەنھالىقىنى بالدۇر چۈشىنىپ يەتكەن غەربلىكلەر پۈتونلەي ئۆزىگىلا تاشلىنىۋېتىلگەن رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئەقلىي تەپەككۇر ئارقىلىق ئىنسان مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن مىسلىسىز ماددىي كاپالەت ۋە ئەۋزەل شارائىتنى ياراتتى. لېكىن، غەربنىڭ تەرەققىياتىدىن روھ سىقىپ چىقىرىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر تەرىپى تاشلىنىپ قالدى. گەرچە ئىنسان خېلى كەڭ ماددىي ۋە جىسمانىي ئەركىنلىككە ئىگە قىلىنغان بولسىمۇ، ماددىي بايلىق يارىتىش جەريانىدىكى يېڭى روھىي بېسىمغا - تۈرلۈك شەكىل بەلگىلىرى بىلەن ماشىنا زاپچاسلىرىنىڭ ئاسارىتىدىكى زامانىۋى قۇلچىلىقتا دۇچ كەلدى. مەدەنىيەتنىڭ ئىنساننى ئېزىشى ۋە خورلىشىغا ئەدەپ بىلەن سۈكۈت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى زامان غەرب ئەللىرىنىڭ مەنىسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەشەمەتلىك غېرىبلىقى ئىنساننى روھىي جەھەتتىن چۈشىنىشكە موھتاج قىلماقتا. بۇ خىل موھتاجلىق غەربلىكلەرنى ئىختىيارسىز ھالدا دىنىي سىرلىقلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان شەرقلىقلەرگە يۈزلەندۈرىدۇ.

كېسىپ ئېيتىش كېرەككى ئىنساننىڭ روھىي مەخپىيىتى بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى غايىب قۇرۇلمىنىڭ سىرىنى بىلىش ئىمكانىيىتى دىنىي تۇيغۇغا ئىگە شەرقلىقلەردە. شەرق شەكىل ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئاللاغا بىۋاسىتە باغلانغان دىنىي تۇيغۇ ئارقىلىق ماكان جەھەتتە دەقىقىدىن مەڭگۈلۈككىچە سوزۇلغان روھىي كەڭلىكتە ياشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرقلىقلەر غەربلىكلەرگە قارىغاندا دىنىنىڭ ۋە شېئىرنىڭ رولىغا ئىشىنىدۇ. رېئاللىقتىن تېخىمۇ كەڭ بولغان چۆچەك، ئەپسانە ۋە شېئىرغا ئوخشاش رېئاللىق ئىچىدە ياشايدۇ. گەرچە غەربلىكلەر نوبېل مۇكاپاتىغا ئوخشاش رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە ئەھمىيەتلىك شەكىللەر ئارقىلىق ئاساسەن ئۆزلىرىنىلا مۇكاپاتلاپ، ئۆز شېئىرلىرىنىلا

غەربچە ئاللاھىدىلىكىنى ئىپادىلىدى. مېنىڭچە بۇ تېگى تەكتىدىن ئېتىقاداندا خرىستىئان دىنىنىڭ تەپەككۇر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش. شەرق بىلەن غەربنىڭ، خرىستىئان دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى خۇداغا بولغان تونۇشىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا. ئىسلام دىنىدا ئاللا ھەممىدىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان، ئىنسانلارغا باشتىن ئاخىرى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان، ھەر ۋاقىت شاپائەت يەتكۈزىدىغان، تەڭدىشى يوق بىرلا ئاللا، ئاللا بالىسى، خوتۇنى بولۇشتىن پاك. ئىيسا بولسا پەقەت خۇدانىڭ بىر ئەلچىسى. خۇدانى ئادەملەشتۇرۇش ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھىغا خىلاپ. ۋەھالەنكى، خرىستىئان دىنىدا ئىيسا ئىنسانلارنىڭ رەببى خۇدانىڭ ئوغلى. خۇدانىڭ ئوغلى بار دەپ قارايدىغان بۇ خىل ئادەملەشتۇرۇش ئىيسانى ئۆزىنىڭ ئېتىقاد تۈۋرۈكى قىلغان غەربلىكلەرنى سىرلىقلىقتىن مۇمكىنلىككە، ئىلاھلىقتىن ئادەملىككە، روھتىن رېئاللىققا، ئاللاھىدە تۈيغۇدىن كۆندىلىك ئەقىلغا، دىندىن پەنگە يۈزلەندۈردى. خرىستوسنىڭ ئىنسانلارنى تاشلاپ كەتكەنلىكى ئىنسانىنىڭ تايانچىسىز، يەككە ـ يېگانە، ئۆز ـ ئۆزىگىلا قالغانلىقى بولۇپ، ئۇ غەرب تراگېدىيىسىنىڭ ئەسلى مەنبەسى. بۇ تراگېدىيە غەربنىڭ ئاڭ قاتلىمىدا ناھايىتى بالدۇرلا ئىنسان ھەققىدىكى ئازابلىق ئويىنى پەيدا قىلدى. نەتىجىدە خرىستىئان دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەڭ ئەۋجىگە چىققان بىر مەزگىلدىن كېيىن، غەرب رېئاللىققا يۈزلىنىپ، يېڭى قۇرۇقلۇقلارنى ئىزدىدى، كەڭ تۈردە مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. تەپەككۇر جەھەتتە ئەقىل ئارقىلىق ماددىي دۇنيانى چۈشىنىشنى مەقسەت قىلغان گۇمانىستىك قاراشلار بەس ـ بەس بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بىلىم ـ كۈچ دېگەن ئومۇمىي چاقىرىق ئاستىدا پەن ـ تېخنىكىغا يۈرۈش قىلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتە دىنىي ئەدەبىياتنىڭ ئورنىغا ئادەمنى مەركەز قىلغان، ئادەمنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئازابلىق ئويلاندۇرۇپ كۆزىگە ياش كەلتۈرىدىغان شېكسپىر تراگېدىيىلىرىدەك ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. «كىچىك پەرىزات بېلىق» مۇ ئەمەلىيەتتە

# يىپەك يولىنىڭ روھىنى ئىزدەش

« . . .تاڭ سوزۇلگەندە ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى . ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك كۆك يايلىلىق بىر ئەركەك بۆرە چىقتى . بۇ بۆرە ئوغۇزخانغا مۇنداق دېدى : «ھەي ، ئوغۇز سەن ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ ، مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن» . . . ئاندىن كېيىن ئوغۇز خاقان يەنە كۆك تۈكلۈك ، كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرە بىلەن سىندۇ ، تاڭغۇت ، شاغام تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلدى . كۆپ ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلاردىن كېيىن نۇرغۇن جايلارنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ئۇ يەرلەرنى ئۆز دۆلەت تېررىتورىيىسىگە قوشتى . . . » ئادەملەر ئەمدى بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى . ئەمما ، قەدىمكى يىپەك يولى بويلىرىدا تولىمۇ ئاۋارە ياشاۋاتقان بۇ خەلق قۇملۇق ئاستىدىن ، قەدىمىي قەبرىستانلىقلاردىن ، مىڭ ئۆيلەردىن پات ـ پات تېپىلىپ قېلىۋاتقان بۇنداق قولىيازمىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇزخان ئەۋلادلىقىنى ، ئۇزاق تارىخقا ، گۈزەل ئەپسانىلەرگە ئىگە مەدەنىي خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ ، ھېسابسىز ئۈمىد ۋە خۇشاللىققا چۆمدى .

شېئىرىيەت كاھىنى ، «لىروس» نىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا ئېتىقاد ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە ئازغىنا شائىرلاردىن باشقا دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئادەملەر بۇنى پەقەت يۇنان ئەپسانىلىرىدا توقۇپ چىقىلغان نۇرغۇنلىغان ئىلاھلارنىڭ بىرى دەپ قارايدىغان بولدى . ئەپساندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان غەرب

مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەقىل ۋە تېخنىكا پاتقىقىغا پېتىپ قالمىغان شەرق شېئىرىيىتى دىن بىلەن يىلتىزداش بولغان ھەقىقىي شېئىرنىڭ سىرلىق گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالغان. ئەسلىي تۇيغۇنى يېزىق ئارقىلىقلا ئەمەس، تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ئارقىلىق شېئىرغا ئايلاندۇرغان.

كىچىك پەرىزات بېلىق تراگېدىيىسىدەك غەربچە تەپەككۇردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان شەرق تەپەككۇرىنىڭ ئەپسانىۋى ئالاھىدىلىكىنى مېنىڭچە ھازىرقى زامان ئىتالىيە شائىرى مونتالى «شەرق» ناملىق قىسقا بىر پارچە شېئىرىدا ناھايىتى ئوبرازلىق يىغىنچاقلىغان:

## شەرق

بەلكىم ھەق يولدىن ئايرىلغاندىمەن،
قۇرئان ۋە پارس شاھى ئارىسىدىكى
ئىككى ئاچىماق يول
بوزماي تۇرۇپلا خىياللىرىمنى
مۇرىت قىلىۋالدى ئۆزىگە مېنى.
يا ھەزرەت، قانداقمۇ ئۈتكۈزۈش مۇمكىن
يىڭنە تۆشۈكىدىن بىر ئارغامچىنى...

1996 - يىلى 11 - ئايدا يېزىلدى.

قاتلىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ شېئىر ئارقىلىق يىلتىزىمىزنى ئىزدىگەن. ئەسەردە بىزنى ئەسەرنىڭ تىلسىمىغا باشلاپ كىرىدىغان ئېنىق بىر يىپ ئۇچى يوق. پەقەت قۇملۇق، تۆگە، يۇلغۇن، توغراق، باش - ئاخىرى يوق ئۇزۇك ئەپسانىلەر، توپان قىسسىسىنىڭ قۇم ھەققىدىكى ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى ۋە تەقدىرنىڭ سالغا تېشى بولغان ئىنسانىنىڭ قۇملۇق بويىدىكىلەرگە خاس ھايات ۋە ئۆلۈم چۈشەنچىلىرى قاتارلىقلار ئىچىدىن بىز شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ مىللەت يىلتىزىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلالايمىز. شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقى يالغۇز ئارخېئولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق، فولكلور تەتقىقاتى، مەدەنىيەتشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرىدىلا ئەمەس، 20 - ئەسىردىكى ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل ئاڭ ساھەلىرىگە ئىز سالدى. دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ خىل ئەھمىيەتلىك تەسىر شېئىردىمۇ كوللېكتىپ ۋە شەخسىي تۇيغۇغا ئېتىبار بېرىدىغان يىلتىز ئېستېتىكىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. شېئىر ئارقىلىق يىلتىز ئىزدەشنى سۆزلىمەكچى بولغىنىمىزدا مېنىڭچە 1995 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئېرلاندىيىنىڭ بۈيۈك شائىرى سىيماس ھىينى ئەپەندىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالماي بولمايدۇ. سىيماس ھىينىنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە يازغان «كولاش» «بىر ھاشارەتشۇناسنىڭ ئۆلۈمى»، «سۇ ئىچىش»، «سازلىق»، «سۇدىكى پەرىزات» قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلىرىدىن شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە باشتىن ئاخىر «كولاش» ناملىق شېئىرىدىكىگە ئوخشاش كولاش پىسخىكىسىنىڭ چوڭقۇر سىڭگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. شائىر شېئىرلىرىدا ئېرلاندىيىنىڭ شىۋە ئالاھىدىلىكى قويۇق يەرلىك تىلى ئارقىلىق ھازىردا تۇرۇپ باللىقىنى كولايدۇ. شەھەردە تۇرۇپ شەھەرنىڭ ئۆتمۈشى بولغان يېزىنى، گۈزەل تەبىئەتنى كولاپ چىقىرىدۇ. رېئاللىقنى كولاپ رېئاللىقنىڭ ئەپسانە قاتلىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. شائىر ھىينىنىڭ پارچە - پارچە ھالەتتىكى بۇ شېئىرلىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ

دۇنيادىكى ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى 50 - 60 - يىللاردىكى پارلاق، سەلتەنەتلىك دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 90 — يىللاردا خۇددى ھازىرقى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان تېخنىكىلىق جەمئىيەتكە ئوخشاش شېئىرنىڭ تەبىئىيلىكىدىن ئايرىلىپ ماھارەت پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يىپەك يولى بويىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك رىتىم ئاساسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەدىمىي روھى ۋە تەكلىماكان قۇملۇقىغا قەدىمىي مەدەنىيەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن گۈزەل ئەپسانىلەر پات ئارىدا دۇنياغا پارتلاش ئالدىدا تۇرغان نەپىس بىر شېئىرىيەتتىن بېشارەت بەردى. «سالغا ئېشى» ناملىق داستان مانا شۇ بېشارەتلەر ئىچىدىكى بىر بېشارەتتۇر. ئەگەر قولۇمدىكى ژۇرنالدا بۇ داستاننىڭ ئۇيغۇر شائىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىقىلغانلىقىدەك ھەق پاكىت بولمىغان بولسا، مەن ئۆزۈمنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئوكتاۋىئو پازنىڭ «قۇياش تاش» ياكى ت. س. ئېلىيوتنىڭ «چۆل» ناملىق داستانىنىڭ باشقا بىر تىلدىكى تەرجىمىسىنى ئوقۇۋاتىمەن دەپ ئويلاپ قالغان بولاتتىم.

بۇ ئەسەر بىر سېھىر. گويا ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق تەكلىماكاندىن ئىزلىرى بايقالغان، ئەمما ھازىرقى رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان كىروران، نىيە قەدىمكى شەھەرلىرىدەك، سۆز ۋە سۆزلەرنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىدىن پەيدا بولغان، كىتابنى ياپقان زامان غايىب بولىدىغان گۈزەل سېھىردۇر.

بۇ ئەسەرگە زامان نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق شائىرنىڭ دىققەت نەزىرى پاكلىق ۋە ئېتىقاد بىلەن سەلتەنەتلىك تۈس ئالغان قەدىمكى دەۋرگە ئاغدۇرۇلغان. ماكان جەھەتتىن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تەبىئىي كوللېكتىپلىق ئېڭى بويىچە تاللىۋېلىپ، قەدىمدىن بۇيان ياشاپ كەلگەن قۇم چۆللۈك ھەققىدە ئىزدەنگەن، كەڭلىك جەھەتتىن قۇملۇق بويىدىكى كىشىلەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن ئەپسانە ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ دۇنياغا يۈزلەنگەن. چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن مىللەتنىڭ ئېتنىك

دەشتىنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ دەشت بىزگە ئىختىيارسىز ئىنگلىز شائىرى ت. س. ئېلىيوتنىڭ «چۆل» ناملىق داستانىنى ئەسكە سالىدۇ. ئېلىيوتنىڭ چۆلى بولسا ئۇرۇشتىن كېيىنكى بەرباتلىق، ئۈمىدسىزلىككە تولغان، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى بىلەن ئۇلۇغ روھىي بايلىقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان، پاناھسىزلىق چۆلى ئىدى. ماددىي توقچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ھازىرقى زامان غەرب دۇنياسىدىكى روھىي يېتىمچىلىك چۆلى ئىدى. شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ چۆلى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىز يىلتىزىمىزنى قېزىپ باقساق قۇملۇق بويىدىكى بۇ قاقاس زېمىندا قەدىمدىن بۇيان ياشاپ كەلگەن خەلقىمىزنىڭ روھىي چۆلدەرەش ئىچىدە قالماسلىق ئۈچۈن، كۆپ بەدەل تۆلەپ، نۇرغۇن قېتىم تەۋەككۇل قىلىپ مۇكەممەل ئېتىقاد ئىزدەپ يۈرگەن دىنىي مىللەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. دۇنيادا يىپەك يولىدىكى بىز ئۇيغۇرلاردەك شامان دىنى، مانى دىنى، ئاتەشپەرەسلىك، نىستورىيان (خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى)، بۇددا دىنى ۋە ئەڭ ئاخىرى ئىسلام دىنىدەك بۇنداق كۆپ قېتىم دىن قوبۇل قىلغان، روھىي مۇكەممەللىك ئۈچۈن كۆپ قېتىم ۋاز كېچىشكە تەۋەككۇل قىلالىغان يەنە بىر مىللەت بولمىسا كېرەك. دېمەك، «سالغا تېشى» ناملىق بۇ داستاندىكى ئۇيغۇرنىڭ چۆلى روھىي توقلۇقتىن كېلىپ چىققان ھەرقانداق ماددىغا ۋە ماددىي تەرەققىياتقا موھتاج بولماسلىق ئارقىسىدىكى زامان، ماكانىنىڭ تەبىئىي چۆلى. مانا بۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ، ئۇيغۇر بىلەن پەرەڭنىڭ، بوغدا ئابدۇللا بىلەن ئېلىيوتنىڭ پەرقى. بۇ خىل ھازىرقى دۇنيادىن، تەرەققىيات ئىچىدىكى 20 - ئەسىردىن ئايرىلغان يىپەك يولىنىڭ روھىي سۈكۈت ئىچىدە شۇنى كۆردىكى مەدەنىيەتنىڭ شىددەتلىك ئاسسىمىلياتسىيىسى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنى ئاللىقاچان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە غەرق قىلىپ، ئىسمى بار خاسلىقى يوق؛ دۆلىتى بار، ئەنئەنىسى يوق ھالەتتىكى يوقىلىش گىردابىغا ئېلىپ باردى. بىراق، يىپەك يولى بويىدىكى بۇ قەدىمىي مىللەت ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ

قارايدىغان بولساق، بىر پۈتۈنلۈكنى، بىر سىستېمىنى، بىر ئوق يىلتىزنى بايقايمىز، يەنى بۇ شېئىرلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئېرلاندىيىنىڭ ئېتنىك مەدەنىيىتى، قاراڭغۇ تارىخى ۋە روھىي يىلتىزىنى باشقا يول بىلەن ئىزدەش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز.

شائىر بوغدا ئابدۇللامۇ شېئىر ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىگۈچى. شائىرنىڭ نەزىرىدە تەكلىماكان بويىدا ياشاۋاتقان بۇ قەدىمىي مىللەتنىڭ يىلتىزى — قۇم. بىز قۇمغا يىلتىز تارتتۇق قۇم ئۈستىدە مەدەنىيەت ياراتتۇق، ھەم ئۇنى قۇم ئاستىغا كۆمۈۋەتتۇق. «سالغا تېشى» داستانىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بۇ چەكسىز قۇملۇق گويا ئۆزى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقان قەدىمىي بىر مىللەتنىڭ سۈكۈتلۈك روھى.

چوڭقۇر بىر سۈكۈت
ئۇنىڭ ئىچىدە بىر سۇزۇك تامچە،
ئۆسۈپ ئۆسكەندەك سەدەپتە
بىباھا بولىدۇ بارغانچە.

شائىر روھىنىڭ بۇ سۈكۈتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بەزىدە تەرتىپتىن، ئەقلىي تەپەككۇردىن، سۆز بىلەن سۆزنىڭ گراماتىكىلىق باغلىنىشىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇزىكىدىن، باشقا ھېچنېمە يوق بىر قۇپقۇرۇق بوشلۇقتا بارلىق ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ شېئىرنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. خۇددى شائىر سىماس ھېينىنىڭ «يېزىققا كىرگەن ھېسسىيات» ناملىق ماقالىسىدە دېيىلگىنىگە ئوخشاش بەزى مىسرالار مەزمۇنىنىڭ ئەمەس، سۆزلەرنىڭ تەبىئىي رىتمى ئاساسىدا داۋاملىشىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك داستانىنىڭ ئالتىنچى بۆلىكىدە گەۋدىلىك بولۇپ، چۆلنىڭ تەنھالىقىدا ئۆسكەن يېشىل توغراق گويا ئايالنىڭ سىيماسى سۈپىتىدە ئەر مىللەتنىڭ چۆلدەك سوزۇلۇپ ياتقان روھىي دۇنياسىغا نەپىسلىك، ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ.

«دەشت چاڭقىغان قەلبتۇر ئەجەبمۇ چاڭقاق» ئۇنداقتا بۇ

مەلۇم بىر غايىب شەھەرگە كىرىپ قالغاندەك، تۆگىلەرگە مال ۋە مەدەنىيەت يۈكلەپ ماڭغان قەدىمىي كارۋانلارنىڭ گاھ يوقىلىپ گاھ جاراڭلاپ تۇرغان كولدۇرمىلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ۋە قەدىمىي يىپەك يولى روھىنىڭ قۇملۇق ئۈستىدە جىمجىت سىلجىۋاتقىنىنى تۇيغاندەك بولدۇم.

بىراق، مەن شائىر بوغدا ئابدۇللا يازغان «سالغا تېشى» ناملىق داستاندىن شائىرنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى، بىزنى، بىزنىڭ ئېغىر رېئاللىقىمىزنى تاشلىۋېتىپ تەبىئەتكە قايتقانلىقىنى، قەدىمكى دەۋرگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم بۇ شائىرلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن مەڭگۈلۈك سەرسانچىلىقتۇر. ئەمما ئۇلۇغ، ۋىجدانلىق، پېشۋا شائىرلار بىزنىڭ خەلقىمىزدەك بۈيۈك خەلقنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزدەك روھىي ئازابلارغا باي قىسمەتلىك رېئاللىقى ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋەرمەسلىكى، ھېچبولمىغاندا بىرەر مىسرادا بولسىمۇ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىغا مەردانىلىك بىلەن ئورۇن بېرىشى كېرەك دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، بىز ھامان بىر كۈنى يىلتىزىمىزنى تېپىۋېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، بىز يىلتىزىمىزنى تاپقان ئۇ چاغدا بىردىنلا بۈگۈنىمىزنىڭ غايىب بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالساق بىز ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تراگېدىيە بولامدۇ؟!

1995 - يىلى 11 - ئاي

ۋاك – چۇكىلىرىدىن خېلىلا يىراق ھالدا غايەت زور نېفىت بايلىقلىرى بىلەن تولغان قاقاس زېمىن ئۈستىدە يەنىلا ئەنئەنىۋى ئېپتىدائىي تېرىقچىلىققا تايىنىپ سېرىقتال تۇرمۇش بىلەن ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ ئەپسانىلىرىنى، ئېتىقاد ئاساسىدا مۇكەممەللىككە يەتكەن قەدىمىي يىپەك يولى روھىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

ئاقىقان، قوشۇلغان، يۇغۇرۇلغان
تىكلەنگەن، ياشىغان، گۇمۇرۇلگەن .
تۇغۇلغان، سۆرىگەن، سۆرەلگەن
تىرماشقان، قىر ئاشقان، نان يېگەن.
قارا قۇرۇمدىن ئىدىقۇتقىچە
خان سارايلىرى، ئىبادەتخانا
ئالتۇن مەبۇد ۋە ئالتۇن چىراغ
بىلگەن راست دەر، بىلمىگەن ئەپسانە.

خوش، بىر مىللەت روھىنىڭ شۇنداق گۈزەل ئەپسانىۋى تۇيغۇلىرىنى ئۆزىگە سىغدۇرغان بۇ ئېسىل ئەسەرنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى قانداقتۇر؟ مەن بۇ داستاننىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقى قۇرۇلمىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكى دەپ قارايمەن. بۇ ئەسەر باشلىنىشىدىنلا گويا بېشىدىن باشلانمىغاندەك، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا يەنە بوشلۇق باردەك ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنداق ئېيتالايمەنكى ئەسەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى مەلۇم مەقسەت ئاساسىدا تەرتىپ بويىچە تىزىلغان ئەمەس. مەن داستاننىڭ بىرىنچى قىسمى بىلەن يەتتىنچى قىسمىنى ۋە باشقا قىسىملىرىنىڭ رەت تەرتىپىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپمۇ ئوقۇپ باقتىم. لەززەت يەنىلا ئوخشاش. داستان گويا قەدەھكە پاتماي تېشىپ كېتىۋاتقان مەيدەك ئۆز – ئۆزىگە سىغماي، ئۆز قۇرۇلمىسىنى ئۆزى بۇزۇپ، ئۆز رىتىمىدا ئۆزى چېقىلىپ بارىدۇ. مەن ئۆزىنىڭ ئىچكى رىتىمى بىلەن شېغىل تاشلار ئۈستىدە ئېقىۋاتقان سۇدەك ئۆلىنىپ ماڭغان نەپىس مىسرالارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا گويا تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى

بىلىملىرى ، كومپيۇتېر ، پۇل ياكى باشقا نەرسىلەر . . . ھامان بىر كۈنى ئادەملەرنىڭ سىقىپ چىقىرىلىشى ئېھتىماللىقلىرى ئىچىدە ماكان تېز سۈرئەتتە توشماقتا . ئادەملەرنىڭ مەۋجۇتلۇق ئورنى كىچىكلەپ ئادەملەرگە ئادەملەردىمۇ ئورۇن قالمىغان ، ھەتتا يېنىدا مىدىرلىغۇچىنىڭ ماشىنا ئەمەس ، ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاي دەپ قالغان . گۈش ۋە قېنىمىز ، گۈش ۋە قېنىمىزدىن پەيدا بولغان ھاياجانلىق تۇيغۇ بىزگە : «سەن تىرىك ئادەمسەن» دەپ خىتاب قىلماقتا . بىز بۇ خىتابنى شېئىرلاردىن ئاڭلاۋاتىمىز . ئۆيلىمىغان يەردىن چىمەنگۈل چىقتى . بىز ئۆزىمىزدىن قورۇنۇپ يۈرەتتۇق . ئۇ قىزلارنىڭ نومۇسچان دۇنياسىنى ئەسەبىيلەرچە ئاشكارىلاپ «ئەي ئادەملەر ئۆزۈڭلارغا قايتىڭلار ، شېئىر مانا بۇ يەردە» دەپ چاقىردى . بۇنداق جۈرئەت بىزدە كەم ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر تەۋەككۇلچى قىز . سەممىيلىك ۋە ئالدىراقسانلىق بىلەن ئېيتقاندا ، ياش شائىرنىڭ بۇ تۇنجى توپلىمى بىر سەبىي قىزنىڭ ئاستا - ئاستا رەسىدە بولۇپ چوڭلار قاتارىغا قېتىلغانلىقىنىڭلا ئەمەس ، بەلكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭى بىر تۇيغۇنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى دېسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق بولار .

قەدىمكى زاماندا پەيغەمبەرلەر ياكى پىرىخونلار ئۆزلۈكتىن ھالقىغان ئالاھىدە تۇيغۇ ئارقىلىق غايىبانە روھ بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇراتتى . ھازىرقى كىشىلەر ئارىسىدا رېئاللىقتىن ھالقىغان بۇ خىل ئالاقە شائىرلارغا قالدى . شائىرلار ئۆزىنىڭ تۇغما تالانتى ۋە بەدىئىي ماھارىتى بىلەن سۆزلەرنى سېھىرلەپ شېئىردىن ئىبارەت بۇ سېھىرگەرلىك قورالىغا ئىگە بولدى . چىمەنگۈل دەل شۇ ئالاھىدە نوپۇزى بىلەن بىزنىڭ شېئىردىن زوقلىنىنىش ئادىتىمىزگە تەھدىت سالغاندەك قىلىدۇ . ئۇ سۆزلەرنى سىرلىق ۋە نازۇك كەيپىياتقا ئىگە قىلالايدۇ . ئۇ ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىدىن يېقىملىق ئاۋازىنى ، سۆز مەنىلىرىدىن گۈزەل ئېچىرقاشنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ .

# شېئىرنىڭ بىر قانىتى

يامغۇرلۇق كۈنلەردە غېرىبسىنىۋاتقىنىمغا توپتوغرا ئۈچ يېرىم كۈن بولدى . دېرىزە ، يامغۇر ۋە خىزمەت ئارىسىدا مەن ئۈچۈن شېئىر مىسرالىرىدەك گۈزەل بىر قۇرۇلما مەۋجۇت بولمايۋاتاتتى . تار ئىشخانامدا خىزمەتداشلارنىڭ ئەھمىيەتسىز سۆزلىرى ۋە شەيئىلەرنىڭ مېنى كۆزىتىۋاتقان نامەلۇم كۆزلىرى مەنىسىزلىكىمنى چوڭقۇرلاتماقتا ئىدى . دەل شۇ چاغدا ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى ، ئارقىدىن يەنە يېپىلدى . لېكىن ، ھېچكىممۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سىرتتىن كىرگۈچىنىڭ ئادەم ياكى قۇرتلىقىنى بىلىپ بېقىشقا قىزىقمىدى . . . ئەنە شۇنداق چاغلاردا ، ئەنە شۇنداق دەۋرلەردە ئادەمنىڭ شېئىرغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ، شېئىر بولمىسا ھاياتتىكى بوشلۇقنىڭ چەكسىز كېڭىيىپ مەنىسىزلىك ئىنسانىيەتكە تەھدىت سالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن . ياش شائىرە چىمەنگۈل ئاۋۇتنىڭ «تەتۈر چېقىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئۈشتۈمتۈت قولۇمغا چىقىپ قېلىشىمۇ مانا شۇنداق روھىي موھتاجلىقتىن بولسا كېرەك .

زامانىنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا ھاياتلىق ھازىرقى كىشىلەرگە يېڭى بىر خەۋپتىن سىگنال بەرمەكتە : ھەر كۈنى ئەتراپىمىزغا توشۇپ كېتىۋاتقان قۇرۇلمىلار ، شەيئىلەر ، ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرىنى ئىگىلىگەن پەن - تېخنىكا

بولىدىغان ئاۋازلار بىلەن تولغان. ھېسسىيات جەھەتتە پىشقان بىر قىزنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىكى نازاكەتتىن سۆز جۈملىلىرىدىكى ئىچكى مەنىنى جەزمەن ھېس قىلالايدىغان ھەقىقىي ئەرنىڭ كۆزى بىلەن قارىغاندا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەسلىدە بېسىلغان يوشۇرۇن ئاڭنى پارچە - پارچە كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئىپادىلەيدىغان ھازىرقى زامان رەسىملىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى، ئاياللارغا ئورتاق كۈچلۈك بىر ئارزۇنىڭ ياكى ئېيتىشقا بولمايدىغان مەخپىيەتنىڭ رىتىملىق تىۋىشقا ئىگە سۆزلەر ئارقىلىق ئاشكارىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

بۇ توپلامدىكى شېئىرلار قىسقا بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇنلىرى بىرنەچچە كۇپلېتتىن ئاشمايدۇ. بۇنداق توساتتىن باشلاپ تېز ئاخىرلاشتۇرۇش شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل ئەمەستەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. شېئىر مەڭگۈلۈك روھىي قانائەتسىزلىكنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن، بەلكىم مۇكەممەل بولماسلىقىنى شېئىرنىڭ خاسلىقى دېيىشكە بولار. بىراق، چىمەنگۈلنىڭ بۇ خىل ئىنچام قۇرۇلمىنى تاللىۋېلىشى يەنە بىر تەرەپتىن مەنە لەززىتىنىڭ ئىنتايىن قىسقا داۋاملىشىشى بىلەن ئاياللار ھېسسىياتىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلمايدىغان، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نازۇك خاراكتېرىنى ئىپادىلەش رولىغىمۇ ئىگە بولغان. ئومۇمەن بۇ شېئىرلاردا قىزلاردىكى ھېسسىياتچانلىق، ناز ۋە گۈزەل ئەسەبىيلىك، ئەرلەرگە سېلىنغان يوشۇرۇن تەھدىت، تۇيغۇ گۈزەللىكى ۋە ئەقىلنىڭ سەلتەنەتى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ گارمونىيىلىك رىتىم پەيدا قىلغان.

ئىجادىيەتنىڭ قۇۋۋەت مەنبەسى بولغان يوشۇرۇن ئاڭ ئىنسان روھىي دۇنياسىنىڭ پارلاق قاراڭغۇلۇقىدا جىنسنى مەركەز قىلغان ھالدا توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. شېئىر ئىنساننى تەتقىق قىلىشتىكى ئۆزگىچە يولى بىلەن روھىي دۇنياغا ئىچكىرىلەپ كىرىش جەريانىدا ھامان ئىنساننىڭ جىنسىي مەخپىيىتى بىلەن ئۇچراشماي قالمايدۇ. شېئىرنى

تۆكۈلەر ھال رەڭ گۈل تۇپراقتا سىم - سىم،
مۇڭلانغان كۆزگىمۇ ئوخشىماس قۇياش.
سەزدىڭمۇ سەنمۇ، ھەي بىتەلەي بالا
غېرىبلىق ئەۋجىدە گۈزەلكەن ياشاش.

ئۇ پېرىخون ئەمەس، لېكىن شېئىرلىرىدا تۇيغۇ ئارقىلىق ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە ھەيران قالارلىق سېھىر ئاتا قىلىدۇ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ھەممە نەرسىنى ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلىدىن بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز تارىخىدا كۆپ دىنلار بىلەن ئۇچرىشىشى جەريانىدا شەكىللەنگەن سىرلىقلىقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلانغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنە ئىپادىلەش ئەنئەنىسىگە قارشى چىققانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن باشقا «تەتۈر چېقىن»، «ئۇششۇگەن نەپەس»، «روھلارنىڭ قار باسقان جىيەكلىرى»، «ھىجراننى كۆيدۈرەر ئاپئاق چۈشىدە» دېگەنگە ئوخشاش مەنىگە ئەمەس، مەنىسىزلىككە ئىگە قىلىنغان سۆزلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شائىرنىڭ بۇنداق جۈملە تۈزۈشلىرىگە قاراپ بەلكىم ئۇيغۇر تىلىنى تولۇق بىلمىسە كېرەك دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. ناھايىتى ئېنىقكى شائىرنىڭ شېئىر يېزىش مەقسىتى سۆز ئارقىلىق مەنىنى ئىپادىلەش ئەمەس. ئۇ شېئىر يازغاندا تەجرىبىگە قارىغاندا تۇيغۇغا، رېئال تۇرمۇشقا قارىغاندا ئۆز سەزگۈسىگە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ بىر خىل ئالاھىدە تۇيغۇنى، دەقىقىلەر ئىچىدىكى ھاياجاننى قوغلاشقان. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى نىسبەتەن تۇتۇق بولۇپ، شائىر ناز ۋە جىلۋە بىلەن شېئىرلىرىنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالغاندەك ياكى ئۆزىنى توختىماي ئەپقېچىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەرخىل ئىماگلار (ھېسسىي ئوبرازلار)، تۈرلۈك مەنىدىكى ئىما - ئىشارەتلەر ۋە ئاڭلىغىلى

سىلۋىيە پىلاس بىلەن ئاننى سىكىستوننى ئېسىمىزگە سالىدۇ. چىمەنگۈل قىزلارنىڭ تەنھالىق ئىچىدىكى نازۇك غالجىرلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

تاتلاپ باقتىم تاملارنى ئاچچىق
سىرغىمىدى لېكىن ئىسسىق قان . . .
—— «بۇقۇلدايدۇ ئەينەك خىرامان» دىن

شېئىردىكى كەيپىياتنى سىلۋىيە پىلاسنىڭ «ئۆلۈش ۋە تاۋار ماركىسى» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسراغا سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا بولىدۇ.

Muster bating a glitter
(ئانانىزىم قىلماقتا پارلاق . . .)

ئالدىنقىسىدا يالغۇزلۇق ئەۋجىدىكى ھاياجانلىق دەقىقىلەردە شائىرە تامنى ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، تامغا قان ۋە جان ئاتا قىلىدۇ. ھېسسىياتنى ئىماگ (ھېسسىي ئوبراز) نىڭ ياردىمى بىلەن يوشۇرۇن، سىمۋوللۇق ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ۋاستىلىك ئىپادىلەشتىن شەرق قىزلىرىنىڭ نومۇسچان خاراكتېرىنى ۋە شەرقچە تەپەككۇرنىڭ سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. ئەكسىچە جىنسقا سەنئەت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدىغان، ئېچىۋېتىلگەن بىر جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان سىلۋىيە پىلاس تەن ئىستەكلىرىنى سۆزلەرنىڭ ئوچۇق ۋە ئۆزگىچە جايلىشىشى ئارقىلىق بىۋاستە ئىپادىلىگەن.

جىنس ــ ئەڭ قەدىمكى دىنىي پەرز. شېئىرىي يول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى تەتقىقات جەريانىدا شائىرلار توساتتىن دىنىي تۇيغۇ بىلەن جىنسىي ئاڭنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىتتا كېسىشىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ گۇم بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە ساماۋى

باشلاپ ماڭغۇچى ئەمەس ، شېئىرنىڭ رىتىمىغا جور بولغۇچى شائىر ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئېگىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشپادىلەيدۇ . قارىغاندا چىمەنگۈل ئۆز سەزگۈسىگە تايىنىپ شېئىرنىڭ بىر يۈنۈلۈشىنى بايقىۋالغاندەك قىلىدۇ . مەن شائىرنىڭ يېقىندا «كروران» ژورنىلىدا ئېلان قىلغان «توي كېچىسى» ناملىق شېئىرنى كۆرگەندىن كېيىن توپلامدىكى بەزى شېئىرلاردا بېشارەت بېرىلگەن يېڭى تۈيغۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىدىمۇ داۋاملىق پىشىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يوشۇرۇن ئاڭدىن ئۇرغۇپ چىققان نازاكەتلىك غالجىرلىق بار . قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن تىرىك ئايالنىڭ رىتىمى ۋە ئاۋازى بار .

> خىرە نۇر باغرىدا ئۇنلىندى كېچە
> ئىلاھىي ھەسرەتكە سىغدالىسا تۇرقۇم .
> سەزمىدىڭ ۋە لېكىن ئوتلۇق تېنىمنى
> قۇچاقلاپ تۇرۇشقا يېتەتتى قۇربۇم .
> . . . . . .
> سىقىلغان ئىستەكلەر شاۋقۇنلىغان چاغ
> بىلمىدىم يەتمىدىم نېچۈن قەدرىڭگە .
> — «ئايرىلىش» تىن

شائىر مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە كۆپلىگەن ئۇيغۇر شائىرلىرىغا ئوخشىمىغان يول تۇتتى . ئۇ تەنىنىڭ ئىستەكلىرىگە ، ئىنسان تەبىئىتىگە كۆز يۇمىمىدى . ئىنساننىڭ جىنسىي ئېگىنى چاقناتتى . تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇ كۈچلۈك ئەنئەنىۋى قاراشلار ئىچىدىكى بىر مىللەتتە قاپ يۈرەكلىك بىلەن تەۋەككۈلچىلىك قىلدى . تەۋەككۈلچىلىكنىڭ دەرىجىسى ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە سېلىشتۇرۇشقا تېخى بالدۇر بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئىزدىنىش يولى ئامېرىكا ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىكى ئىككى شائىر

بىر نەرسىلىكىنى قەيت قىلدى. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئادەمگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى، گۇناھ سادىر بولغان شۇ جايدا كىشىلەرنىڭ جەننەتكە، قەلبىدىكى تۇنجى تۇيغۇغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى.

ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان ئايال شائىرى ئادرىئەنى رىچ (1929 ــ ) «جىنس بولسا شەخسنىڭ، سىياسەت بولسا دۆلەتنىڭ، بۇلار بىر ــ بىرىگە قارىمۇ قارشى نەرسىلەردۇر» دەپ ئېيتقانىدى. مېنىڭچە ئىنسانلارنىڭ داۋاملىشىشى يەنىلا جىنس بىلەن سىياسەتنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرغان ھازىرقى دۇنيادا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلانغۇچى ھەربىر شائىر شېئىرلىرى ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان كىشىلەر توپىنىڭ ھاياتلىقىغا ۋە تەقدىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. چىمەنگۈل تۇيغۇسىنى قانات قىلىپ شەخس سۇپىتىدىكى ئىنسانىنىڭ قاراڭغۇ دۇنياسىدا پارلاق پەرۋاز قىلدى. بىراق، ئۇ شېئىرلىرىدا ياراتقان بۇ تىرىك ئادەمنى ئۇيغۇر ياكى فرانسۇز دېسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئۇ پەقەت ھېسسىياتقا، شەھۋەت تۇيغۇسىغا ئىگە بىر ئادەم، خالاس! يات ئەللەرنىڭ شائىرلىرى بىزنى چۈشەنمەيدۇ. بىز دادىللىق بىلەن باشقا ئەل خەلقلىرىگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويالايدىغان بولۇشىمىز كېرەككى، ھازىرقى دۇنيادا ئازاب مىللىيلىككە ئىگە، بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش شېئىرىدىن تەسەللىي تاپقۇچى بىر مىللەت ئۆز شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆزىنى كۆرۈشنى، پۈتۈنلەي ساپ سەنئەت مۇددىئاسىدىكى ئابستراكتنى ئادەمنى ئەمەس، ئۇيغۇرغا تەۋە رېئاللىقتىكى كونكرېتنى ئادەمنى كۆرۈشنى خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياۋى شائىر بولۇشقا قارىغاندا ئۇيغۇر شائىرى بولۇش تېخىمۇ تەس ۋە شەرەپلىك!

خۇدانىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن ۋەھىيلىرىدە ۋە قەدىمكى مۇراسىملاردا شېئىر ئېتىقادنى ئىپادىلەشتىكى مەخسۇس شەكىلگە ئايلانغان. شېئىرنىڭ مۇقەددەسلىكى بىر تەرەپتىن شېئىردىكى پىكىرنىڭ مۇقەددەسلىكىدە ئىپادىلەنسە، يەنە بىر

كىتابلاردا بېرىلگەن بەزى ئۇچۇرلاردىن ، تورمۇشىمىزدا پەيدا بولىدىغان گۇناھ تۇيغۇلىرىدىن ، شائىر بىتۇيۇق تورغاندا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تاسادىپىي يېزىلىپ قالغان بەزەن شېئىرلاردىن بىز دىن بىلەن جىنسنىڭ سىرلىق باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . ئۇنداقتا ئەمدىلەتىن ئۇياتلىق ئىستەكلىرىنى ئاشكارىلاشقا باشلىغان بۇ شائىرەنىڭ شېئىرىدا دىنىي مۇقەددەسلىك بىلەن ھېسسىيات بەخۇاشلىقى قانداق ئىپادىلەنگەن ؟ ئۇ «كۆت» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ :

كۆت مېنى خىيانەت ، كۆت مېنى ئەركىم
كۆت مېنى ئىللىق تۈن — مۇقەددەس گۇناھ .

شائىر كىمگە خىيانەت قىلماقچى ؟ مۇقەددەس گۇناھ زادى نېمە ؟ دىنىي تەپەككۇر ئارقىلىق بىز بۇ شېئىردىكى گۇناھنىڭ ئەسلىي گۇناھ ئىكەنلىكىنى ، شائىرە بۇ يەردە سۆزلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ، چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز . جىنس — بۇ ئاللانىڭ ئامانىتى ، شەيتان بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلدى . شەيتاننىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئادەم بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ ، ئۆلمەس بولدى ، (نەسىل قالدۇرۇپ نەسلى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتى ) گۇناھكار بولدى . . .

شائىرەنىڭ دىنىي قارىشى ۋە ئىسلام دىنى بىلەن بولغان رېئال مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىكلىكى بىزگە نامەلۇم . ئەمما ، ئىستىخىيىلىك ھالدا بىر دىنىي مىللەتنىڭ تەپەككۇر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى شائىرە يوشۇرۇن ئالغ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان شېئىر يېزىشتىن ئىبارەت غايىۋى ئىجادىيەت جەريانىدا ئۇدۇملۇق كوللېكتىپ تۇيغۇنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلىدى . شېئىر ئارقىلىق جىنسىي پائالىيەت بىلەن دىنىي ئەپسانىلەردىكى مۇقەددەس گۇناھنىڭ

لىرىكىلارنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن تۈكۈلۈپ تۇرغان تەنھالىقتا مۇھەببەت ئىگىسى بولغان ئاشىقنى تېپىش تەس. ئاشىق گويا يوقتەك، ئۇ گويا ئىنسانغا ئەمەس، بىر غايىۋى زاتقا، يوقلۇققا بولغان مۇھەببەتتەك تۇيۇلىدۇ. مەن دەل شۇ نۇقتىدا بۇ مۇھەببەتنى قەدىمكى شېئىرلىرىمىزدا ئىپادىلەنگەن ياراتقۇچىنىڭ مەۋھۇم ئوبرازىغا ۋە ئىسلام دىنى كىرگەندىن باشلاپ تا يېقىنقى دەۋلەرگىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دەۋر سۈرگەن سوپىستىك شائىرلارنىڭ غايىۋى يار ـ مۇكەممەل ئىشق ئىگىسى ئاللاغا بولغان ئاشىق ـ بىقارارلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلدىم. شۇنداق بولغاندا ئىدى، تەپەككۇر ئەنئەنىمىزدىكى ئۈزۈلۈپ قالغان بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، يوقىتىپ قويغان بۈيۈك تۇيغۇلىرىمىزغا قايتا ئېرىشكەندەك بولاتتۇق!

شائىر بۇ تۇنجى توپلىمى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى قىزلارنى تېخىمۇ نازاكەتلىك ۋە سۆيۈملۈك قىلدى. ئۇنىڭ سېھرى بىلەن قىزلار پەرىزاتقا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ سەممىيلىكى بىلەن بىز بۇ پەرىزاتلارنىڭ ئادەملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەر ۋاقىت بىزگە ئوخشاش قىزغىن ھاياجان ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى بىلدۇق. ئۇنىڭ شېئىرىدىكى تەۋەككۈلچىلىكى ئىنساننىڭ ئېيتقىلى بولمايدىغان جىنسىي مەخپىيەتتىنى ئەپسانىگە ئايلاندۇرۇش، بىراق ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر جۈپ سىرلىق قانىتى بولغان دىنىي تۇيغۇ بىلەن جىنسىي ئاڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ قانداق قىلىپ ھەقىقىي ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە بولۇشى ھازىرغىچە ھەربىر دەۋرگە خاتا تۇغۇلۇپ كېلىۋاتقان تالانتلىق شائىرلار ئورتاق دۇچ كەلگەن مەسىلە، ئۇنداقتا چىمەنگۈل بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىدۇ؟

بۇ سوئالغا شېئىرىيەت پەرىشتىسى جاۋاب بەرسۇن!

1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېزىلدى.

تەرەپتىن شائىرنىڭ شېئىرغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىز بۇ دەۋرگە كەلگۈچە ئۇرغۇن ئەرسىلىرىمىزنى يوقىتىپ قويدۇق. بىراق، شېئىردىن ئېخى پۈتۈنلەي مېھرىمىزنى ئۈزگىنىمىز يوق. ئۇ بىزگە بۇرۇن بار بولغان ئەرسىلەرنى ئەسكە سالىدۇ. كەلگۈسىدە قايتىپ كېلىدىغان ئەرسىلىرىمىزدىن بېشارەت بېرىدۇ. ھاياتتىكى بارلىق ئىمكانىيەتلىرى ئارقىلىق ئېتىقادنىڭ مەڭگۈ يوقالمايدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا مەرھۇم شائىر ئىمشېھىت (1906 - 1972) شېئىرنى تاھارەت بىلەن يازىدىكەن. بىتاھارەت قولىغا قەلەم ئېلىشنى شېئىرغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ بىلىدىكەن. بىز ئۆزىمىزنىڭ يېڭىلىقنى ئىنتىلىش ۋە دادىل ئىزدىنىشلىرىمىز بىلەن خىلۋەت بىر زېمىندا دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا يانداشىپ كېتەلەيدىغان بولساقمۇ، لېكىن شېئىرنىڭ قەدىمكى مۇقەددەسلىكىدىن ئېيتقاندا بۇ دەۋردىكىلەر شېئىرغا لايىق مۇئامىلىدە بولالمىدۇقمىكىن دەپ ئويلايمەن. بىز شېئىرىيەت تارىخىمىزدىكى مانى دىنى شېئىرلىرى، بۇددا دىنى شېئىرلىرى ۋە ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى ئاجايىپ پاساھەت بىلەن يېزىلغان تەسەۋۋۇپ شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساق؛ شېئىرنىڭ ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئالەم بىلەن ئىنسان مەۋجۇتلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى رىتىمنى ئىزدەپ تۇرلۇك دىنلارغا تەۋەككۇل قىلغان بىر مىللەت روھىنىڭ بۈيۈك ئاۋازى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا دەۋرىمىزدىكى كۆپ شېئىرلارنى ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا پەقەت ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى تار دائىرىلىك ئالاقە قورالى، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بايرام ۋە پارچە - پۇرات ئىشلارنىڭ ئەرزىمەس خاتىرىسى دېيىش مۇمكىن.

چىمەنگۈلنىڭ توپلىمىنى ئوقۇش جەريانىدا ئۇنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىسى، يەنى بىر قەلبنىڭ ئازابلىق تارىخى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەمما، بۇ

تۈنىيازنىڭ ئۆمۈچۈك تورىغا كىرىشكە ئۈرۈنۈپ باقاي!

## 1. ئۆمۈچۈكنىڭ ئەپسانە قاتىلىمى

ئۆمۈچۈك بالىسىدەك كىچىك چاغلىرىم ئىدى. دادام بالا ئوقۇتمەن دەپ يېزىدىن ـ يېزىغا كۆچۈپلا يۈرەتتى. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ زادى نەچچە يېزىدا چوڭ بولغىنىم ئېسىمدە يوق. ئېشقىلىپ ھەممىسىلا ئۆمۈچۈك، چۈمۈلە، كۆل، بېلىجان بار ـ يېزىلار ئىدى. ئويلاپ باقسام، ئىشقىلىپ مەن بۇلارنىڭ ئىچىدە تولاراق ئۆمۈچۈك بىلەن ھەپىلىشەتتىم. دۇنيادا خۇددى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك خالىغان يەرلەرگە تور تارتىپ يۈرىدىغان بۇ پەرۋاسىز جانىۋارنى ماڭا دىققەت قىلدۇرۇش، ئۆزۈمنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ياغاچ تىقىپ تورلىرىنى چۇۋۇۋېتەتتىم، تۇخۇمىنى ئېزىپ سۈيىنى چىقىراتتىم. مېنى بەك ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئۆمۈچۈكنىڭ سۇ ئۈستىدە مېڭىشى، — چۆكۈپ كەتمەي قۇرۇقلۇقتا كېتىۋاتقاندەك غىلدىرلاپ مېڭىشى ئىدى. كۆل بويىدا ئۆمۈچۈككە قاراپ ئولتۇرۇپ سۇدا ماڭالايدىغان كارامەت بالا بولۇشنى ئويلىغاندىمەن ياكى ئۆمۈچۈكتەك قولى، بېلىقتەك كۆزى، ئادەمدەك بېشى، ئىككى قانىتى بار ئادەمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن بولغىيتىم. ئانام ھەر چارشەنبە كۈنى ئەتىگەندە «مەينەت ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن پەرىشتە ئاتلىمايدۇ» دەپ بىز قوپۇپ بولغۇچە بوسۇغىلارنى يۇياتتى. ھويلا ـ ئارامىلارنى تازىلاپ، ئۆمۈچۈك تورلىرىنى سۈپۈرەتتى. (پەرىشتە كىرىدىغان كۈنى دەپ ئوراپ كەتكىنى ئۈچۈنمىكىن چارشەنبە ھازىرغىچە ماڭا بەك خاسىيەتلىك). بىزنىڭ لاي سۇۋاق ئۆيلەرنىڭ تام ـ تورۇسلىرىدا، ئېغىلدا، ئايۋاندىكى تال باراڭدا ھەممىلا يەردە ئۆمۈچۈكلەر تور تۇتۇۋالاتتى. لېكىن، ئانام ئۆي تازىلىغاندا بۇ ئۆمۈچۈكلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتمەستىن سۈپۈرگىگە ئاۋايلاپ ئېلىپ تالاغا تاشلىۋېتىپ كىرەتتى. ئۆلتۈرۈۋەتسە قىساسى تۇتىدۇ دەيتتى. بىز «دۆ» دەپ

# ئۆمۈچۈك ، شېئىر ۋە تەپەككۇر قاتلىمى

يېقىندا خەت تاپشۇرۇۋالدىم . خەت يازغۇچىنىڭ ئىسمى ، چىرايى ماڭا پۈتۈنلەي ناتونۇش ، سوئالى بولسا خېلىدىن بۇيان تونۇش ئىدى . « . . . شېئىرلىرىڭىزدىكى ئۆمۈچۈكلەر مېنى ھەيران قالدۇردى . ‹ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى› ، دېگەن بىر داستاندىلا 30 يەردە ئۆمۈچۈكنىڭ ئىسمى بار ئىكەن . ھەربىر شېئىرىڭىزنى دائىم بىر ئۆمۈچۈك تورىدەكلا ھېس قىلىمەن . شېئىرلىرىڭىزدىكى ئۆمۈچۈك زادى نېمە؟ . . » . قارىغاندا ئوقۇرمەنلىرىم ئۆمۈچۈك ئوردىسىدىكى شېئىرىيەت پەرىشتىسى بىلەن ئەمەس ، بىۋاستە مەن بىلەن مۇڭدىشىپ بېقىشنى خالىسا كېرەك . راستىنى ئېيتسام ، ھەر قېتىم شېئىرىمنىڭ قانداق يېزىلغانلىقىنى ، بولۇپمۇ شېئىرلىرىمغا ئۆمۈچۈكنىڭ قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن . دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خۇددى نامەلۇم بىرسى قەلەمنى ئېلىپ يېزىپ بېرىۋاتقاندەك . . . شېئىر پۈتكەندە بولسا ئۇ غايىب بولۇپ مايماق-سايماق خەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن قەغەزگە مەن ئىگە بولۇۋالغاندەك . قاراپ باقسام شېئىرلىرىمدا ئۆمۈچۈك خېلى كۆپ تەكرارلىنىپتۇ . ئېھتىمال شېئىردىكى بەزى تۇيغۇلار ئۆزۈمدە بۇرۇندىنلا بار بولۇشى مۇمكىن . مەن ئەنە شۇ ئۆزۈمگە ئايان تەرەپلەرنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ ، باشقىلارغا قارىغاندا بىلىدىغىنى كۆپرەك بىر كىتابخان سۈپىتىدە شائىر ئادىل

تەۋرەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى . دېگەندەك ئارىدىن بەش - ئالتە ئاي ئۆتمەي شۇ ئەتراپتا قاتتىق يەر تەۋرەپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى ، تاملار توپىغا ئايلىنىپ كەتتى ، لېكىن ماڭا يەنىلا ئۆمۈچۈك ھەممىدىن سىرلىق تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭدىن قورقاتتىم . مىجىپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىپ كېتەتتى . بىر قېتىم مەن بىلەن بىللە قوي باقىدىغان بىر يامان بالا كۆلدە كېتىۋاتقان ئۆمۈچۈكنى ھاسىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى . مەن ئەمدى قىساس تۇتۇپ ئۆلۈپ قالىدىغان بولدى دەپ خېلى كۈنلەرگىچە ئۇ بالىغا دىققەت قىلىپ يۈرگەنىدىم . ئاخشاملىرى مەھەللىمىزدىكى بالىلار يىغىلىشىپ چۆچەك ئېيتىشقاندا ئېگىزلىكى يېزىمىزدىكى ئەڭ ئېگىز تېرەكتەك كېلىدىغان ، غارغا كىرىپ بىر ئۇخلىسا 40 كېچە - كۈندۈز ئويغانمايدىغان مەخلۇقنىڭ ئىسمىنى «دۆ» دەپ ئاتىشاتتى . مەن ئۇنى «دۆ» دەپ ئاتىلىدىغان ھېلىقى يوغان قارا ئۆمۈچۈك بىلەن بىر نەرسىدەك ئويلايتتىم . (ساۋاتىم چىققاندىن كېيىن بۇ بەھەيۋەت مەخلۇقنىڭ كىتابلاردا «دۆ» ئەمەس «دىۋە» دەپ يېزىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم ) شۇ سەۋەبتىن كېيىنچە «مىڭ بىر كېچە» نى ئۇقۇغىنىمدا ھەر قېتىم دىۋە دېگەن سۆز ئۇچرىسىلا يوغان قارا ئۆمۈچۈكمۇ ئېسىمگە كېلەتتى . چۆچەكلەردىكى ئادەم چىقالمايدىغان تىك ياردىكى سۇمۇرغ تۇخۇمىنى ياكى قۇملۇقتا يوغان ئاق تاشتەك كۆمۈلۈپ قالغان تۆگە قۇش تۇخۇمىنى كۆڭلۈمدە ئۆمۈچۈكنىڭ بىر تامچە شەبنەمدەك كىچىككىنە تۇخۇمىغا سېلىشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم . ئەمدىلەتىن ناماز سۈرىلىرىنى ئۆگىنىۋاتقان چېغىم بولسا كېرەك ، دادام ھەر كۈنى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» نى ئوقۇپ بېرەتتى . بىر يېرى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدىن مۇشرىكلار قوغلاپ كېلىپ يېتىشىۋالغىلى ئاز قالغاندا ، نائىلاج يېقىن ئەتراپتىكى بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىۋالىدۇ . ئۇزۇن ئۆتمەي دۈشمەنلەرمۇ بۇ

ئاتايدىغان يوغان قارا ئۆمۈچۈك چىقىۋالسا ئادەم ئۈلۈپ
كېتىدۇ ، سىيىپ قويسا كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ دەپ
ئاڭلىغاچقا ئاخشاملىرى ۋەھىمە بىلەن تورۇسقا قاراپ يېتىپ
ئۇخلاپ قالاتتۇق . ئوغرىلىقچە بولسىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە
پېتىنالمايتتۇق . چۈنكى ، جان ـ جانىۋارلارنىڭ قىساسى تۇتسا
ئۆلتۈرۈۋەتكۈچىگە ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا جەزمەن تالاپەت
يېتىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتۇق ، بولۇپمۇ ئاغىمخاندىن چوڭ ـ
كىچىك ھەممەيلەن ھېيىقاتتۇق . ھويلىلاردا ئاغىمخان
ئۇۋىلىغان بولسا ئۆينىڭ چوڭلىرى ئەتە ـ ئاخشاملاردا تام
تۆپىسىگە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئوغرىلىقچە يېمەكلىكلەرنى قويۇپ
قوياتتى . ئاغىمخانىغا كىم چېقىلسا بېشىغا بالا ـ قازا
كېلىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى . بىز ھۆپۈپنى تۇتقان
ئادەمنىڭ قولى تىترىگەك بولۇپ قالىدىغىنىغا ، ھۇۋقۇش
سايرىغان يەرنىڭ چۆللىشىپ كېتىدىغىنىغا ،پاقىنى
ئۆلتۈرۈۋەتسە ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىتا ئۇنىڭ جورىسى كېلىپ
ئۆلتۈرگۈچى قىز بالا بولسا ئەمچىكىنى ، ئوغۇل بالا بولسا
چوچىقىنى شورىۋالىدىغىنىغا ئىشىنەتتۇق . يۈزىگە سەپكۈن
چۈشۈپ كەتكەن باللارنى كۆرسەك ، ئۇلارنىڭ تورغاي
تۇخۇمىنى تۇتۇپ سالغانلىقىنى بىلىۋالاتتۇق . ھېچكىم
ئۆزلىرىنىڭ قاچاندىن باشلاپ جانلىقلارنى مانا مۇشۇنداق
سىرلىق كارامەتكە ئىگە دەپ قارىغانلىقىنى ئېيتىپ
بېرەلمەيتتى . ئۇ پەقەت مەنىسى قەدىمدە شەكلى ھازىردا بولغان
نۇرغۇن ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئالدىنقىلاردىن بىزگە
قالغانىدى . بۇ ئەنئەنە بىزگە ئۆتمۈشنىڭ مەخپىي بەلگىلىرىنى
ئەسلىتىپلا قالماستىن ، كەلگۈسىدىنمۇ بېشارەت بېرەتتى . بىر
چاغلاردا ئاتۇش تەرەپلەردىكى تاغ ئارىسىدىن ئۇدا ئۈچ سائەتكە
يېقىن ئۈزۈلمەي يىلانلار چىقىپ باشقا ياققا كۆچۈپ
كەتكەنلىكى ، بۇلارنى توملۇقى ئادەم بېلىدەك كېلىدىغان
مۆڭگۈزلۈك يىلان پادىشاھى باشلاپ ماڭغانلىقى توغرۇلۇق
گەپلەر تارقالدى . ھەممە ئادەم ئۇ تەرەپلەردە يەر

پەرىزاتلار چۈشەر كەنتكە،
. . . . . . . .

ئۆلۈپ كەتكەن چۆچەكچى بوۋاي،
گەپ قىلماستىن ئىچەر ئىدى چاي.
بىر پەرىشتە كىرىپ توساتتىن،
چىقىپ كەتتى يالىڭاچ ئايال.

بىر بالا
سۇ ئۈزگىلى كېتىپ دەرياغا،
يېزىسىغا كەلمەپتۇ قايتا.
ئايلانغانمىش بېلىققا. . .

— «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى» داستانىدىن

بىر قاراشقا قالايمىقان، بىر قاراشقا رەتلىك تۈزۈلۈشكە ئىگە دۇنيا، كۆچمىدىكى چەكلىك كىشىلەر توپى بىلەن يوقلۇقنىڭ چەكسىزلىكى، باشلىنىشىمۇ ئاخىرلىشىشىمۇ بىرگە تەۋە بولمىغان بۇ ھايات ھەر بىرىمىزنىڭ تەپەككۇرىنى تىنىمسىز غىدىقلاپ رېئاللىقتىن تېخىمۇ كەڭ ۋە ھەقىقىي رېئاللىققا باشلاپ كېتىدۇ. شۇڭا، شائىرلار پەيغەمبەرلەردىن كېيىنكى چەكسىز رېئاللىقتىكى دەل مۇشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرگەن ئۇممەتلەرنىڭ روھىي قۇياشى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ مەنە ئىزدەش جەريانى تەلتۆكۈس يوقلۇق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، تۇغۇم ۋە ئۆلۈمدىن ئىبارەت چەكسىز گۈڭگا ئىككى نۇقتا ئارىسىدا گاڭگىراۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يوپيورۇق شېئىرىي ئىزلارنى قالدۇرۇپ قويىدۇ.

ھاياتلىق پائالىيەتلىرى مېنى قانچىكى غىدىقلىغانسېرى مەن ئالەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن كىچىككىنە ئۆمۈچۈك ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەرچاس باغلىنىشنى، يەككە، تاسادىپىي ماسلىقنى ئەمەس، ئالەمدىكى بىر پۈتۈن شەرتسىز مەۋجۇتلۇق

ئۆگكۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىدۇ. ئېگىشىپ قاراپ باقسا غار ئاغزىغا تارتىلغان يۇپيۇمىلاق ئۆمۈچۈك تورىنىڭ بىر تال يىپىمۇ ئۈزۈلمەي ئۆز پېتى تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يىقىن كۈنلەردە ئۆگكۈرگە ئادەم زاتى كىرىپ باقمىغانلىقىنى پەملەپ، باشقا ياققا ئىزدەپ كېتىدۇ... شۇ چاغدا مەن نامەلۇم سىرلىق هاياجان ئىچىدە ئۆزۈممۇ بىلمەستىن پەيغەمبەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دەرھال تور تۇقۇغان غايىبانە بىر ئۆمۈچۈكنى — ئالەمنىڭ ئىگىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم.

ئەپسانە ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىقى، شائىرلار تولسا ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغان كىچىك بالا. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمنى غىدىقلايدىغان، بالىلىق ئەسلىمىلىرىمنى ئويغىتىدىغان، يوشۇرۇن ئېگىمنى ئاشكارىلايدىغان، قىزىقارلىق، ۋەھىمىلىك، مۆجىزىلىك، بۇ ئەپسانە دەل ئۆمۈچۈك. مەن شېئىردىن ئىبارەت غايىۋى بەلگە ئارقىلىق باشتىن — ئاخىر بۇ ئەپسانىنى خاتىرىلەپ كەلدىم. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى پارچە — پۇرات سەرگۈزەشتىلەر بىلەن مىللەتنىڭ قەلب تارىخى ۋە بالىلىق ئەپسانىلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن كېلىپ چىققان هاياجان رەتلىك ھەم قالايمىقان شېئىرىي قۇرۇلمىنى — ئۆمۈچۈك تورىنى پەيدا قىلدى. مەن شۇنىڭدىن ئىبارەن يوشۇرۇن ئاڭنىڭ قاراڭغۇ، سىرلىق، ئىرماش — چىرماش تورى ئىچىدە تۇرغان ھەقىقىي ئۆمۈچۈككە ئايلاندىم.

قىز كۆزىدەك خىلۋەت كەنتتە،
ياشتەك پارلاق تاغلىق شەھەردە،
مىنىپ يۈرگەن بالا مەن ئىدىم،
پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا.

بازار غايىب بولغان شۇ كەچتە،
ئۆمۈچۈكلەر توقۇيدۇ كەشتە.

ئۈسكۈنىلەر ئالدىدا مەشغۇلات قىلىۋاتقان بىر ئايال ۋە يەنە بىر ئايال ، ۋە ئاخىرلىشىۋاتقان زېمىندىكى ھارارەتلىك سۈكۈنات بۇ جاھاننەما ئەينىكىنىڭ ئىچىدىكى ئوخشاش بىر تەكشىلىكتە ياتىدۇ . ئۇنىڭدا ئالەمدىكى ھەممە نەرسە ۋاقىت تورى ئىچىدە تۇرغان ئۆمۈچۈك . ۋاقىت ئالەم ئىگىسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك سىرلىرىدەك مېنى ھاياجانلاندۇرىدۇ . مەۋجۇت رېئاللىقنى توختاۋسىز يوق قىلىپ ، ئەپسانە يارىتىدۇ . ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىمۇ ئەمەلىيەتتە ۋاقىت قاتلىمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . مەن ۋاقىتنىڭ تەكرار ئېزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا كىرىپ قالغان سىرلىق قەسىردە تەمتىرەپ يۈرۈپ ئالەمنىڭ ۋە ھاياتنىڭ تەنھالىقى ئىچىدە شېئىر توقۇيمەن .

ۋاقىت
ئوخشامدىكىن قومۇشلۇقتىكى
يۇپيۇمىلاق غاز تۇخۇمىغا .
تور ئىچىدە نۇر چېچىۋاتقان ،
ئۆمۈچۈكنىڭ پادىشاھىغا .
— «ۋاقىتنىڭ سىرتىدا»دىن

چەكسىز ئۇزۇن يامغۇرلۇق كېچە ،
ۋاقىت لىكىلدىتىپ نەم قۇيرۇقىنى ،
غېرىبسىنىپ كىرەر ئىشىكتىن .
تۇساتتىنلا ئىشىك ئۆرۈلۈپ ،
پاخپايتقانچە سالۋا چېچىنى .
غېرىبسىنغان مومايغا ئوخشاش ،
كىرىپ كېلەر ۋاقىت سۆرۈلۈپ .
— «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى»دىن

بۇ كۈنلەرگە ئىشەنمە ، دوستۇم ،
ھەممە پارقىرىغان نەرسە ،

سىستېمىسىنى شۇنچە مۇئەييەنلەشتۈرىمەن. دىنىي تەپەككۇرغا مەپتۇن بولىمەن. ماكان جەھەتتىن ئۈمۈچۈك داۋاملىشىۋاتقان بىرلا شەكىلنى، ئۆزى توقۇغان تورنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. زامان بولسا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق بەلگىسى بولمىغان شەك - شۈبھىسىز تېپىشماق، باش - ئاخىرى، سەۋەب، نەتىجىسى يوق قۇدرەتلىك يوقلۇق. ئۈمۈچۈك كۈن چىقىپ تېپىنىچ تورلىرى يالتىرىغاندىن باشلاپ تاكى پايانسىز كېچىدىكى يۇلتۇزلار جىمىرلىغانغا قەدەر خۇددى ئالەم رەسەتخانىسىدىكى ئۇلۇغ بىر كۆزەتكۈچىدەك تىنماي ئىزدىنىدۇ، ۋاقىت ئۇنىڭغا نىسبەتەن گويا بىر سېھىرگەر، كۆرۈنمەس رەھنامە، ھەرىكەت ئىچىدىكى مەۋھۇملۇق. ئۈمۈچۈك ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ. تور توقۇيدۇ. تورنى تەشكىل قىلغان ھەر بىر يىپ ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا رەتسىز، ئارتۇقچە بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما بىر پۈتۈن تورنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا ھەربىرى بىر - بىرىنى شەرت قىلغان، ئۆز - ئارا باغلانغان، كەم بولسا بولمايدىغان مەۋجۇتلۇق قۇرۇلمىسىنىڭ بىر بۆلىكى. مەن ۋاقىتنى شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىمەن. ئۇ - ئالەمدىكى ھەممىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بۈيۈك بىر سىستېما. ئۇ گويا بىر جاھاننەما ئەينەكى، زېمىن بىنا بولغان بىرىنچى كۈندىكى سۈكۈنات، يېشىللىق ئىچىدە ئاچ كۆزلۈك بىلەن مېۋە يەۋاتقان بىر ئەر ۋە بىر ئايال، تاغلارنىڭ چوققىسىدا قۇياشقا قاراپ مۇناجات ئوقۇۋاتقان قەبىلىلەر، دەريا ئىلاھىنىڭ تويى ئۈچۈن تەنتەنە ئىچىدە نىل دەرياسىغا تاشلىنىۋاتقان ساھىبجاماللار، بەيتۇل ھەرەمدىكى جامائەتكە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈۋاتقان رەسۇلۇللا، جەڭ ئاتلىرىنى پەرۋاز قىلدۇرۇپ، يات شەھەرلەرگە بېسىپ كىرگەن ئۇيغۇرلار، ياتلار ئۆز شەھەرلىرىگە بېسىپ كىرىپ، بېشىغا كۈن كەلگەندىن كېيىنكى قەيسەرانە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، قايتىدىن نۇسرەتكە ئېرىشكەن ئۇيغۇرلار، تۆمۈر تاملىق ئېگىز ئىمارەتلەردىكى ناتونۇش

قىلغان بۇ مىللەتنىڭ تىلىدىكى ھەربىر سۆزنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى قېزىپ شېئىرىيەت بارماقچى بولغان ئاشۇ پەللىنىڭ پارلاق غۇۋالىقى ئىچىدە ئۆمۈچۈكنى ئىزدەيمەن . بۇ ئۆمۈچۈك تىل ئوينىغۇچى سېھىرگەرگە ئايلىنىپ ، ئۆزىنى توختىماستىن سۆز ۋە سۆزلەر ئارىسىغا يوشۇرىدۇ . ئەگەر شېئىرلىرىمدا مەلۇم سىرلىقلىق بار دېيىلسە ئۇ دىنىي تۇيغۇغا چەكسىز يېقىنلىشىپ كېتىدىغان مانا شۇ خىل ئالاھىدە تۇيغۇدىن ئىبارەت .

سائەت توساتتىن تۆتتە ،
قارا ئاپتاپ ، تېلېفون ۋەھىمىسى ،
بىر سائەتتىن ئۇزۇن بىر سائەت .
ئېسىمگە كەلمەي قالدى تەمتىرەپ ،
بۇ مىسراغا يازماق بولغان خەت .
جىمجىتلىقنىڭ مەنىسى
مەنە ئەمەس .
—— «مىراجغا چىقىش» دىن

ئىككىنچىدىن ، ئۆمۈچۈكنىڭ مەنىسى ئايال .

مەن شېئىر توقۇۋاتقان ، رېئاللىقىمۇ ، چۈشكىمۇ ئوخشىمايدىغان ، ئويغاقلىق بىلەن ئۇيقۇ ئارىسىدىكى يېرىم مەستخۇشلۇق ھالەتتە تۇرغىنىمدا ئايال پەيدا بولىدۇ . «ئەي ھەۋا بۇياققا كەل» دەپ پىچىرلايمەن ، — «مەيلىڭ بولسا ئۆزۈڭ كەل» دەيدۇ ئۇ ئەركىلەپ . ئايالغا مەپتۇن بولغان ئەر ئەقلىي تەپەككۇردىن ، ئىنسانلاردىن ، رېئاللىقتىن ئايرىلىدۇ . ئەپسانە پەيدا قىلىدۇ . ئەر بىلەن ئايالنىڭ مۇناسىۋىتى مەڭگۈلۈك ئەپسانە . چۈنكى ، ئايال تەبىئەت قوغلاپ چىقىرىلغان قاقاس شەھەرلەردىكى بىردىنبىر تەبىئەت مۇزىكىسى ، ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەپسانىسى . مېنىڭ شېئىرلىرىمدىكى ئۆمۈچۈكمۇ ئەمەلىيەتتە تەبىئەتنىڭ ھەممە گۈزەللىكىنى ، يېقىملىقلىقىنى ئۆزىدە ساقلاپ قالغان ، ماڭا ھېچكىم ، ھېچ نەرسە ، دۇنيانىڭ

هەممە قورقۇنچلۇق نەرسە،
هەممە ئىگىلەنگەن نەرسە،
ۋاقىتنىڭ تورىغا چۈشكەن بىر بېلىق،
— «سىرلىق مەنزىرە». دىن

2. ئۆمۈچۈكنىڭ مەنە قاتلىمى

ئەڭ ئاخىرىدا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگىنىمىزنى ھېس قىلىمىز، بەلكى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىمىز. مەۋجۇتلۇقنىڭ قۇپقۇرۇقلۇقى بىزنى ھامان مەنە ئىزدەشكە قۇترىتىدۇ. مەنە بولسا ئۆمۈچۈك تورىدا سىمابتەك پارقىراپ تۇرغان يورۇقلۇق. شېئىرىي تۇيغۇ ئىچىدىلا بىز ئۇنىڭ غىل - پال مەۋجۇتلۇقىنى سېزىمىز، چۈنكى شېئىر ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان خۇدا بىلەن ئىنساننىڭ، ئىچكى دۇنيا بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ، شۇنداقلا ئىنساننىڭ ئۆز — ئۆزى بىلەن قىلغان دىئالوگى بولۇپ كەلمەكتە. مەنە ئىزدەشكە تەۋەككۇل قىلىش جەريانىدا ھەربىر شېئىرىم بىر تال يىپ بولۇپ، ئۆمۈچۈكنى ئوراپ تۇرغان چوڭ بىر تورغا ئايلاندى، ئۇنداقتا تور ئىچىدىكى ئۆمۈچۈكنىڭ مەنىسى نېمە؟
بىرىنچىدىن، شېئىرىمدىكى ئۆمۈچۈكنىڭ مەنىسى سىرلىق.

مەن ھەر قېتىم شېئىر ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئىپادىلەۋاتىمەن دەپ ئويلىغان ۋاقىتتا تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىغان سىرلىق بىر مەۋجۇتلۇقنى ھېس قىلىمەن. ھەرىكەتنىڭ كەينىدىكى كۈچ، مەڭگۈلۈك ۋاقىت ۋە ئالاھىدە تۇيغۇ ئارقىلىق مەندىن ھالقىپ كەتكەن، ئۆزۈمگە تەۋە بولمىغان ئاشۇ بۈيۈكلۈككە مەدھىيە ئوقۇيمەن. ئەنە شۇنداق ھاياجانلىق دەقىقىلەردە ئالەمنىڭ بۈيۈك ئىگىسى بىلەن شېئىرىيەت پەرىشتىسى شەك - شۈبھىسىز پەيدا بولۇپ، تۇيغۇمدىكى ئۆمۈچۈك تورىغا كىرىۋالىدۇ. بۇ ئۇلۇغ تۇيغۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆز تارىخىدا تۇرغۇنلىغان دىنلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل

ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىچىمگە چۆكۈپ جىم ئولتۇرغىنىمنى، تىمتاس، خىلۋەت ئۆمۈچۈك توردىكى ئادىلنى كۆردۇم.

ئۆيلەردە، مەرىكە زاللىرىدا، قاۋاقخانىلاردا ئادەملەرنىڭ تورلىرى. مەن ئادەملەرنى سۆيىمەن. ئادەملەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىك تورىغا كىرىپ باقسام، ئادەملەر ئارىسىدا ياشىسام دەيمەن. ئادەم ئادەم سېغىنىدۇ. بەزىدە دوستلىرىم مېنىڭدەك سورۇنلۇقى يوق، لېكىن ئادەم سېغىنغاندا ھەمراھلىققا يارايدىغان «زامانىۋى سوپى» نى ئۆزلىرى بىلەن رېستورانلارغا بىر نەشقا تەكلىپ قىلىدۇ. مەن خۇشاللىق بىلەن جىمجىت تورىمدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ شاۋقۇنلۇق ئارىسىغا ئېقىپ كىرىمەن. گۇڭۇر - مۇڭۇر پاراڭلىرىدىن، قىزىق كۈلكە - چاقچاقلىرىدىن ئادەملىكنىڭ ئاجايىپ راھىتىنى ھېس قىلىمەن. ئۇلارنىڭ مەستخۇش پاراڭلىرىدىن قۇلىقىم، كۆزۈم، سەزگۈلىرىم ئاستا - ئاستا مەستخۇش ھالەتكە ئۆتىدۇ. شېئىرسىز دۇنيادا خۇشكەيىپ شائىر بىردىنلا چاقناۋاتقان شېئىرنى كۆرىدۇ.

چىرايلىقسەن كۆپۈكلۈك پىۋا،
چىرايلىقسەن مەيپۇرۇش موما.
ئۇچۇپ كەتمەك بولدى نېمىشقا
گۈل قېتىدەك يۇمران ئايالار؟
دۇنيا نېچۈن مۇنچە يېقىملىق،
كەتمەكچىدەك قىزغا ئايلىنىپ؟
. . . . . . . . . .
قاناتسىمان پۇتلىرى بىلەن
يېنىككىنە دەسسەپ ھاۋاغا
بىر پەرىشتە كىردى ۋاللىدە
شولا چېچىپ قەھۋەخانىغا.

— «پىۋا كۆپۈكى» دىن

ھەرقانداق يېرىدە ھېس قىلدۇرالمايدىغان روھىي لەززەت بەخش ئەتكۈچى تەنھالىق تورلىرىمغا بىردىنبىر ئەركىن كىرىپ چىققۇچى يار — ئۆمۈچۈك قىزدۇر.

ئۈچىنچىدىن، ئۆمۈچۈك ـ مەن.

دائىم دىگۈدەك كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردىكى، خىلۋەت جىمجىتلىققا تور تارتىپ يۈرۈيدىغان ئۆمۈچۈك بىلەن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كەيىپ ـ ساپا قىلماي، كىشىلەرگە ئارىلاشماي ھازىرقى زامان دەرۋىشى بولۇپ ياشاۋاتقان ئۆزۈم ئوتتۇرىسىدا دائىم بىر خىل يېقىنلىقنى ھېس قىلىمەن. تۇرمۇش مېنى ئالدىرىتمىدۇ. ياشىغانسېرى ھايات شۇنچە ناتونۇش، بىلمەيدىغانلىرىم شۇنچە كۆپتەك تۇيۇلىدۇ. كىشىلەردىن يىراقلاشقانچە ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى، روھىي تەسەللىگە موھتاجلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلىمەن. مانا شۇنداق چاغلاردا توساتتىن غېرىبلىق ئىچىمنى يورۇتۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇۋاتقان يېنىك ئاۋازى مۇزىكىغا ئايلىنىپ سۆزلەرگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىشكە باشلايدۇ. شېئىر يېزىلىۋاتقانلىقىنى سېزىمەن. تېنىمنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ روھىم يۈكسەك مەنىگە يېقىنلىشىدۇ. ھەممە ئادەم ئادەتلىنىپ كەتكەن، ھېچكىم رەت قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدىغان كوندىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلار ماڭا پات ـ پات غەلىتە، چۈشىنىكسىز، قوپقۇرۇق تۇيۇلىدۇ. ئۆمۈچۈككە خاس ۋاقىت سەزگۈرلۈكى ئىچىدە بۇنداق كوندىلىك ئىشلارغا نورمال ئادەملەردەك ئۈنچىۋالا ئۇزاق سەرپ بولغۇم كەلمەيدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەم ئەمەستەك ياكى ئادەملەر ئارىسىغا كىرىۋالغان ئارتۇقچە ئادەمدەك بىر چەتتە تۇرۇپ كۆزىتىشتىن باشقا خىزمىتىم يوقلۇقىنى ھېس قىلىمەن. ئەتراپىمدىكىلەر شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر ئىچىدە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا توساتتىنلا ماڭا دىققەت قىلىپ قالسا مېنىڭ شۇنچە تونۇش ئادەملەر ئارىسىدا ئۇيغۇر تىلىنى

ئۇرۇشخۇمار مىللەت سۇپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئاياللارنى
بېسىۋېلىش قىزغىنلىقىدا نۇرغۇن يەرلەرنى بېسىۋالغان ،
كۈچلۈك ئىمپېرىيە ۋە دۆلەتلەرنى قۇرغانىدى . ئۇيغۇرلار
تېپىك ئات ئۈستىدىكى مىللەت ئىدى . ئات ئۇلارنىڭ ئەرلىك
ئېڭىدىكى ئايال ھەم ياتلارنىڭ شەھەر-قەلئەلىرىگە بېسىپ
كىرىپ ئايالغا ئېرىشىشتىكى ۋاستە ئىدى . ئات ئۇلارنى
ئالامەت ھاياجانلاندۇراتتى . ئاتقا مىنگەن ھامان خۇددى بىر
ئايالنى بويسۇندۇرۇۋالغاندەك بارلىق جەڭگىۋارلىقى ،
ئەسەبىيلىكى ، كۈچ - قۇدرىتى ئۇرغۇپ — تېشىپ قايناق
جەڭلەرنى قىلاتتى (توي قىلىشقاندەك ) . قانلارنى تۆكەتتى
(قىزنىڭ قېنىدەك ) . قىلىچلىق بىر ئەر ئۆزىگە قارشى
كېلىشقان ئەر رەقىبىنى كۆرگەندە قەھر - غەزەپكە كېلىپ
بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئارسلاندەك ئېتىلىدۇ . نازۇ
كەرەشمىلىك يۇمشاق سۆزلەرنىڭ ، چىرايلىق مەلىكىگە
ئوخشاش سوۋغا - سالاملارنىڭ ئالدىدا ، ھەتتا قۇرۇق قول بىر
ئايالنىڭ ئالدىدا بولسا بارا - بارا بوشىشىپ يۇمشاپ قالىدۇ .
ئەر قان تۆكمىگەن (جىنسىي پائالىيەت قىلمىغان ) تىنچ
شارائىتتا ۋە بېكىنمە مۇھىتتا (كۈچلۈك ئەخلاقىي قاراش
ئىچىدە ) ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكى بولمىغان ئادەتتىكى ئادەم .
بۇ خىل ئەرلىك پسىخىكا ئۇيغۇرلارنى ئۆلۈمگە بىۋاستە باغلاپ
قويغانىدى . ئۆلۈم ئىنسانغا ، بولۇپمۇ ئەرلەرگە نىسبەتەن
چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان نامەلۇم ئەھمىيەتكە ۋە
كارامەتكە ئىگە . مەن شېئىر ئارقىلىق مىللەتنىڭ
پسىخىكىسىنى ئىپادىلىمەكچى بولغىنىمدا كۈندىلىك
تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى ئەرلىك
پسىخىكىسىدىن ئىزدىگۈم كېلىدۇ . ئەتراپىمىزدا دائىم دىگۈدەك
كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئۇرۇش - تالاش ، كۆزنى يۇمۇپ
- ئاچقۇچە پىچاق كۆتۈرۈپ بىر - بىرىنىڭ جېنىغا زامىن
بولۇش ، ياۋايىلىق ۋە ئەخلاقسىزلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى
ھادىسىلەر مەندە مىللەتنىڭ پسىخىكىسى ھەققىدە شېئىرىي

بىـــراق ، شۇنچە كۆپ پايدىلىق ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئىـنىـسـانـىـيـەت ئـالـدىدا ۋاقىت ئىسراپچىلىقى دېمەستىن ، سۆزلەردىن ئۇن ـ تىنسىز تور توقۇۋاتقان ئۈمۈچۈك شائىر ئەينەككە باققىنىدا ، ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ بىر ئادەم ئەمەس زور بىر خەلق ئىكەنلىكىگە قانداقمۇ كۆز يۇمالىسۇن؟ !

شېئىرلىرىمىدىكى ئۈمۈچۈكنىڭ تۆتىنچى مەنىسى مىللەت .

ھـازىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىنىڭ تۇيغۇلىشىشى ۋە رېئـالـلىشىشى جەريانىدا مەۋجۇت بولۇش ماھىيىتى كوللېكتىپ يـوشـۇرۇن ئاڭ ۋە يەر شارى خاراكتېرلىك تاشقى قۇرۇلما تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بىر شۇبھىلىك ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى تونۇتماقتا . ئۈمۈچۈكنىڭ بىر ئادەمدەك ئەمەس ، بىر مىللەتكە خـاس غـېـرىبلـىقى جەريانىدا ئايال بىلەن بولغان سىرلىق باغـلـىـنـىـشى ، بـولـۇپـمـۇ بۇ مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكـىـللىنىشىگە باشلىغان چاغدىكى قەدىمكى پىسخىكىسى ، ماكانلاشقان جايىنىڭ جۇغراپىيىسى ، ئەپسانە ۋە دىنلىرى ، تارىخ ۋە ھـازىـر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەريانىدا ئىپادىلىگەن روشەن ئەرلىك خاراكتېرى مېنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتتى .

ئۇيغۇرلارنىڭ غەلىبە نۇسرەتلىرى ، تارىخىي تراگېدىيىسى ھـازىـرقـى زامـان رېـئـالـلىقىدىكى پىسخىك ئىپادىلىرى بۇ مىللەتنىڭ روھىنى چۈشەنمەكچى بولغان ئادەمگە ئەر مىللەتنىڭ ئـايـال بـىـلـەن بولغان سىرلىق مۇناسىۋەتلىرىدىن بېشارەت بـېـرىـدۇ . ئۇيغۇرلار ـ ئەر مىللەت ، ئۇيغۇرنىڭ سەلتەنەتى ئـەرنـىـڭ سـەلـتـەنـەتـى . ئـۇيغۇرنىڭ تراگېدىيىسى ئەرنىڭ تراگېدىيىسى . ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقى خۇددى ئادەم ئاتىنىڭ يارىلىشىغا ئوخشاش مەلۇم نۇقتىدا رېئاللىق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمايدىغان ، مۆجىزىدەك يۈز بېرىدىغان غايىبانە مـەۋجـۇتـلـۇق سـىـستېمىسىنىڭ بىر بۆلىكى . ئوق يىلتىزى ھـونلارغا تۇتىشىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئورخۇن ، يېنسەي دالىلىرىدىن كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىغىچە ۋە ھىندىقۇش تـاغـلـىـرىـغـىـچـە بـولـغان ئارىلىقتا ياۋايى ، كۆچتۈگگۈر ،

ياۋايىلىقىنى ، كۈچ - قۇدرىتىنى ، ئۆلۈم ئېقىنى ئاشكارىلىدى . بويسۇندۇرۇش ، بېسىۋېلىش ، قانغا بوياش ، بۇزۇۋېتىش ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى . ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا بۇ چەكسىز قۇملۇق كۆكرىكى بىر ئۆرلەپ بىر پەسىيىپ تۇرغان ، تېپىچەكلەپ ، چايقىلىپ ، ئۇھ تارتىپ جىمىپ قالىدىغان غايەت زور ئايال . قەدىمكى ئۇيغۇر تەبىئىي ماكان تاللاش جەريانىدا ، بۇ قۇملۇق ئۇلارنى مېھرىبان ئانىنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك خاتىرجەملىككە ياكى بالىياتقۇغا كىرگەندەك راھەتلىك تۇيغۇغا ئىگە قىلغان . ئەر مىللەت ئات چاپتۇرۇپ مەيلى قەيەرلەرگە ئۇزاپ كەتمىسۇن بۇ زېمىننىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىدىكى ئاياللىق ، يەنى تەكلىماكاندىن باشقا ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئارىسىدىكى ئارىش (جۇڭغار ) ئويمانلىقى ۋە تەڭرى تاغلىرى بىلەن كوئېنلۇن (ئەسلىي تىلىمىزدا قارا قۇرۇم ) تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئايالنىڭ چۇقۇرچىقىسىمان (ئويمان يېرىسىمان ) يېقىملىق شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ . يەر شەكلىدىكى بۇ خىل فىزىئولوگىيىلىك جەلپكارلىق ئەر مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى بۇ يەردىن باشقا ھەر قانداق جايدا قانائەتلەندۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى پسىخىك جەھەتتىن كۆزەتكەن ئادەم شۇنى ھېس قىلىدۇكى ، ئەرلەرنىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇتلەق كۆپ قىسىم تاقىر تاغلىرى ، ئەرنى تەبىئىي سىرلىق تارتىپ تۇرىدىغان بالىياتقۇسىمان ئويمىنى ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تولغان ئايال كۆكسىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۇمىلاق قۇم دۆۋىلىرى ، مېۋىلەرنى شىرنىلىك ، ئەرلەرنى كۈچلۈك قىلىدىغان ئاپتاپلىق قۇرغاق ھاۋاسى ، جىنسىيەت بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئېنىق ئايرىلىدىغان تۆت پەسلى ، ھۆركىرەپ تۇرىدىغان توپا - چاڭلىق بورانلىرى ئەرلەرنى يارىتىدىغان تەبىئىي شارائىتتۇر . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى تېخىمۇ ئەر بولۇشقا ، ئاياللىرىنى

ھاياجان قوزغايدۇ . بىر كۈنى مەن كوچىدا كېتىۋېتىپ كۆز ئالدىمدىلا ئىككى يىگىتنىڭ پىچاق تىقىشىپ ، كىيىملىرىنى قانغا بويىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم . شۇ ئان قەدىمىي بىر قەبلە كۆز ئالدىمغا كەلدى .

گۈلخان ئەتراپىدا
قىزغۇچ ئايلانماقتا
ئەر قەبىلە .

نەزىر سۈپىتىدا
دولقۇنلايدۇ نۇر .

پىچاق ـ
تۆمۈر ئەتىرگۈلدۇر ،
قىپقىزىل ، ئىسسىق سۈيۈقلۇق
سىرغىغان يەردە .

ئەركەكلەردە
مۇھەببەت بولىدۇ
ئۆلۈمگە .

— «ئەرلەر كوچىسىدىكى بىر مۇراسىم»دىن

مەندە دائىم مۇنداق بىر ئالاھىدە تۇيغۇ بار : ئىنساننىڭ بىنا بولۇشى بىلەن يەر يۈزىدىكى قۇملۇقلار ئوتتۇرىسىدا ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدىغان باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت . ھەربىر شەيئى مەۋجۇتلۇق سىرى خاتىرىلەنگەن ئالەم كىتابىنىڭ بىر سۆزى . قۇملۇق بولسا ئەرلەرنىڭ مەخپىيىتى ھەققىدىكى سۆز . تەكلىماكان قۇملۇقى ئۇيغۇرلارنىڭ ماكان ئېكىدىكى بالىياتقۇ . بۇ بالىياتقۇ ئۇيغۇرلارنى قەدىمدىن بۇيان ئۆزىگە تارتىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ

نەچچە ئايالنى بىر ـ بىرلەپ ئەمرىگە ئالىدۇ، ئارقىدىنلا يات ئەللەرگە بېسىپ كىرىپ قورالىنى قانغا پاتۇرىدۇ. ياۋنى بويسۇندۇرۇپ ئەرنىڭ پادىشاھلىقىنى يۈرگۈزىدۇ).

ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر باغلىنىشلا ئەمەس، ئەر بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتمۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتماي قويمايدۇ. ئەر ـ ۋەھىيلەرنى يەتكۈزگۈچى، دىن تارقاتقۇچى، دىنىي تۇرمۇش كەچۈرگۈچى، ئۇيغۇرلار دۇنيادا ئەڭ كۆپ دىن قوبۇل قىلغان، دىن ئالماشتۇرغان مىللەت. ھەر قېتىملىق دىن قوبۇل قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ روھىنى بىر قېتىم يېڭىلاپ ئىجتىمائىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ تارىخىي جەريانغا ئىنچىكىلەپ قاراپ باقىدىغان بولساق ھەربىر دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كىرىپ گۈللىنىش ۋە سۇسلىشىش دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدىكى گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى بىلەن ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە.

شامان دىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى قۇدرەتلىك ھون ئىمپېرىيىسىنى، مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللەنگەن ئىدىقۇت مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلاردا بۇددا دىنى گۈللەنگەن مەزگىلدە، قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى گۈللەنگەن ۋەزىيەتتە ئاجايىپ قۇدرەت تاپقان. دىن مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ سۇسلاشقا باشلىغاندا بۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمۇ زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەن. ئەرلىك تەپەككۇر بىلەن تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا ئۇيغۇرلاردا ئەر مىللەتنىڭ كۈچ — قۇدرىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئىمپېرىيە ۋە كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئورنىغا مەدەنىيەتتىن ئىبارەت روشەن ئاياللىق (ئىنسانىنىڭ ياۋايىلىقىنى يوقىتىپ ئەدەپلىك مۇلايىم بويسۇنغۇچىغا ئايلىنىشى...) خاراكتېر ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەنلىكىنى بايقايمىز. مېنىڭچە بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنى مىللەتنىڭ پسىخىكىسى بىلەن

زېمىننىڭ قاقاسلىقىنى تولۇقلاپ نازاكەتلىك ، ھەقىقىي ئايال بولۇشقا يېتەكلەيدىغان تەبىئەتتۇر .

تا ھازىرغا قەدەر كۆپلىگەن قىياسلار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ ، ئىنسانىيەت ئەپسانىدىن ئىبارەت بۇ كىتابنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلىگىنى يوق . بىلىپ يەتكىنىمىز پەقەت ئەپسانىلاردىكى ھەربىر سۆزنىڭ ئايرىم — ئايرىم مەنىسىدىن تەشكىل تاپقان شەكلەن تىل بەلگىلىرىدىنلا ئىبارەت . ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ، ئىچكى كەچۈرمىشى مەلۇم ئالاھىدە شارائىتتىكى سىرلىق تۇيغۇدىن شەكىللەنگەن ، سۆز ، جۈملە ، ئابزاس ھەم ۋەقەدىنمۇ كەڭ بولغان ئەپسانىلارنىڭ ھەقىقىي مەنىسى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ دۇنياۋى ئورتاق تىلىدەك بىزنىڭ قايتا چۈشىنىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ئەر مىللەت بولغانىكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىسى ئايالغا بولغان ئىستەكلەرنى سىمۋوللۇق ياكى ئاشكارا ئىپادىلىگەن ئەرنىڭ ئەپسانىسىدۇر . مەن مۇشۇ ئوي بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېپوسى «ئوغۇزخان» غا بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم . ئېپوس باش قەھرىمانى ئوغۇزخان «پۇتى بۇقا پۇتىدەك ، بېلى بۆرە بېلىدەك ، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك ، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ، پۇتۇن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقان» كۈچتۈڭگۈر ئەر ، ئەر مىللەتنىڭ ئورتاق سىيماسى ھەم توختىماي خوتۇن ئالىدىغان ، خوتۇنغا تويمايدىغان ، خوتۇنباز ئەر . ئەر ئۈچۈن دۇنيانىڭ مەنىسى ئايال ، ئەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئاياللىشىدۇ ، ھەممە نەرسە ئايالدەك كۆرۈنىدۇ . ئەر دەرەخكە قارىسا دەرەخ بىر ئايال (ئوغۇزخان كۆلنىڭ ئوتتۇرىدا بىر دەرەخنى كۆرىدۇ . دەرەخ كاۋىكىدىن قىز تۇغۇلىدۇ ) . ئەر نۇرغا باقسا نۇرمۇ بىر ئايال ، (ئوغۇزخان تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا كۆپكۆك يورۇق چۈشىدۇ . يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنھا ئولتۇرغان ) ئايالغا ئېرىشىش بىلەن ئەردىكى ياۋايىلىق ئۇرغۇپ قان تۆككۈسى كېلىدۇ . (ئوغۇزخان بىر

بارىدىغان ئاھالە ۋە مەدەنىيەت كەلكۈنىدە ئىسلام دىنى بىزنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمىزدا مەنىۋى قورغان بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز: مەن بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشكە تېگىشلىك سانسىز يورۇق يوللارنى ئالىملىرىمىزغا قالدۇرۇپ قويۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئاغدۇرۇلمىغان نازۇك بىر مەسىلە ھەققىدە، يەنى خەتنە مۇراسىمىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەر مىللەتكە بولغان پسىخىك تەسىرى ھەققىدە ئۇزۇندىن بۇيان كاللامدا ئەگىپ يۈرگەن ئويلىرىمنى ئاشكارىلىغۇم كەلدى.

ئەر ئۆزىنىڭ ئاياللاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خەتنىلىك ئەزاسى بىلەن ئۆزىنى ئەر دەپ بىلىدۇ. ئۇ بەلگە ئەرنىڭ پسىخىك دۇنياسىنى شەكىللەندۈرىدىغان مەركەز، ئەرنى قۇترىتىدىغان كۈچ، ئەرنى مەن ئەرمەن، ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مەن دەپ ھېس قىلدۇرىدىغان غۇرۇر تاجى، دەل شۇنداق بولغاچقا خەتنە ياۋايى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان مىللەتنىڭ قەدىمكى تارىخىدىكى ئادەتتىكى ھادىسە بولماستىن، پسىخىك تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىز ئالاھىدە مۇراسىم.

ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن خەتنە قىلىشنى يولغا قويغان يەھۇدىيلارنىڭ سىرلىق روھىي سەپەردەك نەچچە مىڭ يىللىق ماكانسىزلىقنى باشتىن كەچۈرۈشى، سۈكۈتكە پاتقان روھنىڭ ھەرىكىتىدەك ئوخشىمىغان دەۋردىكى ئىنسانىيەت ئارىسىدا گىگانت ئادەملىرى بىلەن پات - پات پارلاپ تۇرۇشى، پۈتۈنلەي ئۆلگەن تىلىنى مۆجىزىدەك تىرىلدۈرۈپ، دۇنيا سەھنىسىدە قايتا باش كۆتۈرۈشى، ئەرەبلەرنىڭ جاھالەتتىن تېزلا قۇتۇلۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ روھى خىرەلەشكەن دەۋرلەردىكى قۇياش كۆتۈرۈلگەن قوۋمغا ئايلىنىشى، ئەڭ مۇھىمى كۆچمەن ھايات دەۋرىدە سىرلىق تاللىۋالغان قۇم بويلىرىدىكى زېمىندا غايەت زور نېفىت بايلىقلىرى بىلەن قايتا قەد كۆتۈرۈشى دىن بىلەن، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا خەتنە مۇراسىمى بىلەنمۇ سىرلىق باغلىنىشقا ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە ئېتىقاد سەۋەبىدىن باشقا، تېببىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى

دىنىنىڭ خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى قوبۇل قىلغان باشقا دىنلارغا قارىغاندا رەھىمدىللىكنى چەكتىن تەشەببۇس قىلىدىغان، ئادەم توغۇل جان ـ جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈشنىمۇ ئېغىر گۇناھ ھېسابلايدىغان دىن. ھەقىقىي بۇددا راھىبلىرى ئىنسان قەلبىدە ھېچقانداق ئارزۇ ـ ئىستەك بولماسلىقىنى، ئاياللارغا بولغان ھاۋايى ـ ھەۋەسنىمۇ پاك ـ پاكىز ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەرلەرگە خاس رەھىمسىز، بىغەم، ئەركىن، ئۆز كۆچىگە ئىشىنىدىغان غالىب تۇيغۇدا ئەمەس، باغرى يۇمشاق ئازابلىق، سوغۇققان، گۇمانخور، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان ئايالچە ياشاشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئەر مىللەتنىڭ بۇنداق ئەدەپ ـ قائىدىلىك، ياۋاش، ئادەم ئۆلتۈرمەيدىغان، بولسا ئاياللارغا چېقىلمايدىغان بولۇشنى تەۋسىيە قىلىش ئەرلىك خاراكتېرىنى چەكلەپ قويىدى. بۇ خىل روھىي سىقىلىش بۇددا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولۇپ ئىپادىلەندى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت پىسخىكىسى تېبابەتچىلىك ۋە دىنىي ئەدەبىياتتىن باشقا ئايالغا بولغان جىنسىي تەلپۇنۇشى چەكلەنگەن ئەرنىڭ يوشۇرۇنچە باليانقۇغا تەقلىد قىلىپ ياسىغان مىڭ ئۆيلەرگە ئوخشاش يۈكسەك بىناكارلىق ئارقىلىق روھىي قانائەتكە ئېرىشىشىدە ئىپادىلەندى.

بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن ئاڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇرەككەپ ئىچكى سەزگۇ ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان نامەلۇم روھىي تاللاشلاردىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا قوبۇل قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ ھېكمىتى ۋە ئەھمىيەتلىرى ھەققىدە تېخىچە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ تەمكىن ئويلانغۇدەك بولمىدۇق. پەقەت ۋاقىت ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ نەزەر سالىدىغان بولساق، بىز تارىخىي كىتابلاردا ئىنىسىنى كۆرگەن نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ھازىر مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، يەر شارى خاراكتېرلىك قوشۇلۇشقا ئېلىپ

دەرۋىشلىك ھاياتى باشلىنىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرلىرىدە
غەزەل يېزىشتىن باشقا كۆزگە چېلىقىقۇدەك ھېچنېمىسى
قالمىغان ئۇ دەۋرلەردىكى روھىي مەخپىيەتنى چۈشەنمەكچى
بولىدىكەنمىز ئەينى دەۋرلەردە ئەۋج ئالغان سوپىزمنىڭ
مەنىسىگە چۆكمەي بولمايدۇ. سوپىزم مەزھىپى پەلسەپىۋى
يۈكسەكلىكى ۋە مەنە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە ناھايىتى كەڭ
مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەر مىللەتنىڭ سۇنغان
روھىغا ماس كېلىدىغان غايىۋى ئىشق مەنىسى بىلەن كەڭ
ئومۇملاشتى. بۇ غايىۋى ئىشق قارىشىنى يىغىنچاقلىغاندا جىمى
مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى ئاللاغا چەكسىز مۇھەببەت باغلاش، كېچە
- كۈندۈز ئاللانىڭ نامىنى زىكرى قىلىش، ئاللادىن باشقا ھەر
قانداق مەۋجۇدات، ھەتتا مەنمۇ مەۋجۇت بولمىغان ھەقىقىي
ئاشىقلىق، روھىي جەھەتتە ئاللاغا قوشۇلۇپ بىر گەۋدىگە
ئايلىنىپ كېتىشتىن ئىبارەت. ئۇشتۇمتۇت مەلۇم بىر نەزەردە
كۆللىكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىغا ئەرلىكتىن خۇدۇكسىرەش ۋە خاتا
تۈيغۇ سىڭىپ كەتكەن بۇ چۈشكۈن ئەرنى سوپىزمچىلارنىڭ
تەشەببۇسلىرىدىكى ئاشىق بىقارار بولۇشقا، مەدھىيىلەشكە
ئۆزىنى بەخش ئېتىشكە بولىدىغان، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن تەڭ
كېرەك قىلىنمايدىغان ئىلاھىي ئىشق قانائەت ھېس
قىلدۇراتتى. شۇڭا، سوپىزم بۇ خىل پىسخىك تەلەپكە تولۇق
ماس كەلگىنى ئۈچۈن گەرچە ئىران، ئافغانىستان ئەللىرىدىن
بۇ رايونغا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى
تېز تارقىلىپ ھەرقانداق جايدىكىدىن كەڭ ئومۇملاشتى، ئەڭ
ئاخىرىدا پادىشاھتىن تارتىپ ئاۋام خەلققىچە ھەممىسى ئادەم ئىچىدە
قالماي پۈتۈن بىر مىللەت سوپىزم مۇرىتىغا ئايلانغانىدى.

يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىزنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە بۇ
دەۋرلەردىكى تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىگە قارىلىدىغان بولساق ئەر
مىللەتنىڭ قاراملارچە تەپەككۇرى بىزنى چۆچۈتسىمۇ، ئەھمەد
يەسەۋى، لۇتفى، نەۋايى، زەلىلىي قاتارلىق ئۇيغۇر
شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئاز - تولا تونۇشلۇقى بارلار

تونۇپ يەتكەن كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرمۇ ئاللىقاچان خەتنىگە ئادەتلىنىشكە باشلىدى، بىراق شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، ئادەت خاراكتېرلىك ئومۇملىشىش بىلەن جىنسىي ئەزاسىنى سىرلىق بىلىپ، ئەرلىكىنى غۇرۇرىنىڭ بايرىقى قىلىپ يۇرگەن قەدىمكى كىشىلەر ئارىسىدا تۇنجى قېتىم خەتنە ئېلىپ بېرىشنىڭ، هازىرقىدەك ئەقلى يېتىلمىگەن كىچىك چېغىدا خەتنە قىلىش بىلەن بۇ مۇراسىمنى شۇنداق بىر دەۋردىكى بارلىق ئەر كىشىلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىشنىڭ پسىخىكا جەھەتتە ئاسمان - زېمىن پەرقى بار. بۇددا دىنىدىن ئەمدىلا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى خەتنە مۇراسىمىنى قوبۇل قىلغان چاغدىكى هالىتىدە مۇقەددەس دىنىي تۇيغۇدىن باشقا گويا ئەرلىكى زەخمە يېگەندەك، كارغا كەلمەيدىغان ئەرگە ئايلىنىپ قالغاندەك يوشۇرۇن گۇمان ۋە ئەنسىزلىكمۇ بار.

مەيلى پادىشاھ ياكى هۈنەرۋەن، مەيلى ئات ئۈستىدىكى سەركەردە ياكى لەشكەر بولسۇن خەتنىسىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئەر خوتۇنچىلىق تۇرمۇشىدا ئەسلىدىكىدىنمۇ چېۋەر ۋە قابىل ئەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى هېس قىلىپ بولغۇچە، يېڭى پەرزەنتلەر دۇنياغا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىك جەھەتتە ساغلام ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە بىر مەزگىللىك روهىي چۈشكۈنلۈك ئالدىنقىلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىن كېيىنكىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەخپىي روهىي چۈشكۈنلۈك قاپلىغان بۇ ئەر مىللەت ئىسلام دىنى كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك پادىشاهلىقتىن سوپى - ئىشانلىق ئەۋج ئالغان مەزھەپچىلىك ئاساسىدىكى ئۇششاق بۆلۈنمە هاكىمىيەتكە ئورۇن بوشىتىدۇ. ئۇيغۇرلار قۇرغان قۇدرەتلىك قارىخانىيلار ئىسلام دۆلىتى ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەۋرى ئاخىرلىشىپ يۇرت - يۇرتلار بويىچە ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ تۈگىمەس ئىچكى يېغىلىقلارغا تولغان كەڭ كۆلەملىك

دەۋر ، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا خەتتىندىن پەيدا بولغان خاتا تۇيغۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سىناقتىن ئۆتكەن ئەمەلىيەت جەريانى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بالا ۋاقتىدىلا خەتتىنگە ئادەتلىنىشى نەتىجىسىدە بارا - بارا يۇيۇلۇپ ، مىللەتنىڭ ئەرلىك روھى ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ساغلاملىقىنى ھېس قىلىشۋاتقان دەۋردۇر . بۇ ئۇزاق جەرياندا يىمىرىلىش ، سىقىلىش ، چۈشكۈنلۈك ، غېرىبلىق ، قىسىش ۋە شاللاشلاردىن ئۆتكەن بۇ ئەرلىك روھ نېفىت سۈيۈقلۇقى بىلەن نەملەنگەن تەكلىماكاندىن ئىبارەت قەدىمىي بالىياتقۇنىڭ ئەتراپىدا ھاياجانلىنىپ تۇرماقتا . ئۇچۇر تورى ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەسىرى ئاستىدا ئەر مىللەتنى زەئىپلەشتۈرىدىغان بېكىنمە مۇھىتنىڭ قەدەممۇ قەدەم ئېچىۋېتىلگەن دۇنياۋى سىستېمىغا ئايلىنىشى ، ئەرلەرنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ ئاجىزلاپ ، كۈنسېرى يالىڭاچلىنىققا قاراپ كېتىۋاتقان ھازىرقى زامان كىيىم مودېللىرىغا ئوخشاش يېڭى ، ئەركىن شەكىللەرنىڭ ئورۇن بېسىشى ، شۇنداقلا مەلۇم دەرىجىدە ئاشكارىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان جىنسىي ئاڭ ئەر مىللەتنىڭ كۈچ — قۇدرەت ئۇرغۇپ تۇرغان ئەسلىي تەبىئىتىنى تىنماي غىدىقلايدۇ . غالىبلىق تۇيغۇسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، ئاجايىپ بىر پارلىنىش ئېھتىماللىقلىرى ئىچىدىكى ئەبەدىي گۈزەللىكنىڭ سېھرى بىلەن تولغان كۈچ ۋە ئۆلۈم ئارىسىدىكى قايناق شېئىرىي مۇھىتقا باشلاپ كىرىدۇ .

شىقىلغان كېچە
ئاياللارنىڭ نۇر چەمبىرىكى
توپلانماقتا ھاياجان .

ئەر مىللەت
ئەردۇر ھامان .

قانداق ئادەم ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا غايىۋى يار ئوبرازى يارىتىلغانلىقىنى، بۇ يارغا بولغان ئىشق ئەمەلىيەتتە ئاللاغا بولغان ئىشق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىز ئۇلار ياراتقان يار ئوبرازىغا يۈرەكلىك نەزەر سالساق بۇ يارنىڭ ئالەمنى ۋە ئادەمنى پەيدا قىلغانلىقى بىلەن بىللە ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى، قاش - كۆزلىرى، شېرىن خۇلق - غەمزىلىرى ئاجايىپ زوق - شوخ بىلەن مەدھىيىلەنگەنلىكىنى، يەنە ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بۇ ئۇلۇغ يارنىڭ روشەن ئايال خاراكتېر ئالغانلىقىنى بايقايمىز.
ئىسلامىيەت بولۇپمۇ شېئىر روھى سىقىلىشتىن پارتلاپ چىققان ئىچكى ئوشۇقچىلىقى، كەمتۈكلۈك تۇيغۇسىنىڭ باشقا يول بىلەن قاندۇرۇلۇشى، تراگېدىيىسىنىڭ نەپىسلىككە كۆتۈرۈلۈپ تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى. شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەر مىللەتنىڭ خەتنە قىلىشتەك ئالاھىدە مۇراسىم شەكلىدە باشتىن كەچۈرۈشى بىلەن كوللېكتىپ ئاڭ قاتلىمىغا چۆكمە بولۇپ قالغان «كەمتۈكلۈك تۇيغۇسى» دېگۈدەك ئەلەملەردىن تەشكىل تاپقان تەسەۋۋۇرچى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق مىسلىسىز پارتلاپ چىقتى. بۇ شېئىرلاردىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە تويۇنغان پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىنسان روھىنىڭ ھەممە قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغىچە قانات يايغان ئىلاھىي تەسەۋۋۇرنىڭ يورۇق پەرۋازى ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ كۆز قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان سەلتەنەتكە ۋە ئۆلمەس شۆھرىتى كۆچكە ئىگە بولغان ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈردى.
شېئىر مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل ئىلاھىي ئالەمدىن تىل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇقەددەس مۇناسىۋەت. ئاشۇ بۈيۈك شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆلمەس تۇيغۇلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شېئىردىن ئىبارەت غەيىپ بىلەن بولغان دىئالوگنى ئاۋازغا ئايلاندۇرۇشقا تەۋەككۈل قىلغان بۇ

ماهىيەتكە قارشى ياتلاشقان تۇيغۇدۇر . مەدەنىيەت ماھىيەتنى ئىنكار قىلىدۇ . بۇ ئىنكار قىلىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدۇر .

دادام قولۇمدىن يېتىلەپ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئەركىنلىك ئالىمىدىن بىلىمنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ قالدىم . بۇ ئوردا ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆي ، ئۆينىڭ ئىچىدە يەنە تۈگىمەس ئۆيلەر بولغان ، كىرگەنسېرى بوشلۇق ئىمكانىيىتى كىچىكلەپ بارىدىغان سىرلىق ئوردىغا ئوخشايتتى . ۋاقىت ، كىتاب ، ئىش ، قائىدە ـ رەسمىيەت ، گەپ ـ سۆز ۋە ناتونۇش كىشىلەر توپى مېنى بىر ـ بىرلەپ ئىگىلەشكە باشلىدى . مەن ئاستا ـ ئاستا شەھەرلەشتىم . ياپيېشىل بۇغدايلىقلاردىن ، باقىدىغان قويلىرىمدىن ، تال باراڭلىق ئايۋاندا يېتىپ ياز كېچىلىرى ئاڭلايدىغان پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرىدىن ، ئۈپۈققىچە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان چەكسىز ئاسماندىن ئايرىلىپ قالدىم . تاشقى بەلگىلەر ھەممە بوشلۇقنى ئىگىلىگەن ، ئاق سىنىپىملىرى پۈتۈن ئەتراپقا چىرمىشىپ كەتكەن قىستاڭ شەھەردە ماڭا شېئىردىن باشقا بوشلۇق قالمىغاندى . مەن شېئىر ئارقىلىق تەبىئەتنى ئەسلىدىم . شېئىر ئارقىلىق قۇشلارنى ، گۈللەرنى ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنى ئادەملەرنىڭ شەھەردىن ئىبارەت روھىي چۆلىگە باشلاپ كەلمەكچى بولدۇم . ئەتراپىمدىكى كىشىلەر تۇيغۇ جەھەتتىن ئۆزلىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان مەندەك بۇ تەنھا ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆز تەپەككۇرىغا كىرىپ ، ماددىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئەھمىيەتسىز بولغان تىل ئارقىلىق توختىماي تور توقۇشتەك ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرىگە ھەيران قالىدۇ ، باش چايقايدۇ ، بەزىلىرى ئىچ ئاغرىتىدۇ . كىشىلەر مەنىسىزلىك ھەققىدە ئويلاپ قالغىنىدا ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن ئەمەس ، شائىردىن گۇمانلىنىدۇ . چۈنكى ، تولۇق بويسۇندۇرۇلۇپ بولغان ھەر قانداق مەدەنىي جەمئىيەتتە شائىر ئەڭ ئاخىرقى ياۋايى ئادەم . رېئاللىققا بولغان

مېنى تىرىلدۈردى بۇقىدەك قايتا،
پۈتلىرىڭ ئارىسىدا
ئېچىلىپ قالغان
بىر تال چوڭقۇر گۈل
—«ئۆز شەھىرىدىكى ئۇيغۇر» دىن

3. ئۈمۈچۈكنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى

بىر كۈنى تاسادىپىي ھالدا ئۈمۈچۈك تورىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇشتۇمتۇت ئىچىم قۇرۇقدىلىپ، كاللام توختاپ قالغاندەك بولدى. ھەرىكەت يوق. چەكسىزلىك جىمجىت. مەڭگۈگە سوزۇلغان شۇ بىر دەقىقىدە ئۈمۈچۈك تۇراتتى. مەن يوق ئىدىم. تىلىم سۈكۈت مەن سۈكۈتنىڭ تىلىدا ئۈمۈچۈك بىلەن مۇڭدىشىپ كەتتىم...

مەيلى ئادەم، چۈمۈلە ياكى بىر تۇپ دەرەخ بولسۇن، ھەممە نەرسە ئۆز تىلىدا ئالەم بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئالەم ھەممە نەرسىنىڭ يوقلۇق بىلەن دىئالوگلىشىدىغان تىلى. ئالەمنىڭ يوقلۇققا قاراپ كېتىۋاتقان چەكسىزلىكى ھەر بىر شەيئىنى مەڭگۈلۈك بىلەن دەقىقە ئارىسىدىكى مەۋجۇتلۇققا ئايلاندۇرىدۇ. رېئاللىق ئەمەس، بەلكى تۇيغۇلا مەۋجۇت بولغان شۇنداق دەقىقىلەردە ھەربىر شەيئى ئۆز ئىچىدىن پارلاپ، ئۇشتۇمتۇت ئۆزىدىن باشقا ئۇلۇغ مەۋجۇتلۇقنى بايقاپ قالىدۇ. ئۆزلۈك يوقىلىپ شەيئىلەر بىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق چەكسىز لەززەت رېئاللىق تەرىپىدىن چەكلىنىپ قالىدىغان بولغاچقا، بارچە مەۋجۇدات ئۇ راھەتلىك، ئۇلۇغۋار، پارلاق، شەرتسىز يوقلۇققا ئىنتىلىدۇ. يوقلۇق، مەۋجۇت بولماسلىق — ماھىيەت. مەۋجۇت بولۇش — ماھىيەتكە قارشى جەريان. قىسقا، نىسبىي، شەرتلىك جەريان. بىر ئادەمنىڭ كۆپىيىپ ئىككى ئادەم بولۇشى ياكى ئىنساننىڭ ئىنسانىيەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇشى مەدەنىيەتنى شەرت قىلغان. مەدەنىيەتنىڭ يادروسى — چەكلەش كۈچىگە ئىگە مەلۇم ئورتاق پەرھىز، يەنى

سەرگۈزەشتىلىرىنى قايتا ئۇلار بېشىدىن كەچۈرۈپ، نامراتلىق ۋە كەمسىتىشلەرگە باش ئەگمەستىن يوقىلىۋاتقان مۇقەددەس تۇيغۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ. ئىنسانىنىڭ، يەر شارىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئازابلىق شېئىرىي تەپەككۇرغا چۆمىدۇ.

ئاتالمىش ئۆتكۈزگۈم كېلەر
ئالەمدە ئۇ گۈزەل بەك گۈزەل
قېنىپ ـ قېنىپ سۈمۈرگۈم كېلەر
زوقىمدا لىق لەززەتلىك زەھەر
ۋە كۆز يېشى ئادەم ئاتىنىڭ
ئەي خەۋانىڭ تۇمان قوشلىرى ،
ئۇچۇپ چۈشۈپ ئاللاھ يېنىدىن
قونساڭلار چۈش بېشىمغا بىر دەم ،
ئالەمدىكى غەمكىن دەرەخمۇ
ئادەم ـ سىلەر سۆزلۈك بولاقلار
كىرىڭلار چۈش ھۇجرامغا يېقىنچە
پەلتەكلەنگەن تىللىق بولۇپ مەن
ھەمدۇ ـ سانا ئېيتاي سىلەرگە
ئۇلۇغ يېقىملىق ئاۋازىم بىلەن
ئېھ گايالار، سىلەر كىمسىز. گايالار
سىلەر تۇمان كۆمگەن تېپىرەكىزار
نۇر مەن چاقناپ ۋە كۆچۈپ تۇرغان
مەن سىلەرنىڭ ئاتامانلىرىڭلار ،
مەن سىلەرنىڭ ساخاۋەتچىلەر
سىلەر خۇشبۇلۇق گۈللەر قەبرىسى
مەن كېپەنسىز غېرىپ يوپۇرماق
جىمجىت ئاۋازە ۋە قىلار ۋۇجۇدى
دۇنيا شۇنىڭ ئۈچۈن يارالغان
ئەبەدىيلىك كۈمۈش قوڭغۇراق

سەرگەردانلىق تۇيغۇ ۋە ئادەتلىنىەلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان بۇزۇش ئىستىكى شائىرلارنى ھېچبولمىغاندا تىل قۇرۇلمىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىكى بۈيۈك مەخپىي ئارزۇنى ئىپادىلىگۈچى پىداكارغا ئايلاندۇرىدۇ. پىلاتوننىڭ ئەقلىي تەرتىپ بويىچە قۇرۇپ چىقماقچى بولغان غايىۋى دۆلەتتىن شائىرلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىش كېرەك، دېيىشىدىمۇ شائىرلارنىڭ مانا شۇ خىل روھىي ئەركىنلىك ئۈچۈن بەدەل تۆلەشتىكى قارامىلىقىنى ھەر قانداق ماددىي كاپالەت بىلەن توسۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

مەدەنىيەت شائىرلارغا يوق. مەدەنىيەتنىڭ ئىنسانىنى ئەڭ بالدۇر قېلىپقا سالغان تىلدىن ئىبارەت قەدىمىي قۇرۇلمىسى شائىرلارنىڭ قانىتىنى ھەرۋاقىت بوغۇپ تۇرىدۇ. توختىماستىن ئۆز ئەركىنلىكىگە تور توقۇۋاتقان ئۈمۈچۈك ئىنسانلارغا مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە شۇقەدەر ئاشكارا بېشارەتلەرنى بەرمەكتە. بىراق، ئىنسانلار دوختۇرخانىلاردا، مۇزېيلاردا، تەجرىبىخانىلاردا لوپا ئەينەك ئاستىدىكى تەجرىبە بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۆزىنى كۆزەتكۈچىگە، «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» دىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى تەتقىق قىلغۇچىغا، ئۆزلىرى ياساپ چىققان ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن ئاللانىڭ مۆجىزىسى بولغان «قۇرئان كەرىم» نى تەكشۈرگۈچىگە، خۇدانى ئەقىل بىلەن چۈشەنگۈچىگە ئايلاندى. دىن ۋە تۇغما تۇيغۇغا ئەمەس ئەقلىي تەپەككۇرغا ۋە ماددىغىلا تايىنىدىغان بۇ خىل تەرەققىيات مەۋجۇتلۇقنىڭ بىر تەرىپىدە ئىنسانىيەتنى تەنھا قالدۇردى. گەرچە ئىنسانلار ئۆز قىلمىشلىرى بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان روھىي سەرسانچىلىقنى باشلاپ ئەسلىي تەبىئىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئەتراپىغا مەدەنىيەتتىن ئىبارەت سوغۇق، زىچ، ھەشەمەتلىك تورلارنى تارتىۋەتكەن بولسىمۇ، يەختەكە يارىشا دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدىن يەنىلا شائىرلار ۋە شائىرانە تۇيغۇغا ئىگە كىشىلەر تېپىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ

مەدەنىيەتنىڭ خاس ، ئۆزگىچە شەكىللەنگەن دىنىي ئىستىقلاللىقىنى
باشقىماقتا ئىچىدە ئىمكانىيىتى ئۆمۈرلۈكى
زامان ھازىرقى گويا جەھەتتىن پىشانىسىغا ئۆيلىغۇرلار پ .
بىلەن قىياپەت ئاتقاندەك يەكلەۋاتقاندەك ياراتمايۋاتقاندەك يېڭىلىنىشنىڭ مەدەنىيەت
ھازىرقى جەھەتتە ئۇسۇللى قىلىش پىكىر . چىقىماقتا ئوتتۇرىغا
ئەقلىي ئاساسىدىكى ئۆگىتىش - ئۆگىنىش ئومۇملاشقان دۇنياغا
تەپەككۇرغا دىنىي جەھەتتىن ئومۇمىي ، ئەمەس تەپەككۇرغا
تايىنىدۇ . شېئىرنىڭ يىلتىزى بولغان تەبىئىي تۇيغۇ بىلەن
ئالاھىدە سېزىمغا تايىنىدۇ . ياز كۈنلىرى جەنۇبنىڭ ناھىيە
مەركەزلىرىدە ياكى دۈشەنبە بازار ، سەيشەنبە بازار . . .
يەكشەنبە بازار دېگەندەك ھەپتىنىڭ ھەر بىر كۈنىدە نۆۋەت
بىلەن قىزىيدىغان يېزا بازارلىرىغا بارسىڭىز مۇنداق ئىشلار
ئۇچراپ تۇرىدۇ : دېھقانلار ئېشەك ھارۋىلىرىنى بازار چېتىدە
توختىتىپ ، ئۆزلىرىنىڭ قوغۇن - تاۋۇزلىرىنى سېتىشقا
باشلايدۇ . ئۇلاردا تارازا بولمايدۇ . سورىسىڭىز كىلوسى نەچچە
پۇللۇقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ، ئاندىن تاللىۋالغىنىڭىزنى قولى
بىلەن دەڭسەپ ، كۆز چېنى بىلەن مۆلچەرلەپ ، بىرنەچچە
تىيىنلىك پۇلىڭىزنى ئېيتىدۇ . ناۋادا سىز دەرگۇمان بولۇپ
تارازا تېپىپ ئۆلچەتسىڭىز دېھقاننىڭ مۆلچىرى توپتوغرا بولۇپ
چىقىدۇ .

مېنىڭچە ، دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش
ئۇسۇلى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ئەقلىي تەپەككۇر تىپى ۋە
دىنىي تەپەككۇر تىپى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . بەزىدە
ئارىلىشىپ كەتكەندەك قىلىسىمۇ ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي
گەۋدىسىدىن ئالغاندا ، بىر مىللەت مەۋجۇتلۇقتا ھامان ئۆزىنىڭ
ئەسلىي تىپىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ . دىنىي تەپەككۇر
ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىكى بىر جەريان ، بىر سىر ،
ئۇنىڭ رېئاللىق ۋە زامان (ۋاقىت) غا بىۋاستە مۇناسىۋىتى
بولمايدۇ . ئۇ بىر قارىماققا بىمەنىلىكتەك كۆرۈنسىمۇ ، بىراق
شېئىرنىڭ يىلتىزى بولغان بۇ خىل تەپەككۇر چەكسىز

[illegible] . دومبلايەۋ ياش تامچىلىرى [illegible]
[illegible] دومبلايدۇ نۇرلۇق يەر شارى [illegible]
[illegible]
[illegible]

پۈتكۈل يەر شارىنى ئىگىلىگەن مەدەنىيەت [illegible] ئىمكانىيەتنى كۆنسېرى كىچىكلىتىۋاتقان بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ھازىرقى دۇنيانىڭ ئۆتمۈشىگە [illegible] ھاياتى ئارقىلىق شېئىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بەرمەكتە . گەرچە بەزى زاۋۇتلار قۇرۇلۇپ ، سانائەتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى پەيدا بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇيغۇرلار ئومۇمەن جەھەتتىن بۇ زېمىندا يەنىلا سۈنئىي قۇرۇلمىلارنىڭ [illegible] دېھقانچىلىقتەك تەبىئىي ئىگىلىك شەكلى ۋە [illegible] ئوخشاش يىپەك يولىغا خاس قەدىمىي كەسپلەر بىلەن تېرىكچىلىك قىلماقتا . يەر ئىنسانىنى ، ئىنسانىنىڭ خاراكتېرى [illegible] ۋە تەپەككۇرىنىڭ ئەسلىي تىپىنى ساقلاپ قالىدۇ . شۇڭا ، كۆپ ھاللاردا دېھقان مىللەت [illegible] ئاسسىمىلياتسىيە بولمايدىغان ، ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدىغان مىللەت بولىدۇ . شەھەرلىشىش جەريانىدىكى سانائەت [illegible] يەر بىلەن بولغان بىۋاسىتە ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ [illegible] تېز ئۆزگىرىدىغان ، ئاسان قوشۇلۇپ كېتىدىغان ، [illegible] ياسالما خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ . [illegible] 12 مۇقام بولۇپ شەكىللەنگەن مۇستەقىل [illegible] ناۋاسى ، ئۇسسۇل - مەشرەپلىرى [illegible] ئەتراپىغا دەل - دەرەخلەرنى تىكىپ [illegible] ماكان ئادىتى ، ئۆي بېزەش ئۇسلۇبى [illegible] ، ئويۇن - تاماشا ، يۇمۇر - چاقچاقلىرى [illegible] خاراكتېرى ، رەسمىيەتچىلىكى كۈچلۈك بولغان توي - تۆكۈن ، نەزىر - چىراغلىرى ، مول كلاسسىك ئەدەبىيات [illegible] فولكلور قاتلىمى ۋە توتېمىزم ، ئاتەشپەرەسلىك [illegible] مانى دىنلىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى قالدۇقلىرى ۋە [illegible] ئىسلام دىنى ئېتىقادى

بولغان ئىككى ئىشنى ئۆز - ئارا مۇناسىۋەتلىك قىلىش ، ئېنىقكى ئەر مىللەتنىڭ دىنىي تەپەككۇرى ھەم رېئاللىقتا ئەمەس ، تۇيغۇدا خاتىرىلەنگەن ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ سىرى ھەققىدىكى ئۇچۇر ئىدى .

ئايال ياشار سۇنىڭ ئىچىدە
ئايال ئۆلەر سۇ ئاپىتىدە
ئەرلەر چاقنار سۇ ئەتراپىدا
ئەر قۇترايدۇ قۇرغاقچىلىقتا
سۇ باسقان شەھەر
تۈپتە ئۇلار بىللە ياشايدۇ سۇ
كەلمىگەندە باشلىنىدۇ ئەرلەر . . .
—«ئەركەكلەر ، قىينى سىلەر» داستانىدىن

ئىنسان ئۆلىدۇ . ھاياتلىق ئۆزۈلمەيدۇ . ھادىسىلەرنىڭ جەرىيانى ئۈنتۈلىدۇ ، پەيدا بولغان تۇيغۇ داۋاملىشىدۇ . بىر قېتىملىق دائىرىسى ئېنىتايىن كەڭ بولغان ھالاكەت ، ھالاك بولۇش ئالدىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا مەڭگۈلۈك سىڭىپ كېتىدۇ . ھالاك بولۇش سەۋەبى دىنىي مۇراسىملاردا بۇزغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس ئەنئەنىدە ، يوشۇرۇن ئاڭدىكى دائىملىق ۋەھىمىلەردە سىرلىق ھالدا كېيىنكىلەرگە سىگنال بېرىپ تۇرىدۇ .

ئىنسان ئۆلىدۇ ، ئىنسانىيەت داۋاملىشىدۇ . رېئاللىق يوقىلىدۇ ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇيغۇسى ئۆلمەيدۇ . ۋاقىتنىڭ ئاڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سىرلىق ھەرىكەتلىرى ئىچىدە نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلدى ، شەھەرلەر ۋەيران بولدى ، مەدەنىيەت كۆمۈلدى ، لېكىن ئادەم ئاتىدىن ھازىرغا كەلگۈچە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىنسانىيەت ئورتاق بىر تۇيغۇنى ، يەنى جىنسىي پەرھىزنى داۋاملاشتۇرماقتا . ھېچكىم سەۋەبىنى ئېيتىپ

بۇلۇڭ-پۇچقاقتا، زورىيىپ تۇرغان ئىللەتلىك قۇۋۋەتكە تۇتقۇن قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بىلىم، پەن ۋە تېخنىكا مۇرەككەپ قىيپىتلىرى ئالدىنقى قاتار جىلغىسى ئىلىمنى ئەزەرلىرىنى ئوقۇتقۇچىغا قويۇپ، ئائىلىدىكى باغلىنىشلىق قىسمەن مەلۇماتلارنى ۋە مەجبۇرىيەتنى تېپىپ چىقتى. بولغان پەرزەنتلىك كېيىنكى تەرەققىياتلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى ئۆگىنىۋېتەر. ئۇنى تەپەككۇردا بولسا، شەيئىلەر ئەزەلدىن بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە بىر - بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلۇغ ھازىرقى يەر شارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئەقلىي مەدەنىيەت تېپىغا ئوخشاش ھاياتلىقتىكى ھەربىر ھادىسىنى ئۆز مەنتىقىسى بويىچە ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ.

ئۆتكەن يىلى مەن يۇرتۇمغا كېتىۋېتىپ، قەشقەر شەھىرىدە توختىغانىدىم. بۇ ئازنا كۈنى ئىدى. جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا ھېيتگاھ جامەسىدىكى پۈتكۈل جامائەت يامغۇر تىلەپ دۇئا قىلدى. ياز كىرگەندىن بۇيان بىر تېمىمۇ يامغۇر ياغماي، نۇرغۇن جايلاردا قۇرغاقچىلىقتىن زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىۋاتقانىكەن. ئىمامنىڭ سۆزلىرى ھازىرغىچە ئېسىمدە: «جامائەت، گۇناھى كەبىرلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچراۋاتىمىز. ئادەملەردىن شەرم - ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. گۈزەل ئەخلاقىمىز بۇزۇلدى. بۇزۇقچىلىق، زىنايى ھارام قىلىدىغانلار ئاۋۇپ كەتكەچكە، ئاللانىڭ غەزىپى كېلىپ بىزگە يامغۇر ياغدۇرمايۋاتىدۇ. ھەممىمىز خۇدانىڭ قارا ئارغامچىسىغا ئېسىلىپ گۇناھىمىزغا تەۋبە قىلايلى، ئاللادىن ھىدايەت تىلەيلى.» ئۇيغۇرنىڭ ئەنئەنىۋى تەپەككۇر ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ دىنىي ئۆلىما 20 - ئەسىردە يامغۇر ياغماي يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ھادىسىسىنى سۇ ھورلىرىنىڭ ئايلىنىشى، ھاۋا ئېقىمىنىڭ يۆنىلىشى قاتارلىق ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى ئۆزگىرىش بويىچە ئەمەس، ئۇنى ئادەمگە، ئادەمنىڭ قالايمىقان جىنسىي پائالىيىتىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. يامغۇر بىلەن جىنسىيەتتىن ئىبارەت مەنىسى بىر - بىرىگە تولىمۇ يىراق

پاكىتلارغا ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئىنسان ئۆلمىدى، ئۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ.

ناۋادا بىز ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە تۈيغۇغا تايانماقچى بولساق، مېنىڭچە دىنىي رىۋايەتلەردىكى توپان قىسسىسى ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقىغا ئوخشىمايدىغان بىر قېتىملىق مەدەنىيەت دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، دىن پاكىت ئەمەس، ئۇ پاكىتنىمۇ ئۇزاق مەۋجۇت بولىدىغان روھىي ئۇچۇر، تىرىك ئىنساننىڭ ئالاھىدە تۈيغۇدىكى رېئاللىقى. ناۋادا بىز ئەقلىي تەپەككۇرغا، رېئاللىققا تايانماقچى بولساق، دۇنيادىكى سىرى ئېچىلمىغان كاتتا قەدىمىي قۇرۇلۇشلار ۋە شەھەر خارابىلىرىنى تەكشۈرۈشتىكى مۆجىزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى پاكىتلار بىزگە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ھېچبولمىغاندا بىر قېتىم كۆمۈلگەنلىكى، بىزنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ياراتقۇچىلار بولۇشىمىز مۇمكىنلىكى ھەققىدە دادىل تەسەۋۋۇرغا يېتەكلەيدۇ. ياۋروپادا 1879 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئالتامىرا غارى تاشكېمىر رەسىملىرى بايقالغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى يۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلىپ، نەچچە مىڭ يىلدىن 40 ـ 50 مىڭ يىلغىچە تارىخى بار، دەپ مۆلچەرلەنگەن قىيا تاش رەسىملىرى، شۇنداقلا ھىندىستاندىكى ئىككى دەريا ھاۋزىسىدىن قېزىلغان، تۈرۈبىلاشتۇرۇلغان سۇ يوللىرى ۋە قەۋەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ ئىزى بار دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ شەھەر خارابىسى كەبى سىرلىق يالدامىلار ھازىرقى ئىنسانىيەتنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكىدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. بولۇپمۇ، ئاشكارا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان ياكى غالجىرانە جىنسىي ئىستەكنى ئىپادىلىگەن زور بىر تۈركۈم قىيا تاش رەسىملىرى جىنسىي ئەركىنلىكنى دىن ۋە قانۇن بىلەن چەكلەيدىغان ھازىرقى ئىنسانىيەتنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىزمۇ ئەنە شۇ ھەيران قالغۇچىلارنىڭ بىرى

بېرەلمەيدۇ. مەيلى ئەڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەتتە ياكى ياۋايى قەبىلىلەر ئارىسىدا بولسۇن، ئادەم بار يەردە جىنسىي پەرھىز بار. جىنسقا چەك بەلگىلەنگەن، مەلۇم دائىرە، ئوبيېكتىپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئەمما، بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ... قەدىمدىن بۇيان ئىنسانلار ئارىسىدا تالاي ئادەتلەر، تالاي ئەنئەنىلەر بولغان، ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىر - بىرلەپ يوقالدى، يېڭىلاندى. لېكىن، جىنسىي تىزگىنلەشنىڭ بۇزغىلى بولمايدىغان كۈچلۈك ئەنئەنە سۈپىتىدە تا ھازىرغىچە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىشىنى ئىنسانلار تارىخىدىكى زور بىر قېتىملىق ئىجتىمائىي ھالاكەتنىڭ تۇيغۇدىكى خاتىرىسى دېيىشكە بولامدۇ، قانداق؟! ئېھتىمال ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا جىنسىي ئەركىنلىك سەۋەبىدىن مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغۇدەك بىر قېتىملىق تراگېدىيە، سىرلىق تراگېدىيە يۈز بەرگەن. بىر قېتىملىق مەدەنىيەت كۆمۈلۈپ، ئىنسانىيەت قايتا باشلانغان. ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئۇنتۇلۇپ، تۇيغۇدا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقى قالغان.

يوقلۇقتا تۇتاشقان بۇ مەۋجۇتلۇق جەريانىدا شەيئىنىڭ نىسبىيلىكى، رېئاللىقنىڭ تىنىمسىز يوقىلىپ تۇرۇشى بىزگە قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنسانىيەتكە مۇناسىۋەتلىك سىرلارنى نوقۇل پاكىت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، تاشقى رېئاللىقنىلا ئاساس قىلىش بىر تەرەپلىمىلىك، ھەتتا پۈتۈنلەي ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. رېئاللىق ئۆزگەردى، ئادەم ئەلمىساقتىن بېرى ئۆزگەرگىنى يوق، ئۇ تەكرار داۋاملاشماقتا. ئۇنىڭ تۇيغۇسى كونكرېتنى رېئاللىقتىن توختاۋسىز ھالقىپ ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. مېنىڭچە، ئىنسان ئۈستىدە بولۇۋاتقان ھەر قانداق تەتقىقاتتا تۇيغۇنى، تۇيغۇدىكى ئۇچۇرنى بىر ياقتا تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك. ھە دېسىلا تىرىك ئىنساننى تاشلىۋېتىپ، ئۆلۈك

ئەمەس !
ھېلىقى ئۆلىمانىڭ قۇرغاقچىلىق بىلەن زىنايى ھارامنى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك، دەپ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ قەدىمكى كۆمۈلگەن مەدەنىيەت تىپىنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىدۇر. ئالىملار ئىلمىي تەتقىقات ئارقىلىق قەدىمكى گۈللەنگەن بابىلون شەھىرىنىڭ خاراب بولۇشىنى بۇ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتەك ئازادلىق ئېلىپ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ھەققىدە دەسلەپكى قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويمىدىمۇ؟ قېنى، كىم نىمىيە، كرووران قەدىمكى شەھەرلىرىنىڭ قۇم بېسىپ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سىرلىق ھالدا بۇ شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جىنسىي ئېلى ۋە جىنسىي پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان دەپ كېسىپ ئېيتالايدۇ؟!
بىنالار كۈنسېرى ئېگىزلەپ، ئاھالە كەلكۈنى يامراۋاتقان ھازىرقى دۇنيادا ئادەملەر ماددىي قىزغىنلىقىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بارغانسېرى ئۆز تۇيغۇسىنى ۋە مۇقەددەس كىتابلارنى مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەر قاتارىدا بىر چەتكە تاشلاپ قويدى. مەدەنىيەتنىڭ بۇ خىل يۈزلىنىشى ئىنساننى ئەسلىي تۇيغۇدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئىنسان بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدا ھاڭ پەيدا قىلدى. لېكىن، رېئاللىقنى ئەمەس، تۇيغۇنى رېئاللىق دەپ قارايدىغان شائىرلار ئىنساننىڭ ئىنسانىيەت سۈپىتىدە ئۆلۈمدىن ھالقىپ داۋاملىشىشىنىڭ سىرىنى يەنىلا دىنىي تۇيغۇ بىلەن جىنسىيەتتىن ئىزدەيدۇ. ۋاقىت قەپىسىدىن ئۇچۇپ چىقالايدىغان شېئىرلارنىڭ بىر قانىتى دىنىي تۇيغۇ، يەنە بىر قانىتى جىنسىي ئاڭ. مەدەنىيەت ئىنساننى قۇل قىلىۋاتقان بۇ دەۋردە شەيتان ۋەسۋەسىسى بىلەن دىنىنىڭ پارلاق كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرغان شائىرلار شېئىر ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان بۈيۈك ئاۋازىنى كۈچەيتمەكچى بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئادەتتىن تاشقىرى تۇيغۇسى بىلەن ئىنسانىيەت ئارىسىدا يەكلىنىپ، يوكسەك تەنھالىقنا قاراپ يول ئالسا، يەنە بىر

سۇپىتىدە زېمىنىمىزدىكى شۇ خىل ئاجايىباتلارغا لام - جىم دېيەلمەي سۈكۈتتە تۇرۇۋالدۇق . 1988 - يىلى ئارىش (جۇڭغار ) ئويمانلىقىدىكى قۇتۇبى شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن بايقالغان قىيا تاش رەسىملىرىدىكى تۇرلۇك بىزەپ كۆرۈنۈشلەر ، ھەر خىل جىنسىي رەسىملەر بىزنى خىجىل قىلىدۇ . بالاساغۇن قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بايقاشلار ئىنسانىيەت تارىخىدا ھازىرقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان باشقا بىر مەدەنىيەت تېپىنىڭ بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ . چۈنكى ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەر قانداق بىر دىن ۋە دىن ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى ئوخشاشلا جىنسىي ئەركىنلىكنى چەكلەشتىن ئىبارەت . ئۇنىڭ ئۈستىگە جىنسىي تەقىب ھازىرغا قارىغاندا قەدىمدە ، قەدىمكى دىن دەۋرلىرىدە تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ياكى مۇتلەق جىنسىي ئەركىنلىك بولمىغان شارائىتتا دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن بۇنداق غالجىرانە جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس ، بۇلغىنى ئەگەر ئۇ ئېتىقتىكى دەۋرگە ياكى ھازىرقى تارىخنى ياراتقۇچى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تېپىغا تەۋە ئۇچۇر ئەمەس ! دىنلا بولىدىكەن ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ يارىلىشىنى ئۆز سەۋىيىگە ئەمەس ، جەزمەن ئۆزىدىن باشقا مەۋجۇتلۇققا باغلايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ قەدىمكى دىنلاردا گۇناھ تۇيغۇسىدەك نامەلۇم بىر سىرلىق سەۋەب تۈپەيلىدىن ، جىنسىي ئەزالارنى جازالاشقا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇراسىملار گەۋدىلىكرەك . شۇڭا ، جىنسنى ئۇلۇغلاشنى قانداقتۇر بىر دىن دەپ قاراش ھەم جىنسىيەتكە ئائىت مەدەنىيەت ئىزنالىرىمىزنى يېقىنقى تارىختا تەۋە قىلىش مېنىڭچە ، زور خاتالىققا يول قويغانلىق . قۇتۇبى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ تارىخىنى ئېشىپ كەتسە مىڭ يىلدىن ئىككى مىڭ يىلغىچە دەپ شەرھلىگەن ماقالىلەر ھەم مەلۇم مۇددەتتىلا ئۇچۇن ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈشتىن باشقا نەرسە

مەن تىكەندەك يالغۇز ئۆلتۈرۈپ
ئۆز - ئۆزۈمنى سۆيمەكچى بولۇپ
سۆيۈپ قالدىم مۇزدەك بىرسىنى .

مۇزىكىدۇر ئاياللار بىزگە .

كۆتكۈچى قىز كەتمەكتە ئېرىپ
ئەركەكلەرنىڭ كۆز نۇرلىرىدا .
بۇ كوچا
تۈتىشىدۇ سامانيولىغا .
— «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى» داستانىدىن

**4 . ئۆمۈچۈكنىڭ غېرىبلىق قاتلىمى**

« . . . ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر»
، «قۇرئان كەرىم» 29 - سۈرە ئۆمۈچۈك

— كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ .
— مېنىڭمۇ .
— بىر ئۆيلىساڭ هاياتتا هېچنېمە يوقتەك . بىز نېمىگە شۇنچە ئالدىرايدىغاندىمىز ؟ !
— ئۆلۈمگە .
— ئۆلۈمنى چۈشىنەمسەن ؟
— ئىنسان دېگەن ئاجىز .
— قادىر ئاللا ، ئۆز پاناهىڭدا ساقلىغايسەن .
تۇپراق بېشىدا يېنىمدا تۇرغان ئىككىيلەننىڭ پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى . تېخى تۇنۇگۇنلا رەهمەتلىك بىزنىڭ خىزمەتدىشىمىز ئىدى . مانا بۇگۈن ئۇستىگە توپا تاشلاپ كۆمۈشكە باشلىدۇق . گەرچە كۇندە دېگۇدەك بىر ئىشخانىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرسەكمۇ ، بىرەر قېتىممۇ بىر - بىرىمىزنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشقىلى چولىمىز

تەرەپتىن ئىنسان مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچەلمەي! قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئىنسان بىلەن خۇدا ئارىسىدا مانا شۇنداق لەيلەپ يۈرگۈچىلەردۇر، سەرسانلاردۇر. شۇڭا، ئۇلار شېئىرلىرىدا تىلغا ئېلىنىشقا بولمايدىغان نازۇك تۇيغۇلارنى مەدھىيىلەپ، ئىنسانلارنى ئېزىقتۇرۇپ، شەيتان ئارقىلىق بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى بولغان ئىنسانىيەتنى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ، ھەم مەۋجۇتلۇق ۋە مەدەنىيەت تەرىپىدىن قات — قات چەكلىنىۋاتقان ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشىنى، ئىنسانلىقنىڭ غەم - قايغۇسىدىن قۇتۇلۇپ ماھىيەتكە ئالەمنىڭ بۈيۈك يوقلۇقىغا پەرۋاز قىلىش غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا چۆمگەن شۇنداق بىر ئادەتتىن تاشقىرى مىنۇتلاردا ئۇنىڭ ئىچى توساتتىن پارلاپ، نېرۋا قۇرۇلمىسى ئالەمنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ تۇرغان كوچا ئالەمدىكى بىر يولغا ئايلىنىدۇ. ئۇ يوقىلىپ چەكسىز كائىناتتا پەقەت بىر ئۇلۇغۋار ئۆمۈچۈكلا مەۋجۇت بولىدۇ.

ئۇزۇن نۇردەك ياتقان بۇ كوچا
ئايغىدۇر سامانيولىنىڭ.

تور توقۇيدۇ ئۆمۈچۈك خانىش
تەڭكەش قىلىپ شوخ مۇزىكىغا.
كۆكتىكى قىز كەلتۈرسەڭچۇ چاي
پىيالىدەك كۆزۈڭدە ماڭا.

مۇسەللەستىن مەست بولغان بوۋاي
چاي ئىچىدۇ قىزىلگۈل چىراي.
جىمجىتلىق
ئاستا - ئاستا سۈمۈرەر مېنى.

تۇغۇم سېۋىتى كۆتۈرگەن ئانام
كىچىك بىر ئورۇنغا ئاپتۇ جايلىشىپ.
ھودۇقۇپ قارايمەن يولۇچىلارغا.
سەن مېنى تونۇمايسەن كاتتا ئاسترونوم،
يۇلتۇزلار بىلەن بىرگە بولغاندا.

ناۋاي سەھەردە ياقماقتا گىردە
يانچۇقچى ئاپتوبۇسقا چىقتى غىپپىدە.
ئۇتۇق سۆزلىمەكچى تىلشۇناس بۈگۈن
سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رولى ھەققىدە.
نوبېلغا ئېرىشكەن ھېساب ئالىمى
سەزمەي قالدى ھەيرانلىقىدىن
چۈشۈپ كەتكەن شلەپىسىنى...
مەن كىم؟
تۇرنىسىلەر نېمىشقا جىم — جىم؟
— «ئۇچار تەخسە» دىن

ئادەملەر ياشىغانسېرى شۇنچە ناتونۇش ھاياتقا، تەرەققىي قىلغانسېرى شۇنچە يېگانىلىككە قەدەم قويماقتا. ھازىرقى زاماندا تەنھالىق ئادەمنىڭ ئۆزىنى، ئىلىمنى قېچىش سىلوۋېكىن يولمايدىغان يېرى ئالىملىقى. رېئاللىق بولسا ئادەمدىن تىنىمسىز ئىنقىلاپ كېتىۋاتقان جەريان. بىز بۇ يوچۇن جەرياندا ئادەمگە ئايلانغانسېرى تۇيغۇدىن ئىنقىلاپ رېئاللىققا يۈزلىنىشكە، ئەپسانىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كۆندۈرۈلگەن تەپەككۇرغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىمىز. ۋاقىتنىڭ تولۇق سېھىرگەرلىكى بىلەن شائىرلارنىڭ قىسمەن تەۋەككۇلچىلىكىدىن باشقا، مۇقەددەس تۇيغۇلارغا غەرق بولغۇچى دەرۋىشلەر ئۆتكەن زامانغا تەۋە بولۇپ قالدى. ھازىرقى تەرەققىياتتىن كېلىپ چىققان ئىنسان بىلەن رېئاللىق ۋە ئىنسان بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر يىراقلىشىش، ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن

تەگمەپتىكەن . ھەممە ئادەم ئىش بىلەن ، ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن . بۇ مەدەنىي جەمئىيەتتە كىشىلەر كۈندىن ـ كۈنگە ئالدىراش بولۇپ كەتكەن . ھېچكىم ھېچكىمنى ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۆلۈپ قالار ، دەپ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ . چۈنكى ، ئۆلۈم خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلمىگەن .

بەزى ـ بەزىدە ئىش ئۈستىلىمىزگە پەيدا بولۇپ قالىدىغان نەزىر باغاقلىرى ، نامەلۇم بىر تاسادىپىيلىق ياكى ئۇقۇشماسلىق بىردىنلا نېرۋىلىرىمىزنى سەگەكلەشتۈرۈپ رېئاللىققا پەيدا قىلغان گۇمان ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان تۈگىمەس مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئۆزىمىزنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت ھېس قىلىشتىن كېلىپ چىققان غېرىبلىق بىزگە ھاياتلىقنىڭ مەخپىي مەنىسىنى پات ـ پات ئاشكارىلاپ قويىدۇ . ھەممە ئادەم توساتتىنلا يوق . ھەممە نەرسە مەنىسىز ، توساتتىنلا مەنىسىز ، بىز ئۇ بۈيۈك مەنىنى بىلىشكە موھتاج ، لېكىن ئۇ مەنە غايىب . بىز ئادەمنى چۈشىنىشكە موھتاج ، لېكىن ئادەم ھازىر باشقا جايدا . بىز ئادەمنى ئەخلاق ، مەسئۇلىيەت ، قانۇن ـ تۈزۈم ، ئۆرپ ـ ئادەت ، چېگرا ، بايلىق ۋە بىلىمدىن ھالقىپ تۇرۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى . قارىغاندا ، ئەمدى بىز ئادەمنى چۈشىنەلمەيدىغان ئوخشايمىز . بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقتىمىز ۋە زېھنىمىز پۈتۈنلەي تەبىئەتتىكى سىرلارغا ، ئاسمان جىسىملىرىغا ، ماددىلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە ، ئۆي جابدۇقلىرىغا ، زامانىۋى ماشىنىلارغا ، يۇقىرى تېخنىكىلىق ھەربىي قوراللارغا ، قانۇنلاردىكى ئادەمنىڭ چەكلىنىشى قانائەتلىنەرلىك بولماي قالغان يوچۇقلارغا سەرپ بولىدىغاندەك قىلىدۇ .

كەلمەكتە يىراقتىن گۈدۈك ياڭرىتىپ
رېلىسسىز ، بېكەتسىز ۋاقىت پويىزى .
ئېھ ، ئۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى لىپ — لىق
ئېھتىمال كۆپلىرى بىلمەيدۇ مېنى .

رېئاللىقتىكى ھەربىر يېڭى نەرسە بىزنىڭ تەنھالىقىمىزنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە . ھەر بىر ھەرىكەت دۇنيا بىلەن بىز ، بىز بىلەن روھىمىز ئارىسىدىكى يىراقلىشىش ھەرىكىتى . ھەربىر رەڭ تەنھالىقنىڭ رەڭگى . ھەربىر سۆز تۇيغۇدىكى سۆز .

قاق ! ...
قاق ! ...
قاق ! ...
قار ئۈستىدە .
قارا رەڭ ماڭدى .
قارا رەڭ توختىدى .
قارا رەڭ يىغىلدى .
......
ئاق قاردا
قارا قاغا
قاقىلدىماقتا ،
بىر خەلقتەك
غېرىبلىقىنى ،
قاق! قاق ! قاق !

— «بىر قاغا ياكى ئۈچىنچى قاغا» دىن

ئۈمۈچۈك ئالەمنىڭ قۇرۇلما گۈزەللىكىنى كۆزىتىپ ھەيرانلىق ۋە دىنىي تۇيغۇ ئىچىدە تىنىمسىز تور توقۇغۇچى . ئەقىل ئارقىلىق يېڭى تەرتىپ ئورنىتىلماقچى بولغان دۇنيادا يەنىلا روھىي ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى . ئۇنىڭ نەزىرىدە جىمى ئالەم روھىي بىرلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر پۈتۈنلۈك ، كۈچ ۋە گۈزەللىك . ئالەم بىلەن بولغان تۇيغۇدىكى بىۋاستە ئالاقىنىڭ باشقا شەكىللەر ئارقىلىق ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئازاب ۋە ئاجىزلىق .

شائىرلارغا ماكان يوقلۇقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، تۈيغۇلىرىمىنى ئۆمۈچۈكنىڭ تور ئىچىدىكى تەنھالىقىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئەر مىللەتكە خاس دىن ۋە ھاياتىي قۇۋۋەتنىڭ قەدىمىي سېھرى ئىچىدە تۇرغان بۇ مىللەت ئومۇمىي جەھەتتىن 20-ئەسىرگە ماس كەلمەيدىغان 19-ئەسىر ياكى ئوتتۇرا ئەسىر رېئاللىقى ئارقىلىق ھازىرقى يەر شارى خاراكتېرلىك بىرلىككە كېلىۋاتقان ۋاقىتتا تەنھالىقىنى ئىپادىلىدى. بىزنى تىنىمسىز غىدىقلاۋاتقان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ يات خاراكتېرى ئۇيغۇرنىڭ قەلب ۋاراقلىرىغا مەخپىي غېرىبلىق تارىخىنى يېزىپ چىقتى. دۇنيا تەرەققىي قىلغانسېرى بىزنىڭ غېرىبلىقىمىز چوڭقۇرلاشتى. ياشاش مۇھىتىمىزنى بىز چۈشەنمەيدىغان ناتونۇش رېئاللىق ئىگىلىدى. توز، گوكۇتقا ئوخشاش ئەڭ ئۇششاق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ئىشلەپ چىقىرىلىشىدىن باشلاپ پەن — تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرى ۋە كۈندىن — كۈنگە ئېگىزلەۋاتقان بىنالارغىچە، ئالاقىلىشىش ئۇسۇللىرىدىن باشلاپ قانۇن، مائارىپ، ئاياللار ئازادلىقى ۋە غەيرىي پىسخىك تەسىرلەرگىچە بىزنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىمىز بىلەن رېئال مەۋجۇتلۇقىمىز ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق پەيدا قىلدى. ئەتراپىمىزدا ھازىرقى زاماننىڭ شاۋقۇن — سۈرەنلىرى، ئېقۋەتلىرى دارقەدىمىي سۈكۈت، خاراكتېرىمىزدە يېڭىلىققا قىزىقىش ۋە تېز قوبۇل قىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەنئەنىنى ساقلاپ قېلىشقا بولغان ھەر قانداق مىللەتتىن ئۆتە جاھىللىق، مۇنبەت يەرلىرىمىزدە پاختا رەخت بىلەن يىپەك توقۇشنىڭ مول خام ئەشياسى بولغان كېۋەز ۋە ئۈجمە دەرەخلىرى، ئۇستىمىزدە ئەرزان باھالىق سۈنئىي تالالار، خۇددى توقۇلغان تور ئۆمۈچۈكنىڭ تەنھالىقىنى ياپالمىغاندەك. رېئاللىق بىزنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز. بىز مانا شۇنداق: بىز ئۈچۈن ئۆتمۈش تونۇش، ھازىر ناتونۇش. قەلب رېئاللىق، رېئاللىق باشقا نەرسە. باشقىلار ھازىرغا، بىز باشقا دەۋرگە تەۋە. بىز رېئال سەرسانچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان شائىر مىللەت.

ئاستىدا. كەلگۈسىمىزنىڭ بېشارەتلىرى قۇم ئاستىدا. قۇم بىزنىڭ ئەپسانىمىز. قۇم بىزنىڭ تارىخىمىز. قۇم بىزنىڭ غېرىبلىقىمىز. قۇمنىڭ يېنىدا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر غايىب تۇيغۇ بىز بىلەن بىللە. بىز ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ قۇم چۆلىدە كىچىك — كىچىك يېشىللىق بىلەن ئايالارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەپسانىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز. قۇم ۋە تاغ ئادەملىرىمىز بىلەن ئادەملىرىمىزنى، شەھەرلىرىمىز بىلەن شەھەرلىرىمىزنى ئايرىۋەتكەن، ئاندا — ساندا ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش ۋە سۆز ئادەتلىرى بىلەن ئورتاق بىر ئەنئەنە ئىچىدە بىز ئايرىم — ئايرىم ھالدا غېرىبلىقنىڭ تەمىنى تېتىيمىز.

مەن بۇ يىل قىشتا يىراق روھىي تەنھالىقىمىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن خوتەنگە بارغانىدىم. خوتەن ماڭا خۇددى قۇملىرىمىزدەك سىرلىق، ئۆزىمىزدەك يىراق، قوشاقلىرىمىزدەك قەدىمىي تۇيۇلدى. ئوخشاش بىر تىلنىڭ قۇلاققا ئىسسىق ئاڭلىنىدىغان باشقىچە تەلەپپۇزى، دىنىي ئەنئەنىلەرگە بولغان ئالاھىدە جاھىل خاراكتېرى بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرىغا قايتۇرغان تېز ئىنكاسى، كوچىلارغا پاتماي مىغىلداپ ئۆتۈۋاتقان قاملاشقان، قاڭشارلىق كىشىلەر ۋە ئاندا — ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان كۆپكۆك كۆزلەر مېنى ئىختىيارسىز ھالدا مىللىتىمىزنىڭ ئېتنىك تەركىبى ھەققىدە ئويلاندۇرۇپ قويدى. مەن قايسىدۇر كىتابلاردىن ئوقۇغان گېرمانلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئارىيانلار بىلەن يىراق قەدىمكى تارىختا تۇتىشىپ كېتىدىغان بىزنىڭ يىلتىزىمىز، فولكلور قاتلىمىنىڭ ئانا تىپلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىندىئانلار بىلەن ئورخۇن — ئاناساي دالىلىرىدا ياشىغان قىسمەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، شىمالىي قۇتۇپ تەبىئىي مۇز كۆۋرۈكى ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتۈپ، ئامېرىكا قىتئەسىگە تارقالغانلىقى ھەققىدىكى رېئال قىياسلار ۋە تارىخىي پاكىتلار كاللامدا غىل — پال چاقناپ

كۆنسېرى ئېگىزلىگەن كاتتا بىنالار
نېمىدېگەن ھەشەمەتلىك ، يوشۇرماقچى ــ ھە
ئاجىزلىقىنى ،
يىراق بىر خەلقنىڭ ئاجىزلىقىنى
ئاجىزلىق ئىچىدە تۇرغان بۇ بىزنى .
ئاھ ، غېرىبانە قۇم دېڭىزى
قۇملىرىڭ ئۈستىمىزگە كەلمەكتە دەۋرەپ .
روھىمىزغا توپلىنىۋاتقان
گۇناھ تۇيغۇسى ، ۋەھىمىلەردەك .
. . . . . .
ئاجىزلىق
ئۇلۇغ بىر ئاجىزلىق بەلكىم
يارىلىشىمىزغا بولغاندۇ سەۋەب .

تەنھالىق موھتاج قىلدى ،
مېنىڭ كىملىكىمنى سورىما ،
كېچە ھەممىمىزگە ناتونۇش ،
تەكلىماكان بويىدا .
— «كېچە — بىر غېرىب ئادەمنىڭ يۈزى»

دىن

قىسمەت بېشىمىزنى ئەگىيدۇ . قۇم سىرلىق بىر مەنە بىلەن بىزگە يېقىنلىشىدۇ . بىر بار جايدا قۇم ، قۇم بار جايدا بىز . قۇم بىزنىڭ ، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ باشقا بىر ھاياتلىقىدەك ئۇزۇلمەيدۇ ، ئالغا سىلجىيدۇ ، بىلىندۇرمەي ماڭىدۇ . يات — يات ئۇ تەرىپى قۇملۇقنىڭ باشلاپ بۇ چېتى خوتەنگىچە بولغان بوستانلىقلىرىمىزنىڭ يېشىل قويرۇقى بىر كېچىدىلا قۇم ئاستىدا قالىدۇ . بىر ئەتىگەندىلا يېزىلارنىڭ بوسۇغىسىدا قۇم تاغلىرى پەيدا بولىدۇ . قەدىمىي شەھەرلىرىمىز قۇم ئاستىدا . كۆچىمىز ۋە بايلىقىمىز قۇم

«قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالدۇق ،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن .
خېرىدارى سوراپ قالسا ،
غېرىب بىچارە دەپ ساتسۇن» .

سالۋا تەلپەك كىيگەن ئادەملەر
دېۋىدەك ئېگىز كەلگەن ئادەملەر
تراكتوردىن تاشلايدۇ ئوتۇن .
— «ئوتۇن بازىرى» دىن

ئىنسان تەلتۆكۈس يېگانىلىك دەۋرىگە قەدەم قويدى . ئەتراپىدا بۆرىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتسا ، ھېچكىم ھەتتا بۆرە توتېمىنى تەتقىق قىلغۇچى ئۇيغۇر ئالىمىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ . ھەممە بۇلۇڭ — پۇچقاقلارغا چاشقان ئۆلتۈرۈش دورىلىرى قويۇلغان بولىدۇ ، ئەكسىچە چاشقانلار ئىلگىرىكىدىنمۇ دەھشەت كۆپىيىپ كېتىدۇ . مەھكەم تاقالغان ئىشىكلەرنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنىڭ قولىدىكى شاراقشىغان تۆمۈر ئاچقۇچلار غېرىبلىقنى سۆزلىمەكتە . ئۆيلەردىكى جىمجىتلىق ۋە كوچىلاردا ئادەمنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كېتىدىغان ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ چىرقىراق ئاۋازى غېرىبلىقنى سۆزلىمەكتە . تۈگىمەس رەسمىيەتلەر ئارا ئادەملەرنىڭ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرايى غېرىبلىقنى سۆزلىمەكتە . كۈنسىرى ئادەم يېقىنلىشىش مۇمكىن بولمىغان ھەشەمەتلىك توي ۋە ھازىدارلارنىڭ سانى ئازىيىپ كېتىۋاتقان جىمجىت دەپنە مۇراسىملىرى غېرىبلىقنى سۆزلىمەكتە . ۋاقىت پەلەمپىيىنىڭ تۆۋەن پەشتىقىدىكى بىر مىللەت غايىب بولۇۋاتقان ۋاقىتتا غېرىبلىقنى سۆزلىمەكتە . تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بۇ سەپەردە ئادەم بىلەن تەبىئەت ، ئادەم بىلەن ئادەم ، بىر - بىرىنى تاشلاپ كېتىۋاتقاندەك . ئۆمۈچۈك تور توقۇماقتا . ئۆمۈچۈك توقۇغان تورى ئىچىدە

قالدى، بولۇپمۇ ئوتۇن بازىرىغا بارغىنىمدا كەڭ مەيداندىكى ئېگىزلىكى 20 نەچچە مېتىر كەلگۈدەك ھەر خىل توغراق ۋە يۇلغۇن كۆتەكلىرى، ئىگىنلىرى كونا، قاش — كىرپىكلىرىگە توپا قونغان ئوتۇنچىلار، بىر باغلام، بىر باغلامدىن تارازىغا سېلىنىپ سېتىلىۋاتقان ئوتۇنلار ماڭا ئاجايىپ تۇيۇلدى. ھېسابسىز نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە كۆمۈر بايلىقلىرى ئۈزۈلمەي قېزىلىۋاتقان زېمىندىكى، ئوتۇننى تارازىلاپ ساتىدىغان بۇ بازار ماڭا نامراتلىقنىڭ رېئال سەۋەبىدىن، باشقا خوتەنلىكلەرنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇرغا ئورتاق بولغان رېئاللىق بىلەن ھېسابلاشماسلىق ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئەقىل بىلەن ئىچ — ئىچىدىن بېرىلمەسلىكتەك دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك پىسخىك سىرىنى چۈشەندۈرگەندەك بولدى. ئۇلار باشقا يەردە يوق بۇنداق ئوتۇن بازىرى ئارقىلىق ئوتقا چوقۇنۇش مۇراسىملىرىنىڭ ئوتۇن ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان قەدىمىي شەكلىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇئان روھىمدا تەنھالىق پەرۋاز قىلدى. تەنھالىق ئۇزۇن ئۆتمەي شېئىرغا ئايلاندى.

ياۋروپادىكى بىر سەنئەت مۇزېيى.
ئوردا خارابىسى.
خوتەن پادىشاھى ئويدۇرغان ياغاچ پۈتۈك.
قىزغۇچ كومزەك كۆتۈرگەن يالىڭاچ ئوت
ئىلاھى.
چاستانى ئىلىك بەگدىن قورقۇپ كەتكەن جىنلار.
بىر ئۇيغۇر، ئارىيان ياكى بىر ئىندىئان.
ئېگىز — پەس كۆتۈرۈلگەن مىلتىق ئۇچلىرى.
قان يۇقى ئۇستىخان.
مۈڭگۈزىنى دىڭگايتىپ بۇغىلار ياتقان.
سۇزۇك قاشتېشى ئەمەس تۆشۈك ئوتۇن.
ئايال ئوتۇن.
ھەممىسى تىرىك ئوتۇن.

ھەممە يەردە، پۈتكۈل مىللەتلەرگە ئورتاق. بۇ ئەمەلىي رىقابەت جەريانىدا ھەربىر مىللەت يالغۇز زامان، ماكان تەرەققىياتىغىلا ئەمەس، دائىملىق روھىي تەسەللىگە ۋە مەنىۋى يۈكسەكلىككە مۇھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلۋەت زېمىنىدىكى ئاجىز بىر ئاۋازمۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلالايدۇ، دەپ ئويلايمەن. شېئىرنىڭ بۇ ئاۋازى شىمالىي قۇتۇپتىكى مۇز ئۆيلەردە، ئەڭ ئاخىرقى ئىندىئان قەبىلىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئىنسانىي پائالىيەتلەردە، قۇرئان تىڭشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ سۈكۈتلىرىدە، شان-شەرەپنى ماددىي تۆھپە ئارقىلىقلا بېكىتىدىغان ھازىرقى دۇنيادا خەلقئارالىق مۇكاپات ئارقىلىق شېئىرنىڭ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كەلگەن شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ ئەھمىيەتلىك مۇراسىملىرىدا، ئەركىن تەبىئەتلىك ئامېرىكىلىقلار ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرقى يۆنىلىشى ئۈچۈن مۇساپە كۆرسەتكۈچ قىلىپ پەخىرلىنىپ يۈرگەن ئەركىنلىك ئىلاھەسىنىڭ ھەيكىلى يېنىدا ۋە ئاسماندىكى خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە يوللىغان مېھىر-مۇھەببەتلىك سالاملىرىدا ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرىدۇ.

شېئىرغا بولغان سىرلىق ئىشتىياق مېنى بۇ غايىۋىي يولغا باشلاپ كىرگەندىن بۇيان شېئىر باشتىن-ئاخىر مەندە ئادەملەرگە ۋە ئۆزۈم تەۋە بولغان ئادەملەر توپىغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ كەلدى. مەن ئادەملەر ئارىسىدىكى رېئاللىقتا ۋە ھالقىغان رېئاللىقتا شېئىرنىڭ غايىپ سادالىرىنى پات-پات ئاڭلاش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. شېئىر ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ يورۇقلۇقنى، ئالىيجانابلىقنى، گۈزەللىكنى چاقىرغان چاغدىكى يارقىن خىتابلىرىنى ياڭرىتىشنى ۋە بۇ جەرياندىكى روھىي ئازابلىرىنى ئىپادىلەشنى ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلدىم. ئۆزۈمنىڭ مەنىسىنى ئىزدەش جەريانىدىكى تىراگېدىيە، روھىي تەنھالىقتا تۇرۇۋاتقان بۇ خەلق ۋە مەندە پات-پات سىرلىق ھاياجان پەيدا قىلىدىغان

غېرىبسىنماقتا .

ئىنسان مەدەنىيەت ياراتماقتا . مەدەنىيەت ئىچىدە ئىنسان غېرىبلىقى چوڭقۇرلاشماقتا .

### 5 . ئۆمۈچۈك ـ مەڭگۈلۈك قايتىش تېمىسى

شېئىرنىڭ مۇقەددەس ئاۋازى ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ياڭراپ كەلدى .گەرچە ئۇنىڭ ئەكس ساداسى خۇدانىڭ ۋەھىيلىرى بىلەن بىللە ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ قەلبىدە ئاجىزلاپ قالغان بولسىمۇ ، ئىنسانلار بۇ ئاۋازغا قۇلاق سېلىشنى يەنىلا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قارىماقتا . بىز روھ ۋە تەننىڭ ئۇزاقتا سوزۇلغان ئازابلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىمىزدىن كەچۈردۇق ھەم كەچۈرۈۋاتىمىز . گەرچە بۇ جەرياندا نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن بولساقمۇ ، بىز شېئىر ئارقىلىق ئىنساننىڭ قەتئىي ئىرادىسى ۋە روھىي ئازابلىرىنى خاتىرىلەپ كەلدۇق ھەم ئۇنى تۇغۇلمىغانلارغا ، جەزمەن تۇغۇلىدىغانلارغا ، ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلەرگە ۋە جەزمەن ئېرىشىدىغانلارغا ، ھەممە ئادەم ئادەم بولغىنى ئۈچۈن تەڭ ئۇلۇغلىنىدىغان ، يەر شارىنىڭ ئىككى چېتىدىكى خالىغان ئىككى جانلىق بىر-بىرى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلالايدىغان ئاشۇنداق بىر كۈنگە ئاتاپ قويدۇق . شۇنداق ئېيتالايمەنكى ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان شۇ كۈنگىچە كىشىلەر يەنىلا شائىرلارنى سۆيىدۇ ، شائىرلارنى چۈشىنىدۇ . ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە تەنھالىقى ۋە غەم-غۇسسىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان شائىرلارنىڭ ئالەمنىڭ سۈكۈتلۈك تىلىنى يېزىققا ئايلاندۇرغان چاغدىكى تىۋىشىغا جەزمەن قۇلاق سالىدۇ .

جەمئىيەت قايسى يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىمىسۇن شېئىر مەن ئۈچۈن ، ئەتراپىمدىكىلەر ئۈچۈن ، روھىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر . مەن گەرچە ئاسىيانىڭ كۈنسېرى قىستاڭچىلىق بولۇۋاتقان كەڭ بىر يېرىدە ياشاۋاتساممۇ ھاياتلىق رىقابىتى

مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق تۇيغۇنى ئىپادىلىمەكچى بولدۇم . مەن ئۈچۈن تۇيغۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە . تۇيغۇ ماڭا بىرەر ئىش ياكى مەلۇم تاسادىپىي جەرياندا كۆڭۈلنىڭ مەخپىيىتىنى ، شەيئىلەرگە يوشۇرۇنغان سېھىرگەرلىكنى ، ئالەمنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى رىتىمنى ئاشكارىلايدۇ . تۇيغۇنىڭ مەستخۇشلۇقى بىلەن ئۆتمۈش ، ھازىر ۋە كەلگۈسى بىرلىككە كەلگەن چەكسىز ۋاقىتتا ئايلىنىدۇ . مۇھىتقا جان كىرىپ ، پارچە - پارچە شەيئىلەر بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ . شېئىر بۈيۈك يوقلۇقنىڭ ئاۋازىغا ئايلىنىدۇ . ئادەمنىڭ يىلتىزىغا چەكسىز ئېقىنلايدۇ .

شېئىر كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت جەرياندا يوقاتقان ھېسسىياتىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ . ئادەملەرنىڭ قەدىمىي روھىي بايلىقلىرىنى ، ئەپسانىۋى گۈزەللىكىنى ئەسكە سالىدۇ . ئەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھازىرقى جەمئىيەتتە ئادەملەرنىڭ تۇيغۇ ئارقىلىقمۇ ئۆز ئارا چۈشىنىش مۇمكىنچىلىكىنى پەيداكارلىق بىلەن ئۇقتۇرىدۇ . ئىنسانىيەت ئەمدى ئارقىغا قايتىشقا ئامالسىز . ۋاقىتتىن ھالقىشتەك بۇ ئورتاق يوشۇرۇن ئارزۇنى پەقەت شېئىر ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن .

شېئىر ئاخىرلاشماقتا . ئۇ ئىككى يول بىلەن ئىنساننىڭ ئەسلىي تۇيغۇسىغا قايتماقتا . بىرىنچى ، تەبىئەتكە قايتىش . ئادەملەر تەبىئەتنى ئۇلۇغلىغاندا ، تەبىئەت ئادەملەر ئارىسىدا مېھىر-مۇھەببەت پەيدا قىلدى . ئادەملەر تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ قۇل قىلماقچى بولغاندا ، تەبىئەتمۇ ئادەملەرنى روھىي يېتىملىككە تاشلىۋەتتى . كىچىكلەۋاتقان يېشىللىق ۋە باغچىغا ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ سولغۇن چىرايى . قەپەستىكى يولۋاس ۋە ۋاقىت قەپىسىدىكى بىچارە ئادەملەر . شائىرلار بۇ يولنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدى . ئەڭ ئالدى بىلەن يۆنىلىشنى ئۆزگەرتتى . ئۇلار خارابىلەردىكى ساپال پارچىلىرىدىن ئىللىق كۈن نۇرىنى ، تەبىئەتنىڭ قەدىمىي مۇزىكىسىنى ھېس قىلدى ، ھازىرقى زامان شەھەرلىرىدىكى

دىنىي تۇيغۇ ماڭا ھەر ۋاقىت شېئىر يازمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردۇ. مەن ئۆزۈمنى دۇنيادىكى بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ئۇلۇغ ئەنئەنىسىگە ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تۇيغۇسىغا ۋارىسلىق قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلايمەن. تېخىمۇ كونكرېتنى قىلىپ ئېيتسام، مەن ئىجادىيىتىمدە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تۇرپاندىن تېپىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ مانى ۋە بۇددا دىنى شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى ئەھمەد يەسەۋى، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق تەسەۋۋۇپچى شائىرلارنىڭ دىنىي تەپەككۇرىغا، ئوسمانجان ساۋۇت، قۇربان بارات، ئارسلان قاتارلىق ئالدىنقى بىر ئەۋلاد شائىرلارنىڭ ئىنسان ۋە ئۆزى ۋەكىللىكىدىكى ئىنسانلار توپىنىڭ تەقدىر-قىسمەتلىرىگە شېئىر ئارقىلىق مەسئۇل بولۇپ، ئانا تىلنىڭ ئەڭ زور ئىمكانىيەتلىرى ئىچىدە تەبىئەتكە بولغان ساپ ھېسسىياتنى ئىپادىلىشىگە، بوغدا ئابدۇللا، ئەخمەتجان ئوسمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، باتۇر روزىلارنىڭ مەندىن بىر قەدەم ئالدىدا باسقان بۇرەكلىك سىناقلىرىدىن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ۋارىسلىق قىلدىم. دۇنيا ئەدەبىياتىدا رېئال تارىخىي ۋە شېئىرىي مۇھىتى بىزنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان لاتىن ئامېرىكا شائىرلىرىدىن پابلو نېرودا، لوركا، ئوكتاۋئو پازلارنىڭ ۋە گرېتسىيە شائىرى ئېلىتىسنىڭ تىلنى سېھىرگەرلىك قورالىغا ئايلاندۇرۇپ، ھېسسىياتنى ئەركىن ئىپادىلىشى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشتىكى جاسارىتى ماڭا ئۈلگە بولدى. مەن مەزمۇن جەھەتتە ساپ سەنئەت قارىشى بىلەن مىللىي تراگېدىيىنى بىرلەشتۇرۇشكە، شەخسىي كەچۈرمە ۋە پىسخىك تۇيغۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئەپسانىسىنى ئىپادىلەشكە، ئادەتتىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىن سىرلىق دىنىي تۇيغۇنى قېزىپ چىقىشقا تىرىشتىم. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى يەڭگىل ئۇسلۇب بىلەن تۇيغۇنىڭ نازۇكلۇقىغا ۋە ھېسسىياتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماس كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئەركىن

مەلۇم جەھەتتىن دىنىي تۇيغۇغا قايتىشتۇر . ئومۇمەن تەبىئەتكە قايتىش — ئىنسانىيەتنىڭ ماكان جەھەتتىكى بالىياتقۇغا قايتىشى ، بالىياتقۇغا قايتىش — ئىنساننىڭ ئاڭدىكى ئەسلىي تۇيغۇغا قايتىشىدىن ئىبارەت . ئالەمنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئىنسان مەۋجۇتلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق رىتىمغا تەڭكەش قىلىپ كېتىۋاتقان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا تەبىئەتكە قايتىش ئېڭى بىلەن بالىياتقۇغا قايتىش ئېڭى ئۆزئارا كىرىشىپ كەتكەن ، تەڭ ۋايىغا يەتكەن بولىدۇ .

شېئىر — يوشۇرۇن ئاڭنىڭ تىل بەلگىلىرى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىشى . ئۇ شائىرنىڭ مەخپىيىتى ، ھەتتا ئۆزىگىمۇ ئايان بولمىغان مەخپىيىتى . شېئىرنىڭ يېزىلىش جەريانى شائىرنىڭ تالانتى بىلەن بەدىئىي ماھارىتى يول باشلايدىغان ، شائىرغا نىسبەتەن باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن بارار مەنزىلى ئېنىق بولمىغان بىر قېتىملىق تاسادىپىي سەپەر . ئۆمۈچۈكنىڭ شېئىرلىرىمغا ئاڭسىز ھالدا كىرىپ ، ئادەت خاراكتېرلىك ئىماگ (ھېسسىي ئوبراز)غا ئايلىنىپ قېلىشى ئىچكى — تاشقى ئىجادىيەت مۇھىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىدىن ، زىيادە سېزىمچانلىق ئىچىدە تۇرغان ئىجادىيەت جەريانىدىكى نېرۋىلىرىم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى تاسادىپىي رىتىم ۋە بۇ رىتىمنىڭ مۇزىكا ئۇدارىدەك تەكرارلىنىشىدىن بولغاندۇ ، دەپ ئويلايمەن . ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېيتقاندا ، مەن ئەقىل ئارىلاشتۇرۇلغان ئاڭلىق ھالدىكى سىمۋولغا قارشى ، شۇڭا شېئىرلىرىمدىكى ئۆمۈچۈك بىرلىككە كەلگەن مەلۇم سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئەمەس . ئەمما ، مەن ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئۆزلۈكىدىن بولغان تۇيغۇنىڭ سىمۋوللىشىشىنى چەتكە قاقمايمەن . شۇنداق بولغاچقا ، ئوخشاشمىغان شېئىرلىرىمدا ۋە ئوخشاشمىغان مىسرالاردا ئۆمۈچۈكمۇ باشقا - باشقا مەنىلەرگە ئىگە . پىسخىكا جەھەتتىن ئۆمۈچۈك تورى بىلەن بالىياتقۇنىڭ قىسمەن شەكىل ئوخشاشلىقىمۇ مېنىڭ ھاياجىنىمنى قوزغاپ ، شېئىرلىرىمغا كىرىپ قالغان بولۇشى

ماشىنىدەك ئالدىراش ئادەملەر ئارىسىدا ئۈمىدسىزلىنىپ، قەدىمىي ئەنئەنىلەرنى مەدھىيىلەشكە باشلىدى. سۆزلەر ئارقىلىق ئەتراپىغا يېشىل رەڭ بېرىپ، تەبىئەتكە بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلىدى. ئۇچار قۇش، ھايۋانلارنى مېھرىبانلىق بىلەن ئەركىلەتتى. ھۇجرىسىغا شىلدىرلىغان بۇلاقلارنى باشلاپ كىرىپ، يېشىل چىمەنلەر بىلەن بىللە ئۇخلىدى. بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋردىن تەبىئەت بىلەن ئىنسان ھېسسىياتى قوشۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان قەدىمكى دىنىي دەۋرلەرگە قايتتى. ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى كرىزىسقا ئۇچراپ چۈشكۈنلەشكەن ئادەملەر ئارىسىدا قايتىدىن شېئىر ئارقىلىق ھەقىقىي دىنىي تۇيغۇغا يەتمەكچى بولدى. مانا بۇ شېئىرنىڭ تەبىئەتكە قايتىشى.

ھازىرقى زامان شېئىرلىرىنىڭ ئىككىنچى خاھىشى بالىياتقۇغا قايتىش. جىنسىيەتكە بولغان چەكسىز قىزغىنلىقىدىن قارىغاندا، شائىر جىنسىي ھەۋەسى قۇتراپ تۇرغان بۇقا، كۈچى ئۇشۇق ئادەم. بۇ كۈچ، بۇ ھەۋەس شائىرنى جىم تۇرغۇزمايدۇ. ئايالLARنى، تىلنى، ئەنئەنىنى، ئەخلاقنى، رېئاللىقنى، ۋاقىتنى تىنىمسىز بۇزۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئىنساننىڭ يەنىلا چەكلەنگەن مېۋىنى يېيەلەيدىغان ئىنسان بولۇشىنى، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىپ، ياتلىشىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بالىياتقۇغا قايتىش ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ ئەسلىگە، يەنى ئۆزى پەيدا بولغان بالىياتقۇدىكى ئەينى مەۋھۇم ھاياتقا تەلپۈنۈشىدىن ئىبارەت. بۇ خىل قايتىش ئېڭىدىكى شائىرلار چۈش، ئەسلىمە، خىيال، خاتا تۇيغۇ قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق رېئاللىقتىن ۋاقىتنىڭ بالىياتقۇسىغا بۆسۈپ كىرىدۇ. ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە ھالدا نازۇك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، ئىنساننىڭ يىلتىزى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. جىنسىي ئاڭ كۈچلۈك گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بىلەن مىللەت مەۋجۇت بولىدىغان دىنىي تۇيغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل قايتىشمۇ

ئۆلگىسى بولالايدۇ . جۇپلىشىش ئالدىدا ئەركىكى ئۆزىنى يەم قىلىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن ھەر خىل نەپىس ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ،ھەمراھىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. بىردەم مەقسىتىنى مانا مۇشۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئۇقتۇرۇپ بولۇپ ، كۆپىيىش ئەزاسىنى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ جورىسىنىڭكىگە كىرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سەل — پەل بىخەستەلىك قىلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلسا ياكى بەكرەك تەۋرىنىپ كەتسە شۇ ھامان ئۇنىڭ ھاياجانلىق تېنى جورىسى-چىشى ئۆمۈچۈكنىڭ ئاغزىغا يەم بولۇپ كىرىپ كېتىدۇ . جۇپلىشىپ بولغاندىن كېيىن چىشىسى قارشىلىق بىلدۈرمىگەن ئەھۋالدىلا ئەركەك ئۆمۈچۈك بۇرۇنقىدەك نەپىس ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كېتىۋالىدۇ» .

تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئاسپىرانتى مۇنداق بىر بايقاشنى ئوتتۇرىغا قويغان . «جۇپلىشىۋاتقاندا چىشى ئۆمۈچۈك غالجىرلىشىپ كەتسە ، بىر تەرەپتىن ئەركەك جورىسىنى چايناپ يېگەچ ئۇنىڭ جۇپلىشىش ۋاقتىنى ئۇزاقراق داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويىدىكەن . بۇ ئارقىلىق ئەركەكنىڭ قانچىلىك ئۇرۇقى بولسا ، شۇنچىلىك چىقىرىپ نەسىل قالدۇرۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىكەن . ئۇرۇقلىنىپ بولغان بۇ چىشى ئۆمۈچۈك شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقا ئۆمۈچۈكلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۆلۈۋالغان ئەركەك ئۆمۈچۈكنى رەقىب قاتارىدا كۆرمەي ، ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدىكەن . . . » . يۇقىرىقىدىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى ، ئەركەك ئۆمۈچۈكنىڭ جۇپلىشىشىدىن ئىبارەت مەلۇم ئەزالىرى ئارقىلىق بالىياتقۇغا قايتىش ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە روھىي قانائەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن ئىبارەت . ئۇنداقتا ، ھاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرغان شائىرنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشچۇ ؟ ! شېئىر - ئىنسانىيەتنىڭ شائىر يېزىپ چىققان ئەپسانە ئارقىلىق تەبىئەتكە قايتىشى ، قايتىش تەقەززالىقى كۈچلۈك بولغان شائىرنىڭ بالىياتقۇغا بولغان

مۇمكىن .

مەن شېئىرلىرىم بىلەن ئۈمۈچۈكنىڭ باغلىنىپ قېلىشىدىكى سىر ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، بۇ ماقالىنى يېزىۋاتقان كۈنلەردە يەنە بىر تاسادىپىيلىق ماڭا ئىجادىيەتنىڭ باشتىن - ئاخىر تاسادىپىي جەريان ئىكەنلىكىنى. يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدۇرغاندەك بولدى . بۇ ماقالەم پۈتەي دەپ قالغان بولۇپ ، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدە ئويلانغاچ شېرىن - سۆخەن سۆھبەتلەر ئارقىلىق مېڭەمنى ئارام ئالدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن دوستۇم ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم . ئۇنىڭ يېنىدا بىر چەت ئەللىك دوستى قويۇپ كەتكەن ، ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ۋاقىت» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىل 15-يانۋاردىكى سانى تۇرۇپتۇ . مۇنداقلا ۋاراقلاپ بېقىۋېدىم ، «ئۈمۈچۈكنىڭ جۈپلىشىشى قېنىپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتۇر» ماۋزۇلۇق بىر ماقالە كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى . گەرچە بۇ ماقالىدە شەرھلەنگىنى شېئىر بىلەن مۇناسىۋىتى تولىمۇ يىراق بولغان تەبىئىي پەنلەر ئىچىدىكى زوئولوگىيىلىك بايقاش بولسىمۇ ، ئۇنى ئوقۇپ چىقىپ خۇددى ئىزدەپ يۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاچقۇچۇمنى تېپىۋالغاندەك بولدۇم . چۈنكى ، ئۈمۈچۈك بىلەن شائىر ھېسسىيات ئىپادىلەشتىكى غالجىرلىقى جەھەتتىن تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىكەن . تۆۋەندە مەن بۇ ماقالىنىڭ قىسمەن بۆلىكىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تەرجىمە قىلىپ سۇندۇم :

« . . .مۇھەببەتلىشىشنىڭ مۇقەددەس قەدىمىي ئۆلگىسى ياچمۇەك بولۇپ ، جۈپلىشىپ بولغاندىن كېيىنلا چىشىسى ئەركىكىنى بىر ۋاق مەززىلىك تائام قىلىپ يەۋېتىدۇ (قارىغاندا ، ياچمۇەكنى ئۇيغۇرچە يار+چى+بەگ=يارچىبەگ دەپ ئاتىساق تېخىمۇ لايىقىدا بولغۇدەك ) . بىراق ، يارچىبەگ بىلەن ئاۋستراليە قىزىل دۈمبىلىك ئۈمۈچۈكىنىڭ ھېچقانداق قانداشلىقى بولمىسىمۇ ، ئۈمۈچۈكلەر ھەم چىشىسى ئەركىكىنى يەۋېتىش قىسمىنىڭ

ئۆلگىسى بولالايدۇ . جۈپلىشىش ئالدىدا ئەركىكى ئۆزىنى يەم قىلىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن ھەر خىل نەپىس ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ،ھەمراھىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ . بىردەم مەقسىتىنى مانا مۇشۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئۇقتۇرۇپ بولۇپ ، كۆپىيىش ئەزاسىنى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ جورىسىنىڭكىگە كىرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سەل — پەل بىخەستەلىك قىلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلسا ياكى بەكرەك تەۋرىنىپ كەتسە شۇ ھامان ئۇنىڭ ھاياجانلىق تېنى جورىسى-چىشى ئۆمۈچۈكنىڭ ئاغزىغا يەم بولۇپ كىرىپ كېتىدۇ . جۈپلىشىپ بولغاندىن كېيىن چىشىسى قارشىلىق بىلدۈرمىگەن ئەھۋالدىلا ئەركەك ئۆمۈچۈك بۇرۇنقىدەك نەپىس ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كېتىۋالىدۇ » .

تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئاسپىرانتى مۇنداق بىر بايقاشنى ئوتتۇرىغا قويغان . «جۈپلىشىۋاتقاندا چىشى ئۆمۈچۈك غالجىرلىشىپ كەتسە ، بىر تەرەپتىن ئەركەك جورىسىنى چايناپ يېگەچ ئۇنىڭ جۈپلىشىش ۋاقتىنى ئۇزاقراق داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويىدىكەن . بۇ ئارقىلىق ئەركىكىنىڭ قانچىلىك ئۇرۇقى بولسا ، شۇنچىلىك چىقىرىپ نەسىل قالدۇرۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىكەن . ئۇرۇقلىنىپ بولغان بۇ چىشى ئۆمۈچۈك شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقا ئۆمۈچۈكلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ ، ئۆلۈۋالغان ئەركەك ئۆمۈچۈكنى رەقىب قاتارىدا كۆرمەي ، ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدىكەن . . . » . يۇقىرىقىدىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى ، ئەركەك ئۆمۈچۈكنىڭ جۈپلىشىشىدىن ئىبارەت مەلۇم ئەزالىرى ئارقىلىق بالىياتقۇغا قايتىش ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە روھىي قانائەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن ئىبارەت . ئۇنداقتا ، ھاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرغان شائىرنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشچۇ ؟ ! شېئىر - ئىنسانىيەتنىڭ شائىر يېزىپ چىققان ئەپسانە ئارقىلىق تەبىئەتكە قايتىشى ، قايتىش تەقەززالىقى كۈچلۈك بولغان شائىرنىڭ بالىياتقۇغا بولغان

مۇمكىن .

مەن شېئىرلىرىم بىلەن ئۆمۈچۈكنىڭ باغلىنىپ قېلىشىدىكى سىر ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، بۇ ماقالىنى يېزىۋاتقان كۈنلەردە يەنە بىر تاسادىپىيلىق ماڭا ئىجادىيەتنىڭ باشتىن - ئاخىر تاسادىپىي جەريان ئىكەنلىكىنى. يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدۇرغاندەك بولدى . بۇ ماقالەم پۈتەي دەپ قالغان بولۇپ ، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدە ئويلانغاچ شېرىن - سۆخەن سۆھبەتلەر ئارقىلىق مېڭەمنى ئارام ئالدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن دوستۇم ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم . ئۇنىڭ يېنىدا بىر چەت ئەللىك دوستى قويۇپ كەتكەن ، ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ۋاقىت» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىل 15-يانۋاردىكى سانى تۇرۇپتۇ . مۇنداقلا ۋاراقلاپ بېقىۋېدىم ، «ئۆمۈچۈكنىڭ جۈپلىشىشى قېنىپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتۇر» ماۋزۇلۇق بىر ماقالە كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى . گەرچە بۇ ماقالىدە شەرھلەنگىنى شېئىر بىلەن مۇناسىۋىتى تولىمۇ يىراق بولغان تەبىئىي پەنلەر ئىچىدىكى زوئولوگىيىلىك بايقاش بولسىمۇ ، ئۇنى ئوقۇپ چىقىپ خۇددى ئىزدەپ يۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاچقۇچۇمنى تېپىۋالغاندەك بولدۇم . چۈنكى ، ئۆمۈچۈك بىلەن شائىر ھېسسىيات ئىپادىلەشتىكى غالجىرلىقى جەھەتتىن تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىكەن . تۆۋەندە مەن بۇ ماقالىنىڭ قىسمەن بۆلىكىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تەرجىمە قىلىپ سۇندۇم :

« ... مۇھەببەتلىشىشنىڭ مۇقەددەس قەدىمىي ئۆلگىسى ياچىۋەك بولۇپ ، جۈپلىشىپ بولغاندىن كېيىنلا چىشىسى ئەركىكىنى بىر ۋاق مەززىلىك تائام قىلىپ يەۋېتىدۇ (قارىغاندا ، ياچىۋەكنى ئۇيغۇرچە يار+چى+بەگ=يارچىبەگ دەپ ئاتىساق تېخىمۇ لايىقىدا بولغۇدەك ) . بىراق ، يارچىبەگ بىلەن ئاۋستىرالىيە قىزىل دۈمبىلىك ئۆمۈچۈكىنىڭ ھېچقانداق قانداشلىقى بولمىسىمۇ ، ئۆمۈچۈكلەر ھەم چىشىسى ئەركىكىنى يەۋېتىش قىسسىسىنىڭ

# يېشىل رەڭنىڭ شېئىرىي ئاۋازى

بىر مىللەتنىڭ ئاۋاز سەزگۈسى كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن ئىنسانلار ئەخلاقى ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق باغلىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تىلنىڭ رىئاللىقتىن ھالقىغان شېئىرىي رىتىمىغا ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ بوشلۇقلىرىدىكى كەڭ دىنىي مەنىلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ. ھاياتلىقتىن ماماتلىققىچە سوزۇلغان تىڭشاش جەريانىدا، بارلىقتىكى ھەر بىر شەيئىنىڭ ساداسى بىلەن يوقلۇقنىڭ ئاۋازى توپلىنىپ، مىللەتنىڭ قەلبىدە ۋە ئېتنىك ئادەتلىرىدە مەڭگۈلۈك شېئىرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ شېئىردا ھەممە نەرسە مەنىگە ئىگە، ھەربىر بەلگە باشقا بەلگىلەر بىلەن قاپىيىلىك، ھەربىر رەڭ دەقىقە بىلەن مەڭگۈلۈك ئارىسىدىكى روھنىڭ جۇلاسى. شۇڭا، مەلۇم بىر رەڭ ھاياجان ھالىتىدىكى شائىرنىڭ تۇيغۇسىدىن باشقا مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىغا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق قاتلاملىرىغا تۇتىشىدۇ. بىر مەۋجۇتلۇق ئۈستىدىكى شېئىرىي ئىزدىنىش جەريانىدا گاھىدا ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتتىن ئوخشاش تۇيغۇنى، مەلۇم بىر رەڭدىن ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ئېڭىغا يىلتىز تارتقان كۆپ خىل مەنىلەرنى، ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىن تىل، ئېتىقاد ۋە ئۆرپ — ئادەت شەكلىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئوخشاش بىر ئەكس سادانى بايقايمىز. ئادەملەر بىر — بىرىگە قانچىلىك يىراق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەم ئاتا بىلەن

چەكسىز ھاياجىنى ۋە بۇ ھاياجاننىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزاقتا سوزۇلغان ئىجادىيەت ھاياتى ئارقىلىق ئۆزاقتا سوزۇلغان ئۆزىنى قۇربان قىلىشى ئەمەسمۇ؟!

ئەزىز ئوقۇرمەنلىرىم، شېئىرلىرىمدىكى ئۈمۈچۈك تورى چۇۋۇلۇپ كەتتى. ناۋادا شېئىرىيەت كاھىنى: «ئەي ئازغان بەندىلەر، بۇ ئاسىي شائىر يوقلۇق بىلەن تولغان شېئىرىيەت قەسرىدە شۇنچە نۇرغۇن نەرسىلەر بار، دەپ جۆيلۈسە ئىشىنىپ كېتىشكىلارمۇ؟» دەپ چاۋىمنى چىتقا يايغىنىدا، ئۆزۈمنى يوشۇرماقچى بولسام، ناگىھان قەلبلەر ئىشىكىدىن بىرەرى ماڭا ئۇچۇقمىدۇر؟!

1996 - يىلى، 5 -، 6 -، 7 -، 8 - ئايلاردا يېزىلدى.

بوۋامنىڭ ئەزىز تېنى ياتىدۇ يېشىل يەردە.

يېشىللىق - قاقاس زېمىنغا بېسىلغان ھاياتلىق قەدىمى، تىرىكلىكنىڭ بەلگىسى، ھاياتلىقنىڭ رەڭگى. ئاسىيانىڭ بۇ ئوتتەك يۈرىكىدىكى تاقىر تاغ ۋە قۇم چۆللەر ئارىسىدا، يېشىللىقنىڭ تۇيۇقسىز كۆزگە تاشلىنىشى گويا كۆك كەپتەر چىشلەپ كەلگەن يېشىل يوپۇرماقتەك ھاياتلىق ھەققىدىكى خۇش خەۋەر. يېشىللىق ھاياتلىق تۇغى. ئادەملەر بۇ تۇغنى يىقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن قۇملۇق بويلىرىدا تېپىرلايدۇ، قان - تەر تۆكىدۇ، كۈرەش قىلىدۇ. يوپۇرماقلار يېنىك شىلدىرلاپ، يېشىللىقتىن كەلگەن يېقىملىق، رىتىملىق، شادىيانە ئاۋازلار بۇ يەردىكىلەرنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىگە، ھاياتلىق يولىدىكى قەيسەرانە ئىزدىنىشلىرىگە جور بولىدۇ.

يېشىل رەڭ زېمىنغا تارالغان ئىنسان ئۇرۇقلىرى بىلەن ئانا ماكانىنىڭ، نەسلىنى قۇرۇپ كېتىش بىلەن قايتا كۆكلەشنىڭ، چۈشكۈنلۈك بىلەن ئۈمىدنىڭ تەبىئىي پاسىلى. مانا بۇ چىگرالاردا بىز شائىر قۇربان باراتنىڭ تىلسىماتتەك ئاڭلاش سەزگۈسىگە يولۇقىمىز: كۈلكە ۋە يىغا ئاۋازى، تەمبۇر مۇڭى، كېسىلگەن توغراقنىڭ شىلدىرلىشى، مەھبۇسنىڭ ئىڭرىشى، دەريالاردا ئاققان قىزلار، ئايدىڭ كېچىلەردىكى ناخشا ئاۋازى . . .

دېمەك، يېشىل رەڭ شائىرنىڭ رەڭ تۇيغۇسىنى ئەمەس، مىللەتنىڭ روھىي سەرگۈزەشتىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاڭلاش تۇيغۇسىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە ئاڭلاش سەزگۈسىدىن كېلىپ چىققان مول مىللىي مۇزىكا بايلىقىنى، ئۆزىنى تىڭشاپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ئىقتىدارىنى، چۆل ئىقلىمىدا ۋە چۆلدەرەش ئىچىدە ئۆزىنى ئاۋۇندۇرالايدىغان، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايدىغان روھىي قۇۋۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھەر يىلى باھار كېلىپ زېمىن كۆكەرگەندە، ئاندىن

ئىنسانىيەتنىڭ ئارىلىقى ھەربىر دەۋردە ئوخشاش. ئىنساننىڭ قەلب سەزگۈلىرى مەڭگۈ بىر-بىرىگە تونۇش.

## يېشىللىق ۋە مۇقەددەس ئەنئەنە

يېشىللىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشاشمىغان جەريانلىرىدا ۋە شائىرلارنىڭ نازۇك تۇيغۇسىدا ئوخشىمىغان مەنىلەرگە ئىگە. يېشىل رەڭ ئۇيغۇر شائىرلىرى ئەڭ كۆپ تىلغا ئالغان، ئەڭ ھاياجانلانغان، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى مەخپىيەتنى ئەڭ كۆپ ئاشكارىلىغان رەڭدۇر. يېشىل رەڭدىن تەبىئەتنىڭ ئاۋازى بىلەن ئىنسانلار ھاياتلىق ساداسىنىڭ، شائىرنىڭ قەلب سىرلىرى بىلەن بىر مىللەت مەدەنىيىتىدىكى روھىي مەخپىيەتنىڭ نازۇك بىرلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«يېشىل ھايات» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھېچكىم يېزىپ باقمىغان يىرىك داستانلىرى بىلەن شائىر قۇربان بارات يېشىللىقنى، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان، چۆلدەرىگەن كىشىلەر توپىنىڭ ھاياتلىق رەڭگىنى ئىزدىگۈچىدۇر. ئۇ شېئىرلىرىدا قۇرۇپ كېتىۋاتقان بوستانلىق كىشىلىرىنىڭ يېشىل ئاۋازىنى ياڭراتتى. ئۇلارنىڭ كۆك دېڭىزدىن، دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن باشلانغان دېڭىزغا مۇناسىۋەتلىك، دۇنيا يېڭى زامان مەدەنىيىتىدىن قىسمەن ئايرىلىپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدىكى تەنھالىقىنى، ئارزۇ — ئۈمىدلىرىنى ۋە تىز پۈكمەس ئىزدىنىشلىرىنى ئىپادىلىدى. يېشىل رەڭنى مىللەت روھىدىكى پىنھان چوڭقۇرلۇققا، جۇغراپىيىلىك ماكان پاسىلىدىن ھالقىغان كەڭلىككە ئىگە قىلدى.

سۆيىمەن يېشىل رەڭنى بىر ئىسسىق مېھىر بىلەن،
گۈمبەزلەر يېشىل قىشتىن قەدىمىي شەھەرلەردە.
ئەجدادىم ئىزلىرىنى كۆرىمەن يېشىللىقتىن،

يوقلۇق بىلەن بارلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلۇغۋار تەرتىپ، بۇ تەرتىپ ئىنسانلارنى يوقلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ، ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ زېمىنىدىكى ئاخىرقى چېگرالىرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئالامەت ئاۋات شەھەرلەر گۇمران بولغان، نېمە ئۈچۈن؟ ئاجايىپ قالتىس قوۋملار بار ئىدى، نەگە كەتتى؟! چەكسىز يېشىللىق غايىب بولدى، چۆل دېگەن نېمە؟!

يىل بويى توختىماي يېغىپ تۇردى قۇم
توشقان يىلى دەر بۇنى رىۋايەت،
كىتىك شەھىرى، سېپىل، قەلئەلەر
رەستىلەر، خەزىنە، باغ-ۋاران پەقەت،
قالدى ۋەيرانلىق قاراڭغۇلۇقتا
مەسچىتلەر، مۇنارلار، گۇمبەزلەر
ئۆيلەردە ئۆلۈكلەر قاتقان غارايىپ.
. . . . . . . .
چۆل ياتىدۇ ھەسەتسىز،
مىڭ تاۋلىنىپ تاۋۇستەك.
مەستخۇشلۇقى سوئالسىز، جاۋابسىز
كۆرۈنەر ئەسىرلەر لەھەڭ قۇيرۇقىدەك.
— «سالغا تېشى» دىن

يەر يۈزىدە ئادەم بولغاندىن باشلاپ يېشىللىق ۋە ئەنئەنە داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ ئىككى نەرسە ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى ماكان ۋە زامان شەرتى. ئىنسان تەبىئەتتىن ئىبارەت بالىياتقۇدا ئاپىرىدە بولۇپ، ئۆسۈپ ئۈنىڭغا قايتىدۇ. ئىنسانىيەت بالىياتقۇغا مۇناسىۋەتلىك چەكلىگۈچى ئەنئەنە ئارقىلىق زاماندىن - زامانغا ھالقىيدۇ.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ئەنئەنە ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك شېئىرلىرى ئارقىلىق مىللەت روھىي ئەنئەنىلىرىنى ساقلىغۇچى، تارقاتقۇچى ۋە كۈيلىگۈچى. ئۇ گويا ھومېر

يېشىللىق غايىب بولۇپ، ياندۇرقى يىلى يەنە پەيدا بولغاندا، بىز بارلىق بىلەن يوقلۇق ئارىسىدىكى تەرتىپنى بايقايمىز. چەكسىز ئالەم بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئىنسان ئەقلىدىن ھالقىغان باغلىنىشنىڭ، مەۋجۇدىيەت رىتىمىنىڭ رول ئويناۋاتقانلىقىنى مۆئەييەنلەشتۈرىمىز. بىز تۇرغان قەسىرلەر قۇم ئاستىدا قالىدۇ. نەلەردىندۇ قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ ئىزى بايقىلىدۇ. ئەيىۋھانناس، دەل ئاشۇ خارابىلەردە ئىنسان يىلتىزىنى ئىزدەۋاتقان، ئۆز تۇيغۇلىرىدىن قەدىمكى مەدەنىيەتنى كولاۋاتقان بىر دەرۋىشنى كۆرىمىز، ئۇ بوغدا ئابدۇللادۇر. دەۋرىمىزدە ياشاۋاتقان بۇ قەدىمكى زامان شائىرى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئەقلىي ئۆلچەملىرىگە ئەمەس، شېئىرنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىدۇ. تىلىنىڭ، تۇيغۇنىڭ، ۋاقتىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ، بارا — بارا ئالەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ، شېئىر تۇغۇلىدۇ. بۇ چاغدا بىز شائىرنى ئەمەس، «چۈش كۆرۈۋاتقان بىر تۈپ ئانار گۈل» نى، لوكىلىرى دولقۇنلاپ تۇرغان «تۆگە ياكى قىز» نى، «قەدىمىي پەشتاق» تا ھازىرنىڭ شوتىسىدىن زامانىنىڭ ئاستىن قەۋىتىگە چۈشۈۋاتقان زاھىتنى ئۇچرىتىمىز. شائىر ئەلمىساقتىن ئۆز قەلبىگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرىي رىتىم بىلەن بەزىدە ئەپسانە — رىۋايەتلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇ بىزنى گويا ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مەلۇم بىر رىۋايەتنى نەزمە شەكلىدە قايتا تەكرارلاپ بەرگەندەك تەسىراتقا كەلتۈرىدۇ... ئەمەلىيەتتە شائىرغا نىسبەتەن شېئىر يېزىش ھەقىقىي يۈز بەرگەن ئىشنى بايان قىلىش ئەمەس، رىۋايەتمۇ، سىمۋولمۇ ئەمەس، بەلكى روھىي چىنلىقنى يەتكۈزۈش. بىز مەۋجۇتلۇقنىڭ يوقلۇق بىلەن قوشۇلغان بىر پۈتۈنلۈكى ئىچىدە ئەمەس، مەلۇم بىر زامان ياكى ماكان بىلەن چەكلىنىپ قالغىنىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ چىنلىقىنى قوبۇل قىلالمايمىز. شېئىردىكى ئەبەدىيلىك يېڭى ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەيمىز.

يېشىل يوقىلىپ، پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان قەدىمىي رەڭ.

ئۇقۇيدۇ. ئادەمگەرچىلىك ئەنئەنىلىرىنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىگە مەرسىيە يازىدۇ. تاڭ — شائىرنىڭ ھاياجىنىنى قوزغاپ ئىلھام ئاتا قىلىدىغان، ئىنسانلار ئارىسىدىكى يەجۇجى - مەجۇجىلەر بىلەن كۈرەش قىلغۇدەك جاسارەت بەخش ئېتىدىغان، رېئال دۇنيادىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدىغان، روھنىڭ نۇرى. شائىرنىڭ ئىدىيىلىرى دىن بىلەن يىلتىزداش. شېئىرلىرى شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن گۈزەل ئەنئەنىلەرنىڭ قايتا تىرىلىشى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بارلىق بۈيۈك پەلسەپىلەر بەربات بولغان، ئىدىيە ئىپادىلىمەيدىغان، مەنىسىزلىك بىلەن تولغان غەرب ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا ئوخشىمايدىغان ھالدا بىزنى مەنىگە، ئىدىيىگە، ئەخلاقىي كامالەتكە يېتەكلەيدۇ. شائىر ئەنئەنىنىڭ، يېشىللىقنىڭ كۈيچىسى. تەبىئەت ئۇنى مەست قىلىدۇ. دەرەخلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن شىلدىرلايدۇ، بۇلاقلار ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈي تۆكىدۇ. يېشىللىقنىڭ روھى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن چىقىپ دىنىي مەنىدىكى بۈيۈك ئەنئەنە بىلەن بىللە ھەربىر دەۋرگە يېتىپ بارىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا شائىر ئوسمانجان ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇرداش شائىرلارنىڭ پات - پات تەكرارلايدىغان ئورتاق بىر تېمىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئانا. ئۇنداقتا ئانىنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى نېمە؟

بىز يوقتىن تامدۇق يەردىن ئۇندۇق. ئانا ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىنسان ئۇرۇقىنى ساقلاپ، پەرۋىش قىلىپ كۆپەيتكۈچى، قائىدە-يوسۇنلارنى داۋاملاشتۇرغۇچى، ئۇ گويا تەبىئەتكە ئوخشايدۇ. زېمىنىنىڭ يېشىللىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەربىر گىرۋەكلىرىدە ئادەمزات ئۇرۇقى پەيدا بولدى، كۆپەيدى، ئاۋۇدى. ئىنسان ئانىغا ۋە يېشىللىققا ئەگەشكۈچى. تەبىئەت — ئىنسانىيەتنى باغرىدا ئۆستۈرگەن ئانا. ئانا - ئەنئەنىنى ساقلىغۇچى ئايال. شائىرلارنىڭ شېئىرىدىكى تەبىئەت بىلەن ئانىنىڭ مەنىسى بىر: ئەنئەنىنى ئۇلۇغلاش. ئەنئەنە — ئادەمزاتنى زاماندىن — ماكانغا ھالقىتقۇچى مۇقەددەس چەك،

دەۋرىدە تۇغۇلغان، بىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقان، ئۆلمەس تۇيغۇلىرى بىلەن كەلگۈسىدىكى ئىنسانىيەتكە ئەگىشىپ كېتىۋاتقان قەدىمكى زامان شائىرى. شېئىرنىڭ ئىككى مەنىسى بولىدۇ، بىرى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تاشقى مەنە، بۇ سۆز مەنىسى ئارقىلىق كىتابخانغا ئايان بولىدۇ. يەنە بىرى شېئىرنىڭ ئىچكى مەنىسى بولغان دىنىي مەنە، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تۇيغۇسىدا ۋە ئىلھام ئارقىلىق شائىرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا مەۋجۇت بولىدۇ. شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئاساسلىق مەنە ئىچكى مەنىدۇر، سۆزنىڭ ئەمەس روھنىڭ، ماكاننىڭ ئەمەس زاماننىڭ مەنىسىدۇر. بۇ مەنە دىنىي تۇيغۇ ئارقىلىق ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە شائىرلارنىڭ تەپەككۇرىدا تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ.

تاڭ تەڭرى كەلدى
ھىدلىق، ئىپارلىق
يورۇق، نۇرانە
تاڭ تەڭرى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى خارابىسىدىن تېپىلغان، ئۇچىنچى ئەسىرلەردە پەيدا بولغان مانى دىنىغا خاس بۇ مىسرالار قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن شېئىرىيەتنىڭ ئاۋازىنىلا ئەمەس، تەڭرىنىڭ تىۋىشىنىمۇ ئەكىلەتتى. ۋەھالەنكى، 21-ئەسىردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرلىرىدا تاڭنى ئەڭ كۆپ چاقىناتقان شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرىدىن، ۋە ئۇنىڭ «تاڭ لىرىكىلىرى» ناملىق توپلىمىدىن بىز ھازىرقى زامان شائىرىنىڭ قەلبىدە ياڭرىغان قەدىمكى سادانى ئاڭلايمىز. مانىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ سادا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ياخشى روھقا، يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى پەزىلەت ئەھلىگە ۋە ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى گۈزەللىكلەرگە مەدھىيە

يېشىللىق توختىغان ، ئادەملەر جىددىيلەشمەكتە . ئەنئەنە يەمىرىلىۋاتقان چۆل شەھەرلەردە كۆلەڭگىلەر يۈگۈرمەكتە . غېرىب شەھەرلەردىكى ئاياللارنىڭ ئىچىلىپ قالغان كۆكسى بوۋاقلار ئۈچۈن ئەمەس .

ھازىرقى مەدەنىيەتنىڭ ئېزىتقۇ قەسرىدە شائىر ئىنسانىيەتنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدى .

تاغ تېرىكى ـ تاغ تېرىكى
يېشىل-يېشىل سايىسىدا
جانىنىڭ چىچىكى .
سوقۇشتىن توختاپ يېشىل يۈرىكى ،
ياتىدۇ قارامايغا يېقىپ يۈزىنى
يول بويىدىكى ئالتە تۇپ تېرەك .
كېڭەيمەكتە شەھەر تىنىمسىز
سىل كېسەلنىڭ ئۆپكىسىدەك .
يامغۇردا ئېرىۋاتقان مەسچىت تېمى
پاتقاقتا جەزبىدار سېرىق چېچەك ،
چېپىپ يۈرگەن پۇلنىڭ ئەرۋاھى
يېرىم سېلىنغان كىيىم-كېچەك .
سېلىنماقتا ئېگىز بىنالار
ئەڭ ئېگىزى بابىل مۇنارى .

ئادىل تۇنىيازنىڭ — «كېسىۋېتىلگەن تاغ تېرەكلىرى» ناملىق شېئىرىدىن

ھازىرقى زامان شەھەرلىرىدە كىشىلەر كائىناتتىن كەلگەن بۈيۈك سادالارنى بارا-بارا سېزەلمەس بولۇپ قالدى . شەھەرلەر ھاياتلىق قەسىدىسى تولغان يېشىللىقنىڭ گۈلىستانىغا ئەمەس ، ئۆلۈك تېخنىكىنىڭ گۆرىستانىغا ئايلاندى . دۇنيا شېئىرىيىتىمۇ

ھاياتلىقنى ھالاكەتتىن ساقلايدىغان سىرلىق پەرھىز ، ئۆتكەن زاماندىن باشلانغان ھازىر . ئىنسانلارنىڭ يىلتىزى دەل ئاشۇ ئەنئەنىدىن ئىبارەت قەدىمكى ھازىردا . بىراق بىز ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ھەشەمەتلىك قەسرىدە ھازىرنى يىتتۈرۈپ قويۇۋاتىمىز .

## ئۆزگىرىۋاتقان يېشىللىق ۋە مەدەنىيەت كرىزىسى

يېشىللىق ئالەم بوشلۇقىغا تارقالغان ئىلاھىي ئاۋازنىڭ ، يەنى ۋاقىتنىڭ زېمىنىغا يېتىپ كېلىشى . ئۇ بارچە ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، پەسىلنىڭ رىتىمى ، بىر تال ئۇرۇق بىخلىنىۋاتقان چاغدىكى سادا ، نامەلۇم چەكلەش كۈچىگە ئۇچراۋاتقان ھاياتلىق ، ئىنسانىيەتنى ھالاكەتتىن ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئەخلاق قاتارلىقلار ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك كائىناتتىكى باغلىنىشنىڭ زەنجىرسىمان ھالقىلىرىنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ .

يېشىللىق تەھدىتكە ئۇچرىماقتا ، دەرەخلەر شىددەت بىلەن كېسىلىپ يەر يۈزىدىكى ئورمانلار ئازايماقتا ، ئىنسانلار تەبىئەتتىن ئايرىلىپ چۆلدەرەشكە باشلىدى .

ئەنئەنە خىرىسقا دۇچ كەلدى ، ئىنسانلار ئارا شەرم- ھايا ، ئەخلاق ۋە دىنىنىڭ ئاساسى تەۋرىنىپ ئىنسان يىلتىزى قومۇرۇلماقتا . ئىنسانىيەت ئۆزىنى چىرماپ تۇرغان ئەنئەنە يىلتىزىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشمەكچى ، بىراق يىلتىزى كېسىلگەن دەرەخ بىر مەزگىلدىن كېيىن جەزمەن قۇرۇيدۇ .

ۋاقىتنىڭ جىددىي رىتىمى بىزگە يىلتىزدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقىنىمىزنى ، ۋاقتىمىزنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ .

پۇل شەيدالىقى ۋە ماددىي قىزغىنلىق ئىچىدە قەلبلەر بوشاپ قالغان ، روھ ھەققىدە ئويلايدىغانلار نەدە ؟ !

پۈتۈن بىر دەۋر قۇياش نۇرىنى تەنها قالدۇرىدۇ.
ئادەم ئادەم ئۆلتۈرىدۇ،
ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ،
بىراق جەنۇب بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ
ئۇ غۇۋا چىرايى بىلەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىپ
ئاندىن ئۇزىتىپ قويىدۇ

— تاھىر ھامۇت

ئالدى بىلەن قوشاق شەكلىدىكى جەنۇبنىڭ شېئىرىي ئەنئەنىسى يېڭىلىق ياراتقۇچى ياش شائىرنىڭ جەنۇب سەپىرىدە قۇربانلىققا ئايلاندى. شېئىرنىڭ نەزىر سۇپىسىدا بىزنى ھاياجانغا سالغۇچى بۇ ئاغزاكى سۆز تېزىسىدىن، نە ھازىرقى شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە خاس رىتىم، تۇراق، قاپىيىنى، نە ئەركىن شېئىرنىڭ ئەڭ دەسلەپتىكى نەمۇنىسى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى باش قاپىيىلىك ھەرپلەرنىمۇ كۆرەلمەيمىز، بىراق كۆز چاقنىتىپ تۇرغۇچى شېئىرىيەت تاجىغا ئۇزىتىلغان شۇنچە قوللار ئىچىدە، بۇ شېئىرىيەت كاھىنىنىڭ ئەل نەزىرىدىن چەتتە تۇرۇشى بىزنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى پىشقان كاللا كېسەرلەردەك سوغۇققان ھەرىكىتى ئەنئەنىگە قارشى ھەممە شائىرلارنى بېسىپ چۈشكەن. ئۇ ئىشلەتكەن ھەربىر سۆز ئوخشىمىغان كۆرۈش نۇقتىسىدا ئوخشىمىغان ستېرېئولۇق تۈيغۇ بېرىدۇ. مىسرالار ئارىسىدىكى بوشلۇقنىڭ كەڭلىكى، تەپەككۇرى تۇتىشىدىغان يىلتىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن بىزگە شېئىرىي مەنىدىن كۆرە كۆچۈپ يۈرگەن مەدەنىيەت روھىدىن بېشارەت بېرىدۇ:
كېتىش ← ۋاز كېچىش ← شەھۋەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى ← تراگېدىيىنى بەلگىلىگۈچى شەھەر ← پايانسىزلىققا تەلپۈنۈش ← بىر دەۋر ئىدىيە تەنھالىقى ← ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە پەلسەپىۋى ئۆلۈمى ← ھاياتلىق ئۆتكىدىكى رېئاللاشقان

يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشىدەك تەبىئىي ئىچكى رىتىمنىڭ ئەمەس، ھۈنەر-ئىستىلىستىكىنىڭ چۆل-باياۋىنىغا يۈزلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەكلىماكان بويلىرىدا شېھىت بولغۇدەك جاسارەتكە كەلگەن بىر توپ ياش سەركىلەر ئەنئەنىگە قارشى غازاتنى باشلىدى. شېئىرىيەت ئېقىنىدا تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ئابدۇقادىر جالالىدىن روھى ئوخشىمىغان ياش شائىرلارنىڭ ئىسمى ئاستىدا تىلنى قوتاندىن چىقىرىپ مەنىدىنمۇ كەڭ نەزىر-چىراغ سۈپىلىرى ئۈچۈن قان قىلدى. روھىيەت ئۇپۇقىمىزدا مەغرىب قۇياشى پەيدا بولۇپ جۇلالىنىشقا باشلىدى. غەربنىڭ مەدەنىيەت چۆلى، ت.س ئېلىيوتنىڭ شېئىرىيەتتىكى «باياۋان»ى بوستانلىقلىرىمىزنى قىستاپ كەلدى. روھىدىكى زېمىننى قولدىن بېرىپ قويماي تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ قەدىمىي مىللەت يات مەدەنىيەت ئىسكەنجىسىدە چۆلدەرەشكە باشلىدى. شېئىرىيەت بوپىسىغا ئەنە شۇ ئېغىر تراگېدىيىنى قاچىلاپ، ئەنئەنىگە قارشى تەنتەكلەرچە سەپەرگە ماڭغان يېڭىلىق ياراتقۇچى بارچە ياش شائىرلارغا بەلكىم ھايات يېڭىلىق ئەمەس ئۆلۈم يېڭىلىقتۇ.

## جەنۇبقا سەپەر

كەتتىم، بەدىنىمدە پۈتۈن نەم ئىزلار.
شامال يالاپ ھەۋەسلەر يالىڭاچلانسا
ياقا-يۇرتلۇقلار خىيال ئازابىنى چۈشىنىدۇ.
مەغلۇب بولغان قاتار يېزىلار
ئۈمىد ئۈزگەن قاتار شەھەرلەر
تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ.
پايانسىز ئاسمان، پايانسىز زېمىن
ئۇيقۇ باسىدۇ.
بوستانلىقلار ئالمىشىدۇ.
سۇس قارا يول ئىدىيىگە ئېقىپ كىرىپ

بايل . مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتى ئايالىق ، ئايالنىڭ ئىككى ھالىتى ، مەدەنىيەت ئەنئەنىدىن ئەركىنلىككىچە بولغان جەريان . مۇقەددەس ئەنئەنە ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق ئەنئەنىسىدۇر . ئىنسانىيەتنىڭ ئەنئەنىگە قارشى ئەركىنلىك يولى ـ ماتلىق يولىدۇر .

يۇپۇرماقلار ئەركىنلىككە ئۆزىنى قويۇۋەتكەندە كۆرگىنىمىز قاقشال ھالەت ، دەرەخنىڭ ئۆلۈك ھالىتى . يېشىل لىباسلىرى سېلىپ تاشلانغاندا دەرەخ غولى غېرىبلىقتا قېتىپ قالغان تەن .

سىلىغاچ مۇشۇكنىڭ تىرناقلىرىنى

جۇغۇلداپ كېتىمەن شۇنچە ھوزۇرلۇق .

قانىغان لېۋىمگە لېۋىنى يېقىپ

ئاھ ، كىمدۇر قىلىدۇ ئەسەبىي زورلۇق .

— «كوچىدىكى ئايال»

دىن .

شائىر چىمەنگۈل ئاۋۇت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىر يېشىل رەڭ ، قاقشال تەكلىماكان ئادەملىرى ئارىسىدىكى يېشىل ئايال . بىراق ، شېئىرلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، ئۇ مۇلايىم ، رايىش ، جىمجىت يېشىل ئەمەس ، بەلكى زورلۇق كۇچكە ، ۋەسۋەسىگە سەۋەب بولىدىغان كۆيۈۋاتقان يېشىللىق . ئۇنىڭ يېشىللىقى ھايات ئېڭىدىن كۆرە ئېزىلغان ئۈچۈن ، ۋەيران قىلىش ، يېڭىلىق يارىتىشتەك ئەنئەنىگە قارشى ئۆلۈم ئېڭىنى ئىپادىلەيدۇ . قارا كوچىنى ھوزۇرلىنىدىغان ، ئىنسان مەخپىيىتىدىكى قاراڭغۇلۇققا ئەگىشىپ كېتىدىغان ، چەكلەشكە بويسۇنمايدىغان ، شەيتاننىڭ قەيسەر ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . «كوچىدىكى ئايال» مەلۇم جەھەتتە ئەخلاق بىلەن تەقىب قىلىنغان شائىر ۋەكىللىكىدىكى غەلىيانچى ئاياللارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئەرلەر

غۇۋالىق ، مانا بۇ ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ھايات سەپىرى ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت جەريانى. مەدەنىيەت باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشتا شەرق بىلەن غەربنى مۇقەررەر ئىككى قۇتۇپ قىلسا ، تارقىلىش ۋە كېڭىيىشتە جەنۇب بىلەن شىمال مەدەنىيەتنىڭ سىرلىق ئىككى يۆنىلىشىدۇر . بۇ يۆنىلىشتە بىز يېشىللىق بىلەن ئۇچرىشىمىز . ئىسسىق ھاۋا ، تەبىئىي شارائىت تېرىقچىلىقتا جەنۇبنى نىسبەتەن ئەۋزەللىككە ئىگە قىلغان . كىشىلەر كۆپ ھاللاردا يېشىللىقنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ ئۇرۇق سالىدۇ . كۆكەرتىدۇ ۋە ھوسۇل يىغىۋالىدۇ . تېرىقچىلىق ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت ھاياتلىققا مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل زۆرۈر پائالىيەتنىڭ رىتىملىق تەكرارلىنىشى ھاياتلىق ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن . جەنۇب - تېرىقچىلىق ئەنئەنىلىرىنى ، پەرھىز ۋە جىنسىي ئادەتلەرنى ، مىللەتنىڭ قەدىمكى روھىي ئۇچۇرلىرىنى ساقلىغۇچى ھاياتىي كۈچكە تولغان نامرات ۋە سىرلىق جاي . شىمال ئۇنىڭغا قارشى يۆنىلىشتىكى تەرەققىيات ، سانائەت ۋە تېخنىكا رايونى ، يېڭى ئىدىيە ، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ئىرقلارنىڭ ئارىلىشىش مەيدانى . جەنۇب بىلەن شىمال بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى قۇتۇبى ، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ، زاماننىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نۇقتىسى . دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدىكى بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ياكى بىر پۈتۈن گەۋدە ئومۇمەن جەنۇب ، شىمال يۆنىلىشى بويىچە تەبىئىي ھالدا ئىككىگە بۆلۈنگەن .

تەكلىماكان بويلىرىدىكى تەنھا بوستانلىقلاردا يېشىللىق شىلدىرلاشلىرى بىلەن بىزنى ئەللەي ئەتتى ، چوڭ قىلدى ، بىزگە ئانا بولدى . يېشىللىقنىڭ تەبىئىتى مېھرىبان ئايالغا ئوخشايدۇ . ئانا ئەنئەنە ئىچىدىكى ئايال ، پاھىشە بولسا ئەركىنلىككە چىققان ئايال . ئانا بىلەن پاھىشە — ئايالنىڭ ئىككى قۇتۇپى ، تەرەققىياتنىڭ ئىككى ئۇچى . ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ھاياتلىق ياكى ھالاكەت ، قەشقەر ياكى

ئىككى قىسمىدىن تۈزۈلىدۇ. قاتتىق قىسمى شېئىرنىڭ تەركىبلىرىگە ئايلانغان شائىرنىڭ تۇرمۇشى، يۇمشاق قىسمى شېئىرنىڭ ئۆزى.

1. شائىرنىڭ ئارخىپى

ئوسمانجان ساۋۇت، ئۇيغۇر، 1945-يىلى ماناستا تۇغۇلغان. ھازىر بەش قىزى، بىر قىز، بىر ئوغۇل نەۋرىسى ۋە ئايالىنىڭ تۆت يىل بۇرۇنقى رەسمى بىلەن ئاسىيانىڭ كىندىكىندىكى شەھەر ئۇرۇمچىدە تەنھا ياشاۋاتىدۇ. شېئىر شائىر قەلبىدىكى تەنھالىقنىڭ ئاۋازىغا ئايلىنىشى، ئوسمانجان ساۋۇت بىر مىللەتنىڭ تەنھالىق تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىكى نازۇك ھاياجىنىنى بىرلەشتۇرۇپ شېئىرلىرى ئارقىلىق روھىي چوڭقۇرلۇققا يەتمەكچى بولغان. ئالەم بىلەن ئىنسان قەلبى ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى دەقىقىلەردە شائىرغا ئايلىنىدىغان بۇ ئۆزگىچە ئىنساننىڭ ھاياتى ئەلۋەتتە بىزنى شېئىر يېزىلىشتىن بۇرۇنقى قاتتىق شېئىر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ روھىي قۇياشىنى ئىزدەش جەريانىدا ئۆز ئۇپۇقىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاجايىپ شولىلارنى كۆردى. دىللارنى يورۇتقۇچى غەيب ئاۋازىنى ئاڭلاش پەيغەمبەرلەردىن باشلىنىپ شائىرلاردا توختىدى. بۇلاردىن ئالدىنقىسى قاراڭغۇ ئىنسانلار ئارىسىدا كۈننى كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى بولسا؛ كېيىنكىسى بىر چىراغچىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئوخشىتىش پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ بىز تۇرپاننىڭ تۇيۇق غوجا دېگەن يېرىدە شائىرنىڭ بوۋىسى بىلەن ئۇچرىشىمىز.

ئۇيغۇرلار 9-ئەسىرلەردە بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازى ئۆلىمالار ۋە غوجىلار ئارقىلىق 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي يۇرتلىرىنىڭ بىرى تۇرپانغا رەسمىي يەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدا غوجىلارنىڭ قانداق ئامەت ۋە ئاپەتكە سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر غوجا

# شائىرنى چۈشىنىش

ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا ئوتتۇرىدا بىز ئىنسان بالىلىرى يارىتىلىپتۇق. شۇ كۈندىن باشلاپ هازىرغىچە يەر يۈزىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز داۋاملاشماقتا. بۇ جەرياندا يەر شارىنىڭ ئوخشىمىغان بۇلۇڭلىرىغا تارقالغان ئىنسانلار بەزىدە خۇدانى، بەزىدە بىر-بىرىنى، بەزىدە ئۆزىنى ئىزدەپ يۈردى. شېئىر مانا شۇ ئىزدەشلەرنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ قەلب خاتىرىسىگە ئايلاندى. «ئىلىيادا»، «ئودىسسا» داستانلىرىنى، «شاھنامە» ياكى «قۇتادغۇبىلىگ» نى، «قۇياش تاش» داستانىنى ياكى هازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ توپا بېسىپ ياتقان قېلىن - قېلىن توپلاملىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق گويا ئاشۇ دەۋرلەردىن تا هازىرغىچە زامان ئۆتۈپ باقمىغاندەك تۇيۇلىدۇ، چۈنكى ئادەم ئۆزگەرمىدى. شۇڭىمۇ شېئىر - داستانلارنى يېڭىدىن يېزىش مۇمكىن ئەمەس دېيىلمىسە كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي سەرگۈزەشتىلىرى، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىدىغان ئېپوسلاردەك سېھرىي كۈچ بىلەن شائىرنىڭ قەلىمىدىن قەلبلەرگە يەتتى. هازىرقى زامان شېئىرىيەت قەسرىدە قەدىمكى بۈيۈك تۇيغۇلارنى ساقلاپ ياتقان ئاشۇ خۇشناۋا شائىرنى بىلگىمىز كېلىدۇ. شائىرنى بىلىش ئۈچۈن شېئىرغا كىرىش كېرەك. شېئىر قاتتىق ۋە يۇمشاق

ئادەم سىغىنىپ تۇرغان بۇ بوۋاي مېنى دەماللىققا كەتكىلى قويمىدى. ئىبنىگمۇ شائىرنىڭ ئاتىسى بىلەن مۇڭداشقۇم كەلدى. ئۇزايمىدىن قىرلىق يەتكىنى چىقىپ تۇرغان بۇ ئاقساقال بالا چاغلىرىدا موللىدا ئوقۇغىنى، تۇرپاندا ئۆزى كۆرگەن جەڭ ـ يىغىلىقلار، ساۋەندىكى هويلا-باغلىرى ۋە ئۆينىڭ يېنىدىكى مەسچىت ھەققىدە سۆزلىدى.

— قىرلىقتا مەسچىتكىمۇ چىقالماس بولۇپ قالدىم، — دېدى ئاخىرىدا ئۇھ تارتىپ. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن بىردىنلا ماڭا دەرد تۆكۈشكە باشلىدى، — كۆرمەمسىز، مېنى بۇلار ۋاقىتسىز دەپ ئەكېلىۋالغانغا ئىككى ھەپتە بولدى. يا مەسچىتنى، يا قوشنىنى يا دەل ـ دەرەخنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ ئېگىز بىنادا ماڭا نېمە بار؟! دوختۇر دېگەننىڭ كۆرىگە ئوت كەتسۇن، ئۆزۈمنىڭ هويلا-باغلىرىدا ئۆز ئەجىلىم بىلەن چىرايلىق ئۆلگىلى قويمىدۇ بۇلار. زادى بۇ يەردىن ئەتىلا كەتكىنىم كەتكەن. ساۋەندە تىكەندەك يالغۇز بولسامۇ باغ — ۋارانلىرىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئۇكام، ئوسمانجانغا گەپ قىلىڭ، مېنى كەتكىلى قويسۇن...». شۇ چاغدا «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىدىكى يىل بويى كاشتان دەرىخىگە باغلاپ قويۇلغان ئورلىئانو بوۋاينىڭ قار-يامغۇر ئىچىدىكى غېرىب چىرايى كۆز ئالدىمغا كەلگەندى.

ئادەم ھاياتى ئالەم ماسلىقىدا مەۋجۇت بولىدىغان بىر ھېكمەت. ئادەم بىلەن خۇدانىڭ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ۋە ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى بۇ ھېكمەت ساندۇقىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ. غەيبنى تونۇيدىغان، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ھاياتتا ئۆز تاللىشى دەپ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان، ئادەملەر ئارا مېھرىبانلىقنى ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ بىلگۈچى قوشنىلارنى سېغىنىدىغان، باغ-ۋارانلىرىنى ئويلاپ تەبىئەت ۋە دەل-دەرەخلەرنى ئىنسانلار بىلەن بىر گەۋدە دەپ ياشايدىغان، ئۇنىڭسىز ھاياتىدا بىر كەملىكنى ھېس قىلىدىغان بۇ شېئىرىي ئەنئەنىگە باي ئۇيغۇر

ئەۋلادلىرى پەيغەمبەر نەسەبى دەپ قارىلىپ تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە دىيارىمىزدا كاتتا ھۆرمەت ۋە نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقىدا گەپ يوق . پىچاندىكى تۇيۇق غوجا مازىرى ھازىرمۇ تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان مۇقەددەس جاي بولۇش بىلەن ئۇيغۇر روھىنىڭ بەلگە چىرىغىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ . شائىرنىڭ بوۋىسى غوجا ئەۋلادىنىڭ خاس چىراغچىسى ئىدى . تۇيۇق غوجا مازىرىنىڭ چىراغچى ئەۋلادى ئىكەنلىكىنىڭ شاھىتى بولغان تەۋلىيە بەلگىسىنى شائىرنىڭ دادىسى تا كۆزى يۇمۇلغۇچە ئەتىۋارلاپ يېنىدا ساقلىغان . شائىرنىڭ دادىسىمۇ ئۇستاز-خەلپەت كۆرگەن ، قۇرئان ساۋاتى بار كىشى بولۇپ ، كىتابخانلىق قىلىشقا ئامراق ، ئىشچان ، بەرجەس ئادەم ئىكەن . شائىر كىچىك چاغلىرىدا سارغۇچ بەتلىرىگە ئاجايىپ نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن كونا كىتابلاردىن دادىسىنىڭ سوپى ئاللا يار ، نەۋائى ، مەشرەپ شېئىرلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلەر قىسسىسىنى تەكرار-تەكرار ئوقۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . بولۇپمۇ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دېگەن كىتابتىكى «يۇسۇپ زىلەيخا» قىسسىسىنى دادىسىدىن تۇنجى ئاڭلاۋاتقان بالا شائىر يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى تەرىپىدىن چۆلدىكى قۇدۇققا تاشلىنىۋېتىلگەنلىكىگە كەلگەندە پاڭڭىدە يىغلاپ كەتكەن . «گۈزەل يۇسۇپ قىسسىسىدىن خۇددى كۆكلەم مەۋسۇمىدە زېمىندىن ھاۋاغا توختىماي كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان نەمخۇش ھورغا ئوخشاش گۈزەللىك ، چىنلىق ۋە سۆيگۈ تۇمانى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . ئەسىرلەردىن بېرى گۈزەل يۇسۇپ قىسسىسىدىن ئالەمگە تارىلىۋاتقان گۈزەل غايىلەر ئۇلۇغ ئىدىيە خەزىنىسىنى تېخىمۇ ئۇنۇملۇك تېخىمۇ ھېكمەتلىك تەركىبلەرگە ئىگە قىلىۋەتكەنىدى . ئەنە شۇ چاغدا تىلنىڭ سېھرىنى تۇنجى ھېس قىلغانىدىم» دەپ يازىدۇ ئوسمانجان باللىقىنى ئەسلەپ . مەن گۆدەك ئوغلىنى سېھىرلىك دۇنياغا مەپتۇن قىلىپ شائىرلىق كوچىسىغا باشلىغان بۇ بۇزرۇكۋار ئاتىنى بىر قېتىم كۆرگەنىدىم . ئۇ كۈنى مەن ئۆيگە كىرگەندە شائىر يوق ئىكەن .

تالاي مەدھىيىلىرى ئىچىدىكى بىر مەدھىيە ، گۈزىنى شېئىرىيەت پەرىشتىسىگە تونۇشتۇرغان پەرىشتە سۈپەت مېھرىبان ئايالغا ئېيتقان چوڭقۇر تەشەككۇر .

— مېنىڭ شائىرلىق ئاچقۇچۇم ئانامدا — دەيدۇ شائىر ، — ئانام رەھمىتى ئاجايىپ تىلى ئۆتكۈر ، لەۋەن سۆز ئايال ئىدى. بالا چاغلىرىمدىن باشلاپ ئانامنىڭ ئېغىزىدىن تۆكۈلىدىغان تىل دۇردانىلىرىگە مەستانە ئىدىم. ئانامنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىپادىلەشتە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تىلى بار ئىدى . ئەتىيازدا ئېرىۋاتقان قارلارنى ، «گۇرۇچ بولغان قارلار» دەيتتى . ئەمدىلا سۈت تولۇشقا باشلىغان كۆكۋاش قوناقنى «كۆچۈك چىشى» دەۋالاتتى . ئۈزۈمتال يوپۇرماق چىقىرىپ تەكلەردىن كىچىك ساپاقلار ساڭگىلىغان چاغدىكى سېرىق شۆگلارغا «ئالتۇنباش» دەپ ئىسىم قويۇۋالغانىدى . مېنىڭ شېئىري تىلىمدىكى پاساھەت ، ئىستىلىستىكىلىق جىلۋە - بالاغەت بالا چاغلىرىمدا قۇلىقىمغا سىڭىپ قالغان ئانامنىڭ سۆزلىرىدىن باشلانغان. ئانام مېنىڭ نەزىرىمدە شېئىر يازمايدىغان شائىر .

شۇنداق ، ئوسمانجان ساۋۇتتىن ئىبارەت بالىلىق دۇنياسىدىن دەسلەپ شېئىر كۆككە كۆتۈرۈلۈپ پەرۋاز قىلغۇچىنىڭ بىر قانىتى دادىسى يەنە بىر قانىتى ئانىسى ئىدى .

شائىرغا ئانا بولغۇچى تىل سېھىرگەرلىكىنى بىلىدىغان قىز بىلەن شائىرغا ئاتا بولغۇچى بۈيۈك تۈيغۇلارغا ئىگە يىگىتنىڭ قانداق ئوتلۇق كۈنلەردە تونۇشۇپ ، قانداق قۇتلۇق كۈنلەردە توي قىلغىنى بىز ئاڭلىمىغان ھېكايە . مانا شۇ ئالاھىدە قوشماقلارنىڭ بىر ئۆيگە كىرىشىدىن شائىر تۇغۇلغانلىقى ھەقىقەت .

گۈللەر ئېچىلغان ياكى قار توزۇغان ، يىغلىق بولۇپ قان تۆكۈلگەن ياكى تىنچ دەۋرلەردىكى مەنىسىزلىكتىن كىشىلەر مەنە ئىزدەۋاتقان دەۋرلەردە شائىر تۇغۇلىدۇ . شائىرنىڭ تۇغۇلۇشى بىر دەۋرنىڭ مەڭگە بولغان روھىي تەقەززاسى . بىر

روھىنىڭ تاكى كۆزى يۇمۇلغۇچە داۋاملاشتۇرغان بۇ روھ ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق شائىرنىڭ دادىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى.

ئادەم بېھىشتىن چىققان. گۇناھى ئۇچۇن بېھىشتىن يەر يۈزىگە قوغلانغاندىن بېرى ئىنسان ئەقلىنىڭ بەدىلىنى تۆلەۋاتىدۇ. بۇنىڭغا شەيتان سەۋەب بولدى. ئوتتىن يارىتىلغان شەيتان، ئادەمدىن ئىبارەت جان كىرگۈزۈلگەن لايىنىڭ ئۆزىدىن مەرتىۋىلىك بولۇپ كېتىپ جەننەتتە ياشىشىنى خالىمىغانىدى. ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋا ئانا بولسا جەننەتتە خۇشال - خۇرام ئويناپ يۈرەتتى. شەيتان ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۇلارغا قاراپ بىر نەرسىنى بايقىدى. چىرايلىق ھەۋا ئانىنىڭ بىر تال ئەگرى قوۋۇرغىدىن يەنى تەندىن يارىتىلغانلىقىنى بىلدى. ئاۋۋال ھەۋا ئانىغا يېقىنلاپ ۋەسۋەسە قىلدى. ئادەم شۇنىڭ بىلەن ئازغۇنغا ئايلاندى. جەننەتتىن ۋاز كېچىپ سەرسانلىقنى تاللاش، ئىلاھىي مەنزىل شولا چېچىپ تۇرسىمۇ ئىنسانىي نەپسى ئالدىدا ئاجىز كېلىش، مانا بۇ شېئىرىي روھ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنسان تراگېدىيىسى. تەن گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى بولغان ئايال ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھېس-تۇيغۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن شائىرلارنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى. ئايال ئانىلىق سۈپەتلىرىگە ئىگە بولغاندا ئۆز باغرىدا ئۆزگىچە تۇيغۇدىكى شائىرنى يېتىلدۈرىدۇ. يار-جانان بولغاندا شېئىرنىڭ ئۇرۇقلىرى بىخ سۇرىدىغان روھىي تۇپراققا ئايلىنىدۇ. شائىرنى تولۇق دان تۇتقان، دانلىرى پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن باشاققا ئايلاندۇرىدۇ.

تولۇن ئايدىن ياغلىغلىق يىرتىپ
ئارتىۋاپسەن بېشىمغا ئانا.
پەرىشتىگە قولۇڭنى شىلتىپ
تۇرغۇزۇپسەن قېشىمدا ئانا.

مانا بۇ شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئانىسىغا ئوقۇغان

بىر شېئىرنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان شائىر ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ئۇشۇقچىلىقىدىن باشقا نۇرغۇن نازۇك تەركىبلەر بار. بۇلار مىللەتنىڭ روھىي ئەنئەنىسى، شائىرنىڭ ئىلھامىنى ئۇرغۇتقان تاسادىپىي شەيئىلەر، ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي تەسىرى، شائىرنىڭ خاراكتېرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، شەخسىي كەچۈرمىشلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شېئىر ئالدى بىلەن مىللەتكە تەۋە نەرسە، چوڭقۇر فولكلور قاتلىمى بولمىغان مىللەتنىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە شېئىرلىرى بولمايدۇ، بولغان تەقدىردىمۇ شېئىرلىرىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچىنى، تەبىئىي ئىچكى رىتىمنى ۋە ئەبەدىيلىك سەنئەت گۈزەللىكىنى بايقاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، شېئىر — ھازىردا مەۋجۇت بولغان ئۆتمۈش، رېئاللىقتىكى قەدىمىيلىك. شائىر مىللەتنىڭ تەپەككۇرىنى، رېئال تۇرمۇشنىڭ غايىب تەركىبلىرىنى كۆپرەك ئەكس ئېتتۈرىدۇ. تۇرمۇش چەكسىز يوقلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ شېئىرنىڭ باش ئېقىنى. ھەقىقىي مەنىدىكى دىن، ھەتتاكى شېئىرىي گۈزەللىككە تولغان خۇراپىيلىقمۇ يوقىلىۋاتقان دەۋرلەردە شېئىر ھالاكەتكە يۈز تۇتىدۇ. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت فولكلورغا باي قەدىمىي، دىنىي مىللەت ئۇيغۇر شائىرى. ئۇنىڭ شېئىرىغا ئىچكىرىلىمەكچى بولغان ئادەم غول يىلتىزىنى ئۇيغۇر فولكلورىدىن، بىر قىسىم شېئىرىي پىكىرلىرىنى دىنىي تەپەككۇردىن ئىزدەش كېرەك.

— ئائىلىمىز قويۇق دىنىي تۇسكە ئىگە ئائىلە ئىدى. ئانام بىلەن دادامنىڭ تېخى سۇبھى يۇلتۇزلىرى چاراقلاپ تۇرغان چاغدا قوپۇپ تائەت - ئىبادەت قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ چوڭ بولغانمەن، روزا - رامزان ئايلىرىدا، تۈنەك ئاخشاملىرىدا ھويلىمىز قولۇم - قوشنىلارنىڭ يىغىلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشلىرى بىلەن ئاۋات بولۇپ كېتەتتى. ئانام - داداملار يۇرتتىكى ئۆلۈم - يېتىم، خەتمىقۇرئان، نەزىر - چىراغتىن قالمايتتى. مانا بۇ تۇرمۇشنىڭ مەنىسى ئىدى، — دەيدۇ

مىللەت ئىچكى ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆزىگە سىغماي پارتلاپ چىقىشى. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت 1945 - يىلى ماناستا تۇغۇلدۇ. بۇ ۋاقىت قەدىمدە شان - شەۋكەتلىك مەدەنىيەت ياراتقان، ۋە ئۇنتۇلاي دەپ قالغان ئۇيغۇرلار يېڭىۋاشتىن قولىغا قورال ئېلىپ ھۆرلۈك ئۈچۈن گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش ئوتى ئاچقان، قاغجىرىغان خەلقىنىڭ ياۋايى كۈچى جىنسىي ئېنېرگىيىدەك ئۇرغۇپ - تاشقان مەزگىللەر ئىدى. بەتلەنگەن قورال، مىلتىق ئىستوۋۇلىنىڭ تۆشۈكى ئالدىدا دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرەك، چىڭقىلغان تەن ۋە قانغا چىلىنىپ ئارام تاپقان جان، دولقۇنلاپ ياتقان ماناس دەرياسىنىڭ مەستخۇش ئاۋازى ۋە ھايات - مامات پاسىلىدەك قىرغاقتا توختاپ قالغان كۆچتۈڭگۈر ئوغلانلار . . . ئەنە شۇنداق مەڭگۈلۈك ھاياجانلىق دەقىقىلەردە ئەنە شۇنداق تىلسىمات يەردە شائىر تۇغۇلدى.

شائىرنىڭ بالىلىقى سۇ ۋە يوپۇرماقلار ئارىسىدا، توشقان ئىزى چۈشكەن قارلىق ئېتىزلاردا، سۈزۈك سەھەرلەردە ۋە جىمجىت گۈگۈملاردا ئۆتكىنى راست. ئۇ يىللار بۇ زېمىندىكى ئېغىر يىللار ئىدى. ئەلنى غېرىبلىق باسقان. غېرىب - غۇرۋالار، ئاچ - يالىڭاچلار كۆپەيگەن. شائىر ئوقۇدى، تاپالىغاندا قاتتىق زاغرىنى غاجىلاپ، ياپالىغاندا ئەڭلىنى ئىگىن بىلەن، يالاڭ ئاياغ پۇتىنى چورۇق - پىيمىلار بىلەن يېپىپ. ئالىي مەكتەپتە چەت ئەل كىتابلىرىنى ئوقۇغىنى ئۈچۈن كۆرەشلەرگە سۆرىلىپ قىيىن - قىستاققا ئېلىنغانلىقى، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ قۇمۇل تاغلىرىغا بەش يىل سۈرگۈن قىلىنغانلىقى شائىرنىڭ قەلبىدىكى جاراھەت، دەسلەپتىكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن ھەسرەت، غەمكىنلىكتە كېيىنچە ئۆزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىققان ئادەم ۋە ئادىمىيلىكنى قەدىرلەش توغرىسىدىكى تېمىلاردا ئاشۇ قارا يىللارنىڭ سايىسى بار.

## 2. شائىرنىڭ فولكلور يىلتىزى

بوۋاي ـ مومايلىرىمىز بىيىت — قوشاقلارنىڭ كانى» شېئىرىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئانا ماكانى ، دەيدۇ شائىر «قۇمۇلدىكى جىگدە بۇلاق دېگەن جايغا پالىنىپ تۇرغان چاغلىرىم ئىدى . تاغ باغرىدىكى گۈل رەيھان ، ئالما ئۈزۈم ، يەل ـ يېمىش ، دەل — دەرەخلەرگە تولغان بۇ يۇرتتا ، ھاياتى يىل بويى ئوخشاش رىتىم ، ئوخشاش ھالەتتە ئۆتىدىغان ساددا ئادەملەر ئارىسىدا خۇددى ئۇ دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك كۆڭۈللۈك ۋە خىلۋەت ياشايتتىم . توي ـ تۆكۈن ، ئۆلۈم ـ يېتىم ، كۆك مەشرەپى ۋە مۇڭدىشىش ـ ئولتۇرۇشلار نەزمە ـ بېيىتسىز بولمايتتى . بىر كۈنى توي بولۇۋاتقان ئۆيگە بىر موماي كىرىپ كەلدى . ئادەت بويىچە سورۇندىكىلەرگە قوشاق قاتتى :

ئېشەك تىكەن گۈلنى كۆرۈڭ
تېرىمىسىمۇ ئۈنىدۇ .
بىۋاپا يارنى كۆرۈڭ
چىللىمىسىمۇ كېلىدۇ .

شائىر ۋە شېئىر دېگەن ئەنە شۇ ، خەلقسىز شائىر ، ھاياتسىز شېئىر ، شېئىرنى بىز يازماي كىم يازسۇن ؟ !

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ يۇگىشىپ كەلگەن مىسرالىرى ، ئويناق سۆزلىرى ، رىتىمى تەبىئىي قاپىيىلىرى ۋە شەكىل گۈزەللىكى ھەققىدە سۆزلەشكە توغرا كەلسە ئاۋۋال ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ شۇنداق ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەش كېرەك .

### 3 . شائىرنىڭ شېئىر دەقىقىلىرى

شېئىر ئاجايىپ نەرسە ، ئۇ پەرۋاز قىلىدۇ ، لېكىن تۇتقىلى بولمايدۇ . ئۇ مەۋجۇت ، لېكىن قانداق مەۋجۇتلۇقى سىر . ئۇ ئۆزىگە ئاشىق بولغۇچىنى بىلىدۇ ، لېكىن شائىرنىڭ قېشىغا ۋەدىلەشمەي شەپىسىز كېلىدۇ . شائىر شېئىر كېلىشتىن بۇرۇن قارىغۇ ، گاس ، گاچا ، شېئىر دەقىقىلىرىدىن باشقا

ئوسمانجان. شۇنداق، ئۇيغۇرنىڭ دىنىي ئېكى بويىچە ئېيتقاندا ھاياتنىڭ مەنىسى ھاياتنى يارانتقۇچىغا ئىبادەت قىلىشتا، يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىلاش، خەير - ساخاۋەت قىلىش، ئۆزئارا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشتە. تۇرمۇشتا تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشكە مۇناسىۋەتلىك قائىدە — مۇراسىملارغا ئېتىبار بىلەن قاراپ، تۇغۇم ۋە ئۆلۈمنىڭ سەۋەبچىسىگە، ئىگىسىگە ھۆرمەت — ئېھتىرام بىلدۈرۈش، مانا بۇ ئۇيغۇر شائىرلىرىنى يېتىشتۈرگەن مۇھىت، ئوسمانجان شېئىرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئاساسى، تېماتىك مەزمۇنىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى.

قۇم بويىدىكى يېشىل يۇرتلاردا، چۆلدىكى پارچە-پارچە بوستانلاردا گۈزەل تۇيغۇدىكى خەلقىمىز بىللە قەدىمىي رىۋايەتلەر، گۈزەل چۆچەكلەر ۋە سانسىز بېيىت — قوشاقلار ياشايدۇ. ئۇلار تۇنجى شېئىرىي ھەۋەسنى ئويغىتىدۇ. چۆل يىگىتلىرىنى شائىرلىق باغلىرىغا باشلايدۇ.

جۇڭغار ئويمانلىقىدىن چىقىپ ئۇيغۇرنىڭ روھ چۆللىرىدە كېزىپ يۈرگەن بۇ شائىر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى مېنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىنىكئانام. ئوغۇز سۈتىنى ئۇنىڭدىن ئەمدىم. ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئەمدىلا خەت ساۋاتىم چىققاندا تۇنجى قېتىم مۇنداق بىر قوشاقنى ئوقۇغانىدىم:

باغ ئارىلاپ سۇ ئاقتى
ئېتىز-قىرلارغا ياقتى.

بولۇپمۇ <باغ ئارىلاپ سۇ ئاقتى> دېگەن بۇ بىرىنچى مىسرا ماڭا ئاجايىپ يېقىپ كەتكەن، كۆز ئالدىمغا لاپپىدە شۇ مەنزىرىنى كەلتۈرگەن، تۇنجى قېتىم شېئىرنىڭ سېھرىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. دۇنيانىڭ تەرەققىيات شامىلى يېتىپ بارمىغان، تېخى 21 — ئەسىرگە قەدەم قويمىغان جايلاردىكى

ئاخىرى يوق ئىشلارغا، ئۈزۈلمەس شاۋقۇن - سۈرەنلەرگە تولغان تۇرمۇشنى ھېسسىيات نۇقتىسىدىن ئىپادىلىگۈچى لىرىك شائىر، بىراق شائىرنىڭ بەزى لىرىكىلىرىدا تۇرمۇشتىكى ئېپىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ سۈرىتى بار. شېئىردىكى بىر دەقىقىگە سىغىپ كەتكەن رومان بولغۇدەك ئاجايىپ ۋەقەلەر بار، تۇرمۇشتىكى ئەنە شۇنداق ۋەقەلەر خۇددى بىر تال ئۇرۇقتەك شائىر قەلبىدىكى بوشلۇقتا چۈشۈپ، بىخ چىقىرىپ، چېچەكلەپ شېئىرغا ئايلىنىدۇ. مەن شائىرنىڭ «كەچۈر مېنى ئالا بوينىقىم» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغان چېغىمدا ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ بالىلىق دۇنياسىنى تېپىۋالغان، ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى سەزگەندىم. دەرۋەقە ئويلىغىنىمدەك شائىر مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

كىچىك قىزىم ئالمىھرەنىڭ ئالتە — يەتتە ياشقا كىرگەن چاغلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ تۇغۇلۇپ ئىككى — ئۈچ كۈنلۈك بولغان، تېخى كۆزلىرى ئېچىلمىغان بىر كۈچۈكنى ئېلىپ كەپتۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە، ئىت - كۈچۈكنى ئادەم تۇرىدىغان ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاتسا بولمايدۇ، پەرىشتە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ، دەپ ئۇنىمىدۇق. ئۇ يىغلاپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا ئاخىر ئارزۇلۇق قىزىمىزنىڭ گېپىنى يىرالمىدۇق. ئۇ بىرەر ئايدا تۈكلىرى ئالتۇندەك ۋاللىداپ تۇرىدىغان يوغانلا بىر كۈچۈك بولۇپ قالدى. ھەممىمىز بارا - بارا ئۇنىڭغا ئىچكىشىپ كەتتۇق. قولنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ كېچىدە قەنت ئېتىپ بەرسەم يەرگە چۈشۈرمەيلا ئاغزىغا ئېلىۋالاتتى. ئەركىلەپ، غىڭشىپ، ئويناقلاپ كېتەتتى. تاڭ يورۇغاندا ئۇخلاۋاتقان بولسام پۇتۇمنى چىشلەپ تارتىپ ئويغىتاتتى. دەرس ئۆتكىلى مەكتەپكە ماڭسام ئىشخانا، سىنىپلارغىمۇ ئەگىشىپ كېلەتتى. بىراق، ھەرقانچە مېھرىبانلىقتا باققان بىلەن ئىت ھامان ئىت - تە. بۇ ئىت بىر نەچچە قېتىم قوشنىلارنىڭ توخۇ - چۈجىلىرىنى بوغۇپ قويدى.

چاغدا شائىر ئادەتتىكى ئادەم.

ئالەم بىلەن شائىر دۇنياسى تۇتىشىپ كەتكەن شۇنداق دەقىقىلەردە ئادەتتىكى نەرسە ئۇشتۇمتۇت جىلۋە قىلىپ، شولىلىنىپ، سىرلىقلىشىپ شائىرنىڭ شېئىر - يېزىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىلھامنى چاقىرغۇچى بۇ كارامەتلىك شەيئى بەزىدە بىر نۇر توچكىسىدەك شېئىرنىڭ يادروسىغا ئايلىنىدۇ. شېئىر تەھلىلىدە ئاشۇ توچكا بەكمۇ مۇھىم. ئۇ گويا شېئىرنىڭ تىلسىم ئاغزىدەك بىزنى شېئىرنىڭ ئىچ باغرىغا باشلاپ كىرىدۇ.

بىر كۈنى ئوسمانجان ساۋۇت شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئۆي تىمتاس. ئۇخلاۋاتقان خوتۇن - بالىلىرىنىڭ يېنىك تىنىقىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. ئاپئاق دېرىزە پەردىسى غۇۋا يورۇۋاتاتتى. ئوسمانجان دېرىزىدىن تالاغا نەزەر تاشلىدى، قاراڭغۇلۇق سۈزۈلۈپ، ئۇپۇق يورۇۋاتقانىدى. ئاپئاق شولىلار، يېقىن كېلىۋاتقان نۇرانە چىرايلار، پەرىشتىلەر، ئادەملەر، كۆلەڭگىلەر... تاڭ شولىلىرى ئىچىدە شائىر چاقىنىدى، ئۇشتۇمتۇت ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئاشۇ بىر دەقىقىدە شائىر تاڭ، گۈل - گىياھ، يوپۇرماق، ئادەم، كائىنات، خۇدا ھەممە بىلەن سۆزلىشىپ بولدى. ئاشۇ بىر دەقىقە «تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش» ناملىق 300 نەچچە مىسرالىق شېئىرغا ئايلاندى. ياق، بۇ سۆزلىشىش تۈگىمىدى. كېيىن يەنە «باھار بىلەن سۆزلىشىش» قاتارلىق داستاندەك ئۇزۇن شېئىرلار چىقتى. قارىغاندا بۇ سۆزلىشىش تۈگىمىگەندەك، ئاشۇ بىر دەقىقىدىكى ھاياجان شائىردا ئۆمۈر بويى داۋاملىشىدىغاندەك قىلىدۇ. بەزىدە شېئىردىكى دەقىقە شائىر ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگىچە سوزۇلسا بەزىدە ئۆمۈرلۈك سەرگۈزەشتە، ئۇزۇن يىللىق روھىي كەچمىش، ۋە بىر ۋەقە باشلىنىپ ئاخىرلاشقۇچە بولغان ئۇزاق جەريان شېئىردىكى بىر دەقىقىگە ئايلىنىدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت پارچە - پۇرات ۋەقەلەرگە، باش -

قايتا ئۇچرىشىدۇ. گويا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مىڭ يىلغا يېقىن ئاشۇ بىر سۆزدە ساقلانغان مەنىسى، قەدىمكى سېھىردەك شائىرنى سېھىرلەيدۇ.

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئۇخلاۋېتىپ كۈلۈمسىرىشى، دەممۇ دەم يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ يەنە تەبەسسۇم قىلىشى تولىمۇ گۈزەل دەقىقە. ئۇيغۇر بوۋاي-مومايلار بۇ ھالەتنى «چۈشىدە پەرىشتە كۈلدۈرۈۋاتىدۇ، پەرىشتە قورقۇتقاندا يۈزلىرى پۈرلىشىپ چىرايىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئەركىلەتكەندە بولسا كۈلۈمسىرەيدۇ» دەپ گۈزەل خۇراپىيلىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئوسمانجان «جىگدە بۇلاق»تا سۇرگۈندىكى ۋاقىتلىرىدا تاغلىقلارنىڭ ئۇيقۇدىكى بوۋاقنىڭ بۇ ھالىتىنى «بۇدۇسقاپ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان، ئارىدىن 30 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندە شائىرنىڭ ئانىسى بىر كۈنى ئۇخلاۋاتقان نەۋرىسىگە قاراپ «بۇدۇسقاپ» دېگەن بۇ سۆزنى ئىشلىتىدۇ. مانا شۇ سۆزلەر بىلەن شائىرنىڭ ئىلھامى قوزغىلىپ شېئىر يازىدۇ. شائىرنىڭ ئۇ شېئىردا نېمە يازغانلىقى ئانچە مۇھىم ئەمەس، بەلكى «بۇدۇسقاپ» دېگەن سۆزنىڭ شائىرغا ئىلھام بەخش ئېتىپ شېئىرغا كىرگۈزۈلگەنلىكى ئەھمىيەتلىكتۇر.

### 4. تەرجىمە دۇنياسىدىكى شائىر

شېئىرىي دۇنيانىڭ شائىر تىلىدىكى تەرجىمىسى. شائىرغا نىسبەتەن دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز تىلى بار. تاش ئۈستىدىكى چۈمۈلە، ئالەم بوشلۇقىدا جىمىرلىغان يۇلتۇز، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ، شاختىكى چېچەك، پايانسىز ئاسماندىكى جىمجىت كۆك رەڭ، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز تىلىدا ناۋا قىلىدۇ. شائىر شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت، نۇر، ئاۋاز ۋە رەڭ ئارقىلىق سۆزلەۋاتقىنىنى بىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئۆز تۇيغۇسى ئارقىلىق تەرجىمە قىلىدۇ. ئوسمانجان ساۋۇت رەڭمۇرەڭ شەيئىلەر بىلەن تولغان

شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكىلەر قۇلىقىمىزنى ئاغرىتىشقا باشلىدى. ئىتنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغىنىمىزغا كۆزىمىز يېتىپ، ئاخىر ئۇنى ئاۋۇلدىن كەلگەن بىر قازاققا بېرىۋەتتۇق. قازاق مالچى ئۇنى تۆگىگە باغلاپ ئېلىپ كەتتى. بىر يىلدىن كېيىن ئاڭلىساق بۇ ۋاپادار جانىۋار بىزگە تارتىشىپ ھېچنېمە يېگىلى ئۇنىماپتۇ! بىزنىڭ يۇرت تەرەپكە مۆلدۇرلەپ قارىغىنىچە يالاقىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شۇ دەقىقىدە ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. ئادەمگە ياخشىلىقلارنى قىلىمىز. ۋاقتانۋاقتى كەلگەندە يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتىدۇ. بىراق، بۇ ۋاپادار ئىت ئۆز شەپقەتچىسىنى ئۇنتۇيالماپتۇ. پەرۋىشكارىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي ئۆز جېنىدىن كېچىپتۇ. بۇ بىر مۆجىزە، مەن ھاياجان بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئىتقا مەرسىيە يازدىم... شائىردىن بۇ بايانلارنى ئاڭلىغان چېغىمدا گۈزەل تىراگېدىيە پەردىسىگە ئورالغان ئۇ لىرىكىنى تولۇق چۈشەندىم.

بىز مەۋجۇتلۇقنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرغان، ئەمما شائىر دۇنياسىدا ئۇشتۇمتۇت سىرلىق تۇس ئېلىپ قەلەمگە جان كىرگۈزگەن ئىلھامبەخش شەيئىلەر بىلەن شائىر قەلبىنى تىترەتكەن ئاجايىپ ۋەقەلەردىن باشقا، بەزىدە سۆزلەرنىڭ سېھرىمۇ شائىرنىڭ ئىلھامىنى چىللاپ كېلىدۇ. بۇنداق چاغدىكى ئاشۇ بىر سۆز شۇ سۆزنى ئىچىگە ئالغان مىللەتنى، بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتنى، ھەتتا كائىناتنى سىغدۇرىدۇ. بۇ سىغدۇرۇش بىر دەقىقە ئىچىدىلا يۈز بېرىدۇ، بۇ دەقىقە دەل شېئىر دەقىقىلىرى.

شائىر بالا چاغلىرىدا ئاپىسىنىڭ ئاغزىدىن «قىرىپ مونۇپ كەتتى» دېگەن سۆزنى تولا ئاڭلىغان، ئانىسىدىن باشقا ھېچكىم ئىشلەتمىگەن، ئىشلىتىلمەيدىغان «مونۇپ» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىدا قېپقالغانىدى. بىر كۈنى ئوسمانجان 12-ئەسىردە يېزىلغان شائىر ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن كىتابىنى ۋاراقلاۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت بۇ سۆزنى

زامانىۋى ئەللەردە ئىنتېرنېت تورى يەرشارىدىكى بارچە بوشلۇقلارنى تولدۇرۇۋەتتى. كومپيۇتېر ئالدىدىكى بىلىم بىلەن كاللىسى توشۇپ كەتكەن كىشىلەر دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان يېرىدىكى شائىرلارنىڭ بىر-بىرىگە يېقىنلا يەردە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىنى ئەتراپلىق چۈشەنمەكچى بولغان ئادەم شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ھازىرقى دۇنيا تەرجىمە قىلىنىپ بولدى. شۇنداق ئىكەن ئۆتكەن ئەسىردىكى سىرگېي يېسىنىنىڭ ئوسمانجان ساۋۇتقا بولغان تەسىرىنىلا ئەمەس، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ سىرگېي يېسىنىنغا بولغان تەسىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، شېئىر — زامانلاردىن ھالقىغان، بەزىدە ئوخشىمىغان شائىرلارغا ئوخشاش نېسىپ بولغان، دەۋرلەر ئارىسىدا ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرغان ھاياتلىق ئېقىنى.

## 5. تۇرمۇشتىكى شائىر

شائىر — قۇش ئۇچۇپ كەتكەن قەپەس، ئۇ سىم ئىشىكى كەڭ ئېچىلغان ھالدا شېئىرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. ئەگەر شائىر تۇرمۇشنى شېئىرنىڭ تەلىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرالمىسا شائىر شېئىرنى ئەمەس، شېئىر شائىرنى تاشلىۋېتىدۇ. شائىرنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق تۇرمۇشتىكى نازۇك مەسىلىلەر شائىرنىڭ ئىلھامىغا ۋە شېئىرلىرىغا تەسىر قىلىدۇ. شېئىرنىڭ سىرلىق توچكىسى شائىرنىڭ تۇرمۇشىدا. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرىدىكى مەخپىيەت بەزىدە ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ. شېئىرنىڭ ئىلاھىي مۇقەددەسلىكى ئىچىدە پىنھان بولغان ئادىمىيلىك، سۆز بېزەكلىرىگە يوشۇرۇنغان مەنە ھاياتنىڭ سىداملىقى ئىچىدە يالىڭاچ قالىدۇ.

شائىرنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي، شېئىرلىرىنى ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئوسمانجان ساۋۇت ماڭا بىر ئادەم ئەمەس نۇرغۇن

دۇنيانى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى . بىز بۇ شائىرىمىزنىڭ شاراپىتىدە تەبىئەت گۈزەللىكى بىلەن رەڭلەنگەن، ھايات ھېكمەتلىرى بىلەن تويۇنغان ئاجايىپ ئېسىل شېئىرلارنى ئانا تىلدا ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق .

شائىرىمىز يەنە ئوخشىمىغان تىلدىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى . شۇنىڭ بىلەن سىرگېي يېسىنىن ، پابلو نىرۇدا ، مىلوش ، پاستىرناك ، ئاننا ئاخماتوۋا ، مارىيانا رىلكى قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى پەردە ئۇيغۇر تىلىدا كۆتۈرۈلۈپ ئالدىمىزدا تەڭداشسىز بىر گۈزەللىك دۇنياسى نامايان بولدى .

تەرجىمان ئوسمانجان ساۋۇت مۇنداق دەيدۇ : «شېئىرنىڭ تەرجىمىسىنى شائىر قىلىش كېرەك . شېئىر دېگەن ئالتۇندەك نازۇك نەرسە ، شېئىرىي تۇيغۇسى يوق ئادەمنىڭ شېئىرنى تەرجىمە قىلىشى ، ئالتۇننى زەگەر سوقماي ، كەتمەن سوقىدىغان تۆمۈرچى سوققاندەكلا ئىش . مەن بەزىدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئاجايىپ - غارايىپ شېئىرلارنى كۆرۈپ قالىمەن . بىر يېرى ئۇزۇن ، بىر يېرى قىسقا ، مۇڭگۈزلىرى دىڭگىيىپ ، قۇيرۇقلىرىنى شىڭشايتىپ تۇرغان ، بۇ شېئىرنىڭ تەرجىمىسى ئەمەس بىر غەلىتە مەخلۇق . شائىر ئانا تىلدا ئۇنىڭ پەي سىڭىرلىرىنى سىڭىرىپ ، ئۇستىخانلىرىنى يۇغۇرۇپ ئۇن قىلىۋېتىشى ، ئەسلىي شېئىرنىڭ روھى ئۈستىدە سۆڭەكلەرنىڭ سۇنۇقىنى تېپىپ ئەكىلىپ يېڭىۋاشتىن شېئىرنىڭ ئۇستىخىنىنى تىكلىشى كېرەك ، يەنى ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمە قىلغان شېئىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرىغا ئايلىنىش كېرەك» .

تەرجىمە ھەققىدىكى بۇ قاراش تەبىئەتنى تۇيغۇ ئارقىلىق تەرجىمە قىلىشقا ئادەتلەنگەن ، شائىرنىڭ ئۆزىگىلا خاس قارىشى ئىدى .

ھازىرقى دۇنيا شېئىرىيىتىدە بىرەرمۇ يالغۇز كەنت ياكى تەنھا ئارال يوق . شېئىر تۇپرىقىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان

كۆچلۈك ئەنئەنە قارىشى شائىرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . مەن بىلسەم شائىر ئۆزى بىلەن قوراملىق «ئاكا» شائىرلار ئىچىدە توختىماي كىتاب كۆرىدىغان كىتاب مولـلـىسـى. شـائـىرنىڭ مېھمانخانا ئۆيىگە كىرگەن ئادەم قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان كىتابلار ئارىسىدا مىدىرلاۋاتقان بىر بـوغان گەۋدىنى كۆرىدۇ ، باللىرى مېھمانغا چاي قويماقچى بولسا شىرەدىن پىيالە قويىدىغان جاي تاپالماي قالىدۇ . تارىخقا ، مـەدەنـىيـەتـكە ، شېئىرىيەتكە ، ئائىت بۇ بىرنەچچە تىلدىكى ماتېرىياللار دۆۋىسىدە يەنە ھەممىدىن كۆپى شېئىر كىتابلىرى . مـانـا مۇشۇنداق تىنىمسىز ئىزدەنگۈچى بىر شائىرنىڭ دۇنيا ئـەدەبـىـيـاتـىـدىكى چۇقان-سۈرەنلەرنى ، ھەرخىل شېئىرىيەت ئېقـىـمـلـىـرىـنـى ، ھـەتتا شېئىرغا قارشى مودېرنىزملىق شـېئىرلارنى ، 20 ـ ئەسىر دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە ئايلىنىپ قالاي دەپ قالغان ۋولت ۋىتمانچە ئەركىن شەكلنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس . ئۇ ھەممىنى ئوقۇپ ، كۆرۈپ تۇرىدۇ يۇ ، ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە مەھكەم يېپىشىدۇ . ھازىرچە بەش شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلغان بۇ شائىرنىڭ بىرەر شېئىرى تېخى «تۆت چاسا »دىن باشقا شەكىلدە يېزىلىپ باققىنى يوق . بىرەر ئالماش قاپىيىسى بۇزۇلغىنى ، بىرەر مىسراسى ئۇزۇن قىسقا بولۇپ قالغىنى يوق . ئەنئەنىۋى شـەكىل ، ئالماش قاپىيە زەنجىرلەنگەن شائىر ئوسمانجاننىڭ شېئىر ئۇسلۇبى ئوينايدىغان مەيدانى بولۇپ كەلدى .

مەن شائىرنى ئىزدەپ بارغاندا كۆپىنچە يالغۇز دەرقەمدە بولاتتۇق . قىلىشىدىغان گەپ تاپالماي بەزىدە قولايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتۇق . مەن بۇنى بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ دەرۋىش مىجەزلىكىدىن كۆرسەم يەنە بىر تەرەپتىن شائىرنى ئېغىر ، كەم سۆز ، ئىچ ـ مىجەز ، سۇرلۇك ئادەم ئىكەن ، دېگەن يەكۈنگە كەلگەنىدىم . بۇ ئاز دېگەندىمۇ مېنىڭ شائىر بىلەن يەتتە — سەككىز يىللىق ئالاقە جەريانىدىكى يەكۈنۈم ئىدى . بىراق ، مەن كۆرگىنىم ئوخشاش شارائىت ، ئوخشاش جايدىكى ئوسمانجان

ئادەمدەك بىلىنگەنىدى. شائىرنى تۇنجى كۆرگىنىمدە شائىرنىڭ سەلتەنەتلىك بىرلا ئادەم ئىكەنلىكىنى، باشقىلىرىنىڭ بولسا سان - ساناقسىز ئەينەككە بىر سايە چۈشكەندەك ئوسمانجاننىڭ شېئىرىدىكى شولىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. تۇنجى ئۇچرىشىشتىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل مابەينىدە شائىر بىلەن بولغان باردى - كەلدى ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما تۇنجى تەسىرات ماڭا ھازىرغىچە ھەمراھ. ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مەندىن بىر يىل يۇقىرى سىنىپتىكى دوستۇم ئەسقەر ياسىن بىر كۈنى چۈشتە ياتىقىمغا كىرىپ: «سەن پوچتىدىن ئەۋەتكەن ‹مېنىڭ ئادرېسىم›، ناملىق داستاننى - «تارىم» ژۇرنىلى باسماقچىكەن، شائىر ئوسمانجان ساۋۇت سېنى ئۆيگە باشلاپ ئەكېلىشىمنى ئېيتتى» - دېدى. قەلبىمدىكى ئورنى يۈكسەك غايىبانە شائىر بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغانلىقىمدىن بېشىم كۆككە يەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە بۇ يامغۇر توختاپ يەرلەر پاتقاق بولۇپ كەتكەن بىر چۈشتىن كېيىن ئىدى. بىز يول قاسناقلىرىدا ئېقىۋاتقان يامغۇر سۇلىرىنى كېچىپ يەتتە — سەككىز مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن بۇ ھۆرمەتلىك شائىرنىڭ ئىشىكىنى چەكتۇق. ئىشىكنى ئېگىز، ھەيۋەتلىك بىر ئادەم ئاچتى. بۇ ئوسمانجان ساۋۇت ئىدى. كىرىشىملا تاركۇچىغا ئايىغىمىزنى سېلىش ئۈچۈن ئېڭىشتۇق. ئۇنىڭسىزمۇ ئاياغلىرىمىز لايغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. «بولدى، بولدى، گىلەمگە ئاياغ بىلەن چىقىۋېرىڭلار، گىلەم ئادەمدىن ئۇلۇغ ئەمەس». مانا بۇ مەن شائىردىن ئاڭلىغان تۇنجى سۆز ئىدى. شائىر ھاياتقا، ئادەملەرگە ناھايىتى قىزغىن، ئادەمنى ئۇلۇغلاش، مېھماننىڭ ئىززىتىنى قىلىش، ئەدەپ - قائىدىلىك، مېھرىبان بولۇش شائىر ئائىلىسىدىكى ئەنئەنە. شائىر ئادەمگەرچىلىك ئەنئەنىلىرىنى، شۇنداقلا ئىنسانىنى كۆڭۈل ئازادىلىكىگە، ئەخلاقىي كامالەتكە يېتەكلەيدىغان بارلىق روھىي ئەنئەنىلىرىنى ساقلىغۇچى، داۋاملاشتۇرغۇچى. تۇرمۇشتا بولغان بۇنداق

ئادەم بىلەن ھەۋا ئازمىغان بولسا ئىنسانىيەت بولمايتتى، ئايال بولمىغان بولسا شېئىر بولمايتتى. قۇتراپ تۇرغان ياۋايى كۈچ بىلەن سىرلىق چەكلەش ئارىسىدا شائىر جان تالىشىدۇ، بۇ جان تالىشىش-شېئىر. شېئىر بىزنى قۇتقۇزالامدۇ؟ ياق، شېئىر تۇرمۇشنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟ ياق. ئۇستىمىزدىكى جاۋابسىز بوشلۇق بىلەن ئاستىمىزدىكى قاتتىق تۇپراقتىن باشقا پاناھ جايىمىز يوق. چۈنكى، بىزنىڭ ئازابىمىز تۇغما، ئەر ئاياللارنىڭ ھەسرىتى - قوشۇلۇش ياكى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ چىقىشتا ئەمەس. تراگېدىيە بىزنىڭ ئىچىمىزدە.

ئەمدى بىز ئۇلارنى ئايال دەپ ئاتىمايلى. ئۇلار بىزنىڭ ئانىمىز، قىزىمىز، ھەدە - سىڭىللىرىمىز بولسۇن. بىز تۇغۇلۇپ قالدۇق، ھېچكىم بىزنى توسۇپ قالالمىدى. بىز شائىر بولۇپ قالدۇق، ئەمما ئامالىمىز يوق. بىز شائىر بولغان چاغدا ئازابنى تېتىدۇق. ئەي بۈيۈك، بىزنى كەچۈرگىن، شائىرلارنىڭ ئەتراپىدا ئايال بار. ئەي، بىناۋا ئادەملەر، بىز سىلەردىن پىنھان بولالمىدۇق، چۈنكى شائىرنىڭ يېنىدا شائىر بار، شائىر سىرىنى ساقلاپ قالالمىدى.

مەن تەنھالىقنىڭ مەنىسىنى يېشەلمەي ئېغىر قەدەملىرىمنى سۆرەپ شائىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم، ئالەم تەنھا، شائىرلار تەنھالىقتا ھاياجىنىنى ئالەمگە قويۇپ بېرىدۇ. سىرلىق كۈچ مېنى چەكلەيتتى. باشقا بىر پلانېتىدىن ئىختىيارسىز شائىرنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ئوسمانجان ساۋۇت يالغۇز ئىدى، بەش قىزى ۋە بىر قىز نەۋرىسى بىلەن. ئۇ كاھىنلاردەك قىزلار بىلەن قورشالغان مۇقەددەس تەنھالىقنىڭ نۇر چەمبىرىكى ئىچىدە شېئىر بوشلۇقىغا ئۆرلەيتتى. بۇ ئۆيدە ئايال ئۆلگەن. بۇ ئۆيدە ئايال شائىرنىڭ ئەتراپىدا مېڭىپ يۈرگەن روھ. ئەينەك رامكىدا تۆت يىل بۇرۇن ئالەم تەنھالىقىغا قېتىلغان شائىرنىڭ ئايالى، مەن بۇ ئۆيدە رامكىغا ئېلىنغان يەنە بىر سۈرەتنىمۇ كۆرگەن. ئۇ روسىيە شائىرى سىرگېي يېسىنىن ئىدى، تەبىئەتنى ئەڭ گۈزەل كۈيلىگەن، كوچىلاردا

ساۋۇت ئىكەن. كېيىنچە بىر نەچچە قېتىملىق تاسادىپىي سورۇنلاردا ۋە يار ئەكسى كۆرۈنىدىغان جام ـ كاسەلەردە شارابۇنۇش ئېتىپ ئاشىقلار ئارىسىدا قىيپاش كېتىۋاتقان ناتىق، قىزىقچى ئوسمانجان ساۋۇتنى كۆردۈم. باشتا ئويلىغىنىمدەك بىرلا ئوسمانجان ساۋۇت ئەمەس بىرمۇنچە ئادەملەر ئارىسىدا بىرمۇنچە ئوسمانجان ساۋۇت بار ئىكەن. پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن خەقنى ئاغزىغا قارىتىدىغان، سورۇننىڭ گۈلى بولۇپ كىشىلەردە «شائىر دېگەن مۇنداق بولىدىكەن ـ دە» دېگەن تېتىملىق تەسىرات قالدۇرالايدىغان قەدىمكى زامان شائىرلىرىغا خاس سېھىر بار ئىكەن. بۇنداق چاغلاردا، بۇنداق سورۇنلاردا هاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرغان شائىر قەدىمكى ئافىنا كوچىلىرىدا پەلسەپە، داستان سۆزلەۋاتقان پەيلاسوپلاردەك قايىسىدۇ بەتخۇلق تەكەببۇر كىشىلەرنى «قارىغاي يۇتۇۋالغاندەك گىدىيىپ تۇراتتى» دەپ تەسۋىرلىسە، يەنە قانداقتۇر بىر بولمىغۇر قىلىقلارنى ئاجايىپ سۆپەت سۆزى ۋە قىزىقارلىق تەلەپپۇز بىلەن هەزىل قىلىپ ئادەمنى پۇخادىن چىققۇچە كۈلدۈرەتتى، هەتتا مۆرىتى كەلگەندە ئۆلۈكلەرنىمۇ ئاياپ قويمايتتى. بۇ ئوسمانجان ساۋۇت ئوچۇق ـ يورۇق، خۇش تەبىئەت، سورۇنلۇقى بار ئادەم ئىدى. بەزمە ـ باراۋەت، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە هەرخىل نامدىكى ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشلاردىن قالمايتتى. بۇ سورۇنلاردا خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشاتتى. پەرىشتىگىمۇ ۋە شەيتانغىمۇ يولۇقاتتى. بىز شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدىن يۇقىرىقى مەزمۇننى ناهايىتى ئېنىق هېس قىلىمىز. ئادەملەر ئارىسىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ چېگراسىنى شېئىردا كۆرىمىز، شائىر بەتنىيەت، بەتخۇيلارغا ياغدۇرغان لەنەتنى، خىزىر سۈپەت ئادەملەرگە ئوقۇغان قەسىدىنى ئاڭلايمىز.

## 6. شائىر ۋە ئاياللار

ئايدا ، قارنىڭ زېمىننى ئۈن - تىنسىز سۆيۈشلىرىدە ، سۇنىڭ مەستخۇش ئاۋاز بىلەن غەمزە قىلىپ ئېقىشلىرىدا . . . ھەممە ھەممىدە ئايال بار . شائىرنىڭ ئايالى يېنىدىكى چاغدىمۇ ، يوق چاغدىمۇ بۇ قەسىدە ئۈزۈلۈپ قالمىدى . مەن شائىرنىڭ يېرىم كېچىلەردە ۋە كۈندۈزلەردە ، ئادەملەر ئارىسىدا ياكى تەنھا تۇرغاندا ئاياللارغا شىۋىرلاشلىرىنى ئاڭلىدىم . شېئىر مەڭگۈلۈك ئاشىقلىق كۈيى !

2003 - يىلى 4 - ئايدا يېزىلدى .

لاي ــ پاتقاقتا مىلىنىپ غەرق مەست ياتقان، ئاياللارنى شاللاقلارچە قوغلاپ تۇرمىلەرگىمۇ كىرىپ قالغان، ئاخىرىدا ئۆزىدىكى ئېنېرگىيە بىلەن تراگېدىيىنى سىنغدۇرۇپ بولالماي 30 يېشىدىلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، مانا بۇ ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ قەلبىدىكى شائىر، ئۆزىنىڭ ئېنېرگىيە ئۇشۇقچىلىقى ئىچىدە ئۆزگىنىڭ روھىي توقۇنۇشلىرىنى چۈشىنىدىغان، ئادەت قەپىسىدە جان تالىشىپ، قوتراپ، كونتروللۇقىنى يوقاتقان تالانت ئىگىسىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۆزىنى ئەخلاق زەنجىرلىرى بىلەن قات ـ قات باغلىۋەتكەن زىددىيەتلىك شائىر.

ــ تۇرمۇشنىڭ مەنىسىزلىكىگە بەرداشلىق بېرىش تەس، چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ ئىچى پارلىمايدۇ. مەنىگە، تەنھالىقتا، ئۇلۇغۋارلىقتا يوقلۇقتىن جاۋاب ئىزدەيمىز. كۆچكە، تەنھالىقتا، ئۇلۇغۋارلىقتا ئاياللاردىن ماسلىق ئىزدەيمىز.

ــ مەن ھاياجانلىق شائىرنىڭ تەنھالىقىنى يەشمەكچى بولدۇم.

ــ ياق، دېدى شائىرنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقان ئامراق يۈرەك پارىسى، كەنجى قىزى ئالمىرە، ـ دادام توي قىلسا مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، ئاياللار ئەسكى، بۇ دۇنيادا ئانامدىن باشقا دادام بىلەن توي قىلسا بولغۇدەك ئايال يوق.

شۇنداق، ئايالنىڭ روھىلا شائىرغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، ھەرقانداق ئايال شائىرنىڭ روھىي تەشنالىقىنى قاندۇرالمايدۇ. چۈنكى، شائىرنىڭ ئىزدىگىنى رېئاللىقتىكى نەرسە ئەمەس. بىراق، شائىر ئايالنىڭ ئالىقىنىدا، مەيلى ئايال بولسۇن ياكى بولمىسۇن. شائىر ئايالنىڭ ئالىقىنىدا، شائىر مەيلى مەيخانىدا ياكى مەسچىتتە بولسۇن. شائىر ئايالنىڭ ئالىقىنىدا.

مەن يىگىتلىك بوسۇغىسىغا قەدەم قويغىنىمدىن باشلاپ ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ سۆيگۈ قەسىدىلىرىنى ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. شائىر شېئىرلىرىدىكى جىلۋە ناز قىلىپ تۇرغان

بىلەن مەستخۇشلۇق ئىچىدە ئولتۇرسام ئۇشتۇمتۇت كۆزۈمگە بىر نەرسە كۆرۈندى . بۇ نەرسە سۇ تۇرۇبىسى بار دالان ئۆيدىن بىز باراۋەت قىلىشۋاتقان ياتاققا كىرىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ يېپىقلىق ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرىپ ئاغىنىلەرنىڭ پۇتلىرى ئاستىدىن ماڭا يېقىنلاپ قالغانىدى . بۇ چاقىرىلمىغان مېھماننى بىرىنچى بولۇپ مەن كۆردۈم . گويا مۆجىزە كۆرگەندەك ھەيرانلىقتىن تەپەككۇرۇم توختاپ قالدى ، ھەتتا بىر نەچچە دەقىقىگىچە ئىسمى ئېسىمگە كەلمەي قالدى . شۇ ئارىدا ئۇنىڭ سوزۇق تىلى سېمونتتىن غىلدىرلاپ كارىۋات ئاستىغا سوزۇلدى .

بىز ئالمان - تالمان ئېسىمىزگە كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلدۇق . ئەسلىدە ئۇلپەتلەردىن بىرسى سۇخانىغا چىقىپ قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن جۇمەكنى ئەتمەي قايتىپ كىرگەنىكەن . شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇ ھولاققا توشۇپ ، ھولاقتىن يەرگە يالاپ چۈشۈپتۇ . ئاندىن تاشقىرىقى ئۆيدىن بىزنىڭ ھۇجرىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلاپتۇ .

بۇ ماڭا ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يەكۈنىدەك ، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ھەممە جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان روھىي بېشارەتتەك تۇيۇلدى . سۇنىڭ شەرھىسى ھاياتلىقنىڭ شەرھىسى ، ئېھتىمال «سۇدىكى بېشارەت» ناملىق بۇ قىسقا شېئىرىم شېئىر ئارقىلىق ئىپىلغان ھاياتلىقنىڭ بىر تەلىسمىدۇر .

1 . سۇنىڭ تۇيغۇدىكى مەنىسى

ئادەم يىلتىزى يوق تۇغۇلىدۇ ، زېمىن يۈزىدە قاڭقىپ يۈرىدۇ ، يىقىلىدۇ ، ئاندىن يىقىلغان يەردە يوق بولۇپ كېتىدۇ . كۆكتىن تامدۇق ، يەردىن ئۈندۇق ، بىر كۈنلەردە غەيبنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز . بۇ ئادەملىك قىسمىتى . ئىنسان ئۆلىدۇ ، ئىنسانىيەت ئۆلمەيدۇ ، ئورتاق تۇيغۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ . بىز بۇ ئورتاق تۇيغۇنى دىنىي

# سۇدىكى بېشارەت

بىز كارىۋاتتا
ياتاقتا مىسىرلىدە كىرگىنى سۇ
بىزگە زەن سېلىپ قارىماقتا ئۇ .

جۇمەك ئوچۇق قالغان دالان ئۆيدە
نىل دەرياسى تاشقىنلايدۇ شاد .

سۇ ئىلاھى چىقتى ئۈستىگە
بولدۇق قۇللار ئەقىلدىن ئازاد .

ھاياجانلىق ھەمدە ھۆل ھايات ،
قويۇۋەتسەك يوشۇرۇن ئاتنى
قىلار توپان دۇنيانى بەربات .

يېڭىلا خىزمەتكە چىققان چاغلىرىم ئىدى . ئىدارىدىكى تۆت بويتاق بىر ياتاقتا ياتاتتۇق . بىر كۈنى كەچتە ياتاقتىكى لىڭشىپ قالغان بىردىنبىر شىرە ئۈستىگە گۈلە ـ قاقلار توشتى . بازاردىن توخۇ ، بېلىقلار كەلتۈرۈلدى . دۇتار چېلىندى . ناخشىلار ئېيتىلدى ، كۆڭۈللۈك پاراڭ ۋە ناخشا ـ سازلار بىلەن ھەممىمىزنىڭ كەيپى چاغ ئىدى . ئەنە شۇنداق پاكىز ھاياجان

بىر تىنىق ھاۋانى، شۇنداقلا پارلاق ۋە پارتىلىغان ھېچ نەرسىنى ئۇلۇغ بىلمىدۇق، بىراق ئالەمنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئىچىدە ھەر ۋاقىت كۆزىتىلگۈچىدەك تۇيغۇدا ياشايدىغان شائىر غەيبىنىڭلا ئەمەس، ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ، ھاياتقا تەنتەنە قىلىدۇ.

بۇ قەلبى ئويغاق شائىرلار ۋە ئېتىقادلىق ئادەتلىرى مەۋجۇت بولغان قەدىمىي مىللەتكە ئورتاق تۇيغۇ.

بىز دېگىزدىن يىراق جايدا، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۆل ئىقلىمىدا ياشايمىز. تەكلىماكان بويلىرىدىكى بوستانلىقلاردا، تورپان، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى كارىز ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەردە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بىز ئۈچۈن ھاياتلىق. چۈنكى، ئۇ قاقاس تۇپراققا جان بېرىدۇ. ئۇلۇك زېمىننى كۆكەرتىدۇ. زامان بىلەن زامان ئوتتۇرىسىدا ھاياتلىقتەك مەڭگۈ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلۈپ قالماي ئۆلمەس تۇيغۇدەك داۋاملىشىدۇ.

ئېھتىمال — بەش، ئالتە ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، ئەمدىلا ئۆملەشكە باشلىغان ئىنىم بىلەن ھويلىدىكى بارالڭ ئاستىدا ئويناۋاتاتتۇق. تال باراڭغا يېڭىدىن سۇ باشلىغان بولۇپ، تال تۈۋىدىكى ئورەكلەر سۇغا تولغانىدى. ئۇ كام ئۆملەپ ماڭغان پېتى سۇ توشقان چوڭقۇر ئورەككە چۈشۈپ كەتتى. مەن چوڭلارنى باشلاپ كەلگۈچە ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئۇنى يىغا - زار قاپلىدى. قولۇم - قوشنىلار كىرىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈزلىرى قېرىلىقتىن قاتلىشىپ، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بىر مومايمۇ بار ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنى بۇۋىم دەپ ئاتايتتى. بۇۋىم نەپەستىن توختاپ جىمجىت ياتقان ئۇكامغا بىر قاراپلا ئانامنى ۋە بىز بەش ئوغۇلنى قېرى سۆگەتتىن چىۋىق كېسىپ كېلىپ ئورەكتىكى سۇنى ئۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئۆزى بولسا قىزىتىلغان كېپەكنىڭ

ئەھكاملاردىن ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرلۇك سىرلىق قاراش ، ئۆرپ ـ ئادەت ، قائىدە ـ مۇراسىملاردىن ۋە بارچىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغۇچى ھاياجانغا باي شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ھېس قىلىپ تۇرىمىز .

تۇيغۇ — شېئىرنىڭ ئىچكى تىلى ، شائىر ئۇنىڭغا قۇلاق سالغۇچى ، ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان ، غايىبتىن كەلگەن تۇيغۇنى ئۆز تىلى ئارقىلىق خاتىرىلىگۈچى . نورمال كىشىلەر ئۈچۈن ئەقلىي ئۆلچەم تۇرمۇشنىڭ بىردىنبىر قېلىپى ، يەنى كۆز بىلەن كۆرگەن ، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان نەرسىلەرلا ھەقىقەت . كۆزسىز «كۆرگۈچى »نىڭ بارلىقىدىن ، ھەتتا بەزىدە «كۆزى» بارنىڭمۇ كۆرەلىشىدىن شۇبھىلىنىدۇ ! شائىر ئۈچۈن بارلىق بىردۇر ، ھەممىنىڭ جېنى بار ، كۆزى بار ، ئۆزىگە ئوخشاش بىلىپ ، سېزىپ تۇرىدۇ .

بىز كارىۋاتتا
ياتاقتا مىسرىدە كىرگىنى سۇنى .
بىزگە زەن سېلىپ قارىماقتا ئۇ .

ھازىرقى ئىنسانلار ئەقىللىق ، بىراق ئىنسانلار ھازىر مەدەنىيەتنىڭ ئەما دەۋرىدە تۇرماقتا . توغانلارنى سېلىپ كەلگۈندىن مۇداپىئە قىلالىغىنى ئۈچۈن ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە تۇرۇبىلارنى ياساپ قارىماقتا سۇنى خالىغان يەرگە باشلىيالىغىنى ئۈچۈن ئىنسانلار مەدەنىيەتلىك . ئىنسانلار سۇنى جېنى يوق ، ئىگىسى يوق دەپ ئويلاپ قالدى ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ پۇتتۇن ئەتراپى سۇ بىلەن قاپلانغان ، ھەرقاچان چۆكۈپ كېتىدىغان ئالىقانچىلىك قۇرۇقلۇقتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالاي دەپ قالدى . سۇ مۆجىزە ، بىراق بىز مۆجىزىنى كۆرەلمەيۋاتىمىز . قەلبىمىز ئەما ، بىزگە ھېچ نەرسە مۇقەددەس بىلىنمىدى . بىز ئۆيلىرىمىزدە خالىغان چاغدا شارقىرىتىپ ئىشلىتىدىغان سۇنى ، ھاياتىمىز ياكى ماماتىمىزنى بەلگىلىگۈچى

ئەسلەتكەنلىكى ، سۇنى بويسۇندۇردۇق دەپ ئويلىغان ئىنساننىڭ يەر شارىنى لەيلىتىپ تۇرغان سۇ ئالدىدا ، ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كېلىدىغان كەلكۈنلەر ئالدىدا ئاجىز ئىكەنلىكىنىڭ يوشۇرۇن ۋەھىمىسى . چۈنكى ، تۇيغۇ رېئاللىقتىن ھالقىغان نەرسە ، ئورتاق تۇيغۇ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا داۋاملىشىپ كەلگەن ئۈزۈلمەس ئېقىن . بىز زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئېقىنىدا بارلىق كىشىلەرگە ئورتاق مۇنداق بىر زور تۇيغۇنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىمىز : يەر يۈزىدىكى ئادەم باللىرىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا ھامان جىنسىي ھالاكەت سىزىقى سىزىلغان ، ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكۈچى مەيلى مۇسۇلمان ، خىرىستىئان ، بۇددا ، بىدئەت ياكى دىنسىز بولسۇن ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ، يوشۇرۇن ئېڭىدا چوڭقۇر گۇناھكارلىق تۇيغۇسىغا پاتقان بولىدۇ . بىز تۇيغۇنىڭ بۇ سىرلىق چوڭقۇرلىرىدا سۇنىڭ ماھىيەتلىك مەنىسىگە چۆكىمىز . جىنسىي باشباشتاقلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان توپان بالاسىنى ھېس قىلىمىز .

## 2 . سۇنىڭ دىنىي مەنىسى

پايانسىز ئالەمدە سۇ يوق ، سۇ پەقەت كىچىككىنە يەر شارىدا . بىز ئۈچۈن پايانسىز تۇيۇلىدىغان يەر شارى سۇ . قۇرۇقلۇق ئۇنىڭ كىچىككىنە قىسمىدا .

سۇ زېمىننى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ، سۇ بار چاغدا زېمىن تېخى يوق ئىدى .

زېمىن ئادەمنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ، زېمىن بار چاغدا ئادەم تېخى يوق ئىدى .

سۇ ئۈستىدىكى زېمىنغا سېلىنغان تۇنجى مۇقەددەس ئۆيدە ئادەم ئاشۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئىگىسىگە سېغىنىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان .

زېمىننىڭ ئاستىن قەۋىتى — سۇ ، ھاياتلىقنىڭ ئاستىن قەۋىتى جىنسىيەت ، زېمىننىڭ ئۈستۈن قەۋىتى — مۇقەددەس

ئۈستىگە يۆگەكنى سېلىپ ئۇكامنى دۈم ياتقۇزۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ ھۈرۈشكە باشلىدى. بىز بۇۋىمىزنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ھەربىرىمىز بىردىن چىۋىق كېسىپ كېلىپ، «ئۇكامنىڭ جېنىنى قايتۇرۇپ بەر، ئۇكامنىڭ جېنىنى قايتۇرۇپ بەر» دەپ سۇنى ساۋاشقا باشلىدۇق. بىر ئازدىن كېيىن ئۇكام چوڭ ئادەمدەك خارتتىدە بىر تىنىپ ئاغزى - بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ يېنىشقا باشلىدى ۋە ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى. ئەسلىدە سۇ ئۇكامنىڭ جېنىنى ئېلىپ كەتكەنىكەن، ئانامنىڭ ۋە بەش ئوغۇلنىڭ قولىمىز ھارغۇچە چىۋىق بىلەن ساۋاشلىرىمىزغا بەرداشلىق بېرەلمەي، جېنىنى قايتۇرۇپ بېرىپتىمىش.

تېخى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ئېرىق-ئۆستەڭ يار ئېلىپ كەتكەن ياكى تۇغاننى سۇ تېشىپ كېتىپ ئەتكىلى بولمىغان چاغدا «توختى» ئاتلىق كىشىنى توغ بېشىغا بېسىپ سۇ توختىتىدىغانلىقى مەلۇم. ئېنىقكى، بۇ يەردە سۇمۇ ئادەمنىڭ تىلىنى بىلىدۇ دەپ قارالغان، بۇ خىل خۇراپىي قاراش بويىچە سۇ «توختى» ئاتلىق ئادەم ئىسمىنىڭ مەنىسى «توختاش» ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە تاشلانغانلىقىنى كۆرۈپ توختايدۇ.

دېمەك، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئورتاق تۇيغۇسىدا سۇنىڭ جېنى بار، ھېس - تۇيغۇسى بار، قۇلىقى ۋە كۆزى بار. ئۇنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشى ئالەم بىلەن رىتىمداش، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئىنسانىيەت تەقدىرى بىلەن بىر تۇتاش، ئىچى يورۇغان ئىنسان بۇنى تۇيىدۇ، ئىچى يورۇغان شائىرنىڭ شېئىرىدا سۇنىڭ رىتىمىغا ئايلانغان ھاياتلىق رىتىمى بار. ھاياتلىق رىتىمى — ئىنسان تۇيغۇسىدا.

يامغۇر ياغقان كۈنلىرى دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى ئىنسانلارنىڭ تۇيغۇسىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، كۆپىنچە ئادەم ئۆزىدە نامەلۇم بىر ئۈمىدسىزلىكنى ھېس قىلىدۇ، غېرىبلىقتا ياكى ئەسلىمىگە چۆكىدۇ، بۇ يامغۇرنىڭ ئىنسانىيەت ئۆتمۈشىنى — سۇ بىلەن يۈز بەرگەن زور ھالاكەتنى تۇيغۇدا

قارالغان ۋاقىتتا ئىنسان ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمە يوق بوشلۇقتىكى باشپاناھسىز سەرسانغا ئايلىنىدۇ. ھەممىدە ئۆزىگە تايىنىدۇ، ۋەھىيگە، ئەنئەنىگە، ئورتاق تۇيغۇغا ئەمەس ئەقىلگىلا ئەگىشىدۇ. ئەقىلنىڭ قولىغا ئايلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئەقىلنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئېڭى توپلىنىپ ئۇشتۇمتۇت پارتلاپ چىقىش بىلەن ئەقىلنىڭ قارشى قۇتۇپىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆزلۈكسىز بېسىم بىلەن جۇمەككە قاپسىلىپ تۇرغان سۇ بىر يولىلا قويۇۋېتىلىپ نىل دەرياسىنىڭ تاشقىنىغا ئايلىنىدۇ، ھاياتلىق توپانغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، بارلىق ئەقلىي تىرىشچانلىق ئىنساننى چەكلەش، چەكلەشنىڭ ئاقىۋىتى قويۇۋېتىش، قويۇۋېتىشنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت.

## 3. سۇنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى

قەدىمكى مەدەنىيەتلەر سۇ بويلىرىدا يارىتىلغان. ئىنسانىيەتنىڭ سۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىدۇر. ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا سۇ — مەدەنىيەتنى كۆرسەتكۈچى تېرمومېتىر. بۇ تېرمومېتىردا بىز ئىنسانىيەتنىڭ سۇ بىلەن بولغان ئىلاھىي، ياۋايى، رېئال مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرىمىز.

ئىلاھىي مۇناسىۋەت مەدەنىيەتنىڭ ئىلاھىي خاراكتېرىنى، يەنى دىنىي مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ مەدەنىيەتتە بارلىق ياراتقۇچىنىڭ مۆجىزىسى دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ. بارلىق ئىلاھىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. بارچە نەرسىگە ئوخشاش سۇنىڭمۇ ئىلاھى بار دەپ ياكى سۇ ئىلاھتەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ. سۇنىڭ ئىلاھىي قىممىتىنى ئۇلۇغلىماسلىق ياكى سۇغا بىھۆرمەتلىك قىلىش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ چوڭقۇر قاتلاملىق يۈكسەك ئۆلچەملىك مەدەنىيەتتۇر. ئىنسان بىلەن كائىنات ۋە ھەربىر شەيئى ئىلاھىي بىرلىك ئىچىدە تۇرىدىغان روھىي مەدەنىيەتتۇر.

ئىنسانلار سۇ بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا بارا ـ بارا

ئۆي ھاياتلىقنىڭ ئۈستۈن قەۋىتى — دىن. مۇقەددەس ئۆي بۇزۇلغاندا ئىنسان قۇپقۇرۇق زېمىن ئۈستىدە پاناھسىز قالىدۇ. ھاياتلىق قەۋىتى بۇزۇلغاندا ئىنسانىيەتكە ھالاكەت يۈزلىنىدۇ.

دۇنيا سۇ بىلەن باشلانغان، سۇ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. سۇ — بۇلغانغان تەننى پاكلايدۇ. ئىنسانلار غۇسۇل تاھارەت ۋە يۇيۇنۇش مۇراسىملىرى ئارقىلىق سۇ بىلەن پاكلىنىشنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلايدۇ.

جۇمەك ئۇچۇق قالغان دالان ئۆيدە
نىل دەرياسى تاشقىنلايدۇ شاد.

نىل دەرياسىنىڭ تاشقىن سۇيىدىن سۇ جۇمىكىگىچە بولغان جەريان ھازىرقى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى. دەريا - دېڭىز بويلىرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئەللەر، شەھەرلەر، ئىبادەتخانىلار، سۇ بىلەن بولغان ئىلاھىي مۇناسىۋەت، مۇراسىم تۈسىنى ئالغان جىنسىي پائالىيەت، كەلكۈن، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش... مانا بۇلار قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ سۇغا يېزىلغان تارىخى.

سۇ ئىلاھى چىقتى ئۈستىگە
بولدۇق قۇللار ئەقىلدىن ئازاد.

سۇ — ھاياتلىقنىڭ بېسىلىپ تۇرغان قەۋىتى. سۇ — ئىنساننىڭ جىنسىيەت قاتلىمى. كىچىك بالا سۇ ئويناشقا ئامراق، چۈنكى ئۇنى قىزىقتۇرۇۋاتقىنى، يېتەكلەۋاتقىنى ئاڭسىزلىق، ئۇنى ئۆلۈمدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى يۇقىرى ئاڭ ئۇنىڭ ئۆزىدە يوق. چۈنكى، ئۇنىڭ ھاياتلىق تەجرىبىسى كەمچىل.

سۇنى ئىنسان باشقۇرۇۋاتىدۇ، ئىنسان ھەممىگە قادىر دەپ

## 4 . سۇنىڭ زامان مەنىسى

هاياجانلىق ھەمدە ھۆل ھايات
قوپۇۋەتسەك يوشۇرۇن ئاڭنى
قىلار توپان دۇنيانى بەربات .

قاغجىرىغان تۇپراققا كۆكتىن تامغان سۇ بىلەن جان كىردى . ھۆل بىلەن قۇرۇقنىڭ هاياجانلىق بىرلىشىشلىرىدە دۇنياغا كەلدۇق . سۇ — بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى هاياتلىق . روھنىڭ رىتىمى بىلەن تىل ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى ئىزدەۋاتقان شائىرلار قەدىمدىن بىرى سۇنى ۋاقىتقا ، ئىنسان ئۆمرىگە ئوخشىتىپ كەلدى . ئەمەلىيەتتىمۇ سۇنىڭ ئوخشىمىغان ھالەتلىرى ئوخشىمىغان پەسىللەردىن ، يەنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . سۇ بىلەن زامان سىرلىق باغلانغان .

مۇز — ئۆتكەن زامان ، سۇ — ھازىرقى زامان ، هور ، يەنى يۇقىرى ھارارەت كەلگۈسى زامان . ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى — سۇنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدۇر . قەدىمكى زاماندا ھەممە نەرسە — قاتتىق ، دىنىي ئەھكام ، ئەخلاق ، پەرمانلاردىن تارتىپ تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئۇششاق ئادەت ـ يوسۇنلارغىچە بۇزغىلى بولمايدىغان قاتتىقلىق ، يەنى مۇزنىڭ ھالىتى مەۋجۇت . بارلىق قاتتىق نەرسىلەر ئېرىۋاتقان ، يۇمشاۋاتقان ، ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىكى چېگرالار قوشۇلۇپ ، ئادەملەر ئۆزىنى تۇتالماي سۇغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان دەۋر — ھازىرقى زاماندۇر . كەلگۈسى زامان — شىددەتلىك ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ ، يۇقىرى ئېنېرگىيىدىن بارلىق يوقلۇققا ئايلىنىدىغان هورسىمان دەۋردۇر .

يەر شارىنىڭ ئۆتمۈش خاتىرىسى ، قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ سىرى — ئىككى قۇتۇپتىكى مۇز ئاستىدا . يەر شارىدىكى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ، زامان مەخپىيىتى — ئىككى

سۇدىكى ئىلاھىيلىقتىن ياۋايىلىققا ئۆتتى. سۇدىن ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدىغان ياۋايى كۆچنى بايقىدى. ئۇنى ئاستا ـ ئاستا بويسۇندۇرغىلى، ئۆزگەرتكىلى ھەتتا قۇل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئالەمنىڭ ئىرادىسىدىن ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ئۈستۈن بىلدى. دۇنيانىڭ ئەسلىي ھالىتىگە، تەبىئەتنىڭ سىرلىق تەرتىپىگە «ياۋايىلارچە» ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەكچى بولدى. دۇنيانىڭ ئىلاھىي قۇرۇلمىسى ئالدىدا ئەقىل ـ ئىنسانىي ياۋايىلىق. بىز بۇ ياۋايىلىقنىڭ نەتىجىسىنى — يەر شارىنى نەچچە قېتىم ھالاك قىلىشقا يېتىدىغان ئاتوم بومبىلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز.

بىز بۇ ياۋايىلىقنىڭ نەتىجىسىنى — ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ روھى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا كلون ئادەملىرىنى كۆرۈۋاتىمىز...

ھازىرقى دۇنيادا روھىي مەدەنىيەت بىلەن بۇ خىل «ياۋايى مەدەنىيەت» ئىنسانىيەتنىڭ ھايات ـ ماماتىنى بەلگىلەش ئالدىدا تۇرماقتا. كىشىلەر تۇرمۇشتا بارغانسېرى ياۋايى مەدەنىيەتكە ئەگىشىپ ماڭماقتا. غايىب تۇيغۇدىن ئايرىلىپ رېئاللىشىپ كەتمەكتە. كائىنات بىرلىكىدىن ئايرىلىپ تەنھالىققا يۈزلەنمەكتە. مۇقەددەس قىممەتتىن ئايرىلىپ قەدىرسىزلىكنى ھېس قىلماقتا. ئوخشاشمىغان دىنلاردىكى مۇقەددەس سۇ تۇرمۇشتا ئىقتىسادىي قىممەتتىن باشقا قىممىتى بولمىغان رېئال سۇغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇنىڭ بىلەن بار بولدۇق، ئۇنىڭ بىلەن ياشىدۇق، ئۇنى بىلمىدۇق.

ئۇ كۆرۈندى، ئۇ ھەرىكەت قىلدى، ئۇنىڭ قەدرىنى قىلمىدۇق.

ئۇ كەلدى، ئۇ يوق قىلدى، ئۇ غايىب بولدى.

سۇ — مەن ئۇنىڭدىن ئاجايىپ مەنىلەرنى بىلدىم.

سۇ — مەن سۇ ئارقىلىق بارچىغا ئىچكىرىلەپ كىردىم.

# مەن سۆيگەن ئون كىتاب

«قۇرئان كەرىم»:

تەپەككۇر ۋۇجۇدىنى بالىلارچە دورامچىلىق بىلەن گۇمانغا تولغان تەنتەكلىكتىن تۈگەپ ئەقىل كۆزۈم يورۇغاندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئۇيۇقىدا بۇ كىتابنى كۆردۈم. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ تۇرمۇشۇمنىڭ روھىي قۇياشىغا ئايلاندى. ئاشۇ پارلاقلىق ئىچىدە ئۆزۈمگە قايتا نەزەر سېلىپ ئادەم ۋە ئالەم بىلەن يېڭىۋاشتىن ئۇچراشتىم. تىرىكلەرنىڭ ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ، تىللىق بارلارنىڭ ۋە تىلسىزلارنىڭ زۇۋانىنى بىلگۈچى ئاشۇ قۇدرەتلىك زاتقا مەدھىيىلەر بولسۇنكى، ئۇنىڭ كىتابى ئارقىلىق مەن ئۆزۈم بىلەن بارلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئورتاق تىلغا ئېرىشتىم. بۇ تىل بىلەن كۆرۈنىدىغان شەيئىلەرنىڭ كۆرۈنمەس تەرىپىدە دۇنيانى چۈشەندىم. كۆرۈنمەس شەيئىلەرنىڭ قۇلىقىمغا پىچىرلىغان ئاۋازىنى خاتىرىلىدىم. ئەرەبلەردە «تۆگە مايىقى تۆگىنىڭ دەلىلى» دەيدىغان گەپ بار. ھەممە نەرسە دەلىل، ئالەممۇ، پاشىمۇ، ۋاقىتمۇ. شۇنداق، بۇلار بىز ياشىغانلىقنىڭ دەلىلى ئەمەس، ئاشۇ يارىتىلغان نەرسىلەرگە تايىنىپ ياشىغانلىقنىڭ دەلىلى.

سائەتلىرىمىز ۋاقىت ئەمەس، ۋاقىتنى نىسبىي ئۆلچىگۈچى ئەسۋاب.

ياشىغىنىمىز كۆرۈش سەزگۈسى ئەمەس، بەلكى

قۇتۇپ مۇزلۇقىنىڭ ئېرىپ ئېچىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. جىنسىي مەخپىيەتنىڭ يوق بولۇشى — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى.

نۇرغۇن شەھەرلەر يوق بولدى، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ۋاقتى توشۇپ مەدەنىيىتى كۆمۈلدى. بىزگە تارىخنىڭ ئىزلىرى قالغان، مۆجىزىلىرى جەم بولغان تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقلىرى نەچچە مىليون يىللار ئىلگىرى سۇ، يەنى دېڭىز ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ ئۆتكەن زامان. قەدىمكى زامان مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان، ھېلىھەم ئوتلۇق باغرىدا ئىنسانلار ھاياتى داۋاملىشىۋاتقان تۇرپان — يەرشارىنىڭ تەكشى سۇ يۈزىدىن، يەنى دېڭىز يۈزىدىن نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتا. بۇ ھازىرقى زامان. ئۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئىنسانىيەت ھاياتى مۆجىزە، دېڭىز ئاستىدا تۇرۇپ ھۆل بولمىغان، قەدىمكى ھاياتلىق تەجرىبىلىرى ۋە يوقلۇق ئېغى ئارقىلىق ھالاك بولۇشتىن ساقلانغان مىللەتلەر ھەقىقىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردۇر. كەلگۈسى ئىنسانلار روھىي چاقىرىقلارنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى چەكلىمىسىز قويۇۋەتكەن كۈنى دۇنيانىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر!

2003 - يىلى 2 - ئايدا يېزىلدى.

باشلانغان . خەلق قوشاقلىرى-مىللەتنىڭ تىل ئويۇنى . ئەمگەك قوشاقلىرى ، زۇلۇم قوشاقلىرى ، مۇراسىم قوشاقلىرى ، ھەتتا بېزەپ قوشاقلاردىن بىر خەلقنىڭ رېئال قىسمەتلىرى ۋە ھېسسىياتىدىن تىل ئارقىلىق ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز . خەلق بالىغا ئوخشايدۇ . بۇ بالا شۇنداق شائىركى ھەم رىتىملىق سۆزلەر ئارقىلىق مەقسەتنى يېقىملىق ئىپادىلىگۈچى ، ھەم مەزمۇنغا مۇناسىۋەتسىز تاقتا - تۇقتا سۆزلەر ئارقىلىق شەكىل گۈزەللىكىدىن زوقلانغۇچى ، سۆزدىنلا بەھرە ئالغۇچى . تىل بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋەت ماڭا شائىرلىق تاجىنى كىيدۈرگەن مىنۇتلاردا مەن مەقسەتنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر بىلەن شېئىرىيەت قەسرىدە ھۈنەر قىلىمەن ھەم ئويۇندىن باشقا مەقسىتى بولمىغان كىچىك بالىدەك سۆزلەرنى خالىغانچە ئويناپمەن . مانا بۇ مېنىڭ شېئىرىيەت ئاسمىنىمدا قانات قېقىۋاتقان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى .

## شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «تاڭ لىرىكىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى

ئوسمانجان ئاكام شېئىرىي مىزانلارغا بولغان يۈكسەك تەلەپچى ۋە بوزۇلماس ئالماش قاپىيىلىرى بىلەن ماڭا زەنجىر ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان تەكشى يوق رەققاستەك تۇيۇلىدۇ . شۇنداق ، ئۇ ۋايىغا يەتكەن تىل ئۇسسۇلچىسى ، سۆز ھۈنەرۋىنى . ئۇ قولىغا قەلەم ئالغىنىدا گويا ئۇيغۇر تىلىدىكى جىمى سۆزلەر ، بارچە قاپىيىلەر رەت - رېتى بىلەن مارجاندەك تىزىلىپ ، بىر - بىرىدىن قىزغانغان ھالدا بۇ شائىرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىشلىتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . «تاڭ لىرىكىلىرى» ئارقىلىق شائىر ئوسمانجان ساۋۇت شېئىر ئىمكانىيىتى زور ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامانىدىكى پاساھەت ۋە بالاغىتىنى نامايان قىلدى . بىر قەدىمكى مىللەتنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان چوڭقۇر مۇناسىۋىتىنى ۋە ھازىرقى دۇنيا بىلەن بولغان نازۇك

كۆزەينەك .

ئالەم كىيمىلىرىمىز ئالەم ئەمەس ، بەلكى چەكلىك دائىرىدە ئالەمنى كۆزەتكۈچى . ئادەم ۋە ئالەم ھەققىدىكى مانا شۇنداق تىنىمسىز ئويلار مېنى ئىجادىيەتكە — تۇيغۇ بىلەن تىل ئارىسىدىكى پىلسىرات كۆۋرۈكىگە باشلايدۇ . ھاياجىنىم مېنى رېئاللىقتىن باشقا يەرگە سەمەرقەند ئالىمىسىدەك تاشلايدۇ . كاللا قەدەھىمگە غايىبلىق شارابى قۇيۇلۇپ ئىلھام تاشىدۇ . ئەگەر سەگەك ۋە تەقۋا كىتابخان ئەسەرلىرىمدىكى دىنىي تۇيغۇنى سەزگەن بولسا ، ئۇ ئالدى بىلەن كىتابۇللادىن كەلگەن . ھەر قېتىم ئۇنى ئوقۇغىنىمدا ياراتقۇچىغا ئەڭ يېقىن جايدا مەن ، ئىنسان ۋە كائىنات يارىتىلىشۋاتقان لەھزىلەردە مەن ، تۇيغۇ بىلەن مۆجىزىلەرنى ۋە دۇنيانىڭ ھەر دەقىقىدە يېڭىلىقىنى ھېس قىلىپ ، شادلانغۇچىمەن .

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

قوزىدەك كىچىك چاغلىرىم ئىدى . دادام بىر كۈنى «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» دېگەن كىتابتىن بىرنى ئالغاچ كەلدى . بەك خوش بولۇپ كەتكەنىدىم . خېلى كۈنلەرگىچە ئۇنى ئۈنلۈك ئوقۇپ يۈردۈم . يىپقا تىزغان مارجاندەك سۆزلەرنىڭ تىزىقىدىن يېقىملىق رىتىم پەيدا بولىدىغان بۇ ئاجايىپ ئويۇن مېنى باشقا ھەرقانداق ئويۇندىنمۇ بەكرەك جەلپ قىلىۋالغانىدى . بالىلىقتىكى شۇ ئويۇننى ھازىرغىچە ئويناۋاتىمەن . مۇبادا شېئىر يېزىش ھەۋىسى تۇغما بولمايدۇ دەپ قارالسا ، شائىرلار ئۆز ھاياتىدىن شېئىرنىڭ بىخ ئۇرۇش سەۋەبىنى ئىزدەشكە مەجبۇر ، شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا نېمە سەۋەب بىلەن ئۇسمۇرلۇك چاغلىرىمدىلا شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن . بىراق ، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى سۆزلەرنىڭ ماڭا بولغان ھەقىقىي سېھىرگەرلىكى دەل ئاشۇ «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» دېگەن كىتابتىن

تاشلاندۇق پەلەمپەيدىن ئالغاندەك جاي،
ئۇشبۇ چوڭقۇر مۇھەببەت بىزگە بېرىلگەن
مىسلى ھىلال ئاي.

پارلاق كۆنلەر — جىمىرلىشى كۆللى شەيئىنىڭ
كىسلاتانىڭ ئۇنسىز رولى، ئۆزگەرگەن مېتال،
تۈن تېتىلدى، قالغىنى ئاداققى تۇزان
تەنتەنىدىن ۋەتەننىڭ گۈللىرى ئىشغال.
ساز ئىچىدە بىر ئادەم، كۆتمەكتە مېنى.

داستان جەمئىي 500 مىسرا بولۇپ 12 قىسىمغا بۆلۈنگەن. پابلو نىرودا 1943 - يىلى ئاندىس تاغ تىزمىسىغا ساياھەتكە چىققاندا ماكچو. پىكچو قەدىمكى شەھىرىنى كۆرىدۇ. بۇ شەھەر 1911 - يىلى قېزىپ چىقىلغان بولۇپ، ئەسلىدە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىدىن بولغان ئىنكالار قۇرغان، غايىپ بولغان شەھەر ئىدى. شەھەر خارابىسى شائىرنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن «ماكچو. پىكچو چوققىسى» دېگەن بۇ داستاننى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ داستاندا شائىر گۈزەل ۋە غالجىر تىل بىلەن قەدىمكى ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ مەدھىيىسىنى ئوقۇيدۇ. شېئىر ئارقىلىق ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ياغ پۇرىتىدۇ. بۇ داستاننى ئوقۇغان ئادەم گويا مىسرالارنى پەلەمپەي قىلىپ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يەر ئاستى شەھىرىگە چۈشۈۋاتقاندەك، ئۆزىنى گويا بىر تىلسىمغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ.

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىتالىيە شائىرى مونتالىنىڭ «تۇرمۇشنىڭ قاباھىتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى

20 - ئەسىر تەپەككۇرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەقلىيلىشى نەتىجىسىدە تۇرمۇش ئىشخانىلاشتۇرۇلغان ۋە

ۋە مۇڭلۇق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىدى. شائىر بىلەن ئانا تىل ئوتتۇرىسىدىكى، تەبىئەت بىلەن ئۇيغۇر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى رىتىمنى شېئىرىي رىتىم ئارقىلىق نامايان قىلدى. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۇ شېئىرلار توپلىمى ئارقىلىق قولىغا قەلەم ئالغان ياش بىر ئەۋلادنىڭ ئاغزىغا نۇر سالدى. بۇ نۇر ئۆز خەلقىگە، ئانا زېمىنىغا ۋە شېئىرىيەتكە بولغان ئاشىقلىق نۇرى، ئەۋلادلارنىڭ ئۇيۇقىدىن ھامان بىر كۈنى بالقىپ چىقىدىغان تاڭ شولىسى!

**چىلى شائىرى پابلو نېرودانىڭ «ماكچو. پىكچو چوققىسى» ناملىق داستانى**

بۇ داستاننى تۇنجى قېتىم ئوقۇشۇم — شېئىرىيەت ئورمىنىدا چاققان تۇنجى چاقماقنى كۆرۈشۈم بولدى. بۇ چاقماق مېنىڭ كاللامدىكى شېئىرنىڭ رامكىلىرىنى، تىلنىڭ قەدىمكى پىرامىدالىرىنى ۋە ئىدىيىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇردى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىراۋ مەندىن شېئىر دېگەن نېمە دەپ سورىغان بولسا ئىككىلەنمەي ئېنىقلىما بېرەلىگەن بولاتتىم. لېكىن، بۇ داستاننى ئوقۇغاندىن باشلاپ بىلمەسلىكنىڭ دائىملىق يېڭى تەسىراتى بىلەن شېئىر توغرىسىدا ھەقىقىي بىر بىلمىگۈچىگە ئايلاندىم.

تېما، ئىپادىلەش ۋە تىلدىكى بۆسۈش جەھەتتە غەرب ئوبزورچىلىرى نېرودا ئىجادىيىتىنىڭ پەللىسى دەپ قارىغان بۇ داستان مۇنداق باشلانغاندى:

چەكسىزلىكتىن چەكسىزلىككە قۇپقۇرۇق توردەك
مۇئەللەق ۋە كوچا ئارا يۈرىمەن كېزىپ،
كۈز كەلدى، غازاڭلار ئالتۇن تەڭگىدەك
بۇ يەرگە كېلىپلا كېتىدۇ خوش دەپ.
باھار بىلەن باشاقلارنىڭ ئارىسىدا

توپلىمى

مەن شائىرنىڭ بۇ قەلبئەسىگە بىر نەچچە قېتىم كىرىپ، ئايلاندىم، ئېزىپ قالدىم، ئارقىغا قايتتىم، قايتىپ غەربنىڭ ئاۋانگارت شائىرلىرىدىن ئۆزىمىزگىچە بولغان ئارىلىقنى قىسقارتتىم. بۇ توپلام ماڭا غېرىبلىقنىڭ تەمىنى تېتىتتى: غېرىبلىق ـ ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەڭگۈلۈك تېما. شائىر شېئىرنىڭ مۇمكىنسىز يوللىرىدا غېرىبلىق ئۈستىدە ئىزدەندى. بىز بۇ دەۋردىكىلەر شائىر بوغدا ئابدۇللانى ئارىمىزدىن تاپالمايمىز. قارىغاندا شائىر بۇ دەۋردىن قايتىپ كېتىپ ئۆتكەن زاماندا ياشاۋاتقاندەك قىلىدۇ.

شائىر بالىياتقۇ ئىزدىمەكتە. بۇ قۇرغاق شەھەردىن زامانىنىڭ بالىياتقۇسى بولغان ئۆتمۈشكە كىرىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئانا، بالىلىقتىكى يۇرت، كونا جاي ۋە خارابىلىكلەر شائىرنىڭ زامانىغا نىسبەتەن قىياسىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ماكان جەھەتتە بۇ توپلامدىكى زور كۆپچىلىك شېئىرلاردا تەسۋىرلىگىنى ياقا يۇرت، يەنى شائىرنىڭ چەت ئەل سەپىرىدىكى تەسىراتىدىن ئىبارەت. شائىر گويا سەرسانلىقتا، ماكان ئۇنىڭغا نىسبەتەن ياقا يۇرت. ئېھتىمال، ھەرقانداق جايغا بولغان ياقا يۇرت تۇيغۇسى ۋە سەرسانلىق جىمى شائىرلارنىڭ ئورتاق قىسمىتىدۇر ياكى بىز بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرىيەتتىكى غېرىب تاللىشىدۇر.

«پاز شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلام

مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋىئو پاز ماڭا شېئىرىيەتنىڭ ھەممە ئەسىرلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندەك، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قانىتى يېتىپ بارمىغان بوشلۇق يوقتەك تۇيۇلىدۇ. پاز شېئىرلىرىنى ئوقۇش ماڭا نىسبەتەن يېڭى بىر شېئىر يېزىش جەريانى. سەزگۈ ئەزالىرىمنىڭ ئىشكىلىرىنى ئېچىپ شېئىرغا

ماشىنىلاشتۇرۇلغان غەرب دۇنياسىدا مونتالىنىڭ شېئىرلىرى گويا تۆمۈر ـ تەسەكلەر ئۈستىدە ئېچىلىپ قالغان بىر تال نازۇك گۈلنى ئەسلىتىدۇ . شېئىر ئادەملەردىن يىراقلاپ ئۆز ـ ئۆزىگە قاراپ كېتىۋاتقان بىر جەمئىيەتتە مونتالى شېئىرنى ئادەملەر ئارىسىغا قايتۇرۇپ كەلدى . قانداقتۇر پەرىشتىلەرنىڭ ئەرشتىكى مەجلىسلىرىنى ياكى پەيلاسوپلارنىڭ ئېغىر ئىدىيىسىنى ئەمەس ، ئۆزىنىڭ ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدى . ئۇنىڭ يازغىنى كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىلەر ، تۇرمۇشتىكى سىستېمىلاشمىغان ، ئەقلىي يەكۈن ئارىلاشمىغان پارچە ـ پۇرات تۇيغۇ ، تېخنىكىدىن ، ئىدىيىدىن ، بىھۇدە سۆز ئويۇنىدىن خالىي گۈزەل شېئىرلار . بەزىدە بىر مىسرا بىلەن كەينىدىكى مىسرانىڭ باغلىنىشى يوق ، مەلۇم بىر نەرسە ئۈستىدە باشلانغان شېئىر توساتتىن باشقا بىر نەرسىنىڭ تەسۋىرى ياكى تولۇمدىن توقماق چىققاندەك ۋەقە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . مىسرالىرى قىسقا ، ئىشلەتكەن سۆزلىرى سىدام بولۇپ تەبىئىي ۋە يېقىملىقلىقىدىن ئوقۇغان ئادەمنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ . باشقا ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى مەزمۇن ياكى ئىستىلىستىكا بىلەن شېئىر بولسا ، مونتالى شېئىرلىرى شەكىل بىلەن شېئىردۇر .

مەن ئىيۇگىنو مونتالىنىڭ «تۇرمۇشنىڭ قاباھىتى» نامىلىق شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇپ ئۇزاققىچە ئەسىر بولدۇم . شېئىرلىرىمنىڭ مەزمۇن ياققا ئېغىپ كېتىپ شەكىل گۈزەللىكىگە سەل قاراشتەك بىر تەرەپلىمىلىكىنى ھېس قىلدىم . سۆزگە ، سۆزلەرنىڭ مۇزىكىسىغا ، ئانا تىلنىڭ قاپىيە — رىتىملىرىغا ئەگىشىپ شېئىر ـ يېزىشقا باشلىدىم . گويا مەرۋايىت سۇزۇش ئۈچۈن دېڭىزغا شۇڭغۇيدىغان غەۋۋاس بولىۋەرمەي ، بەزىدە دېڭىز ساھىلىدىن مەقسەتسىز قولۇلە قېپى تېرىپ يۈرگەن شېئىر بالىسىغا ئايلاندىم .

① شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «قىز قەلئەسى» نامىلىق شېئىرلار

شائىرلىرىدىن ئۆزىمىزنىڭ ئەكسىنى كۆزىمىز. ئۇلارنىڭ تىلنى كەلسە - كەلمەس، ئوڭ - تەتۈر، بىدئەتلەرچە ئىشلەتكىنىگە ھاڭ - تاڭ قالىمىز. مانا بۇ مېنىڭ ئوكتاۋىئو پاز شېئىرلىرىغا ھەيران قېلىشىمنىڭ سىرى.

ئامېرىكا يازغۇچىسى ئېرنىست ھېمىڭۋاينىڭ «ئەلۋىدا قورال» ناملىق رومانى

ئۇچۇۋاتقان قۇشقا تەبىر بەرگىلى بولمايدۇ، پەقەت قۇش پەيلىرى قالغان قەپەس ئارقىلىق ئۇنىڭ قانداق قۇشلۇقىنى بىلىش مۇمكىن. شېئىر - قەپەستىن ئۇچۇپ كەتكەن قۇش؛ شېئىر ھەققىدىكى ماقالىلەر بولسا قۇشنىڭ روھىي كەچمىشلىرىنى ئىزاھلايدىغان تىل قەپىسى. قاراڭلار، تىل قەپىسىمدە بىرمۇ ئۆلۈك قۇش يوق، بۇ مېنىڭ تەلىيىم ھەم ماھارىتىم. تەلەي - يارىتىلىشتىكى مەخپىيەت، ماھارەت بولسا ئۆگەنگىلى بولىدىغان نەرسە. كىتاب مازارلىرىدىكى نۇرغۇن ماشايىخلاردىن تەلىم ئالغاندىن باشقا ماقالە - نەسرىي ئەسەرلىرىمدە «ئەلۋىدا قورال» رومانىنىڭ بايان ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىمنى چەتكە قاقمايمەن.

دەسلەپ بۇ ئىنگلىزچە رومانىنى تىل ئۆگىنىش مەقسىتىدە قولۇمغا ئالغانىدىم. كېيىن ئۇنى باشتىن - ئاخىر كۆچۈرۈپ چىقىش قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇن تارتقاندەك مىسقاللاپ ئىشلىتىدىغان ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمدىن توپتوغرا سەككىز ئايدا بۇ رومانىنى كۆچۈرۈپ بولدۇم. رومانىنىڭ ئۆزگىچە تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى، جۈملە قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ماھارىتى كاللامغا تەبىئىي ھالدا ئۆزلىشىپ قالدى، بولۇپمۇ جۈملىنى تېلېگرامما شەكلىدە قىسقا تۈزۈش، قوشما جۈملىدىن ئىلاج بار ساقلىنىش، دەل ۋە ئېنىق ئىپادىلەش ماڭا ئۈرنەك بولدى.

مەن «بابۇرنامە» نىڭ تىل ئۇسلۇبىنىمۇ بەك ياقتۇرىمەن.

يۈزلىنىش جەريانى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرىمەن، تىڭشايمەن، تېتىيمەن، پۇرايمەن. سۆزلەرنىڭ سىرتىدىن مەنە ئىزدەيمەن. ئۆزۈمدىن، مىللىي ئېڭىمىزدىن ۋە تىلىمىز مەۋجۇداتتىن پاز شېئىرلىرىنىڭ مەنىسىنى بايقايمەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى سۆزلەر ماگىدۇ، توختايدۇ، ئۇچىدۇ، غايىپ بولىدۇ، يەنە ئوقۇۋاتقان ئادەمگە ئەگىشىپ نەپەس ئالىدۇ.

ئەنە شۇنداق لەھزىلەردە مۇقەددەس كىتابلاردىكى تىلنىڭ كاراماتى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ:

... ئۇ ئاسماننى بار بولسۇن دېدى، ئاسمان بار بولدى. يەنە قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار يارالسۇن دېدى، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار يارالدى. زېمىن بولسۇن، مەخلۇقلار يارالسۇن دېدى، شۇئان زېمىن پەيدا بولدى، زىمىندا مەخلۇقلار يارىلىپ، جۈپ ـ جۈپى بىلەن سەكرەپ، ئويناشقا باشلىدى.

.. ھەربىر سۆز ئەسلىدە سېھىرلىك، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك. تىل مۆجىزە پەيدا قىلىش، يارىتىش ھەم ھالاك قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇنى خالىغانچە ئىشقىزدىن چىقىرىشقا، قارىسىغا ئىشلىتىشكە، ئويۇن قىلىشقا بولمايدۇ. تىل ھازىرقى كىشىلەر ئارىسىدا بولۇپمۇ شائىرلار ئارىسىدا ئاللىقاچان قەدىمكى مۇقەددەسلىكىدىن ئايرىلدى. بىراق، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ تېخى كاراماتىنى يوقاتمىغان. شۇم گەپ قىلىپ «ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەن»لەر، ئويلىماي دەپ تاشلىغان گېپى ئاياقتىكى ئاشتەك ئالدىغا كەلگەنلەر، ياراتقۇچىنىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەملەر ۋە دۇئالار بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەر ۋاقىت تىلنىڭ سىرلىق قۇدرىتىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. بىز تىلدىن نامەلۇم ۋەھىمە، خۇشاللىق ۋە بېشارەتلەرنى ھېس قىلىمىز. سۆز پەقەت مەنە دەپلا قارىمايمىز. سۆز ئېيتىلىدۇ، بىراق بۇ سۆزنىڭ تامام بولغىنى ئەمەس. سۆز ھەققىدىكى دەل مۇشۇنداق سىرلىق قاراشلار ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تىل بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىگەن. بۇ جەھەتتە بىز باشقا مىللەت شائىرلىرىدىن، بولۇپمۇ غەربنىڭ ئاۋانگارت

بابۇر قىلچە ئىككىلەنمەستىن مۇز تۇتقان ئۆستەڭ سۈيىدە يۇيۇنۇپ، نامىزىنى ئوقۇيدۇ.

«ئەلۋىدا قورال» دىكى ھازىرقى زامان ئادىمى ھېنرى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا دىنغا ئانچە ئىشەنمەيدۇ. دىنىي ئەھكاملارنىمۇ بەجا كەلتۈرۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەمەل قىلىدىغىنى تۇرمۇشتىكى ئۆرپ ـ ئادەت، خالاس. بىراق، ئۇنىڭ جورىسى كەسىرىن دوختۇرخانىدا تولغاق يەپ جان تالىشىپ ياتقاندا ئۇ ئوپېراتسىيە ئۆيى ئالدىدا خۇدانى ئېسىگە ئېلىپ مۇنداق نالە قىلىدۇ: قەدىرلىك خۇدا، خوش بولاي، ئۇنىڭ جېنىنى ئالمىساڭ. بۇگۈندىن باشلاپ ساڭا ئىشىنەي، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي، سۆيۈملۈك خۇدا، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قال... مانا بۇ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەن چاغدىلا خۇدانى ئەسلەيدىغان، كۆپ قىسىم ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ دىنغا تۇتقان مۇئامىلىسى.

بۇ ئىككى ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدىنمۇ ئىككى زامان ئادەملىرىنىڭ تەبىئەتكە تۇتقان مۇئامىلىسىدىكى پەرقنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بابۇر ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى، ئۆزىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى، ئۆزى كۆرگەن ئەل ـ يۇرتلارنى يېزىش بىلەن بىللە ئۇ يەرلەردىكى ئۇچار قۇش جان ـ جانىۋالارنى، مېۋە ـ چېۋە، دەل ـ دەرەخلەرنى ھەر بىرىنىڭ ئىسمى، تۈرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى شۇ قەدەر مۇھەببەت بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. بابۇرنىڭ كىتابىغا سېلىشتۇرغاندا ھېمىڭۋاينىڭ «ئەلۋىدا قورال» ناملىق رومانىدا تەبىئەت ۋە تەبىئەت تەسۋىرى يوق دېيەرلىك. ئەمەلىيەتتە ھېمىڭۋاي ھازىرقى زامان غەرب دۇنياسىدا تەبىئەت بىلەن ئىنسان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن يازغۇچى دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، بۇ يەردىكى قانداقتۇر يازغۇچى ھېمىڭۋاينىڭ تەبىئەتنى ئىپادىلەشكە سەل قارىغانلىقى بولماستىن، بەلكى ئۇ 20 ـ ئەسىر كىشىلىرىنىڭ تەبىئەتكە تۇتقان ئومۇمىيۈزلۈك

تەرجىمىگە مەجبۇرىي ئەگىشىپ كېتىۋاتقان ئانا تىلىمىز يات تىلنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلگەن بۇ شارائىتتا «بابۇرنامە» بىزگە ئۆز ئۇدۇمىمىزنى يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭدا ھەشەمەتلىك ئىبارىلەر، چۈشىنىش تەس ئېغىر جۈملىلەر يوق، مەنىسى ئېنىق سۆز ۋە يەڭگىل جۈملىلەر بىلەن مەقسەتنى ئىپادىلەيدۇ. تىلغا ئەپلىك، يېقىملىق بايان قىلىدۇ.

مەن بەزىدە ئامېرىكا يازغۇچىسى ئېرنىست ھېمىڭۋاي (1899ـ1961) نىڭ «ئەلۋىدا قورال» رومانى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ موغۇل ئىمپېرىيىسى (1526ـ1761) نى قۇرغان ئىمپېراتور زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483ـ1530) نىڭ «بابۇرنامە» ناملىق كىتابىنى ئىككى زاماندا يېزىلغان بىر ئەسەردەك ھېس قىلىمەن. ھەر ئىككىسىدە ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن. بىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى، شەرق دۇنياسىدىكى يېغىلىق. ئۇنىڭدىكى ئادەملەر مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئېنىق، يۈزتۇرانە ئېلىشالايدىغان باتۇر، رەھىمسىز، مەردانە ئادەملەر. يەنە بىرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، يەنى ھازىرقى زاماندىكى جەڭ. ئادەملەر تۈرلۈك زامانىۋى قوراللار بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرمەي تۇرۇپ نامەردلەرچە قىرغىن قىلىشىدىغان، ئاغزىدا ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدە گەپ سېتىشقان بىلەن ئەمەلىيەتتە لەكمىڭ ـ لەكمىڭ ئاھالىسى بار ئاۋات شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان رەھىمسىز جەڭ.

بىرىدە بويسۇندۇرۇش ئىرادىسى بىلەن كېسىلگەن باشلاردىن كاللا مۇنارى ياسىغان غالىب ئىمپېراتور — بابۇر. يەنە بىرىدە مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت تولۇق بويسۇنغۇچىغا ئايلاندۇرغان، جەڭگىۋارلىقى تۈگىگەن، ئەرلىك روھى سۇنغان قاچاق ئوفىتسېر ـ ھېنرى.

ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئىككى زامان كىشىلىرىنىڭ ئەمەلىي قىياپىتى: بابۇر بىر قەھرىتان قىشتا لەشكەر تارتىپ سۇ بويىغا بارگاھ قۇرىدۇ ۋە ئەتىگەنلىكى بامدات ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بويىنى سۇغا سېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بورگىس مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچى، ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى بىردىنبىر سېھىرگەر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمدا ماڭا گويا بىر ئەرۋاھ ئىنسانلار ئارىسىدا بىر مەزگىل يېزىقچىلىق قىلىپ كېيىن ئۇشتۇمتۇت غايىب بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى، شېئىرلىرى ياكى ماقالىلىرى بولسۇن ھەربىرى بىر سېھىر، ئادەمنىڭ شەيتان ئەينەكتە كۆرۈنگەن بىر يۈزى. قايسى ژانىردا يازغانلىقى ئۇنىڭ ئەمەس، بىزنىڭ چۈشەنچىمىز، بىزنىڭ ئايرىشىمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېكايىلىرى قاپىيىسىز شېئىر، شېئىرلىرى گويا مىسرالارغا ئايرىپ يېزىلغان نەسىر ياكى ھېكايە. بۇلار بىر – بىرىنىڭ ئاخىرى ياكى بىر ئەسەرنىڭ باشقا – باشقا بۆلەكلىرى.

بورگىس ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئاددىي، سىدام بولۇپ تىل ئارقىلىق يېتىپ بارغان دۇنياسى ئېنسىكلوپېدىيىدەك كەڭلىككە ئىگە. بورگىسنىڭ ئەسەرلىرىدە مەلۇم بىر شەكىل ياكى ئىدىيە يوق، پەقەت ئېقىپ تۇرغان زامان ئېقىمى بار. ئۇنىڭ قەلىمى بىزنى ۋاقىتنىڭ ئېزىتقۇ ئوردىسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بىز بۇ قەسىردە تىرىكلەرنىڭمۇ، ئۆلۈكلەرنىڭمۇ بىللە يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بەزىدە ۋاقىتنىڭ پەلەمپىيىدە ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە دوقۇرۇشۇپ قالىمىز، بىراق ئۇنىڭدا قايسى ۋاقىتتىكى ئۆزىمىز ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايمىز. ئۇنىڭدا بورگىس يازىدۇ، بىراق ئەسەرنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە كىتابخان بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئۆزى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا ئادەم ئۆلىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئوقۇغۇچىلار بىر يەرلىرىگە كەلگىنىمىزدە قاتىل بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ ئالمىشىپ قالغانلىقىنى سېزىمىز. ئۇنىڭدا مەڭگۈلۈك ۋاقىتقا نىسبەتەن ئۆزىمىزنىڭ بار ياكى يوقلۇقىنى، ئەپسانە ياكى رېئاللىقىنى بىلەلمەي قالىمىز. مانا بۇ بورگىس دۇنياسى.

مۇئامىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىر شاھزادە 1492 ـ يىلى «ۋەقەلەر» دەپ ئاتىغان بۇ كىتابىنى يېزىشقا باشلىغاندا كولومبو تېخى ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقىمىغانىدى. بابۇر ئاتلىق ئۇ يىگىت دېڭىز ۋە ئۇيۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان پايانسىز زېمىنلاردا ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۇچۇن قىلىچىنى يالىڭاچلىغاندا ئىنگلىزلارنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيادا تېخى ئامېرىكىلىق يوق ئىدى.

بىر ئامېرىكىلىق 1928 ـ يىلى «ئەلۋىدا قورال» ناملىق رومانىنى دۇنياغا كەلتۈرگەندە ئوتتۇرا ئاسىيالىق قۇرغان بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسى يەر يۈزىدىن يوقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ۋەھالەنكى «يوق» ئامېرىكا بولسا ھازىرقى زاماندا كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيە بولۇپ قالغانىدى.

ئىمپېرىيە بىلەن مۇستەملىكە، باتۇرلۇق بىلەن توخۇ يۈرەكلىك، ئېتىقاد بىلەن گۇمراھلىق، غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت، ئۇ خەلق بىلەن بۇ خەلق تەقدىر ـ قىسمەتلىرىدە ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ يوقلۇققا كېتىۋاتقان سەپىرىدە ئىمپېراتور بىلەن جەڭچىنىڭ، بابۇر بىلەن ھېمىڭۋاينىڭ، رېئاللىق بىلەن توقۇلمىنىڭ، ھازىر بىلەن ئۆتمۈشنىڭ پەرقى يوق. ھەممىسى پەقەتلا شەكىل.

مەن مەۋجۇدىيەتنىڭ ئويۇنلىرىدىن ئىجادىيەتتە خىلمۇ خىل شەكىلنى بايقىدىم. شەكىل — شېئىر، ماقالە ياكى باشقا نەرسە. بىراق، مەزمۇن بولسا باشتىن ئاخىرى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ زاماندۇر. زامانغا مەھلىيا بولۇپ ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلمەكچى بولغىنىمدا زامان سەھنىسىدە ئەدەبىيات بىلەن كارامەت كۆرسىتىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ بولسىمۇ ئارگېنتىنا يازغۇچىسى جورجى لوئىس بورگىس.

جورجى لوئىس بورگىسنىڭ «بابىلون لاتارىيە بېلىتى»

قوشۇلۇپ، يېقىملىق ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. بىزگە يۈزلەنگەن رېئاللىقنىڭ شەلۋەرەپ قالغان شۇنچە زور يارا ئېغىزى ئالدىدا بۇنداق شادىيانلىقنى مۆجىزە دېمەي مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدىن كېيىن ئوشونىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان جىمى كىتابلىرىنى ئىزدەپ سوراپ سېتىۋالدىم. ھازىرغىچە ئۇ نەچچە كىتابىنى ئوقۇپتىمەن، بىراق ھېچنېمىسىنى دەپ بېرەلمەيمەن. ئۇ قۇمغا سۇ سىڭگەندەك ماڭا سىڭىپ كەتتى. بايان قىلىپ بەرگىلى بولىدىغان ئاتالمىش كاتتا نەزەرىيىلەردەك ياكى بۈيۈك پەلسەپە ئەسەرلىرىدەك كاللامغا ئەمەس، ھاياتىمغا سىڭىپ كەتتى. مەن بۇ خۇشاللىققا خەلقىم بىلەن تەڭ شېرىك بولۇش ئۈچۈن ئوشونىڭ «چىن مۇھەببەت سەپىرى» ناملىق كىتابىنى ۋە باشقا كىتابلىرىدىن تاللاپ، ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلدىم. بىراق، ئۇنى ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن ئەمەس، ياشايدىغانلار ئۈچۈن تەرجىمە قىلدىم.

ئوشو قايتىدىن دۇنياغا كېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارغا ئېيتىدۇ: ئۆزلۈكۈڭنى ئۆلتۈر! شۇندا يېڭىدىن تۇغۇلىسەن، مۇھەببەت دۇنياسىغا تۇغۇلىسەن.

ئوشو تۇرمۇشتا يېڭى تۇيغۇ ئىزدەۋاتقانلارغا، دۇنيانى يېڭى كۆرۈشنى خالايدىغانلارغا ئېيتىدۇ: ئۇنداقتا كاللاڭنى تاشلاپ، كۆڭلۈڭگە ئەگەش، كاللا ـ ئەخلەتكە توشۇپ كەتكەن ساندۇق، ئۇنىڭدا يېڭى نەرسە يوق.

ئوشو تۇرمۇشتا مەنە ۋە خاتىرجەملىك ئىزدەپ چىققانلارغا ئىسلام سوپىلىرىنىڭ تىلىدا مۇنداق دەيدۇ: ھەي يولۇچى، تۆگەڭنى چىڭ باغلا ھەم ئاللاغا تاپشۇر!

ئوشو ھەرقانداق ئىش قىلىپمۇ كۆڭلى خۇش بولالمىغانلارغا ئېيتىدۇ: غېمىڭنى قىلىۋەر، لېكىن غەمنى كۆزەت، غەم قىلىۋاتقىنى سەن ئەمەس باشقا ئادەم، ھامان كېتىدىغان ئادەم. خۇشاللانغۇچى سەن ئەمەس، باشقا ئادەم، كېتىدىغان ئادەم. ئاشۇ يەردە جىمجىت تۇرغىنى سەن. ئىشقا قوشۇلۇپ كەتمەي ئىش قىلىۋاتقىنىڭنى كۆزەت. ئىش

بىز بورگىس دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ئۆزىمىزنىڭ بىر ئەدەبىي ئەسەر ئىچىدە ئەمەس، ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تۇرغانلىقىنى بىلىمىز. ۋاقىت شۇنداق نەرسە: مەن بۇ سۆزلەرنى يېزىۋاتقاندا بۆشۈكتىن بالامنىڭ گۇگۇراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ بىر ئامەت، ھاياتنىڭ ماڭا بەرگەن مۆجىزىلىك پۇرسىتى. ۋاقىتنىڭ كەينى يۈزىدە ئېھتىمال بىر بوۋاي دېڭىز شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سالغاچ، خىيال سۈرىدۇ، بىراق ئۇ مەن ئەمەس، ئوغلۇم. ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ئۇنى ــ تىنىسىز ئېزىلىدۇ، لېكىن زاماننىڭ ئالدى يۈزىدە ئۇلار شەھەرلەرگە بېسىپ كىرىپ، خوتۇن ــ قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. تاۋار ــ دۇردۇن، پار ــ پۇر قاچا، ئالتۇن ــ كۈمۈشلەرنى بۇلايدۇ. ھەيھات، زاماننىڭ ھازىرىدا ئاشۇ ئاياغ ئاستى قىلىنغانلار ھۆكۈمرانلىغا ئايلىنىدۇ. بىر ئادەم يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تاغىل مۈشۈكنى كۆرىدۇ، لېكىن قەبرىدە يېتىپ كۆرىدۇ. يەنە بىر كۈنلەردە بوۋاي مۈشۈكنى ئىزدەيدۇ، لېكىن مۈشۈكى مەڭگۈلۈك غايىب بولىدۇ. مانا بۇ بورگىس ئىپادىلىگەن ۋاقىت، ۋاقىتنىڭ ۋاقىتسىزلىقى، ئۆزلۈكسىزلىكى ۋە مەڭگۈلۈكلىكى!

**ھىندىستان پەيلاسوپى ئوشونىڭ «چىن مۇھەببەت سەپىرى» ناملىق كىتابى**

بىر ئادەتتىن تاشقىرى چۈشتىن كېيىندە بۇ كىتابنى سېتىۋالدىم. كەچتە ئۇ يەر ــ بۇ يېرىدىن بىر نەچچە بەت ئوقۇپ باقاندىن كېيىن بارا ــ بارا قىزىقىپ قالدىم. ئاندىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن «ئىچىشكە» باشلىدىم، ئاپقۇرلاپ، كوزىلاپ ئىچتىم، يېرىم كېچىگىچە ئىچتىم. بىر كىتابنىڭ بولۇپمۇ بىر پەلسەپە كىتابىنىڭ مېنى مۇنداق مەست قىلىشى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم، بىراق ئاشۇ مەستلىكتىن يېشىلگەندە باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتىمەن. ھاياتىم بىر جۇشقۇن ئېقىنغا

# شېئىر ۋە بەدەل

دولقۇنلاپ، ئېتىلىپ تۇرغان تالا،
بىراق بىز يالغۇز ئادەملەر ئارا.

ئۆيدىن تالاغا قەدەم ئالغان هامان ئىختىيارسىز كىشىلەر توپى بىلەن قەلب ئارىسىدىكى بوشلۇقنى هېس قىلىمىز. تالانىڭ مەپتۇن قىلىش كۈچى ئالىلىقاچان ئەقلىي تەرتىپكە بويسۇنغان. روھ مەنزىللىرى ئىنساندىن يىراقلاپ كەتكەن. تەرەققىيات توپىنىڭ تەرەققىياتى، ۋەھالەنكى ئادەم يەنە شۇ پېتى. بىنالار ئېگىزلىگەنسېرى بىز تەنهالىقنىڭ قوشاۋىدا قالدۇق. دۇنيا تەرەققىي قىلغانسېرى بىزنىڭ بوهرانىمىز چوڭقۇرلاشتى. تەرەققىياتنىڭ هەر بىر يېڭىلىقلىرىدا بىز هايات ۋە ئۆلۈمنىڭ يېڭى شولىسىنى كۆردۇق، يېڭى تراگېدىيىگە يۈزلەندۇق. بۇ جەرياندا قەلبنى ئىپادىلەش ئېهتىياجى بىزنى يېڭىدىن يېڭى شېئىرلار بىلەن ئۇچراشتۇردى. بۇ شېئىرلارنى بىز «تەگرىتاغ» ژۇرنىلىدىن كۆردۇق.

شېئىر بىلەن تىلى چىققان بالىنىڭ هەممىنى ئۇنتۇپ سۆز ئويۇنغا بېرىلىشى، ياشلىق چۇقانلىرى، ئالدىراش ـ سالدىراش ۋاز كېچىش، شېئىرىيەت كوچىلىرىدىكى يېڭى زامان دەرۋىشلىرى، پىر ـ ئۇستازسىز، ئۇگۇت ـ نەسىهەتسىز ئۆزى بىلگەن مۇقامدا توۋلاش، شېئىر مەبۇدلىرىنى چېقىپ تاشلاش، ئارقىدىن يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدىكى قۇيقۇرۇق بوشلۇقتا

قىلمىغاندا نەپەس ئېلىۋاتقىنىمىنى كۆزەت . شۇندا كۆرىسەنكى ھاياتىڭ مۆجىزىگە تولغان، ئىچىڭ نۇرغا تولغان . . .

ئوشو ھايات ھەقىقىتىنى سورىغۇچىلارغا ئېيتىدۇ : قۇشقاچ كاللىسىچىلىك كاللاڭ بىلەن ئالەم ئېگىمىغا ياق دېمە، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا «ھە» دە، قوبۇل قىلىش دوزاخىنىمۇ جەننەتكە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ . . . ئۆزۈڭنىڭ ئېنېرگىيىسى بىلەن قارشىلاشما . ئۆزۈڭنى ھاياتىڭ تەبىئىي ئېقىمىغا قويۇپ بەر . جىنسىي ئېنېرگىيىنى تۆۋىنىڭگە ئەمەس يۇقىرىغا ئاقتۇر ! ئىبادەت ئۇنى يۇقىرىغا ئاقتۇرۇشتۇر . بۇ چاغدا سېنىڭ ئېنېرگىيەڭ ئالەم ئېنېرگىيىسىگە قوشۇلىدۇ . بۇ قوشۇلۇش ئالەمنىڭ بالىياتقۇغا ئايلانغىنى، تۇرمۇشنىڭ دىنغا ئايلانغىنى . بۇ سەن ئۆمرۈڭدە ھېس قىلىپ باقمىغان راھەتلىك ھاياتىڭ باشلىنىشى . . .

ئوشونىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئېيتىپ بولغىلى بولمايدۇ . ئېيتىش ئۈچۈن 650 كىتابىنى بىر باشتىن ئوقۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ .

ئوشو ئىچىمدىكى بولاقلارنىڭ كۆزىنى ئاچتى . تۇرمۇشۇمدا يېڭى تۇيغۇ پەيدا قىلدى، بىراق ئىجادىيىتىمگە ئوشونىڭ تەسىرى بولمىدى . ئېھتىمال بۇ ئوشونىڭ ئېيتقانلىرى نەزەرىيە ئەمەس تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىدىندۇر ياكى شېئىرغا ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى، ھەتتا ئەڭ بۈيۈك پەلسەپىۋى ئىدىيىنىمۇ تېڭىشقا بولمايدۇ دەپ قارىغانلىقىمدىندۇر . . .

1999 - يىلى 2 - ئايدا يېزىلدى .

بەردى . بىز ژۇرنالىدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ مۇقەددەس ئەھدىلەرنى بۇزغۇچى شېئىرىيەت مۇراسىملىرىغا كاھىن بولۇپ بەرگەنلىكىنى كۆردۇق . شۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىگە ئۆلگۈدەك يېپىشقۇچى بەزى بۇزرۇكۋارلارنىڭ قارغىش سادالىرى ئىچىدە بىز بۇ ژۇرنالدىن يېڭى تۇغۇلغان شائىرلارنىڭ ئىڭەڭلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق . گەرچە مەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ دولقۇنلىرىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ماڭا خېلىلا كېيىن دىققەت-نەزىرىنى ئاغدۇرغان بولسىمۇ ، بىراق «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ شېئىرىيەت سەھىپىلىرىدىكى دادائىزىمچە روھى مېنىڭ قەدەملىرىمنى تېزلەتتى .

مەن گۈل - چېچەكلەرگە تولغان باللىق دۇنياسىدىن ، سۇلار شارقىراپ تۇرغان كەڭ تەبىئەتتىن ئۆزۈمگە يۈزلەندىم . ئۆزۈم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى رىتىمغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدىم . مەۋجۇتلۇق مەخپىيەتكە ، پىنھانلىققا موھتاج . شېئىرنى بايقاش مۇمكىن ئەمەس ، چۈنكى ئۇ ئىچىمىزدە . شېئىرنى يېڭىدىن يېزىش مۇمكىن ئەمەس ، چۈنكى ئۇ مەڭگۈ يېڭى .

بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەما دەۋرىدە . ئەي شائىر ، باشقىلارنىڭ سېنى كۆرۈشىنى تاما قىلما . چۈنكى ، نۇرغۇن ئادەم سېنى كۆرۈشتىن مەھرۇم . بىز مەدەنىيەتنىڭ ئىستېمال دەۋرىدە . ئەي شائىر ، ئاۋامنىڭ ئىستېمال قىزغىنلىقىغا قاراپ شېئىرنى ئىستېمال بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇپ قويما ، شېئىرنى نان ئورنىدا بىرلا يالماپ يۇتۇۋەتمەكچى بولغانلار ناۋايخانا ياكى بولكىخانىغا بارسۇن . پەقەت روھ ھەقىقىدە ئاستا - ئاستا سۈكۈتكە پاتقانلار ، ۋەھدەت شارابىنى بىر يۇتۇم ، بىر يۇتۇمدىن ئۇتلاشنى خالايدىغانلار ، تۇرمۇشنىڭ مەنىسىز ئالدىراشلىقلىرىغا ئەمەس ، ھاياتنىڭ چوڭقۇر ئىچكى رىتىمغا چۆكمەكچى بولغانلار بۇ يەرگە كەلگەي . چۈنكى ، بۇ يەر بازارغا ئالدىرىغانلارنىڭ ، نام — ئاتاق كوينىدا يۈرگەنلەرنىڭ ، چىن ئاشىقلىق بىلەن ئەمەس ، بىر دەملىك ھەۋەستە كىرگەنلەرنىڭ مەنزىلگاھى

ئۆز مەنىسىنى ، ئۆز شېئىرىنى ۋە ئۆز ئۇرۇقىنى ئىزدەش .
. مانا بۇ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بېسىپ ئۆتكەن شېئىرىيەت مۇساپىلىرى .

بۇ باياۋاندا گۈلخاندەك كۆيگەنلەر بار ، سوۋۇغانلار بار ، شېھىتلەر بار . چۈنكى ، بۇ شېئىرىيەت باياۋىنى . بۇ باياۋاندا ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلار ، نام – نىشانسىز غايىب بولغانلار ۋە ئارقىغا يانغانلار بار . بىراق ، ئېزىپ كەتكەنلەر يوق . چۈنكى ، ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئېزىپ كېتىپ بۇ كوچىغا كىرگەنلەردۇر . ئۇلارنىڭ ئېزىقىشى – بىر يېڭى يول ، يېڭى پاكلىنىش .

ھەممە ئادەم ئەقىل بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىۋاتقان بۇ زاماندا شائىرلار ھېسسىيات ئارقىلىق رېئاللىقتىن قەلبكە قايتقۇچى ، ھەممە ئادەم بىرەر مەقسەت ئۈچۈن كۆڭۈلنى باشلىسا ، شائىرلار كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ خاكۇسار بولغۇچى . بىز شائىر بولماي تېرىقچى بولساقمۇ ، ئوغرى بولساقمۇ ، چامغۇر – زەدەك ياكى قاشتېشى ساتساقمۇ بولاتتى . بىراق ، بىز ھەممە يەرنى بازارچىلارنىڭ ۋاڭ – چۇڭلىرى قاپلىغان بۇ سودا دەۋرىدە داغدۇغىسى ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ، ۋاي دېگۈدەك شان – شۆھرىتى بولمىغان بىر قوشۇمچە كەسىپنى تاللىدۇق . سۆزلەر ئارقىلىق ئۆز قەلبىمىزگە ۋە مىللەتنىڭ روھىغا ئۈن – تىنسىز ئىچكىرىلەپ كىردۇق . چۈنكى ، بىز ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر – بىرىدىن ئەقىللىق بولۇپ كەتكەن ، رېئاللىقنى ۋە مەنپەئەتنى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىۋالغان دەۋرلەردىمۇ ئىنسانىيەت روھى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغانلار بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىدۇق . بۇ جەرياندا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بەدەل تۆلىگۈچىلەر ئۈچۈن بەدەل تۆلىدى . شېئىرىيەت ئىنقىلابلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى سىناپ بېقىشنى خالايدىغانلارغا ، ئۆز روھىغا تەۋەككۈل قىلغانلارغا ۋە كرىزىسقا تولغان شېئىرىيەتكە يېڭى جان ئاتا قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىققا تەييارلانغانلارغا نەزىر – چىراغ سۇپىسى بولۇپ

غەربنىڭ ئۇلۇم ئېگىسى جاكارلىغان فرانسىيە شاگىرى رىمبو:

«ئۈمىد يوق
يوق نۇر - زىيا،
دۇنيا شۇنداق ئازابلىق، چىدا.
كېرەك سەۋر بىلەن ئىلىم - پەن.
. . . . . .
. . . . . .
كېرەك ئەمەس بارچىكى ئەخلاق،
سېھىرگەرمەن، مالائىكىمەن.»

دەپ يازغاندەكمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ قانداقلىقى ھەر نەپەستە كائىنات بىلەن بىللە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان بىز ئۇچۇن ئەزەلدىن باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان يېڭى ھاياجان ۋە ھېسسىياتقا باي گۈزەل شېئىرلاردۇر.

بىز «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئارقىلىق ئىچىمىزدىن بۇلاق بولۇپ ئېتىلىپ چىقىمىز.

2003 - يىلى 12 - ئايدا يېزىلدى

ئەمەس .

شائىرلىق مەڭگۈ قوشۇمچە كەسىپ . بىراق ، شائىردىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى بېغىشلاشنى تەلەپ قىلىدىغان قوشۇمچە كەسىپ . سەن تىرىكچىلىك ئۈچۈن بىرەر ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىڭ كېرەك . شېئىر يازغىنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم بىكارغا نان بەرمەيدۇ . گەرچە ئەتراپتا قورسىقى توق بولغان بىلەن روھى ئاچارچىلىقتا تۇرۇۋاتقانلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ .

شېئىر ئىنساننىڭ ئىچكى ئېھتىياجى ، شائىرنىڭ روھىي تەۋەككۈلچىلىكى ، دەۋرنىڭ بوشلۇقلىرى ئىچىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان مەنە ئىزدەش پائالىيىتى .

بىز قۇدرەت - ئىقتىدارى مۆلچەرلىگۈسىز ماشىنىلار بارلىققا كەلگەن ، بىراق ئادەملەرنىڭ ھاياتىي كۈچى قالمىغان دەۋردە . ئەي كۈچ - قۇۋۋىتى تېشىپ تۇرغان شائىر ، ئىچى قۇرۇقدىلىپ قالغانلار ئۈچۈن شېئىرنى نامايان قىل . ئادەملەر ھاياجانلىنىشنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن .

بىز غەربنىڭ قىممەت قارىشى بېسىپ كىرىۋاتقان قەدىمكى شەرقنىڭ يۈرىكىدە ، بىز بۇ يەردە ھاياتلىق ئەنئەنىسىنىڭ خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقىنىنى چوڭقۇر تۇيۇۋاتىمىز . شەرقنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت ئۆچۈپ قالمىسۇن . بۇ ئوت ئادەملەر ئارىسىدىكى شېئىر ، مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد . بىز شەرق شائىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن غەربنىڭ ئىنسانىي زەئىپلەشتۈرگۈچى ھالاكەتلىك يېڭىلىقلىرى ئالدىدا شەرقنىڭ بۈيۈك تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگۈچىگە ، غەربنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئىچىدە مۇقەددەس ئاۋازغا قۇلاق سالغۇچىغا ، ئالەمدىكى ئۆز قەلبىنى تىڭشىغۇچىغا ئايلىنايلى .

ئۇيغۇر شائىرلىرى سۈكۈتكە پاتتى . بىراق ، ئۇلارنىڭ بۇ شېئىرىي سۈكۈتى 11 - ئەسىردىكى شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىداكتىك داستانى «قۇتاد قۇبىلىگ» دەك پەندى - نەسىھەتمۇ ئەمەس ، شۇنداقلا شېئىر ۋە ھاياتى ئارقىلىق

— تەرگىنىنى مېھمانلارغا تۆكۈپ بېرىپ، ئۇلارنى رازى قىلغىنىدىن، بىر كىملەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ ئۇلارنى خۇش قىلغىنىدىن كۆڭۈللىرىدە قانائەت ھېس قىلىدۇ. ئۆزلىرىگە ھېچقانداق پايدا كەلمىسىمۇ ئادەملىك قەدىر - قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان قائىدە-يوسۇنلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق قەدىر - قىممەت ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، ئۆز ئارا ئىززەت - ھۆرمەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئاق كۆڭۈللۈكى بەزى دىشۋارچىلىقلارنى سالسىمۇ، زارلىمايدۇ؛ مېھماندوستلۇقى ئېلىپ كەلگەن ئازابلارنى ئۈن- تىنسىز قوبۇل قىلىدۇ. تېخى يېقىندا ئانامنىڭ مېھمانلارغا تاماقنى زورلاپ يېگۈزۈۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئوچاق بېشىدا ئاش سۈيىگە نان چىلاپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

**ئادىل تۇنىياز:** مەھەللىمىزدە بىر ئادەم بار ئىدى، شاپتۇل، ئۆرۈك ... پىشقان مەزگىللەردە ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالساق، ئاتايىن بېغىغا باشلايتتى، خالىغىنىمىزچە يەپ چىقىپ كېتەتتۇق. مەكتەپكە كېتىۋاتساق، ئېتىز قىرلىرىدا قوغۇن پىچىپ «يەۋېلىڭلار» دەپ توۋلايدىغان دېھقانلار بار ئىدى، ئۇلارنى ھازىرمۇ تاپقىلى بولارمۇ؟

**ئەسقەر يۈسۈپ:** بىز ياپيېشىل بوغدايلىقلاردىن، باقىدىغان قويلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق شەھەردە ياشاۋاتىمىز، ياز كېچىلىرى پېشايۋاندا يېتىپ ئاڭلىغان دەريا شاۋقۇنىدەك سېھىرلىك ناخشىلارنى يىتتۈرۈپ قويدۇق، لېكىن شېئىرلىرىڭىز ئارقىلىق شۇ چاغلاردىكى كۆك ئاسمان، يېشىل دالىلارنى كۆرگەندەك بولىمەن. بىرلىكتە پادا باققان، خامان ناخشىسى توۋلىغان قەدىناسلىرىم ئېسىمگە كېلىدۇ، بوغچىلىرىمىزنى ئېسىپ مەكتەپكە كېتىۋاتقىنىمىزچە غورا ئوغرىلاپ قوشماق ئاداش ئويناشقان چوكان - سېكىلەك قىزلارنى، ئاپتاپپەرەستەك ئىللىق چىراي ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى سېغىنىمەن. بالىلىقتىكى دۇنيا شۇنچىلىك بىغۇبار ۋە شۇنچىلىك جەزبىدار بولىدىكەنكى كىچىككىنە ئىشلارمۇ سىرلىق

# شائىرلىق قىسمىتى

## قەلەمكەش دوستۇم ئەسقەر يۈسۈپ بىلەن سۆھبەت

### 1 . ئۆمۈر يوللىرى

**ئەسقەر يۈسۈپ :** ئادىلجان ، كىچىك چاغلىرىمىزدا ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ يولدا كېتىۋېتىپ ، تونۇشمىسىمۇ چوڭلارغا سالام بېرىپ ، تونۇشلىرى بىلەن هال ـ ئەھۋال سورىشىپ ماڭغىنىنى كۆرەتتۇق ، هازىر بىز ياشاۋاتقان بۇ ئۇرۇمچىدە خېلى يېقىن ئۆتتۇشىدىغانلارمۇ دوقۇرۇشۇپ قالمىساقلا سالاملىشىش — ئۇچرىشىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان ، كۆرمەسكە سالىدىغان ياكى شۇنداقلا باش لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدۇق . چوڭ شەھەرلەردە ئادەمگەرچىلىك سۇسراق بولامدۇ ، قانداق ؟

**ئادىل تۇنىياز :** مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىم خىلۋەت يېزىدا ئۆتكەن ، ئانام ئۆيدە ئاش ئەتكەندە بىر قاچىنى قوشنىمىزغا ئاچىقىپ بەرمىسە كۆڭلى تىنمايتتى . هازىر خېلى كۆپ جايلاردا ، بولۇپمۇ شەھەرلەردە ئادەملەر شۇنچە يىل قوشنا بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ ، ئاتايىن چاقىرمىسا بىرىنىڭ ئۆيىگە بىرى باش تىقمايدىغان بولۇپ كەتتى .

**ئەسقەر يۈسۈپ :** ئەمەلىيەتتە خەلقىمىز شەھەر تۇغۇل يېزا ـ كەنتلەردىمۇ ياسىداق ئۆيلىرىنى مېھمانغا ساقلاپ ، ئۆزلىرى بىر ئۆمۈر ئىسلىق ئۆيدە ئۆتىدۇ ، تاپقان

ئاخىرى دېيەلمىگەن گەپلىرىمنى شېئىر ئارقىلىق ئېيتتىم.

ئەسقەر يۈسۈپ: بىر شېئىرىڭىزدا

دادام، شۇنداق ئاددىي مۆئەللىم
يىراقتىكى خىلۋەت كەنتتە،
نۇر كۆتۈرۈپ يۈرگەن خىزىردەك.
قېقىپ يۈرەر قەلبلەرنىڭ،
توپا باستان ئىشىكلىرىنى.

دەپ يازغانىكەنسىز.

بالىلىقتىكى شاد - خۇراملىقلار جەھەتتە كىشىلەرنىڭ كۆپلىگەن ئورتاقلىقى بولىدىكەن. يەنى، بىر شېئىرىڭىزدا بىر قىش مەزگىلى دادىڭىز ۋېلىسىپىت مىنىپ، كەينىگە سىزنى جۈۋىسىغا يۆگەپ ئولتۇرغۇزۇپ يېزا يولىدا مەكتىپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان بالىنى ئۆزۈمدەك ھېس قىلغان ھەم دادام قاتارلىق مىڭلىغان سەھرا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەردىنى چۈشەنگەندەك بولغانىدىم.

دادا
ئۆزۈڭ بولدى پوچتالىيون يوق،
ئۆزۈڭ بولدى چۇشۇم قوپقۇرۇق،
يۈرىكىمنى سالدىم لىپاپىقا.

دېگەن مىسرالىرىڭىزنى ئوقۇسام بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولىمەن...

ئادىل تۇنىياز: بەزى دوستلىرىمنىڭمۇ شېئىرلىرىم توغرىسىدا «مەن دېمەكچى بولغاننى دەپسەن» دېگەنلىرىنى جىق ئاڭلايمەن، شۇنىڭغا قاراپ دەپ قالىمەن، بىز ئىنسان بولغاچقىمۇ بىزنىڭ نۇرغۇن خۇشاللىقلىرىمىز ۋە قايغۇلىرىمىز

مۆجىزىدەك ئۆمۈر بويى ئەستە قالىدىكەن.

**ئادىل تۇنىياز:** شۇ چاغلاردا ھەممە نەرسە ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. تەبىئەتكە بولغان مەپتۇنلۇق تۇپەيلى كۆڭۈلگە ئورناپ كەتكەن تۇيغۇ ـ تەسىراتلار كېيىنچە شېئىر بولدى.

**ئەسقەر يۇسۇپ:** خېلى كۆپ مىسرالىرىڭىزدا دادىڭىز ياكى دادىلار تىلغا ئېلىنغان، شېئىرلىرىڭىز ئارقىلىق ئۇيغۇر دادىلارغا قانداقتۇر بىر نەرسىنى دېمەكچى بولغاندەك تۇرىسىز؟ (خاپا بولماڭ) بۇنداق سورىمىسام بولاتتى.

**ئادىل تۇنىياز:** دادام (مەرھۇمنىڭ ياتقان جايى جەننەتتە بولسۇن)، مەن ئېسىمنى بىلسەم شائىر ئىكەندۇق. ياش چاغلىرىدا يەنى يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھېكايە ـ شېئىرلارنى يېزىپ يۈرەتتىكەن. شۇ چاغلاردا دادام «پاختەك» ناملىق بىر شېئىرنى يېزىپ «قارايىپ» سانىلىپ، تۈرمىدە ياتقان ئىكەن. دادام شېئىر ئۈچۈن تۈرمىدە ياتقان ئادەم. ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇ شېئىردا «پاختەك، سايراي دېسەم سايرىيالمىدىم، يۈرىكىم ئەمەس ساقتەك» دېگەندەك مىسرالار بارغۇ دەيمەن.

مەن ئۆزۈمنى بىلگەن چاغلاردا ئۆيىمىزدە خېلى جىق كىتاب ـ ژۇرنال بار ئىكەن. مەندىكى شېئىر يېزىش ھەۋىسى دادامدىن تۇتاشقان. دادام ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيىدىغان، شېئىرغا ئىشتىياقى بار ئادەم ئىدى. بىز 11 بالا ئىدۇق. ئۇلاغ باقىدىغان ياكى ئېتىزلىقتا چىقىپ ئوت ئالىدىغان چاغلاردا مەن «شېئىر يازاتتىم» ئىشلارنى قېرىنداشلىرىمنىڭ قىلىشىغا بۇيرۇپ، مېنىڭ كىتاب ئوقۇشۇم ۋە شېئىر يېزىشىمغا شارائىت يارىتىپ بېرەتتى. مەن بالىنىڭ تۆتىنچىسى ئىدىم. دادام ئون بىر بالىسى ئىچىدە مېنىڭ كىتابقا ھېرىسمەنلىكىمدىن ئالاھىدە سۆيۈنسە كېرەك، قانداقتۇر ئۈمىد ـ ئىشەنچلەر بىلەن بەكلا ئەتىۋارلايتتى، مەن ئوقۇش ۋە خىزمەت بىلەن بولۇپ دادامنىڭ قېشىدا كۆپ تۇرالمىدىم،

ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ . دېمەك ، بىر ماقالە ياكى بىر گۇبزور ئۇچۇن شېئىر يېزىشقا قارىغاندا خېلى بەك كۆچ سەرپ قىلىمەن .

ئەسقەر يۈسۈپ : 1998 - يىلى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن توي مەرىكىمىز ئۈرۈمچى تۇرمۇشىغا بىر يېڭىلىق قوشقاندى . تويىمىزدا ھاراق - شاراب ئىچىلمەي ، تانسا ئوينالمايمۇ ئاجايىپ قايناق كەيپىيات يارىتىلىپ مەشرەپ ئوينىلىشقان ، بىزمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى قانغۇچە ئوينىۋالغانىدۇق ، بۇ ئەينى چاغدا ئۈرۈمچى رېستورانلىرىدىكى يېپىيېڭى ئىش ئىدى . تويىمىزدا ئابلىكىم ھەسەن ئوقۇغان توي باشلاش نۇتقى ، ئابدۇقېيۇم ئىمىن دېكلاماتسىيە قىلغان شېئىرلار ، دۇتار ، تەمبۇر قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ تىلسىم كۈيلىرى ھەمدە توي مەشرىپىدىكى يىگىت بېشىنىڭ ئەدەپ — قائىدىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى جازالاشلىرى كىشىلەرگە ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلغانىدى .

ئادىل تۇنىياز : شۇ چاغدا بەزى خىزمەتداشلىرىم : «تويۇڭدا ھاراق قويمايدىغان بولۇپسەن ، راستمۇ ؟ »دېگەن ، مەن : «راست» دېسەم ، ئۇلار : «تويغا بارمايمىز» دېگەنىدى . دەرۋەقە تويغا ئىشخانامدىكىلەردىن باشقىلىرى كەلمىدى ، شۇنىڭغا يارىشا ئىمان - ئېتىقادلىق دوستلىرىم تويۇمنى ئوبدان قىزىتىپ بەردىڭلار .

ئەسقەر يۈسۈپ : شۇ كۈنى بولغۇسى ئايالىڭىزغا ئاتاپ ئوقۇغان «ئۆمۈر سۆزى» ناملىق شېئىرىڭىزدىكى مۇنۇ مىسرالارنى نەچچە يىلدىن بېرى ئېسىمدە ساقلاپ كەلدىم :

ئۆمۈچۈكتەك توقۇپ بولدۇم تور ،
تەنھالىقتىن ، ئىشقى - پىراقتىن .
قايتىپ كەلدى پەرىزات بېلىق ،
ۋاپا بىلەن يىراق - يىراقتىن .

ئورتاقلىقتا ئىگە ئىكەن . مۇشۇ ھالەتنى بەزىلىرىمىز بۇلبۇل بولساق سايراپ ئىپادىلەيدىكەنمىز ، بەزىلىرىمىز خوراز بولساق چىللاپ ئىپادىلەيدىكەنمىز ، يازالايدىغانلار يېزىپ ، سۆزلىيەلەيدىغانلار سۆزلەپ ئىپادىلەيدىكەنمىز . شائىرنىڭ شېئىر ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلىشى ئانىنىڭ تولغاق يەپ بالا ئارقىلىق «ئانا» لىقنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشايدىكەن .

**ئەسقەر يۈسۈپ :** 1992 - يىلى 6 - ئاي مەزگىلى بولسا كېرەك ، مەن سىزنى تۈنجى قېتىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 5-بىنا 415 - ياتىقىدا كۆرگەن . ئۇ چاغدا تېخى رەسمىي سورۇن تۈزۈلمىگەن بولسىمۇ ، ياتاق ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە ئىس - تۈتەككە تولغانىدى . لېكىن ، سىز كارىۋىتىڭىزدا دۈم يېتىۋېلىپ ، بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتقانىكەنسىز ، ھازىرمۇ شۇنداق تىنچسىز مۇھىتتا يېزىقچىلىق قىلالامسىز ؟

**ئادىل تۇنىياز :** شېئىرنى مۇھىت تاللىماي يېزىۋېرىمەن . لېكىن ماقالە يازغاندا تىنچلىقنى خالايمەن ، دىققىتىم بۆلۈنۈپ كەتمىسىكەن دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم . شۇڭا ، كۆپىنچە كېچە سائەت ئون ئىككىدىن كېيىن يېزىقچىلىق قىلىمەن .

**ئەسقەر يۈسۈپ :** ئىلگىرى مەن سىزنىڭ «سالام خۇدا» ، «شېئىرنىڭ بىر قانىتى» ، «ئۆمۈچۈك ، شېئىر ۋە تەپەككۇر قاتلىمى» قاتارلىق ماقالىلىرىڭىزنى ئوقۇغان . ئۇلاردىن قويۇق شېئىرىي پۇراق ، كۈچلۈك ھاياجان يېلىنجاپ تۇرىدۇ ، ئىلمىيلىكنى ۋە سوغۇق قانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ جاپالىق ئەمگەكنى قانداق تاماملايسىزكىن ؟

**ئادىل تۇنىياز :** سەمىمىي ئېيتسام ، ماقالىلىرىمنى بىر خىل شېئىرىي تۇيغۇ ئىچىدە باشلاپ ، بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كېتىمەن بارغانسېرى ۋەزنى ئېغىر ، بېسىمى چوڭ مەسىلىلەرگە تاقىشىپ قالىمەن . ئىنسانىيەتنىڭ يىلتىزىغا ، دىن ، روھىيەت ۋە جىنسىيەت قاتلاملىرىغا كىرىپ قالىمەن . بۇنىڭ بىلەن شەيئىلەرنى ئۆز قەلبىم ئارقىلىق تېخىمۇ ئەتراپلىق كۆزىتىش

شېئىر ئوقۇمىغان ئېرىدىن خاپا بولۇپتىكەن. بەزى ئاياللار ئىراپچىلىق ۋە كەيپ - ساپا خاراكتېرىنى ئالغان، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، تاماكا ئىسى ۋە ھاراق بۇسىغا تولۇپ ئۆتكەن توي مەرىكىلىرى ئۈچۈن ئارمانلىق كۆز ياشلىرىنى تۆككەنىكەن. دېمەك، تويىڭىزدىمۇ يېڭىلىق ياراتقان ئىدىڭىز - ئادىلجان، كېيىنچە قۇرداشلىرىمىزنىڭ «ئادىلجاننىڭ ئىجادىيىتىدە ھەسرەتلىك مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى، ئايرىلىش قىسمەتلىرى ۋە ھىجران تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتكەن شېئىرلار ئانچە كۆپ ئەمەس، باشقا شائىرلارغا ئوخشاش كۆڭۈل كوچىلىرىدا سەرسان بولغىنى يوق» دېيىشكىنىنى ئاڭلىدىم. بۇ جەريانلار بېشىڭىزدىن ئۆتكەن بولغىيدى؟

ئادىل تۇنىياز: ئۆزۈمنى ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن بەندە دېيىشكە ھەقلىقمەن. تۇرمۇشۇمدا ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان كىشى بىلەن بىللە بولالىشىم، باشقىلاردەك «جۇدالىق زارى» تۇۋلىشىمدىن ساقلاپ قالغان، لېكىن ئۆزۈمدىن ھالقىغان، خەلقىمىنىڭ تەنھالىقى، ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ گاڭگىراشلىرى، بەختسىزلىكى ئۈچۈن تارتىدىغان ئازابلىرىم ھەممىدىن ئېغىر. ئەمەلىيەتتە ئەسەرلىرىمدە شەخستىن ھالقىغان ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان تۇرلۇك پاجىئەلەر، روھىي ئازابلار، ھەسرەتلىك رېئاللىق، ھىجران داغلىرى ۋە ئايرىلىش قىسمىتى تولۇپ تۇرۇپتۇ. بىز ئىنسان بولغىنىمىز ئۈچۈن تۇغۇلۇشتىنلا ئازاب ياكى خۇشاللىق قىسمەتلىرى بىلەن تۇغۇلىمىز. ئەقىل بىزنى ئازابلايدۇ، تۇيغۇمىز بىزنى ئازابلايدۇ، مەۋجۇتلۇق بىزنى ئازابلايدۇ، مەنە ئىزدەيمىز، مەنە ئىزدەش يولىدا تەقۋادارغا، ئاشىققا، مەجنۇنغا ئايلىنىمىز. پۇلپەرەس، خوتۇنپەرەس ياكى ھاماقەت دېگەندەك ناملارغا ئېرىشىمىز. بىراق ئىنساننى نۇرلاندۇرىدىغىنى - سۆيگۈ ۋە ئېتىقاد.

ئەسقەر يۇسۇپ: ئايالىڭىز نەزىرەنىڭ تويىدىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ بەزى شېئىرلىرىڭىزغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى

ئۆتتۈپ بولدى تالاي ئاشىقلار ،
ئەلبومىدا چاقماق ۋە يىللار .
يېڭىياچە بىز تېخىچىلا ،
تونۇشقاندەك خۇددى ھېلىلا
شۇنچە شېرىن ، شۇنچىلىك شېرىن .
. . . . . .
توي ئەمەستۇر بېشى سۆيگۈنىڭ ،
ئەمەس بۇ ھەم ئاخىرقى پەللە .
قەرزىمىز كۆپ ئاتا ـ ئانىغا ،
دوست ـ بۇرادەرگە ،
قەرزىمىز كۆپ مىللەتكە يەنە .
ئالدىمىزدا تېخى كاتتا توي ،
قىلغان چاغدا ئاۋام تەنتەنە .
قەدىرلىكىم كۆت پەرىشتىدەك ،
مەيلى سەرسان بولاي ھەر يەردە .
مەيلى قېنىم ئاقسۇن جەڭلەردە ،
ماڭا سۆيگۈ بەر ئاخىرىغىچە
بەرمىسىمۇ تۇرمۇش ھېچ نەرسە .
پەرىشتەڭمەن پەرىشان چاغدا ،
دوختۇرۇڭمەن ئاغرىپ ياتقاندا
كۆنلۈكۈڭمەن يامغۇر ياغقاندا ،
غېرىبسىنساڭ ھەر يېنىڭدا مەن
بىر جان ئەمەس مىڭ جېنىم بىلەن .
. . . . . .

. . . . . .

بۇ كۈنى شائىر ۋە شېئىر ئۇلۇغلانغان ، پاكلىق ۋە ساداقەت تەنتەنە قىلىنغان ، تەۋەررۈك ئۇدۇم ۋە ئېسىل ئادەتلەر كۈيلەنگەن ئىدى . كېيىن ئاڭلىسام بەزى ئايالالار شېئىر يازىدىغان ئەرلىرىدىن يامانلىغانىكەن . تويىدا ئۆزىگە ئاتاپ

ئۇلارنى بىردىن-بىردىن تېرىۋېلىپ، ئەتىۋارلىق لوڭقىغا ئايلاندۇردى. شېئىرلىرىمىدىكى خۇسۇسىي غەم-قايغۇنىڭ ئورنىنى ساپ سەنئەت ھەققىدىكى ئىزدىنىش ياكى مىللەتنىڭ، ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ رېئاللىقى، تەقدىرى توغرىسىدىكى ئازابلىق ئويلىنىشلار ئىگىلىدى.

ئەسقەر يۈسۈپ: بۇنداق دېسىڭىز كۆزۈمگە ياش كېلىۋاتىدۇ. نى-نى تالانتلىق يىگىتلەرنىڭ زېھنىنى بەزىبىر ناباب خوتۇنلار خورىتىۋەتكەن ئەمەسمىدى؟ بۈگۈنمۇ تالاي ئىستېداتلىق ئەرلەر ھازازۇل خوتۇنلىرىنىڭ قولىدا ۋەيران بولدى. نۇرغۇن ئىقتىدارلىق ئەركەكلەر زېھنىنى، ۋاقتىنى، ھەتتا ھاياتىنى تىرىكچىلىكتىكى ئەرزىمەس ئىشلارغا سەرپ قىلىۋەتتى. تۇرمۇشتىكى يوقسۇزلۇق، ئامالسىزلىق ۋە گائىگىراش بۈگۈنمۇ سانسىز مەردانىلەرنى كېرەكسىزلەر قاتارىغا چىقىرىۋەتمەكتە. تۇرمۇشتىكى كېلىشمەسلىك ۋە ئىشلىرىدىكى تەتۈرلۈك تۈپەيلىدىن بەختسىزلىك پاتقىقىغا پاتماقتا ۋە چىرىكىن كېسەللەر بىلەن ئۈن-تىنسىز يوقاپ كەتمەكتە. ئۇلارنىڭ قولىدىكى قەلەم-دەپتەر، تونۇر بېشى، ئوچاق ئالدىدا كۈلگە ئايلاندى، تۆھپە ئۈچۈن تۇرۇلگەن بىلەكلىرى داغلاندى. نېمە ئۈچۈن بۇنچە قاينايدىغانلىقىمنى سىز بىلىسىز. «دۇنيانى بويسۇندۇرغان ئەرلەرنى گاھى بىر ئايال بويسۇندۇرىدىكەن، جەڭلەردە غەلىبە قازانغان قەھرىمان سەركەردىلەرمۇ گاھىدا بىر ئايالنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ ۋە ھالاك بولىدىكەن». باتۇرلۇق ۋە سۆيگۈ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقان مۇشۇنداق بىر دەۋرلەردە سىلەرگە ئوخشاش خۇدا قوشقان بىر جۈپلەرنىڭ بولۇشى زامانىمىزغا ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغان كاتتا ئىش. ئىككىمىز بىر چاغلاردا دېيىشكەندەك بىر ئىنساننىڭ تۇرمۇشتا ئۆزىگە سىرداش، پىكىرداش بولۇپ، ھېچقانداق غەرەز-مۇددىئاسىز، تەمە-تەمەنناسىز ساپ ھۆرمەت بىلەن چىن ئەقىدە باغلاش ئاز ئۇچرايدىغان ئۇلۇغ روھ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

ئاڭلىدىم. شۇنداقمۇ؟
**ئادىل ـ تۇنىياز:** ھا ھا ھا... بەزى شېئىرلىرىمغا ئەمەس ھاياتىمغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن، ياشاش يولۇمنى ئۆزگەرتكەن دېسەممۇ بولىدۇ. تۇرمۇشۇمدا تۇنجى كۆيگەن، سۆيگەن ۋە توي قىلغان ئادىمىم شۇ. ئايالىم نەزىرە — شېئىر يازمايدىغان شائىر، شېئىرغا مەندىنمۇ ئەتراپلىق پىكىر ۋە باھالارنى بېرەلەيدۇ. مەن يازغان شېئىرلىرىمنى بىرىنچى قېتىم ئايالىم نەزىرەگە ئوقۇپ بېرىمەن. ئۇ، شېئىرلىرىمنىڭ تۇنجى كىتابخانى، مېنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى يولباشچىم.
**ئەسقەر يۇسۇپ:** بەزى قەلەمكەشلەرنىڭ ياشلىقىدا بىر كىمنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ قوشاق توقۇپ، ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەيلا شائىر ـ يازغۇچى ئاتىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.
**ئادىل تۇنىياز:** مېنىڭ شېئىرىيەتكە كىرىپ كېلىشىمگە بىرەر كىمنىڭ ھەسرىتى ئۇچۇن زارلاش سەۋەب بولمىغان. بەزىلەر ياشلىقتىكى بىر مەزگىللىك سەۋدايىلىق ۋە شەيدالىق ئۇچۇن شېئىرنى دەرد تۆكۈپ ئارام تېپىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇزاققا بارمايلا قەلىمى توختاپ ئەدەبىياتنى ھاقارەتلەشكە ئۆتتى. مەن توي قىلغاندىن كېيىن بەزىلەر مېنى: ئەمدى توختاپ قالىدۇ، بۇرۇنقىدەك يازالمايدۇ، دېيىشكەنىدى، ۋەھالەنكى مەن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنداق بولمىدى، ئەكسىچە ھاياجان قايناپ تۇرىدىغان شېئىرلىرىم تېخىمۇ جىقايدى.
**ئەسقەر يۇسۇپ:** بېشىڭىزغا ئىشق سەۋداسى چۈشكەن چاغلاردا شېئىرلىرىڭىزدا ياشلىقنىڭ جۇشقۇن كۈيلىرى ياڭرىغانغۇ دەيمەن؟
**ئادىل تۇنىياز:** ياق. ئۇ چاغلاردا شېئىرلىرىم بەكمۇ يىغلاڭغۇ ئىدى. مىسرالىرىمدىن غېرىبلىق، مىسكىنلىك تېمىپ تۇراتتى. شەخسىي ئازابلىرىم ھەممىدىن ئېغىردەك بىلىنەتتى، ئۇمۇمەن شېئىرلىرىم تەنھالىق كۈيلىرى ئىدى. شۇ چاغدىكى روھىمنى چېقىلغان شىشە دېسەك، ئايالىم كېلىپ

باقماپسىز ، تاماكا چەكمەيدىكەنسىز ، نۇرغۇنلىغان ئۈرۈمچىلىكلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرىپىڭىز يانفون ، چاقىرغۇ ئاسماي كىشىلەرگە كۆپ ئارىلاشماي يۈرىدىكەنسىز، بۇلارغا قاراپ تەڭتۇشلىرىمىز ئارىسىدا سىزنى مۇھىتقا قانداق ماسلىشالمىدىغاندۇ؟ بەزى قائىدە- يوسۇنلاردىن ئۆزىنى قاچۇرامدىغاندۇ؟ دېيىشىمىز. بۇ توغرىدا باشقىچە ئويلىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

ئادىل تۇنىياز : شائىر ئۇچۇن تەنهالىق بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمەن. چۈنكى ، شېئىر كۈندەشلىكى يامان خوتۇنغا ئوخشايدۇ. شېئىر ، شائىردىن ئۆزىنى پۈتۈنلەي شېئىرغا بېغىشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭچىمۇ شۇنداق بولغاندىلا كۆڭۈلدىن ھەقىقىي شېئىر چىقىدۇ ، كۆڭۈلدىكىدەك شېئىرنى يازغىلى بولىدۇ . يانفون ، چاقىرغۇ دېگەندەك زامانىۋىلىقتىن خالىي يىراق ياشاش ، دەۋر رىتىمى بىلەن تەڭ ھاسىراشتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئەركىنرەك نەپەس ئېلىشقا ، ئازادىرەك تەپەككۇر قىلىشقا ۋە مەخسۇس ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا پۇرسەت بەردى . ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆز ئالدىمدا قىلىدىغان ئىشلىرىم شۇنچە جىق تۇرسا، باشقا ئىشلارغا ۋاقىت ئاجرىتالمىغۇدەكمەن . مانا سىزنى ئېلىپ ئېيتساق ، نەچچە يىللىق ۋاقتىڭىز پويىز ئىستانسىسى ۋە ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە بىر كىملەرنى كۈتۈۋېلىش ، بىر كىملەرنى يولغا سېلىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى . بىر شېئىرىڭىزدا ئېيتقاندەك ، «بىر تاغار ھەسرەتنى يۈدۈپ يۈرىمەن ، ياراتماق بولۇپ بىر يېڭىچە ئەسلەر» دەپلا ئۆتۈپ كەتتىڭىز . ئەمەلىيەتتە بۈگۈن بىز ياشاۋاتقان بۇ رېئاللىقتا نۇرغۇن نەرسىلەر بىزنىڭ ئارىلىشىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام ، ئەل - ئاغىنىلىرىم ئۇچۇن مۇۋاپىق ۋاقىت چىقىرىپ ، كۆپ چاغلىرىمنى ئائىلە ۋە خىزمەتكە بېغىشلىدىم . مەسىلەن ، توي-تۆكۈن ، ئۆلۈم - يېتىم ، نەزىر - چىراغلىرىغا چوقۇم بارادىم، ئەمما ئۇزاق ئولتۇرمايدىغان بىر كېسىلىم بار .

**ئادىل تۇنىياز**: شېئىرىيەت ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىمىزدا ئايالىم بىلەن بەزى ئىختىلاپلارنىڭ بارلىقىنى يوشۇرمايمەن. سىزگىمۇ ئايان، شائىر ئىلھاملانغان ھالەتتە تۇرغاندا سۆزنى ئېگىز-پەس ئىشلىتىپ قالىدىغان، ھاياجان نورماللىقتىن چىقىپ كېتىدىغان چاغلار بولىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن قىسمەن نازۇك ھېسلارنى ئىپادىلەشتە دىنىي تۈسى بار بەزى سۆزلەرنى نامۇۋاپىق ئىشلىتىپ سالىدىكەنمىز. ئايالىم ماڭا قارىغاندا ئىسلام دىنىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن بولغاچقا (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتتا بەش يىلغا يېقىن ئوقۇغان) مەتبۇئاتلاردا پەيدا بولۇۋاتقان شاراب ئىلاھى، مۆيگۇ پەرىشتىسى، جەننەتماكان . . . دېگەندەك دىنىي تۈسى بار سۆزلەرنى يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىشلەتمەسلىك كېرەك، دەپ قارايدۇ. دېمىسىمۇ، دۇنيادىكى بارلىق سۆزلەرنى ۋە بارلىق مەۋجۇداتلارنى يىغقاندىمۇ ياراتقۇچىنىڭ زاتىنى سۈرەتلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ شۇنى دېمەي بولمايدۇكى شېئىرىي ئەركىنلىك بىلەن دىنىي كامالەت ئوتتۇرىسىدا شەيتان بىلەن پەرىشتىنىڭ تەڭ پىچىرلىشى بار. كائىناتتىكى پۈتكۈل مەخلۇقات، ئىنسانلار تىلىدىكى ھەرقانداق ئاتالغۇ غەيبنى ئىپادىلەشكە قادىر ئەمەس. ئەپسۇسكى، «سۆز - مەنىدىن تاشقىرى بەلگە، شېئىر - ئاخىرقى پەللە» دەپ قارايدىغان روھىي سەرسانچىلىقتىكى چاغلىرىمدا بەزى مۇقەددەس سۆزلەرنى تەنتەكلەرچە ئىشلەتكىنىمنى ئويلىسام تىلىم كۆيىدۇ، دىلىم ئۆرتىنىدۇ. ھەر قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا چوڭقۇر تۇۋا- ئىستىغپار ئېيتىشىم كېرەكلىكىنى سېزىمەن. شۇئان ئالەم سىرلىرىغا بولغان چەكسىز قايىللىق، غەيبكە بولغان تەشەككۇر مېنىڭ قۇشقاچچىلىك كاللامدىكى ھەرقانداق چېگىشنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ:

**ئەسقەر يۇسۇپ**: ئادىلجان، سىزنىڭ نۇرغۇن ئەدىبلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرىپىڭىز، ھازىرغىچىلىك ھاراق ئىچمەپ

شائىر بولۇش ئارزۇسى مەندە باشلانغۇچ مەكتەپتىلا پەيدا بولغان ھەم تۇنجى شېئىرىمنى باشلانغۇچنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا يېزىپ، شۇ چاغدىكى «قاغىلىق گېزىتى» دە ئېلان قىلغان. بۇ چاغدا ئون ياشتا ئىدىم.

ئەسقەر يۇسۇپ: شېئىر توغرىسىدىكى مۇكەممەلرەك چۈشەنچىلەر تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىقتىن باشلىناتتىغۇ؟

ئادىل تۇنىياز: شۇنداق، شائىرلىق ماڭا خۇدا سالغان ئىشق.

ئەسقەر يۇسۇپ: شېئىر يازغىنىڭىزغىمۇ 20 نەچچە يىل بوپتۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «ئالتۇن چاغ»، «خانتەڭرى» قاتارلىق نۇرغۇن مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ئىكەنسىز، ھازىرچە ئون نەچچە ئەسىرىڭىز مۇكاپاتلىنىپتۇ.

ئادىل تۇنىياز: بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيلى.

## 2. شېئىر يوللىرى

ئەسقەر يۇسۇپ:

راشىد پورتى

ھارغىن كىشىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ،

مەغلۇب زامانلارنى ئۈزىتىپ قويىدۇ.

دەپ ئاخىرلىشىدىغان «ئىككى ئۇيغۇر راشىد پورتىدىكى كاقتىرىيادا»ناملىق شېئىرىڭىزدا «ئەي ئوتلاقلارنىڭ خاقانى، تاجىڭغا قىستۇرۇلغان بۇركۈت پېيىدىن غۇرۇرلىنىمەن. ئاستىڭدا چاپچىپ تۇرغان ئاتنىڭ ئاق رەڭگىگە دۇئا قىلىمەن» دېگەندەك بايان تۈسىدىكى شېئىرىي جۈملىلەر باشقا شېئىرلىرىڭىزدىمۇ ئۇچرايدۇ. «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق داستانىڭىزدا ۋە باشقا شېئىرلىرىڭىزدىمۇ، شېئىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ تورۇپلا تۆۋەندىكىدەك مىسرالار ئۇچرايدۇ:

ئەسقەر يۇسۇپ: «مېنىڭ ئادرېسىم»، «قەشقەر دىكى يەرشارى» ناملىق داستانلىرىڭىز، «كىچىككىنە كەنت بازىرى»، «قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ»... ناملىق شېئىرلىرىڭىزدا ئۇيغۇرچە تۇرمۇش ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مىسرالىرىڭىزدىن بازاردا سېۋەت كۆتۈرۈپ تۇخۇم سېتىۋاتقان مومايلار، چېلەك كۆتۈرۈپ كۆلگە سۇ ئالغىلى چىققان كېلىنلەر ۋە قايناق ھېيتگاھ بازارلىرى ئۇچرايدۇ. يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن شاپاق دوپپىلىق باللار، باغدا ئولتۇرۇپ ئۇسما قويۇشۇۋاتقان قىزلار... دېمەك بىزگە تونۇش تۇرمۇش كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. سىز رېئاللىقىمىزنى ئىپادىلەشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

ئادىل تۇنىياز: ئادەم ئۆزىگە، ئۆز قەلبىگە چۆككەندىلا ھەقىقىي شېئىر يېزىلىدىكەن. ئادەم ھامان بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى ياكى شۇ مىللەتنى تەشكىل قىلغۇچى جان ئىگىسى بولغاچقا، ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى نەرسىلەر گاھىدا شۇ مىللەتتىكى نەرسىلەر بولۇپ ئىپادىلىنىدىكەن. مەن شېئىرلىرىمدا ئېيتقان ئاشۇ نەرسىلەر ئىچىدە چوڭ بولغان. سەھرا بالىسى باشتىن ئۆتكۈزىدىغان ھەممە ئاچچىق ۋە تاتلىق سەرگۈزەشتىلەر بولغان. بۇلار بالا چاغلىرىمدا ئادەتتىكى نەرسىلەر ئىدى. بارا-بارا گۈزەللىشىپ، ئۇلۇغلىنىپ شېئىرغا ئايلاندى. يىراق، يېزىقچىلىق ۋە تۇرمۇش تەجرىبەمنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مىللەت ۋۇجۇدىدىكى بۇ سۆيۈملۈك تاشقى كۆرۈنۈشلەردىن، ساپ تەبىئەت گۈزەللىكىدىن ئاستا-ئاستا ئىچكى گۈزەللىككە يۈزلەندىم، روھىي تراگېدىيىلەرنى بايقىدىم.

ئەسقەر يۇسۇپ: كىچىك چاغلىرىڭىزدا ھازىرقىدەك قەلەم ساھىبى بولۇشنى ئارزۇ قىلغانمىدىڭىز؟

ئادىل تۇنىياز: بۇ دادامنىڭ ئارزۇسى ئىدى. دادام (ياتقان جايى جەننەتتە بولسۇن) شۇ خىل ئىدىيىنى ماڭا كىچىكىمدىنلا سىڭدۈرۈۋەتكەچكىمىكىن، شېئىر يېزىش ياكى

ئۆگەنگەنلىكلىمنىڭ مەھسۇلى . ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىر دېگەن تولۇق تۆت چاسا بولۇشى كېرەك دەيدىغان قېلىپ يوق ، ھېسسىياتنى قەستەن بىر قېلىپقا چۈشۈرۈشمۇ ئوشۇق ئاۋارىچىلىك . شۇنداقتىمۇ مەن قاپىيىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىمەن ، قاپىيە ماڭا ئانا تىلىمىزنى ئىشلىتىشنىڭ ھۇزۇرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ . شۇڭا ، بەزى مىسرالىرىم ئۇزۇن قىسقا بولسىمۇ تۇيغۇم سۆزلەرنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ . ئەمما ، شېئىرنىڭ ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر ئۆلچىمى بار : شېئىر بەزىدە ھەممە ئادەم بىلەلەيدىغان قوشاق بولۇشى ، بەزىدە ھېچكىم تاپالمايدىغان تېپىشماق بولۇشىمۇ مۇمكىن . ھالبۇكى ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان ، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر شېئىردىن تېپىلىشى كېرەك . شېئىرغا ھامان شائىرنىڭ ھاياجىنى ، كەيپىياتى ھەتتاكى مەقسەت ـ مۇددىئاسى سىڭگەن بولىدۇ .

ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئۇزاقتا شەكىللىنىدۇ . ئالدى بىلەن چاچما شېئىر قىلىپ يازىمەن دېگىلى بولمايدۇ . ئۇسلۇب دېگەن نۇرغۇن سىناقلاردىن كېيىن تەبىئىي پەيدا بولىدىغان ئادەت . ئەسەرلىرىمدە ساناقسىز ئادىل بار ، ئۇلار خىلمۇ خىل ئۇسلۇبقا ۋە رەڭگارەڭ خاھىشقا تەۋە .

**ئەسقەر يۈسۈپ :** «يېشىل چاشقان» ناملىق شېئىرىڭىزدا مۇنداق مىسرالار بار :

يا ئايالىم بولمىساڭ جانىۋار ،
ئورنۇمغا چىقىشقا پېتىندىڭ قانداق ؟ !
گۈزەل چاشقان ، ئۇياتچان چاشقان ،
لېكىن ساڭا بوپ قالدىم ئامراق .

يالغۇز ئۇخلاش ، يالغۇز چاي ئىچىش ،
بۇ كۈنلەردە كەلدى ئەجەب ھار .
ياستۇقۇمدىن ئۆتتى بىر چاشقان ،
چاشقان بولۇپ كەلگەنىمدىڭ يار .

— ئاڭلىمۇ چىرايلىق قوشنام،
گۈللۈك، نىپىز قەغەزدەك ئىشتان
ئەنقەرەدە بوپتىمىش مودا.
— قىزنىڭ قېشى شالاڭمۇ نېمە؟
باردىڭىمۇ ئاخشامقى تويغا.
— چېچەن دېگەن ئاشۇ ئەخمەق خەق
تەنگە سىڭگەن نېنىنى يېمەي،
ئۇرۇش قىپتۇ دەيدۇ يېقىندا.
— ئەر چىقماپتۇ سەنئەتچى قىزغا.

يۇقىرىقىغا ئوخشاش نەسرىي ئەسەرلەردىكىدەك بايان تۈسىنى ئالغان ئۇزۇن جۈملىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ تۇيۇقسىز دىئالوگ، مونولوگ قىلىشلىرىنى ئۆز ئالدىڭىزغا ياراتقان شېئىرىي ئۇسلۇب دەپ قارامسىز؟

ئادىل تۇنىياز: شېئىر — تاشقى دۇنياغا ئېچىۋېتىلگەن بىر ئەينەك، شېئىرلىرىمدا كىشى پاراڭلىرىنىڭ تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا پەيدا بولۇشى ـ بىرىنچىدىن، ئوقۇرمەنلەرگە ئۆز ئارا مۇڭدىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىش ئۈچۈن بولسا؛ ئىككىنچىدىن، مېنىڭ پاراڭغا ئامراق مىجەزىمنىڭ شېئىردىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆزگىچە پسىخىكىسىدىن كەلگەن. كىچىكىمىزدە چوڭلارنىڭ چايخانا ـ ساماۋەرخانىلاردا گىردە بىلەن چاي ئىچكەچ مۇڭدىشىدىغانلىقىنى كۆرەتتۇق. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا بۇنداق تەسىرلەر ئالدى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى. كۆك تۈرك ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ قاپىيىگە ئانچە ئېتىبار قىلىنمىغان. لېكىن، شېئىرنىڭ ئىچكى رىتىمىغا تويۇنغان دىئالوگسىمان چاچما شېئىرلار بار. ئاندىن قالسا چەت ئەل شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىم ۋە دەۋرداشلىرىمدىن

قىلىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ.

سەمىمىي بولسۇنكى، كاللىسىغا شېئىر بىلەن مۇناسىۋەتسىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى قاچىلىۋېلىپ، شېئىر يازىمەن دەپ يۈرسە يازالمايدۇ. شېئىر شائىردىن ھەممە نەرسىسىنى ئۆزىگىلا بېغىشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر ۋاقىت ھەر يەردە شېئىر ئۈچۈن تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ شائىر بولغۇچى ئەتراپىدىكى رېئاللىققا قارىتا قارىغۇ، گاس، گاچا بولۇۋېلىشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. دېمەكچىمەنكى شائىر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىچكى رىتىمغا ئەگىشىپ شېئىر يازغاندىلا ئۇنىڭدىن چىن ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

ئەسقەر يۈسۈپ: ياراتقۇچىنى ياد ئېتىشلا، كىشىنى ھاياتلىقنىڭ قەدرىگە يېتىشكە، ھەربىر مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقات ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىشقا، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزى ۋە ئۆزگىلەر توغرىسىدا ئويلىنىپ ئىلھاملىنىشقا يېتەكلەيدىكەن. تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى شېئىرىي تەپەككۇر ۋە شېئىرىي تەسەۋۋۇرنى بوغۇپ قويىدىكەن. ئادىلجان، مېنىڭچە مەلۇم بىر شائىرنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرلىرى ئانچە كۆپ بولمايدۇ، ئەمما سىزنىڭ خېلىلا كۆپ، بۇنىڭغا قاراپ سىزدە بىر يۈكسەك ئىشتىياق دائىم قايناپ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.

ئادىل تۇنىياز: تۇرمۇشتا ئۆزۈم ئەمەل قىلىشىم زۆرۈر بولغان ئەخلاقىي رامكام بار. بىر شائىر ياكى بىر سەنئەتكاردا خەلققە باش بولغۇدەك، خەلق ئۈلگە قىلغۇدەك سالاھىيەت ۋە سالاپەت بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئۆزۈممۇ مۇشۇ بىر ئۈلگە ئۈچۈن تىرىشىمەن. شېئىر يازمىغان چاغلاردا ھاياجىنىم تۆپىلىنىدۇ، ساقلاپ قېلىنىدۇ، سودىگەرلەر كېچە-كۈندۈز مال-دۇنيا كويىدا يۈرگەندەك، شائىرمۇ كۈن-تۈن شېئىر ئىشقىدا ياشىشى كېرەك.

شېئىر يېزىش-پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئىش، لېكىن

يۇقىرىقىغا ئوخشاش بەزى شېئىرلىرىڭىزدا يانچۇقچىمۇ سۆيۈملۈك، چاشقانمۇ مېھرىلىك تەسۋىرلىنىدۇ. بىر شېئىرىڭىزدا يانچۇقىڭىزنىڭ قۇرۇق بوپ قالغانلىقىدىن يانچۇقچى ئالدىدا ئىزتىراپ چەككەنلىكەنسىز.

ئادىل تۇنىياز: راست. سىز ئۇرۇمچى كوچىلىرىدىكى ئاپتوبۇسلاردا گاھى ئۆز قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ قولى يانچۇقىڭىزنى كولاۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالسىز، ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام ئۇلارنىڭ قولى مېنىڭ بوش يانچۇقۇمغا ئۇرۇلغاندا بىر مۇدھىش يوقسۇزلۇقنىڭ توساتتىن يۈرىكىمدىكى بوشلۇقتا سوزۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن، يەنىلا مۇھەببەت ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ — دە، ئۇلارنى ئىشسىزلىقتىن ۋە ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايمەن. بارغانسېرى تارىيىۋاتقان يوللار مېنى شۇنداق سەرسانلار قاتارىغا سۆرەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئەسقەر يۇسۇپ: ھازىرچە بىزنىڭ قىلالايدىغىنىمىز ئاچچىقلىنىش، توسۇش، ئەپۇ قىلىش ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنساننىڭ ھاياتى ھەقىقەتنى تونۇش ۋە توغرا يولنى تېپىش يولىدا ئىزدىنىش، گاڭگىراش، يەنە ئىزدىنىش، يەنە گاڭگىراش بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىكەن. شۇنداقتىمۇ دىلى ئىمان بىلەن يورۇمىغان، كۆزى بىلىم بىلەن ئېچىلمىغانلارغا، ياراتقۇچىنىڭ رىزىق ۋە ئىنساپ ئاتا قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى!

ئادىل تۇنىياز: شېئىر يېزىشمۇ بىر خىل ئامالسىزلىق. دىلدا چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ رېئاللىقتا كۆپلەپ يۈز بېرىشى ۋە ئارزۇنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن توقۇنۇشى كىشىنى قەلەم ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ، سىزنى غېرىبلىق بېسىپ يالغۇز قالغانلىرىڭىزدا چاشقان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، تۇيۇقسىز يارنى ئەسلىتىدىغان ئىشلار بولىدۇ. مەن باشتىمۇ ئېيتقانىدىم، شېئىر كۈندەشلىكى يامان خوتۇنغا ئوخشايدۇ، بۇنداق خوتۇنلار ئېرىنىڭ باشقىلارغا قارىشىنىمۇ يامان كۆرىدۇ، ئېرىنىڭ بارلىقىنى ئۆزىنىڭ

بەزىلەرگە يوق بولسا، بەزىلەرگە يۆلەك ھېسابلىنىدۇ. بىزمۇ نۇرغۇن تەتۈر قىسمەتلەرگە يولۇقۇپ تۇرىمىز؛ كۆرۈمسىزلىشىپ قالغاندا، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك بولۇپ يېتىلگەنلىكىمىزنى كىشىلەر كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئىچىمىز نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمان ۋە ئىقتىدار - قابىلىيەتلەر بىلەن تولۇپ، تازا كۆچتۆڭگۈر بولغىنىمىزدا، جەمئىيەت ئۈچۈن قىممەت يارىتىپ تۆھپە قوشالايدىغانلىقىمىزنى، شۇ تۇرقىمىز يېپيېڭىلىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئادەم ئوتتۇرا ياشقا كىرىپمۇ شۇ باللارچە تۈيغۇدا ياشاۋەرسە ياكى بىلىدىغانلىرى باللىق چاغلىرىدىكىدىن پەرقلەنمىسە، ساقال باسقان ياكى قورۇق چۈشكەن چىراي بىلەن گۆدەكلەرچە كۆلۈمسىرەپ يۈرسە مەسخىرىگە قالىدىغان گەپ. بۇرۇنقى شېئىرلىرىمدا باللارغا خاس يىغلىرىم بىلەن مەسۇم چىرايىم بار، ئۇنى ياقتۇرىدىغانلارمۇ چىقىشى مۇمكىن. ئەمما، شائىر پىشىپ يېتىلگەنسېرى شېئىرلىرىنى دۇنياۋى سەۋىيە بىلەن سېلىشتۇرىدىغان، شېئىرلىرىغا ستېرېئولۇق مەنە ئاتا قىلىدىغان ۋە ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان بولىدىكەن! بوۋاق چوڭ بولۇشى كېرەك. تۆھپە قوشالايدىغان، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى باشقىلارغا بىلدۈرەلەيدىغان، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ھېس قىلالايدىغان ۋە ھېس قىلدۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. باشقىلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە باھا بەرگەندە ئۇنىڭ قىران چاغلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

ئادەم قىرانلىق دەۋرىگە كەلگەندە، ۋەتەن، مىللەت ۋە ئائىلە ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بولغاندەك، شېئىر پىشقاندا، شېئىرىي مەسئۇلىيەتتىن باشقا، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، روھىي ھالىتى، بەخت - سائادىتى ۋە قايغۇ - ھەسرىتىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. مۇشۇ مەسئۇلىيەتلەرنى شېئىرغا سىغداپ كىرگۈزگەندە، شېئىر گويا پىيازغا ئوخشاش قات - قات مەنىگە ئىگە بولىدۇ.

ئەسقەر يۇسۇپ: ئەسەرلىرىڭىزنى بىرەر ئېقىمغا تەۋە

بۇ ، شائىرلار باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە كىشىلەر دېگىنىم ئەمەس. مەسىلەن مەن شېئىر يازىمەن ، ناۋاي نان ياقىدۇ ، موزدۇز ئاياغ تىكىدۇ . . .

ئەسقەر يۇسۇپ : ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدىلا «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا»ناملىق شېئىرلار توپلىمىمىز نەشر قىلىنغانىدى . شۇ چاغلاردىكى ۋە بىر نەچچە يىل بۇرۇنقى شېئىرلىرىمىز ئوقۇلۇشقا قوشاقتەك يەڭگىل ، مۇزىكىدەك رىتىملىق ، ئاساسەن قاپىيە ، تۇراق ، ۋەزىنلەرگە تويۇنغان ۋە مەنە-مەزمۇنلىرى ئېنىق ئىدى . ئوڭاي بەھرە ئالغىلى بولاتتى ، ھەر جاي ، ھەر ساھەدە بۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىمىز بار ئىدى ، ھازىرقى شېئىرلىرىمىزدىن تولۇق زوقلىنىش ، كىشىدىن شېئىر ۋە ئېستېتىكىدىن بەلگىلىك سەۋىيە ھازىرلاشنى تەلەپ قىلىدىكەن ، ھەتتا بەزى شېئىر شەيدالىرىمۇ شېئىرىمىزنىڭ ئىچكى مەنىلىرىنى چۈشەنمەيكىنىڭ قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى دېيىشمەكتە . يېقىندىن بۇيان مەنمۇ خېلى كۆپ شېئىرلىرىمىزدا قاپىيە ، تۇراق . . .لارنىڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلماي ، شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ تەبىئىي ئىچكى رىتىملىرىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم ، بۇرۇنقى شېئىرلىرىمىزدا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن مىللىي پىسخىكا ، تارىخىي ئىزچىللىق ۋە يەرلىك تۈس بارغانسېرى مىسرالار قېتىغا پىنھانىراق ئورۇنلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ .

ئادىل تۇنىياز : شېئىرنىمۇ ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئوخشىتىش مۇمكىن ، بوۋاق كۆرۈنۈشكە چىرايلىق ، يېقىملىق ، جەلپ قىلارلىق ، ھەممە كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان بولىدۇ ، لېكىن بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ . كىشىلەر ياقتۇرىدۇ يۇ ، ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان بىرەر ئىشقا ئىشلىتەلمەيدۇ . كىشى ئوتتۇرا ياشقا بېرىپ ، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئەقىل - پاراسەتكە تولغان ، قىممەتكە ئىگە بولغان چېغىدا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى

شېئىلار تو پلاملىرىنى بىرنى قويماي تولۇق سېتىۋالدىم، دېيەلەيمەن. ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتىم ھەم ئۇلارنىڭ شېئىرىيەت ئىقىملىرىنىمۇ خېلى تەپسىلىي ئوقۇدۇم. بەزىلىرىگە خېلى ئىچكىرىلەپ كىرىپ باقتىم. (گەرچە مېنىڭ ئۇنتۇپ قالىدىغان كېسىلىم بولسىمۇ) شۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەن ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدىم دېيەلمەيمەن، لېكىن ئاڭلىق ھالدا بىرەرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنىمنى بىلمەيمەن. دېمەك، كونكرېت بىر ئېقىمنى ئىجادىيىتىمنىڭ رامكىسى قىلىۋېلىشتىن ساقلاندىم. بىر پارچە شېئىر ئارقىلىق بەزىدە ئەنئەنىگە سەكرىسەم، بەزىدە ئاۋانگارتلار توپىغا قېتىلىمەن، بەزىدە غەربكە ماڭسام، بەزىدە شەرققە يۈزلىنىمەن.

ئەسقەر يۇسۇپ: ئېسىمىزدە بارمىكىن، 1993 - يىلى 3 - ئايدا مەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى «ئۇچقۇن» ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسى نامىدىن سىزگە خەت يازغانىدىم. شۇ يىلى 4 - ئايدا بىزگە يازغان جاۋاب خېتىمىزدە «شائىرغا شېئىر يېزىشتىن باشقا تەلەپ قويۇلماسلىقى كېرەك، لېكىن شائىر ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولمىسا بولمايدۇ» دەپ يېزىپتىكەنسىز، ھازىرمۇ شۇنداق قارامسىز؟

ئادىل تۇنىياز: ھەئە. شائىر تەپەككۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شائىر ئۆز قەلبىنى ۋە ئۆز خەلقىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە مۇكەممەل ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئىزدىنىشى كېرەك: ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام كىتاب كۆرمەيدىغان كۈنۈم يوق. ھازىر كۈندە ئاز دېگەندە بىرەر سائەت ۋاقتىمنى كومپيۇتېردا خەلقئارا تورغا چىقىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شېئىرلار ۋە شائىرلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆتكۈزىمەن. خىلمۇخىل شېئىرلارنى ئوقۇيمەن، بۇنىڭ ئىچىدە ماڭا ئەكس تەسىر قىلىدىغىنى ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا تەۋە مەدەنىيەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ چوققىسى ۋە ئۆلچىمى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى؛ مەن

دەپ ئويلامسىز؟ شېئىرلىرىڭىزدا قانداق بىر خاھىشنى ئىپادىلەشكە بەكرەك كۆچىدىڭىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** مەن ھەربىر ئەسەرنى ئادەمنىڭ ھەربىر قېتىملىق ھاياجىنىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايمەن. بۇنداق بولغاندا ھەربىرى بىر ئېقىم بولۇشى مۇمكىن ياكى مەڭگۇ بىر ئېقىمغىمۇ، مەلۇم بىر تۇراقلىق خاھىشقىمۇ مەنسۇپ بولماسلىقى مۇمكىن.

شېئىرغا مېنىڭچە مۇتلەق بىر ئۆلچەم بېكىتكىلى بولمايدۇ، شېئىر — ئۇچۇش ئالدىدىكى ئەركىن قۇش، شېئىرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى شېئىر يېزىلىپ بولغاندا، مۇنداقچە ئېيتقاندا قۇش ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ بولغاندا بىزگە بىلىنىدۇ. مەن شېئىردا ئۆزۈمنىڭ شەخسىي دۇنياسىغا، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ رېئاللىقىغا كۆز يۇمۇۋالمايمەن ۋە ئىنسانلارنى ئالەم بىرلىكىگە باشلاپ بارغۇچى يۈكسەك تۇيغۇنىڭ پىچىرلاشلىرىغا ھەمدە شەيتىنىمنىڭ پىچىرلاشلىرىغىمۇ قۇلاق سالىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلىقىنىمۇ، بۈيۈكلىكىنىمۇ ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئازابلىرىنىمۇ ۋە سۆيگۈ ھەۋەسلىرىنىمۇ شېئىرىمدا كۆرىمەن. شۇ بويىچە بولغاندا، بىر شېئىردا شائىرنىڭ ئۆزىمۇ، ئۆزى تەۋە كىشىلەر توپىنىڭ تەقدىرىمۇ، دىنىي ساماۋى تۇيغۇمۇ بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن، بىراق قولغا قەلەم ئالغاندا، ھەر قانداق «بولۇشى كېرەك»، شېئىرنىڭ ئەسلىي روھىغا ئاسىيلىق بولىدۇ. چۈنكى، شېئىر يېزىلىشتىن بۇرۇن قەپەستە، يېزىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئاسماندا بولىدۇ، شائىرنىڭ ئىلكىدە بولمايدۇ.

**ئەسقەر يۇسۇپ:** بىرەر ئېقىمنىڭ تەسىرىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ياكى بىرەر ئېقىمنىڭ رامكىسى ئىچىدە ئەسەر يېزىشتىن خالىي ئىكەنسىز-دە؟

**ئادىل تۇنىياز:** پۈتۈنلەي ئۇنداق دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مەن 1989 - يىلىدىن تا ھازىرغىچە ھەر قانداق چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ خەنزۇچە نەشر قىلىنغان ئۇرۇمچىگە كەلگەن

شائىر بولغان. مېنىڭچە شېئىرغا بولغان تەلپۈنۈش — روھىي تەۋرىنىشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ بىر دەۋردە قىزىپ، بىر دەۋردە سوۋۇمايدۇ. ئەتراپىمىدىكى كىشىلەرنىڭ شېئىر يازالايدىغىنىمۇ، يازالمايدىغىنىمۇ، شائىرنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدىغانلارمۇ، يامان گېپىنى قىلىدىغانلارمۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئادەملەر. شېئىر يازىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكى بىر-بىرىنى تولۇقلىسا، تولۇقلايدۇكى، بىر-بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. بۇلار ئۆز يولىدا مېڭىۋېرىدۇ، شائىرلىقمۇ مەڭگۈ قوشۇمچە مېھنەت، ئۇ كۈندە شۇغۇللىنىشقا بولىدىغان كەسىپ ئەمەس، ئۇ ھېچكىم ھېچكىمگە ئۆگەتمەيدىغان، ھېچكىم ھېچكىمگە مىراس قالدۇرمايدىغان كەسىپ. —

ئەسقەر يۇسۇپ: ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە تۇرغان مەزگىللەردە، دۇنيا شېئىرىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، نۇرغۇن تەسىراتقا ئىگە بولغانلىقىڭىزنى دەپ ئۆتكەنىدىڭىز، بۇنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا ياكى ئىجادىيىتىڭىزگە بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەسىر ئېلىپ كەلگەنلىرى بارمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: ئۇ يەردە مەن ئاساسەن ئىنگلىز تىلى گاھىدا ئەرەب تىلى ئارقىلىق دۇنيا شېئىرىيىتى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ يەردە بىر مۇسۇلمان بولغۇچىنىڭ كۆڭلى-كۆكسى يايراپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە كىشىلەر ئىبادەتتىن باشقىغا ئانچە ئالدىرىمايدۇ. ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ۋاقتىدا تەرەپ-تەرەپتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ناماز ۋاقتىدا بايلارنىڭ ماشىنىلىرىنى توختىتىپ مەسچىتكە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئادەتتىكى ھۈنەرۋەن — تىجارەتچىلەردىن تارتىپ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگىچىلىك ناماز ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىخلاسمەنلىك ۋە ئىسلام ئۆرپ-ئادەتلىرى كىشىگە ھەم زامانىۋىلىك، ھەم قەدىمىيلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ يەردىكى بىنالار، يوللار، بازارلار ۋە ماشىنا — ئاپتوموبىللار زامانىۋى بولغان بىلەن يەنە روھىي جەھەتتە

دەۋرداشلىرىمىزنىڭ ھازىرقى كاتتا شېئىرىيەت ئامېرىكا شېئىرىيىتى دېگىنىگە قوشۇلمايمەن. ئامېرىكىنىڭ توردىكى شېئىرلىرىغا قاراپ دۇنيا شېئىرىيىتىدىن مەيۇسلىنىپ قالىمەن. بۇ شېئىرلار تۇرمۇشقا ھەددىدىن زىيادە يېقىنلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئامېرىكا شائىرلىرى كۆپىنچە شېئىرلارنى تۇرمۇشقا باغلاپ ئىستېمال قىلغىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن، ئۇنى ھېچقانداق بىر شېئىرىي مەنە چوڭقۇرلۇقى بولمىغان، بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدىغان، ھەتتاكى يېگىلى بولىدىغان چاكىنا نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بۇنداق «شېئىرلار» دىن مۇقەددەس تۇيغۇ، بۈيۈك ئارزۇ، قايناق ھاياجانلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ، كىشىگە بەك قۇرغاق تەسىر بېرىدۇ.

ئەسقەر يۈسۈپ: بىر ئوقۇتقۇچۇم ماڭا: «نەۋائى ھەزرەتلىرى جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ شېئىر يازىدىكەن» دەپ بەرگەنىدى، مەنمۇ شېئىر يېزىشنى ئادەمدىن پاكلىق تەلەپ قىلىدىغان مۇقەددەس ئىش دەپ ئويلايتتىم. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، شېئىرنىڭ ئۇلۇغلۇقى چاكىنا رېئاللىقتا يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك، ھەممىلا ئادەم شېئىرىيەت كوچىسىغا كىرىۋالغاندەكلا ھېسسىياتلاردا يۈرىمەن. مۇقەددەس ئىش دېگەننى مۇقەددەس ئىرادىگە، مۇقەددەس تۇيغۇ ـ ۋۇجۇدقا ئىگە ئادەملەر قىلسا بولاتتىغۇ؟

ئادىل تۇنىياز: مەن ئۇنداق قارىمايمەن. شېئىر دېگەننى تۇرمۇش ۋە تەبىئەتنىڭ مۇقەددەسلىكىدىن ئىلھاملانغان ھەرقانداق كىشى يازسا بولىدۇ. لېكىن، ئۇنى مۇقەددەس پېتى يازالايدىغانلار ئاز بولىدۇ. مەن ئەتراپىمدا شېئىر يازىدىغانلارنىڭ كۆپ بولۇشىنى شېئىر كۇرسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى دەپ قارىمايمەن. شېئىر دېگەننىڭ بۇرۇنمۇ بەك بازىرى چىقىپ كەتكەن نەرسە ئەمەس. شېئىر ئۈچۈن بۇرۇن بىلەن ھازىرنىڭ پەرقى يوق. نەۋائى دەۋرىدىمۇ ھەممە ئادەمنىڭ شېئىر ئوقۇيدىغان بولۇشى ناتايىن. شۇ چاغدىمۇ ساناقلىقلا

نەشرىياتقا شېئىر توپلىمى تاپشۇرغاندىم، ئۇمۇ چىقمىدى. كەلگەندىن كېيىن بەرگىنىممۇ تېخىچە شۇ يەردە. ھازىرقى كۈنلەردە كىتاب چىقىرىش دېگەنلىك، تىراژغا ئۆزى ئىگە بولۇش، كىتابنى ئۆزى سېتىۋېلىش دېگەنلىك بولىدىكەن. مىلك بىر جاپادا يازغاننى بىزدەك مائاشلىقلارمۇ ئۆز پۇلىغا نەشر قىلدۇرىدىكەن. بۇنىڭغا كۈچ چىقىرىدىغان ئورۇن ياكى ئادەم بولمىغاچقا، يېقىندا ئۇلارنى ئۆزۈم پۇل چىقىرىپ نەشر قىلدۇرماقچىمەن. بۇ ئەقىلنىمۇ ماڭا تورپاندىكى قەلەمكەش دوستۇم ئۆمەرجان سىدىق كۆرسەتتى.

ئەسقەر يۈسۈپ: توپلامىڭىزغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ھازىرغىچە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان شېئىرلارمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: كۆپىنچىلىرى ئېلان قىلىنمىغان. بۇ شېئىرلار 1994 ــ يىلىدىن 2003 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شېئىرلىرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئۈچ توپلام بولاتتى، ئەمما يىغىشتۇرۇپ ئۈچ بۆلەككە ئايرىپ بىرلا توپلام قىلدىم. توپلامنىڭ ئىسمى «چۈمبەلدىكى كۆز» دەپ قويۇلدى. بىرىنچى بۆلەكنىڭ ماۋزۇسى «قىزغىن ئەتىرگۇل»، بۇنىڭغا 1994 ـ يىلىدىن 2000-يىلىغىچە يازغانلىرىم كىرگۈزۈلگەن، ئىككىنچى بۆلەكنىڭ ئىسمى «ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى»، بۇنىڭغا 2000 ـ يىلىدىن 2002 ـ يىلىغىچە چەت ئەلدە تۇرۇپ يازغان شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. ئۈچىنچى بۆلەكنىڭ ئىسمى «توكلۇك كېچە»، بۇنىڭغا ھازىرغىچە يازغانلىرىم كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلامدا مەن بىر نەچچە يىل «ئادىل تۇنىياز» بولۇپ مەيدانغا چىقىپ، شەكىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشتىم.

ئەسقەر يۈسۈپ: ئادىلجان، ئۆمۈر بويى ئۇيغۇر تىلىدا ئىجاد قىلىش بىلەن شۇغۇللىنامسىز ياكى ئەرەب تىلى، ئىنگلىز تىلى بىلەن يېزىقچىلىق قىلىش ئويىڭىز بارمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: مېنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتىكى مەقسىتىممۇ دۇنيا شېئىرىيىتىدىن بەھرىلىنىش ۋە ۋاقتى كەلسە

قەدىمىيلىكىنى ۋە دىنىي ئەنئەنىنى ساقلاپ قالغان . ئاياللار ئاندا - ساندا ئۆتتۇشىمۇ «ئابايى» دېيىلىدىغان قارا كىيىم بىلەن چىقىدۇ . ئۇ يەردە جىنسىي ۋەسۋەسە بىلەن تەقۋادارلىق ئوتتۇرىسىدا كىشى كۆز بىلەن كۆرەلمەيدىغان بىر خىل مۇۋازىنەت بار ئىكەن . بۇ خىل مۇھىتتا ئەرلەر تېخىمۇ ئەر بولىدىغان ، ئاياللار تېخىمۇ ئاياللىشىدىغان گەپ ئىكەن .

مېنىڭچە ئەر دېگەن ئېتىقادى مۇستەھكەم ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ، ئۆز زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلالايدىغان ئادەم . ئاياللارمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوبدان تەربىيىلەيدىغان ، ئېرىنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى كەم - كۈتىلىرىنى تولۇقلايدىغان ، خۇلق - مىجەز ، نازاكەت - سۈلكەتلىرى بىلەن ئاياللىق سۈپىتىنى تېخىمۇ جىلۋىلەندۇرگۈچى كىشى . ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق نۇرغۇن مۇسۇلمان ئەللىرىدە كىشىلەر تەقۋادارلىق ھوزۇرى بىلەن شەيتاننىڭ غىدىقلىشى ئارىسىدا ياشايدۇ . خۇددى ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋا ئانا جەننەتتە دۇچار بولغان قىسمەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئىستەك ۋۇجۇدىنى قاپلايدۇ . چاڭقاقلىق ۋە ئىنتىزارلىق ھاياتنىڭ جۇشقۇن ۋە سېھىرلىك تۈس ئېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ . مەن ئۇچۇن بۇنداق مۇھىت تېپىلماس بايلىق ئىدى . بۇ يەر مېنىڭ شېئىر يېزىشىمغا ئەڭ مۇۋاپىق جايدەك قىلاتتى . بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە مەن ئۈچۈن يېڭى ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى . مەن ھاياجانلىنىپلا يۈرەتتىم . شۇنداق دېيەلەيمەنكى ھاياتىمدىكى ئۆزاقتا سوزۇلغان ئەڭ يۇقىرى ھاياجانلىق دەملەر ئۇ يەردە ئۆتتى . ئېسىل شېئىرلارنى ئۇ يەردە جىق يازدىم .

ئەسقەر يۈسۈپ : ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شېئىرلىرىڭىزنى ئۈچ توپلام قىلىپ نەشرىياتقا تاپشۇرغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم ، ئىككى يىل بولدى ، ھېچ خەۋىرى يوققۇ ؟

ئادىل تۇنىياز : مەن ئۇ يەرگە مېڭىشتىن بۇرۇنمۇ

شېئىرىيىتىنى سىلىشتۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: شېئىر تەرەققىي قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەزى پەرقلەرگە قاراپلا بۇ مىللەتنىڭ شېئىرىيىتى يۇقىرى سەۋىيىلىك، ئۇ مىللەتنىڭ شېئىرىيىتى تۆۋەن سەۋىيىلىك دېگىلى بولمايدۇ. شېئىرنى سەۋىيە جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس، شېئىرغا مۇقىم ئۆلچەم قىلىدىغان سەۋىيە بولمايدۇ، ھەر بىر مىللىي تىلنىڭ ئۆز رىتىمى، مۇزىكىسى ۋە شېئىرى بار. قەدىمكى يۇنان دەۋرىدىكى ئەپسانە - چۆچەكلەردىن ياكى نەۋائىي شېئىرلىرىدىن ھازىرقى ئەپسانە - چۆچەك ۋە شېئىرلارنى يۇقىرى سەۋىيىلىك دېگىلى بولمايدۇ. روھ دېگەننىڭ تەرەققىياتىنى بىلگىلى بولمايدىكەن. شېئىر — روھنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، يۈكسەكلىك ياكى چاكىنىلىق بىلەن شېئىرغا باھا بەرگىلى بولماس. ماڭا بىر مىللەت بىلەن يەنە بىر مىللەتنىڭ شېئىرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى ئانچە بىلگىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى ئومۇمىي گەۋدە سۈپىتىدە ئەنئەنىنى ساقلاپ قالغانىكەن. ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان بىر تۇركۇم ئەرەب شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى ئامېرىكا شېئىرىيىتى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئىسلام روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولغاچقا، ئەرەب ئەللىرىدە تەسىرى زور ئىكەن. يەنە بىر قىزىق يېرى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوردا شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇرىدىكەن، پادىشاھلارغا مەدھىيىلەر ئوقۇلىدىكەن. بۇنداق شېئىرلارنى مەن «ئەلخەلىج» (قولتۇق) ناملىق گېزىتتىن كۆرگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ھازىر شېئىرغا باھا بېرىشتە يەڭگىلتەكلىك جىق. ئېيتىش كېرەككى، شېئىرغا ۋىجدان بىلەن لىللا مەيداندا تۇرۇپ، سەنئەتنى چىقىش قىلغان ھالدا سەممىيلىك بىلەن ئادىل باھا بېرىش كېرەك. ھەرقانداق خۇسۇسىي غەرەز، خۇپىيانە مۇددىئا يوشۇرۇنسا بولمايدۇ.»

ئۇلاربىلەن رىقابەتلىشىش ئۇچۇن ئىدى. لېكىن، شائىر ئۆز تىلى بىلەنلا ئەڭ ئەركىن قەلەم يورغىلىتالايدۇ ۋە بەيگىگە چۈشەلەيدۇ. ئۇلۇغلىرىمىزدىن سەل بۇرۇنقى پىر - ئۇستاز ئەۋائىي بولسۇن ياكى يېقىندا ئۆتكەن تەجەللى ھەزرىتىم بولسۇن، كۆپلىگەن كلاسسىكلىرىمىز بىر نەچچە خىل تىلدا شېئىر يازالايدىكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقى ئارىسىدا قىممىتىنى تونۇتقىنى يەنىلا ئانا تىلىدا ئىجاد قىلغانلىرى؛ ھازىر بىزنىڭ ئۆگىنىۋاتقانلىرىمىز بەك كەڭ دائىرىلىك بولۇپ كەتتىمۇ ياكى ئىقتىداردا چېكىندۇقمۇ قانداق، ئارىمىزدىن باشقا تىلدا ئىجاد قىلالايدىغانلار بەك ئاز چىقتى. ئەمما، شېئىرلىرىمىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بېقىش ئويۇم بار.

ئەسقەر يۇسۇپ: ئاڭلىسام، بەزىلەر شېئىر يېزىشتىن بۇرۇن شېئىرىي ئەسەرلەرنى ياكى باشقا كىتابلارنى ئوقۇپ، شۇ جەرياندا كاللىسىدا پەيدا بولغان پىكىرنى شېئىر قىلىپ يازىمىش، سىزدىمۇ شۇنداق ئەھۋاللار بولۇپ باققانمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: مۇتلەق ئۇنداق بولمىغان دېيەلمەسمەن. لېكىن، ئامالىنىڭ بارىچە ئاشۇنداق بولۇپ قالماسلىققا تىرىشتىم. ئىلھاملىرىم كىتاب ئوقۇشتىن ئەمەس، بۇ تىلسىم تەبىئەتتىن، سىرلىق دىنىي تۇيغۇلاردىن ۋە ئىنساننىڭ رەڭگارەڭ كەچۈرمىشلىرىدىن كەلگەن. كۆپىنچە ئەل - ئاغىنىلەر بىلەن پۇخادىن چىققۇدەك پاراڭلىشىپ كەلگەن چاغلاردا ياكى يالغۇزلۇق بېسىۋالغاندا جىقراق يېزىپ قالىمەن. لېكىن، ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇشتىن توختاپ باقمىدىم. ئۇ ھەر كۈنلۈك تاماقىمغا ئوخشاش كۈندىلىك ئادىتىمگە ئايلىنىپ كەتكەن.

ئەسقەر يۇسۇپ: ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئەلئەيىندىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا مەخسۇس كىتاب ئوقۇش بىلەن ئالتە - يىللارنى ئۆتكۈزدىڭىز، شۇ جەرياندا دۇنيا شېئىرىيىتى ياكى ئەرەب شېئىرىيىتى بىلەن ئۇيغۇر

كىچىك بالا؛ شائىرلار پەيغەمبەرلەردىن كېيىنكى، مۇشۇ چەكسىز رېئاللىقتىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرگەن ئۇممەتلەرنىڭ روھىي قۇياشى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان؛ شائىرلار مىللەتنىڭ قەلب تارىخىنى پۈتكۈچى؛ تولۇق بويسۇندۇرۇلۇپ بولمىغان ھەرقانداق مەدەنىي جەمئىيەتتە شائىر ئەڭ ئاخىرقى ياۋايى ئادەم» دەپ يازغانىكەنسىز، بۇلارنى ئوقۇغان ھەربىر شېئىر يازغۇچى مەمنۇنىيەت ۋە مەسئۇلىيەت ھېس قىلماي قالمايدۇ. ھازىرمۇ دىنىي تۇيغۇ بىلەن جىنسىي ئاڭ شېئىرىڭىزنىڭ ئىككى قانىتى دېگەن قارىشىڭىزدا چىڭ تۇرامسىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** ئالدى بىلەن ئېيتالايمەنكى، شېئىر — مېنىڭ دوستلارغا جۈملىدىن خەلقىمگە يوللىغان سالامىم. شېئىر — داستانلىرىم باللىقىمدىكى كەچۈرمىشلەر ۋە ھازىرقى ھېس-تۇيغۇلىرىمنىڭ روھىي خاتىرىسى. مەن كۆپىنچە ئۆزۈم ئوقۇغان شېئىرلارغا ئەمەس، ئۆز قەلبىمدىكى شېئىرلارغا ئەگىشىمەن. شائىردىن ئىبارەت بۇ ياۋايى ئادەم ئۆزىنى مەدەنىيەت ئېڭى ۋە دىنىي تۇيغۇ بىلەن چەكلەپ تۇرغاندا ئۇ شائىر بولىدۇ، ئۆزىنى قويۇۋەتسە ياكى بەرداشلىق ۋە ئىخلاستىن ئايرىلسا، تەن - جاندىكى كۈچ ئوشۇقچىلىقى ئىسراپ بولىدۇ — دە، يارىماس ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

شېئىر يېزىش — بىر ئادەمنىڭ ياكى ئىنسانىيەتنىڭ باللىق دەۋرىدىكى پاك تۇيغۇلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. شائىرلار باشقىلارغا قارىغاندا ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىچكى كۈچ (ئېنېرگىيە ماگمىسى) نىڭ ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇشى ئۇلارنى قەلەم ئېلىشقا، ئىجاد قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇ گوياكى خۇنخورلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارى تۇتقاندەك بىر ئىش. شۇڭا، شېئىر يازماي ئامال يوق. بۇنداق ھاياتىي كۈچنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى - جىنسىي ئېنېرگىيە، شۇنداقتىمۇ جىنسىي ئېنېرگىيىنىلا ئەتىۋارلاپ، جىنسىي

ئەسقەر يۇسۇپ : ئاڭلىشىمچە ئامېرىكىدىكى شېئىرىيەت جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان خەلقئارالىق شېئىرىيەت مۇسابىقىسىنىڭ يېرىم ھەل قىلغۇچلۇق مۇسابىقىسىگە ئىنگلىزچە يازغان بىر شېئىرىڭىز تاللىنىپ، «شېئىرىيەتنىڭ ئاۋازى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلۈپتۇ، بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟ قانچىلىك ۋاقىتتا ئىنگلىزچە ئۆگىنىپ، ھازىرقىدەك ئىنگلىزچە كىتابلاردىن بەھرىلىنەلەيدىغان سەۋىيەگە يەتتىڭىز؟

ئادىل تۇنىياز : بۇ جەمئىيەتنىڭ ئادرېسىنى توردىن تېپىپ، «3 ـ ئايغا كىرىش» ناملىق شېئىرىمنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتكەنىدىم، شېئىرىم تاللانغاندىن كېيىن، بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇدىرى ماڭا خەت يېزىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتقان. بۇنىڭ جەريانىنى شېئىرلار توپلىمىدا تەپسىلىي ئېيتقانىدىم، بۇ يەردە كۆپ توختالماي. ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى مەن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن باشلىغان، يەتتە — سەككىز يىللارچە بولدى. ئەمما، بەزىدە تاشپاقىدەك ئاستا، بەزىدە شىردەك ئېتىلىپ تۇرۇپ ئۆگەندىم. دەسلەپتىكى ئارزۇيۇمدا ئىنگلىزچە شېئىرلارنى ئوقۇش ئۈچۈنلا ئۆگەنگەن، ئەمدىلىكتە شېئىرلىرىمنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ بېقىش خىيالىدا، تېخىمۇ قىزىقىپ ئۆگىنىۋاتىمەن.

ئەسقەر يۇسۇپ : شېئىر ئېتىبارسىز قېلىۋاتقان، شائىرلار چەتكە قېقىلىۋاتقان زامانلارغا رېتورىك سوئال سۇپىتىدە بىر ماقالىڭىزدە شېئىر ۋە شائىر توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك تەبىرلەرنى بېرىپتىكەنسىز: «شېئىر — ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان، خۇدا بىلەن ئىنساننىڭ، ئىچكى دۇنيا بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشى؛ شېئىر يېزىش — بىر خىل ئىلاھىي پائالىيەت، تىل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇقەددەس مۇراسىم»؛ «شائىرلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغان

تارتقان ــ تارتمىغانلىقى بىلەن ئۆلچەنمىدىغان ئوخشايدۇ. بىر خەلق دۇنياغا تونۇلمىغۇچە ئۇنىڭ سەنئىتى ۋە سەنئەتكارلىرىغا، شېئىرى ۋە شائىرلىرىغا كىشىلەر ئانچە نەزەر ــ كۆزىرىنى سالمايدىغان ئوخشايدۇ. يەنە بەزىدە خەلقئارالىق مۇكاپات ۋە ئېتىراپ قىلىنىشلار ئاۋۋال بىر مىللەتنىڭ شېئىرىگە (ئەدەبىيات ــ سەنئىتىگە) بېرىلگەندىن كېيىن، ئاندىن خەلقنى تونۇيدىغان بىر خىل مۇناسىۋەتمۇ بارمىدۇ يا، دەپ قالىمەن.

## 3. تەپەككۇر يوللىرى

ئەسقەر يۈسۈپ: سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزدىكى ئۆزگىچىلىكتىن باشقا، ماقالىلىرىڭىزدىكى يېڭىچە قاراشلار، يەنى تەپەككۇر ئۆزگىچىلىكى مېنى قىزىقتۇرىدۇ. بۇ ئۆزگىچىلىكلەرنى ماقالىڭىزدە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن ھېس قىلدىم: ئەر مىللەت ۋە ئايال مىللەت قارىشى؛ ۋاقىت بىلەن جىنسىي ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتى؛ ئاي كالېندارى ئاساسىدىكى ئاي مەدەنىيىتى ۋە قۇياش كالېندارى ئاساسىدىكى قۇياش مەدەنىيىتى؛ دىنىي تۇيغۇ ۋە يەھۇدىيلار توغرىسىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرىڭىز، شۇنداقلا سۆزگە بولغان تەكرار ھاياجىنىڭىز قاتارلىقلار. بۇلار مەدەنىيەت ھەققىدىكى شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسىمىكىن دەپ ئويلايمەن.

ئادىل تۇنىياز: مەدەنىيەت ماڭا نىسبەتەن ۋاقىتنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىش ھالىتىدەك تۇيۇلىدۇ، يەنى ۋاقىت ئىنسانىيەتنىڭ غەيبنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش ۋە ماسلىشىش ئېڭىغا ئاساسەن مەۋجۇت بولىدىغان رېئال نەرسە ھەم ئىنساننىڭ ئەركىنلىك ۋە باشباشتاقلىقى بىلەن بەرىكىتى تۈگەپ، غايىب بولىدىغان يوق نەرسە. شۇڭا، شەرقنىڭ ۋە غەربنىڭ مەدەنىيىتى ئوخشاشمىغاچقا ئۇلارغا تەۋە ۋاقىتنىڭ سۈرئىتى ۋە بەرىكىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس.

ئەركىنلىكنى كۆپ تەرغىب قىلغان جەمئىيەت ھامان زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ. ئالىملار ھازىر، قەدىمدە ئاۋاتلاشقان بابىل شەھىرىنىڭ خارابىلىشىنى ھەددىدىن ئارتۇق جىنسىي باشباشتاقلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قاراشماقتا. مېنىڭچە ئۇ ئەينى زامان كىشىلىرى چېكىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن غەيبىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋەيران بولغان مەدەنىيەت. ئاۋستىرىيىلىك دوختۇر فروئىدنىڭ روھىي ئانالىز تەلىماتى، 20 ــ ئەسىردىكى غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە، ھەتتاكى پۈتكۈل دۇنياغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بۈگۈنكى بىر قىسىم پاجىئەلەرنىڭ مەنبەسىنى شۇنىڭدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. شۇڭا، ئېيتىمەنكى، دىنىي تۇيغۇ ياكى تەقۋادارلىق ئارقىلىق ئۆزىنى چەكلەپ تۇرمىغان ئادەم ئاخىر بەرباتلىققا يۈزلىنىدۇ. مەن تىلسىم تۇيغۇ ۋە ساماۋى روھلار بىلەن جىنسىي ئىستەك ۋە ھاياتىي كۈچنىڭ سوقۇلۇشى ـ ئۇرۇلۇشىدىن شېئىر پەيدا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇلارنىڭ بىرىنى چەكلەپ بىرىنى قويۇۋەتسە بولمايدۇ. بىرىنى بەك قويۇۋەتكەنلەر بىر ئىسمىنى ئاتاشنىمۇ خالىمايدىغان كۈچىدىكى بىر بۇزۇق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئارتۇق ئېنېرگىيىنىڭ مۇۋازىنىتىنى شېئىر ئارقىلىق ساقلاپ قالالىغان ئادەم شائىر بولىدۇ.

**ئەسقەر يۈسۈپ**: بەزىلەرنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىرەر ئېقىم يوق، پات ئارىدىمۇ ئېقىم پەيدا بولمايدۇ» دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم، سىزنىڭچە شۇنداقمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز**: ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھېچكىم ئېقىم پەيدا بولمىدى، دېيەلمەيدۇ. پەقەتلا شۇ ئېقىمنى ئايرىيدىغان ئادەم كەم، مېنىڭچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نۇرغۇن ئېقىم ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈدەك دۇنياۋى شائىر ـ يازغۇچىلار بار. پەقەتلا ئۇنى بايقايدىغان كۆز، كۆتۈرۈپ چىقىدىغان كۈچ يوق.

نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش — بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ خەلقئارادا ئورنى بار ـ يوقلۇقى، دۇنيا ئەللىرىنىڭ دىققىتىنى

مۆجىزىسى، نېمىتى ۋە ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىلىرىگە بەرگەن سوۋغىسىدۇر. ھەممە نەرسە ۋاقىتتا مەۋجۇت، ئۇنىڭ يوقالغانلىقى — ۋاقىتنىڭ تۈگىگەنلىكىدۇر. تەرەققىي قىلغان ئەللەر نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتى، بىزدە نۇرغۇن نەرسىلەر يوق، بىراق ۋاقتىمىز بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەڭ-كۇشادە. ۋاقىتلا بولىدىكەن بىز يوق نەرسىلەرگە ھامان ئېرىشەلەيمىز.

**ئەسقەر يۇسۇپ:** بىزنىڭ تەكلىپىمىز بىلەن يېقىندا «مەڭگۈ تاش» قىرائەتخانىسىدا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا لېكسىيە سۆزلەپ بەرگەن ۋاقتىڭىزدا «ئۆزۈمنى دائىم بۈيۈك بىر بىرلىك ئىچىدە ھېس قىلىمەن. ھاياتلىقتىكى ھەربىر نەرسە ئىلاھىي قۇدرەت بىلەن بىر- بىرىگە شۇنداق ماسلاشتۇرۇلغان ھالەتتە يارىتىلغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۆزۈمنى تەقۋادارلىق ئارقىلىقلا تۇتۇپ تۇرىمەن، ۋۇجۇدۇمدىكى دەۋرەپ تۇرغان قىزغىنلىق بىلەن دىنىي پەرزلەر ئارىسىدا نۇرغۇن شېئىرلىرىم بارلىققا كەلگەن. گاھىدا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئىماننىڭ ھىدايىتى ئوتتۇرىسىدا تەمتىرەپ قالىمەن. شۇنداقتىمۇ قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان مۆجىزىۋى مەۋجۇتلۇق ۋە ساماۋى روھلار كۆڭلۈمگە ئاراملىق ۋە بىئاراملىق بېغىشلايدۇ. خەلقىمىز ئۇلۇغ بىر ھېكمەتنى، بۈيۈك بىر سىرنى ساقلاپ ياتقان خەلق...» دەپ سۆزلەۋاتقىنىڭىزدا ماڭا بىر تېلېفون كېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدىم. شۇنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىغۇم بار.

**ئادىل تۇنىياز:** شۇنداق. ھەربىر دەقىقىدە ياراتقۇچىنىڭ مۆجىزىسىنى، كارامەتلىرىنى ھېس قىلىپ تۇرىمەن، بۇ دۇنيادا مەن ئېرىشكەن ھەربىر نەرسە ئۇچۇن چەكسىز ھەمدۇ سانا ئېيتقۇم كېلىدۇ. ئىنسان بىر يۇتۇم سۇ، بىر بۇردا نان ۋە بىر تىنىقى ئۇچۇنمۇ ئىگىسىگە تەشەككۇر ئېيتىشى لازىم. ئېتىقاد شۇنچىلىك يۈكسەك ۋە شۇنچىۋالا قۇدرەتلىككى، تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ئىنسان قەدىر- قىممىتى يوقالغان، مۇقەددەس ئەنئەنىلەر

**ئەسقەر يۇسۇپ:** غەرب ئېگى ۋە مەدەنىيىتى غەرب ئەللىرىنىڭ ۋاقىتنى بەلگىلىگەن دېمەكچىمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** شۇنداق. ئوقۇش ئۈچۈن چەت ئەلگە كەتكەن دوستىمىز رەپقەت غازى قايسى كۈنى لوندوندىن تېلېفون بېرىپ ماڭا: «بۇ يەردىكى ئادەمگەرچىلىك بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن مىسالەن، بىر كىمنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئايرودرومغا چىققاندا، كەلگۈچى كىشى ئالدىغا چىققۇچىنىڭ بېرىش ــ كېلىش كىراسىنىمۇ تۆلەيدىكەن، بۇ يەردىكى مېھماندارچىلىق سېخىيلىقى تۇتسا بىرەر ۋاخ تاماق يېيىش بىلەنلا چەكلىنىدىكەن، سېخىيلىق دېگىنىمىز ۋاقىت جەھەتتىكى سېخىيلىق ئىكەن، مېھمان بولۇنغۇچىمۇ ئۆز تامىقىنىڭ پۇلىنى ئۆزى تۆلەيدىكەن، ۋاقىتنى چىقىرىپ دوستىغا ھەمراھ بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا چوڭ ئادەمگەرچىلىك قىلغانلىق، دوستلۇقنى يەتكۈزگەنلىك بولىدىكەن. بۇ جەمئىيەت ماددىي جەھەتتىن تويۇنۇش ھالىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، كىشىلەر مېھىر ـ شەپقەت گادايلىقىدا ئۆتىدىكەن، ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق يەتكۈزىدىغان پائالىيەتلەرگە چولى تەگمەيدىكەن» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەنمۇ چەت ئەلدىن مۇشۇنداق ھاياتىي كۈچ ۋە مۇھەببەتكە تولغان ئادەملىرىمىز ئارىسىغا قايتىپ كەلدىم. بىزدە ۋاقىت ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت ـ ئىخلاسىنى بىلدۈرگۈچى سورۇنلار (نەزىر-چىراغ، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم) ئۈچۈن، ياراتقۇچىغا تەشەككۈر بىلدۈرىدىغان ئىبادەت ئۈچۈن، ماددىي مەئىشەتكە قارىغاندا، روھىي ئازادىلىك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا، ۋاقىت گويا ياراتقۇچىنىڭ بىزگە قىلغان مەرھەمىتىدەك ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ. بىز كۆرۈپ، ئاڭلاپ ۋە ھېس قىلىپ تۇرغان غەرب رېئاللىقى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى غەربتە ۋاقىت يوق، غەربتە ۋاقىت ئاز قالغان، ۋاقىتنىڭ بەرىكىتى تۈگىگەن. ئەمەلىيەتتە ۋاقىت ياراتقۇچىنىڭ ئەڭ كاتتا

نەرسىدە ئۆز خاسلىقىنى ساقلايدۇ. ھەربىر ئورتاق ھادىسىدىن شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيىتى، پسىخىكىسى ۋە روھىي تارىخىنى بىلگىلى بولىدۇ.

«تام چاقىقۇچىلار» ناملىق بىر شېئىرىم بولىدىغان، بۇ شېئىردا مىللەتنىڭ دەل ئاشۇ مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى ئىپادىلىگەنىدىم. بىر كۈنى بىر ئاشخانىدا كونا تاملارنى چېقىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئىككى مۇساپىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ بىرى بىر قېرىنداشنىڭ تام ئاستىدا جان بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ «تام ئادەمنى قوغلايدۇ» دېدى. كېيىن بۇ سۆزنى شېئىرىمدا ئۆز ئەينى ئالدىم. شەھەرلىرىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ئېگىز بىنالار بىلەن يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يېڭىلىنىش بىزنىڭ غېرىبلىقىمىزنى يېڭىلىماقتا، ئۇبدان دىققەت قىلىدىغان بولساق بۇ بىنالارنى سالغۇچىلار بىز ئەمەس، چاقىقۇچىلار بىز ئىكەنمىز. ئۇرۇمچىدىكى ھەرقانداق بىر كونا بىنا چېقىلماقچى بولىدىكەن، ئۇلارنى ھامان ئۇيغۇرلار ئۈستىگە ئالىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ تام چېقىۋاتقىنىنى كۆرىمىز، سېلىش، قۇرۇش بىرخىل سوغۇق قان مەدەنىيەت، شۇ مىللەتنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەقلىيلىك خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان ھادىسە. چېقىش، بۇزۇش ۋە ۋەيران قىلىش ـ ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچىنى، ھېسسىياتنىڭ تىزگىنسىز ئۆزىنى ئىپادىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ مىللەتنىڭ قۇرۇماس ھاياتىي كۈچىنى ۋە ھېسسىيات ئامىلىغا باي خاراكتېرىنى چۈشەندۈرىدۇ. تام چاقىقۇچىلارنىڭ جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ تام چاققان ھالىتى ماڭا بىر خىل قارام ھاياجاننى، يەنى ئۆيلەر ئۆي ئەمەس گويا بالىياتقۇدەك ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. بۇ ھەم ھەقىقىي ئەرلىك خاراكتېرنىڭ، ھەم ئەر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى ئىپادىلىنىشىدەك تۇيۇلدى.

ئەسقەر يۇسۇپ: بۇگۈنكى دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەر قانداق دىن شەھۋانىيلىقنى، ھاراق ئىچىپ

قىرىسقا دۇچ كەلگەن، مەئىشەت ۋە ھاۋايى-ھەۋەس كىشىلەرنى سىرلىق بىر ھالاكەتكە باشلاپ كېتىۋاتقان دەۋردە بىز پاكلىنىشقا ۋە ھىدايەتكە موھتاج.

ئەسقەر يۈسۈپ: ئادىلجان سىزنىڭ 1993 - يىللىرى «ئەر مىللەت ۋە ئايال مىللەت» ناملىق ئىلان قىلىنمىغان ماقالىڭىزدە ۋە شېئىرلىرىڭىزدا تەكلىمانىنى بالىياتقۇغا ئوخشاتقانلىقىڭىز ھەم-تۇنجى قېتىم ئەرمىللەت ۋە ئايال مىللەت قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەكلىماكاننى ئەر مىللەتنىڭ ماكان ئېگىدىكى بالىياتقۇغا ئوخشىتىپ، قەدىمدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئورخۇن - سېلېنگا ۋادىلىرىدىن بۇ ئۈچ تاغ ئىككى ئويمانلىق ئارىسىغا كۆچۈپ كېلىشىنى شېئىرىي تەپەككۇر بىلەن شەرھلىگەنىدىڭىز. كېيىنچە ياپونىيە ئالىملىرىمۇ تەكلىماكاننىڭ ھەقىقەتەن بالىياتقۇغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھەيران قالغان ھالدا بايقىغان، دوكتور ئەسئەت سۇلايمانمۇ يېقىندا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدە تەكلىماكاننى بالىياتقۇغا ئوخشايدۇ، دېگەنىدى. كېيىنچە سىز بۇ سىرلىق قۇم دېڭىزىدىن ئايرىلىپ، ھەقىقىي دېڭىز بويىدا ئىككى يىل ياشىدىڭىز، بۇ تىلسىملىق ماكانغا بولغان سېغىنىشىڭىز، بالىياتقۇغا بولغان تەلپۈنۈشىڭىز ئىپادىلەنگەن نۇرغۇن شېئىرلىرىڭىز بارلىققا كەپتۇ، گەپنى يىغىنچاقلىسام ئەينى يىللاردا سىز تۇيۇقسىزلا ئاشۇنداق ئاجايىپ گەپلەرنى دەيتتىڭىز، گويا بېشارەتچىلەردەك پىچىرلايتتىڭىز، دېگەنلىرىڭىزنىڭ كۆپىنچىسى توغرا چىقاتتى. ھازىرمۇ شۇنداق مۇقەددەس تۇيغۇلاردا بولامسىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** بۇنداق تۇيغۇلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئادەتتە بۇنداق ئەھۋال يەتتە — سەككىز كۈن داۋاملىشاتتى. ھازىرقى ئىجادىيىتىمدىمۇ ئىلگىرى يۈز بەرگەن تىلسىم تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمدىن دولقۇنغا ئوخشاش ئاستا - ئاستا تاراۋاتقاندەك، تومۇر - تومۇرلىرىمغا سىڭىشىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىملار بار. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، رېئاللىقىنى ھەر بىر

شىمال ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرىڭىزنى دەپ بەرگەنىدىڭىز .

ئادىل تۇنىياز : مېنىڭچە جەنۇب ھامان نامرات ، ئەنئەنىگە ۋە ھاياتىي كۈچكە يېقىن . شىمال دائىم دېگۈدەك سانائەتكە ، يېڭىلىققا ۋە يات مەدەنىيەتكە يېقىن . ئامېرىكىدىمۇ شۇنداق ، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمى دېھقانچىلىق رايونى ، شىمالىي قىسمى سانائەت ، پەن - تېخنىكا رايونى . قىزىق يېرى نۇرغۇن رايون ۋە دۆلەتلەرنىڭ جەنۇبىدا ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر كەڭ تارقىلىپ ، خەلق قەدىمىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغاچقىمىكى ، سەنئەتكارلار شىمالغا نىسبەتەن كۆپرەك چىقىدىكەن . جەنۇبنىڭ سىرلىق مەدەنىيەت جۇغلانمىسى شۇنداق يوللار بىلەن تارقىلىدىغان ئوخشايدۇ . قەلەمدىشىم تاھىر ھامۇتنىڭ «جەنۇبقا سەپەر» ناملىق شېئىرىنى مۇشۇ نۇقتا بويىچە تەھلىل قىلغانىدىم . مېنىڭ جەنۇبتىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشۈمگىمۇ كىشى بىلىپ بىلمەي قىلىپ سالىدىغان مۇشۇنداق بىر ئىچكى مۇقەررەرلىك ۋە ئىچكى بالاغەت سەۋەب بولغان . جەنۇب - جەنۇبتا ياشىغۇچىلار ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ئەپسانە پەيدا قىلغۇچى ، پۈتمەس-تۈگىمەس ھاياتىي كۈچكە تولغان ماكان . جەنۇب - يوشۇرۇن ئېڭىمىنىڭ قاتلىمى ، شېئىرلىرىمنىڭ تىلسىم بەلگىسى .

ئەسقەر يۈسۈپ : سىزنىڭ «ئۇسما» ناملىق شېئىرىڭىز ، زامانىۋى شەھەردىكى خارلانغان ئەنئەنىدىن باشقا بىر بېشارەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، دەپ ئويلىدىم .

ئادىل تۇنىياز : شۇنداق دېسىمۇ بولار . بىر كۈنى رابىيە قادىر سودا سارىيى يېنىدىكى بولاقبېشى كوچىسىدا كېتىۋېتىپ ، ئۈچ - تۆت ئايالنىڭ ئۇسما سېتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم . مەن بېرىپ بىر بىغىنى سورىسام بەش مو دېدى . مەن ئۇنى بۈگۈنكى تۇرمۇش ئىستېمالىمىز بىلەن سېلىشتۇرسام بەكلا ئەرزاندەك تۇيۇلدى . لېكىن ، شۇ ئارىدا بىرمۇ كىشىنىڭ

مەست ـ ئەلەس يۈرۈشنى ياكى ئەقىلدىن يىراقلىشىشنى ، ئەس ـ ھوشنى يوقىتىشنى ھەممە يولدىن ئېزىشنى چەكلەيدۇ ، ئەخلاقسىزلىقنى ، پاسىقلىقنى ، بەدەۋىلىكنى يامان كۆرىدۇ . تارىختىن بۇيان ھەددىدىن ئېشىش ئاقىۋەتتە سىرلىق كۈچ تەرىپىدىن جازالىنىپ كەپتۇ . شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەقىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىشنىڭ قىيىنلىقىنى ، بولۇپمۇ شەھۋەتنى ئەقىل بىلەن ئىزاھلاشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن .

**ئادىل تۇنىياز** : راست ، دىنلارنىڭ ھەممىسىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بىر نەرسە بار ، ئۇ بولسىمۇ جىنسىيەتكە چەك قويۇلغان . كىشىلەر دىنغا ئىشەنسۇن ياكى باشقا دىندا بولسۇن ، ئۆز قېرىندىشى بىلەن توي قىلىش چەكلىنىدۇ . ئېتىقادنىڭ جىنس بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ تەرىپى ھەقىقەتەن بىزنى ئويلاندۇرىدۇ .قەدىمكى بابىلنىڭ ۋەيرانچىلىقىنىمۇ ھەددىدىن ئاشقان شەھۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئۆتكىنىم ئېسىڭىزدىمۇ ؟

**ئەسقەر يۈسۈپ** : ھەئە ، قەدىمكى بابىلنىڭ خاراب بولۇشىنى ئەينى چاغدىكى چېكىگە يەتكەن ئىشرەتۋازلىق بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەنىدىڭىز . بىز ياشاۋاتقان بۇ يۇرت ئىچى ئەل ئارىسىدىمۇ يامغۇر ياغسا ياكى يەر تەۋرىسە ۋە ياكى بىرەر ئاپەت يۈز بەرسە ، بۇنى بۇزۇقچىلىق ۋە تەپرىقچىلىقنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىدىن كۆرىدىغان قاراش بار ، قارىغاندا دۇنيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەللەر ئارىسىدا ھەرخىل ئورتاقلىقلار بولىدىغان ئوخشايدۇ .

ئېسىڭىزدىمكىن ، ئالدىنقى ئايدا «قارلۇق ئۈن ـ سىن ستۇدىيىسى» نىڭ ئىشخانىسىدا دۇبەيدىكى تەسىراتلىرىڭىزنى سۆزلەۋېتىپ ، ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە باشقا جايدىمۇ جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ پەرقى چوڭلۇقىنى ، ئىككى ئەرەبنىڭ «مەن شىمالىي يەمەنلىك ، مەن جەنۇبىي يەمەنلىك» دەپ ئۆز سالاھىيىتىگە چەك قويۇۋاتقىنىنى كۆرگىنىڭىزنى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ جەنۇب ۋە

ساقلاپ تۇرىدۇ.

ئەسقەر يۇسۇپ : سىزنىڭ «ئەركەكلەر قېنى سىلەر» ناملىق داستانىڭىزدا :

جىمجىتلىق ئايال .
سايىمىز ئايال .
غېرىبلىق ئايال .
قاتناش قائىدىسى ئايال .
ئايال —
ئەركەكلەرنىڭ ئۆلۈم مەيدانى .
ئايال —
ئالەم بىنا بولغان شۇ كۈنى ،
تۇنجى ئەرنىڭ باليياتقۇسى .
ئايال —
يىلان بېشى چاقىنغان ئەلدىن ،
خاقان ئۆلجا ئالغان جانلىق مال .
ئايال —
بويسۇنغۇچى خەلقلەر ،
تەگرىتقۇتقا سوۋغا قىلىنغان مەلىكە .
ئايال —
كۆچتۇڭگۈر ئەرنىڭ
تومۇرىدا ھۆركىرىگەن شىر .
ئايال —
چۈشكۈنلەشكەن ئەر .

دېگەندەك مىسرالار بار . نۇرغۇن شېئىرلىرىڭىزدىن ئايالنى ئۇلۇغلاش كويى ۋە سېغىنىش ئوتى ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ . تەبىئەتتىكى تالاي شەيئىلەرنى ئايالار ئارقىلىق سۈپەتلىگەنسىز . خېلى كۆپ يەردە ئايالارغا ئىنتىلىشنى بەرگەنسىز . كۆپ ھاللاردا دۇنيادىكى مەدەنىيەتنىڭ بەرپا

بىر باغ ئۇسسۇنى سېتىۋالغىنىنى كۆرمىدىم، بۇ ئايالىلارنى قانداق جان باقىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ تۇرسام، بىرەيلەننىڭ: «ۋاي، قېچىڭلار، بازار باشقۇرغۇچىلار كەلدى» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ تەرەپ - تەرەپكە قاچتى، بۇ چاغدا بىر قىزنىڭ ياغلىقىدىن بىر باغ ئۇسما چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭغا قاراپ بىئارام بولدۇم، ئاچچىق خىياللار بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككى مىنۇتتىلا بۇ شېئىرنى يازدىم. يەنىلا كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلالمىدىم. ئىچىمدە بىر نەرسە قايناپتتى. كۆز ئالدىمدا ئۇرخۇن دەرياسى بويىدا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چاچلىرىنى تاراپ ئۇسما قويۇشۇۋاتقان ھالىتى كەلدى، مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇ دەريادا دولقۇنلىغان ئات ياپىلىدەك سۇنى ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا دولقۇنلاۋاتقان ئادەملەر ئېقىنى بىلەن بىر يەرگە ئەكەلدىم.

**ئەسقەر يۇسۇپ:** كىچىككىنە بىر ئىشتىنمۇ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەتنىڭ ئۈزۈلمەسلىكىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. سىز بۇ ئارقىلىق ئۇسمىغا مۇناسىۋەتلىك تەقدىر - قىسمەتلىرىمىز بىلەن بىللە ئۇنىڭغا چېتىلغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆزدە تۇتۇپسىز — دە؟

**ئادىل تۇنىياز:** شۇنداق. قەدىمىي بىر مىللەتنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە پاجىئەلەر تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوخشىمىغان زاماندا تەقدىر - قىسمەتلىرى ئوخشىمايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بېشىغا قانداق كۈنلەرنىڭ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، مىللەتنى مەڭگۈلۈككە ئېلىپ بارغۇچى ئىختىرا ۋە مەدەنىيەتلەر، ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر مەۋجۇت بولۇۋېرىدۇ. ئۇسمىغا ئوخشاش مەدەنىيەت بەلگىلىرى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇنداق مەدەنىيەت، روھىي قۇۋۋىتىنىڭ ئۆلمەس سېھرى بىلەن بىللە زاماندىن — زامانغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مىللەتنىڭ تاشقى رېئاللىقىدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كائىنات ماسلىقىدا مەڭگۈلۈك كۈچ - قۇدرەتتەك ئىچكى مەۋجۇتلۇقىنى

ۋەتىنىنى، بەخت ـ سائادىتىنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، 2000 يىلدىن كېيىن قەددىنى كۆتۈرگەن بىئەتىۋا بىر مىللەت بىزنىڭ ئۈلگىمىز بولالمايدۇ. بىر مىللەت ئۈچۈن 2000 يىل ئاز ۋاقىت ئەمەس، بىزنىڭ روھىي تۈۋرۈكىمىز باشقا يەردە. دەرۋەقە ئىقتىساد ۋە سودا يەھۇدىيلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ، ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ بەردى. بىراق، قانداقتۇر بىر مىللەت كەمبەغەللىكتىن يوقىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇزۇن دەۋرلەر دىشۋارچىلىق تارتىشىمۇ يەھۇدىيلارغا خاس سودىگەرلىك ئېڭىدىن بولغان، چۈنكى سودىگەرنىڭ ئېڭىدا پۇلدىن ئارتۇق قىممەت يوق، ئۇلارنىڭ دىققەت ـ نەزىرى ئۆز قوۋمىنىڭ تەقدىرى، ۋەتىنىنىڭ قايغۇسى ياكى ئەركىنلىكىدە ئەمەس، نەچچە مىڭ يىلغىچە پۇلدىلا بولغان.

ئەسقەر يۈسۈپ: مۇنداق بىر ھېكايە ھېلىمۇ ئېسىمدە: بىر يەھۇدىي سودىگەرنىڭ ئالدىغا بىر يەھۇدىي تىلەمچى كەپتۇ، يەھۇدىي سودىگەر ئۇنى قوپاللىق بىلەن قۇرۇق قول ھەيدىۋېتىپتۇ يۇ، باشقا مىللەتتىن بولغان بىر سائىلغا بىر مۇنچە پۇل بېرىپ قايتۇرۇپتۇ. ياندا تۇرغانلار بۇ نېمە قىلغىنىڭ دەپ سورىغاندا، بۇ يەھۇدىي سودىگەر مۇنداق دەپتۇ: «ئەسلىي يەھۇدىي مۇنداق بولماسلىقى كېرەك، مەن ئۇنىڭغا پۇل بەرسەم، ئۇ تەييارتاپ بولۇپ قالىدۇ، يات مىللەتنىڭ سائىلىغا پۇل بېرىشىم، ئۇلارنىڭ تەييارتاپ، يارىماس بولۇپ قېلىشى ئۈچۈندۇر».

ئادىل تۇنىياز: دەل مۇشۇ ھېكايىدىنمۇ ئەقلىنى مۇھەببەتتىن ئۈستۈن كۆرىدىغان، پۇلنى بارلىق قىممەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىدىغان سودىگەر روھى چىقىپ تۇرىدۇ. مىللىتى قانچىلىك ئەبگار، بىچارە، ئىللەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇھەببەت ئىگىسى ئۇنى سۆيۈشى كېرەك. ئۆز قېرىندىشىڭ، ئۆز پۇشتۇڭ بىچارە ھالدا ئالدىڭغا كەلسە، ئۇنىڭغا مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈش يوق ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش، ئىللىتى ئۈچۈن مىللىتىنى قارغاش، روھىنى چۈشۈرۈش ۋە

بولۇشى ۋە ۋەيران قىلىنىشىغا ئاياللار سەۋەبچى بولىدىكەن. سىز «ئاياللار ئازادلىقى» پەيدا بولغاندىن كېيىن ئىنسانلار مەدەنىيىتى قارشى يۆنىلىشكە قاراپ ماڭدى دېگەن ئىدىيىڭىز بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم بار.

**ئادىل تۇنىياز:** مەدەنىيەتنىڭ قۇتۇپى بار، ئاياللارنىڭ ئورنى مەدەنىيەتنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. ئايال ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە تەرەققىي قىلغاندا ئۇ «ئانا» بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا «كوچىدىكى ئايال» غا ئايلىنىدۇ، ھازىرقى مەدەنىيەت ئايالنىڭ «ئانىلىق» خاراكتېرى بىلەن ئەمەس «ئەركىنلىك» خاھىشى بويىچە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. قورقۇنچلۇق يېرى شۇكى، ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى جىنسىي ئەركىنلىك، جىنسىي ئەركىنلىك بولسا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تامام بولۇشىدۇر.

**ئەسقەر يۇسۇپ:** يېقىندىن بۇيان زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدا يەھۇدىي روھى يەھۇدىيلار قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەنىدى، ھەتتا بەزىلەر يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرى ۋە قورغاق زېمىنلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشايدۇ، بىز ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشىمىز كېرەك دېيىشتى. لېكىن، سىز «مەڭگۈ تاش» قىرائەتخانىسىدىكى سۆھبەتتە دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز.

**ئادىل تۇنىياز:** شۇنداق. تەرەققىياتقا ئەگىشىپ نۇرغۇن ئەنئەنىۋى قاراشلىرىمىز، قىممەت چۈشەنچىلىرىمىز، ئۇلۇغلايدىغان ۋە پەس كۆرىدىغان نەرسىلىرىمىز ئالمىشىپ قېلىۋاتىدۇ. بالا چاغلىرىمىزدا ئەلىمەھەللىدىكىلەر ئەڭ ئاچچىقى كەلگەن ئادەمنى «جوھۇت» دەپ ياكى «جوھۇتنىڭ بالىسى» دەپ تىللايتتى. «جوھۇت» نىڭ يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. گەرچە بىز ئۆزىمىزنى دىنىي ۋە مىللىي يەكلىمىچىلىكتىن خالىي ھازىرقى زامان ئادىمى دەپ قارىغاندىمۇ، ئۆزىمىز ۋە باشقىلار ھەققىدە سۆزلىگەندە سوغۇق قان بولۇشىمىز كېرەك. يەھۇدىيلاردەك 2000 يىلغىچە

قوللىنىۋاتقانلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچى دىن ئوتتۇرىسىدا سىرلىق مۇناسىۋەت بار. ئاي كالېندارىدىكىلەرنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن، بەرىكەتلىك، كەڭتاشا، قۇياش كالېندارىدىكىلەرنىڭ ۋاقتى قىيۇۋېتىلگەن ئېنىرگىيىدەك خورىغان، ئاز قالغان، زامانى ئاخىرلىشىۋاتقان... بىلىش كېرەككى بىز سائەتنى ياسىدۇق، لېكىن ۋاقىتنى ئەمەس، بوشلۇقنى ئىگىلىگۈچى شەيئىلەرنى ياساۋاتىمىز، لېكىن بوشلۇقنى بىز ياسىغان ئەمەس. سۇنى ئىچىمىز، ئىشلىتىمىز، بۇلغايمىز، سۇ ئارقىلىق پاكلىنىمىز، لېكىن زېمىندىكى سۇنى بىز ئىنسانلار ياسىغان ئەمەس.

ئەسقەر يۈسۈپ: ئادىلجان، سىزنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرىڭىزدا سۇ ۋە سۇنىڭ تەسۋىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. سۇغا بولغان ئالاھىدە ھاياجىنىڭىزنى ھېس قىلىمەن.

ئادىل تۇنىياز: شۇنداق. سۇنىڭ رىتىمى مەندە ھاياتلىق رىتىمىدەك ھاياجان قوزغايدۇ. سۇدىن كائىناتنىڭ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ۋە شېئىرنىڭ رىتىمىنى ھېس قىلىمەن. كىچىكىمدىن باشلاپ قۇرغاق يېزىلىرىمدىن، قۇم - چۆللۈك بويلىرىدىن شارقىراپ ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭ سۇلىرى ماڭا بۇ قەدىمىي مىللەتنىڭ ھاياتلىق كۈيىدەك ئاڭلىناتتى. شۇڭىمۇ شېئىر ئىجادىيىتىمدە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان سەزگۈ - كۆرۈش سەزگۈسى ياكى باشقا سەزگۈ ئەمەس، ئاڭلاش سەزگۈسىدۇر. ناھايىتى ئېنىقكى بىر ئېتىقادلىق مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن قەدىمدىن ھازىرغىچە ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ نەتىجىسى بولغان ئېتىقاد (غەيبنى ئاڭلاش) ۋە ناخشا - مۇزىكا بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت بەلگىمىزدۇر.

سۇ — ھاياتلىقنىڭ بېشى، قۇرغاق زېمىندىن ھاياجان بىلەن ئېقىۋاتقان سۇ، ئىشقىي ھەۋەستە كۆيۈۋاتقان تەندىن ئاققان جەۋھەر، جىنسىي باشباشتاقلىقتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت ۋە توپان بالاسى بىر - بىرىگە باغلانغان. يەرشارىنىڭ

غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇش مۇھەببەتنىڭ كەملىكى ئەمەسمۇ؟!

**ئەسقەر يۇسۇپ:** سىزنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرىڭىز شۇكى، سىز دىنىي تۇيغۇنى ئالەم مۆجىزىلىرىگە بولغان قايىللىق، ياراتقۇچىغا بولغان مىننەتدارلىق دەپ قارايدىكەنسىز ھەم بۇنى ئەڭ ئالىي مۇھەببەت ۋە ئىنسانلىق تەنتەنىسى دەپ ئۇلۇغلايدىكەنسىز، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىللەتلىرىمىزگىمۇ مۇھەببەت كۆزى بىلەن قارىيالايدىكەنسىز، بۇ زامانداشلاردىن خېلى كۆپلىرىمىز قىلالمايۋاتقان ئىش. بىراق، ھازىرقى مەدەنىيەت باشقا بىر يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتماقتا، ئىنسان ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن تىركەشمەكتە...

**ئادىل تۇنىياز:** شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار كۈنسېرى تارىيىۋاتقان ۋاقىت قەپىسىگە مەھكۇم بولدى. مەن ئۇنى ھالاك بولغان قۇياش مەدەنىيىتى دەپ ئاتايمەن. ھازىر دۇنيادا ئىككى خىل مەدەنىيەت ۋە ئىككى خىل ۋاقىت بار، پۈتۈن يەر شارىدا ئومۇمىيلىشىۋاتقان مىلادىيە كالېندارى ئەسلىدە رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە مىسىرنىڭ قۇياش كالېندارىنى ئىشلىتىشتىن كەلگەن قۇياش كالېندارىدۇر.

مېنىڭ قارىشىمچە، شەك ـ شۈبھىسىزكى ۋەيران بولغان قەدىمكى بابىلون مەدەنىيىتى، مىسىر مەدەنىيىتى، مايا مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلغان مەدەنىيەت ئىگىلىرى قۇياش كالېندارىنى قوللانغۇچىلاردۇر. قۇياش كۆيۈۋاتقان ئوتتۇر، قويۇپ بېرىلگەن ئېنېرگىيىدۇر. «قۇرئان» دا شەيتاننىڭ ئوتتىن يارىتىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

بىز يېڭىۋاشتىن قۇياش مەدەنىيىتىگە، يۇقىرى ئېنېرگىيە دەۋرىگە كىرىپ كېلىۋاتىمىز، غەرب دۇنياسىنى يېتەكلەپ مېڭىۋاتقان ۋاقىتمۇ قۇياش كالېندارىدۇر. روھىي مەدەنىيەتنى ئايغا ئوخشىتىش مۇمكىن، ئاي كالېندارى ۋە ئاي ئىسلام دۇنياسىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ روھىي زۇلمىتىنى يورۇتىدىغان ئاي بىلەن، ئاي كالېندارىنى

# «شائىر خەلقنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن»

(قەلەمكەش دوستۇم ئۆمەرجان سىدىق بىلەن سۆھبەت)

**ئۆمەرجان سىدىق:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئادىلجان، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ سىز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزنىڭ سىزگە قىزىققۇچى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ تىلەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**ئادىل تۇنىياز:** بۇنىڭدىن بۇرۇن شېئىرلىرىم ئارقىلىق قەلبىدە مېنىڭكىگە ئوخشاش مۇقەددەس ئوت كۆيۈپ تۇرىدىغان بارلىق دوستلارغا سالام يوللاپ تۇرغانىدىم. ھەربىر شېئىر مېنىڭ دەرۋىشانە دۇنيادىن چىقىپ، شاۋقۇنلۇق كىشىلەر توپىغا، مەن ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز مېھرىبان خەلقىمگە يوللىغان ئاشىقانە سالىمىم ئىدى. ھازىرغا كەلگۈچە نەشر ئەپكارلىرى ئارقىلىق بولىدىغان سۆھبەتلەردىن ئۆزۈمنى تارتىپ شېئىردىن باشقا ئىپادىلەشنى رەت قىلىپ كەلگەنىدىم. ئادەم ئادەم سېغىنىدۇ، شائىر ئادەملەرنى تېخىمۇ سېغىنىدۇ. سىزنىڭ كىشىگە ئىختىيارسىز ئىلھام بېغىشلايدىغان قىزغىن، سەمىمىي خاراكتېرىڭىز، دوستانە سوئاللىرىڭىز بىردىنلا مېنىڭ ھاياجىنىمنى قوزغاپ، مەندە ئوقۇرمەنلەر بىلەن سىردىشىش

تۆتتىن ئۈچ قىسمى سۇ ، ئىنسانلار ئالىقانچىلىك يەردە ، بىراق بىز دائىم بۇنى ئۇنتۇپ قالىمىز . ئەتراپىمىزدىكى توپانىنىڭ تېخى قۇرۇپ بولالمىغانلىقىنى ، دېڭىز يۈزىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ ، مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيمىز ، بۈيۈك ئەنئەنىلەرنى ، قەدىمكى غەيب ئۇچۇرلارنى ، بىزگە يەتكەن ئاۋازلارنى ئۇنتۇپ قالىمىز . بۇ ئۇنتۇش بىلەن قاتتىق ئەھكاملار يۇمشاپ ، ئەر ـ ئاياللار ئېرىپ ، ئەنئەنە سۇ ئاستىدا قالىدۇ ، ھالاكەتكە يۈزلىنىمىز . . .

**ئەسقەر يۇسۇپ** : سىزنى تەپەككۇر ئەنئەنىسىگە قايتقۇچى دېسەك بولغۇدەك .

**ئادىل تۇنىياز** : ئەمەلىيەتتە دۇنيا كونىرىمايدۇ ، ئۆلۈم ۋە ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يېڭىلىقلار ئىنسانىيەت روھى ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس ، ھاياتلىقنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئەنئەنىلەرلا قەدىمكى ، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى يېڭىلىقتۇر ، چۈنكى ھاياتلىقنىڭ ئۆزى يېڭىلىق ، ھەربىر جان ۋە ھەربىر دەقىقە يېڭى !

بارچە مەدھىيىلەر ھاياتلىقنىڭ ئاشۇ بۈيۈك ئىگىسىگە بولغاي !

(2003 ـ يىلى 5 ـ ، 6 ـ ئايلاردىكى بۇ سۆھبەتلىرىمىزنى ئەسقەر يۇسۇپ ئۈنئالغۇغا ئېلىپ 6 ـ ئايدا خاتىرىگە رەتلىگەن )

شېئىرلار ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە تەسىر قوزغىغاندىن كېيىنكى ھېسسىياتىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىز؟ بۇ شېئىرلار قانداق شارائىتتا يېزىلغان، سىز ئىجادىيەت سېپىگە قانداق مۇھىتتا كىرىپ كەلگەن؟

ئادىل تۇنىياز: مەن تېخىچە ئۆزۈمنى «ئىجادىيەت سېپى» گە كىرەلمىگەندەكلا ھېس قىلىمەن، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن فرانسىيە شائىرى سان جون پىرس: «مەن ئادەملەر ئارىسىدا ياشىسام دەيمەن» دېگەنىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش مەنمۇ سىز ئېيتقان بۇ سەپكە قوشۇلۇۋالسام دەيمەن. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، ئەتراپىمدىكى تالانتلىق ئەدىبلەرگە، قەلەمكەش دوستلىرىمغا زەن سېلىپ قاراپ باقسام، مەندە ئەدەبىياتچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن «شەرت» لەر كەمدەك، گويا ئۆزۈم ئەدەبىياتچى ئەمەستەك، شېئىرلارنى بولسا بىلمەيلا يېزىپ قويغاندەك ھېس قىلىمەن. دېمىسىمۇ ياش قەلەم ساھىبلىرى جەم بولغان بىر شاراب سورۇنىدا بەزىلەر (تەڭرى ئۇلارنى كەچۈرگەي!) «ئادىل تۇنىيازدا شائىرلىق ئېلېمېنتى يوق، بىلمەي يېزىپ قالغان نېمە! قاراپ تۇرۇڭلار، پات ئارىدا يېزىشتىن توختاپ قالىدۇ!» دېگەنىكەن. شۇ پاراڭلار بولۇنغىنىغا ئون يىلچە بولۇپتۇ، لېكىن يېزىشتىن توختاپ بولالمىدىم. بەزى تۇز كۆڭۈل دوستلىرىم «توي قىلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل توختاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، شائىرنىڭ شائىرلىقى توي قىلغۇچە» دېگەنىدى. توي قىلغاندىن كېيىن يازماسلىققا يەنە سەۋەب تاپالمىدىم. «بالىلىق بولغىنىڭىزدىن كېيىن تۇرمۇش سىزنى ئالدىرىتىپ قويىدۇ» دېگۈچىلەرمۇ بولدى. بىراق، بالىلىق بولغاندىن كېيىن بالامنىڭ يېنىمدا ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈشى، چۇچۇك تىلى، چوڭلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە پىكرى ۋە دۇنياسى مېنى تېخىمۇ بالا قىلىپ قويدى، بالىلىق دۇنياسىدا تېخىمۇ كۆپ شېئىرلارنى بايقىدىم، ئون سەككىز - ئون توققۇز ياش چاغلىرىمدىن باشلاپ ئېلان قىلغان «سالام سېنىڭ چوغدەك

تۇيغۇسىنى ئۇيغاتتى، ئادەملەرگە بولغان سېغىنىشىمنى كۈچەيتتى. شېئىرىيەت كوچىسىدىكى ئىككى گادايىنىڭ ۋە سان — ساناقسىز شېئىر ئاشىقلىرىنىڭ ئەنجۈمەنى باشلىنىشتىن بۇرۇن سىزگە، شېئىرنى سۆيگەن، شېئىرلىرىمنى ئوقۇغان بارلىق ئەزىزلەرگە چوڭقۇر تەشەككۇر ئېيتىمەن.

يۈكسەك دەرىجىدە ئەقلىيلەشكەن، سانائەتلەشكەن باشقا ئەللەردە ئادەم ماشىنا ۋە كومپيۇتېرلار ئارىسىدا، روھىي دۇنيانىڭ قارشىسىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ئەسىردە ئۇپرىماس روھىي قۇۋۋەت بىلەن ئۆز دۇنياسىدا ياشاۋاتقان شائىر خەلقىنىڭ پۈشتى ئىكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن. خەلقىمىز ئارىسىدا شېئىرنىڭ ئەتىۋارى بولغاچقا، بىزنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى سۆھبەتلىرىمىزمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولىدۇ دەپ ئويلايمەن!

**ئۆمەرجان سىدىق:** بىز قۇراملىق بىر تۈركۈم ياشلار ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 80 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ھەممىمىزدە ئەدەبىياتقا، شېئىرىيەتكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق بار ئىدى. بىرەر پارچە شېئىر ئېلان قىلىش، شائىر ئاتىلىش ئاجايىپ زور شەرەپ ھېسابلىناتتى. ھەممىمىز گېزىت - ژۇرناللاردىكى شېئىرلارنى ناھايىتى چوڭ بىلەتتۇق. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا سىز ئەمدىلا ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان، ئون يەتتە-ئون سەككىز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ياش بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۆزگىچە شېئىرىي دىت، ئالاھىدە بەدىئىي ئىستېدات ۋە كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان پاساھەتلىك شېئىرلىرىڭىز بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەنىدىڭىز، بولۇپمۇ سىزنىڭ شۇ مەزگىللەردە يازغان ئانا سەھرايىڭىزغا سېغىنىشىڭىز ۋە جەنۇب يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئاجايىپ يارقىن بەدىئىي مۇھىت ئىچىدە يارىتىلغان «سالام سېنىڭ چوغدەك تېگىڭگە»، «مېنىڭ ئادرېسىم» قاتارلىق شېئىر، داستانلىرىڭىز جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى، ھەتتا «ئادىل تۇنىياز ھادىسىسى» نى پەيدا قىلدى. سىز مۇشۇ ئۆلمەس شېئىرلارنى يېزىش جەريانىدىكى ۋە بۇ

ئەدەبىياتىمىزدا تەقەززا بولۇۋاتقان، بولمىسا بولمايدىغان بۈيۈك شېئىرىيەت دولقۇنلىرى يېتىپ كەلدى. چاقماقتەك يارقىن، گۈلدۈرمامىدەك كۈچلۈك بۇ ھەرىكەت گەرچە قىسقىلا داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىلكىنىشى ئەدەبىياتىمىزنىڭ جان تومۇرلىرىغىچە يېتىپ تەگدى. ئۇ يەردە بىز شېئىرىيەتنىڭ ھەقىقىي غازىلىرىنى، بەزىدە ئۇلۇغلارنىڭ پەشۋاسى بىلەن يۈز - كۆزى يېرىلغانلارنى كۆردۇق. 90 - يىللارنىڭ بېشىدا مېنىڭ شېئىرلىرىم باشقا بىر يول بىلەن ئۆز تۇغىنى كۆتۈرۈپ، تارتىنغان ھالدا بۇ سەپكە قېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن نوپۇزنى ئەمەس، شېئىرنى تونۇيدىغان بىر تۈركۈم ھەۋەسكارلار كەينىمدىن ئەگەشتى.

ئۆمەرجان سىدىق: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تەرەققىيات قەدىمى تېزلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنىڭ جىددىي خىرىسقا دۇچ كېلىشى، بازار، جەمئىيەت رىقابىتىنىڭ كەسكىنلىشىشى، ئىقتىساد، پۇل ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى ئارقىسىدا كىشىلەردىكى شېئىرغا بولغان قىزغىنلىق زور دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتتى. شېئىرنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ، شېئىر توپلاملىرى نەشرىياتلاردا، كىتابخانىلاردا تۈركۈم- تۈركۈملەپ بېسىلىپ قالدى. ئىلگىرى شېئىر يازىدىغانلىقىدىن، شائىرلىقىدىن مەغرۇرلىنىدىغان كىشىلەر ئەمدى جەمئىيەتنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن قەلىمىنى باشقا ژانىرغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئون نەچچە يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىڭىزدىن شۇ نەرسە ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇكى، سىزنىڭ شېئىرغا بولغان مۇھەببىتىڭىز قىلچە سۇسلىشىپ قالمىدى. سىز ھەرقانداق بېسىملارغا، يەكلىنىشلەرگە پەرۋا قىلماستىن ئىزچىل تۈردە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدىڭىز، يازغاندىمۇ ناھايىتى سۈپەتلىك ھەم كۆپ يازدىڭىز، بۇ خىل روھ ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. مۇشۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى، ھازىرقى «شېئىرىيەت كرىزىسى» ھەققىدىكى

تېڭىڭغا»، «مېنىڭ ئادرېسىم»، «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى» قاتارلىق شېئىر، داستانلىرىمۇ ئەمەلىيەتتە «باللىق كەچۈرمىشلىرىم» ئىدى. مەن ئاشۇ چاغلاردا ئۆزۈم ئوقۇغان شېئىرلارغا ئەمەس، ئۆز قەلبىمدىكى شېئىرلارغا ئەگەشكەنىدىم.

**ئۆمەرجان سىدىق:** شۇ دەۋردە كېيىنرەك ئۇيغۇر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە «گۇڭگا شېئىر» نامى بىلەن ئاتالغان بىر تۈركۈم شېئىرلار مەيدانغا كېلىپ، بىر مەيدان «شېئىرىيەت ئىنقىلابى»نى پەيدا قىلدى. سىز بۇ خىل شېئىرلارغا — «گۇڭگا شېئىر ھادىسىسى»گە قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭچە بۇ شېئىرىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى قانداق بولدى؟ بۇ دەۋردە سىزمۇ مۇشۇ خىل ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىڭىزمۇ قانداق؟

**ئادىل تۇنىياز:** شېئىر — مەڭگۈلۈك يېڭى ئۇچۇر، بەزىلەر توساتتىن ئۇنى بايقاپ قالىدۇ-دە، ئۇلارغا بىردىنلا يېڭى بىلىنىپ كېتىدۇ. بەزىلەر ھېچقاچان ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالمايدۇ، بىراق ئەزەلدىن كونىدەك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، شېئىر ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا باغلىق. شېئىرىيەت ئىنقىلابلىرى، شېئىرىيەت ھادىسىلىرى ھەر كۈنى، ھەر زامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزنىڭ، تىرىك ئىكەنلىكىمىزنىڭ بەلگىسى. شېئىر سەۋداسى مەندىن بەش — ئالتە يىل بۇرۇن بېشىغا چۈشكەن ياش ئاۋانگارتلار، شېئىرىيەت كوچىلىرىغا مەندىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن قەدەم قويغان بوۋاكالان شائىرلار، ئوخشاشلا مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ بازاردا ھەربىر مالنىڭ خېرىدارى ئايرىم، بۇ مازاردا ھەربىر شەيخنىڭ گۈمبىزى باشقا. ھېچكىم ھېچكىمنى ئىنتىرمىسىمۇ پېتىپ كېتىۋېرىمىز. ئوخشىمىغان بولاقلارنىڭ سۈيى قوشۇلۇپ، تەسىر قىلىپ، دولقۇنلىنىپ، ئەدەبىياتنى جۇشقۇن ئۆزگىرىش ئېقىمىغا ئايلاندۇرىدۇ. 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا

ناھايىتى پاك ۋە مۇقەددەس ئېتىقاد بار ئىكەن. بۇ خىل ئېتىقاد ھەققىدە، شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

ئادىل تۇنىياز: مېنىڭ ئېتىقادىم شېئىر ئەمەس، شېئىر بىر خىل ھەۋەس، مەندە شېئىرغا نىسبەتەن قايناق مۇھەببەت بار. ئېتىقاد ئۇ كاتتا گەپ، ئۇنى ھېچنېمىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ سۆزنىڭ ۋەزنى، ئۇلۇغلۇقى شېئىرىي ھايات ۋە پۈتۈن كائىناتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنسان ھەربىر يۇتۇم سۇ، ھەربىر لوقما تائام ۋە ھەربىر نەپەس ئۈچۈن چەكسىز دۇئا ـ تەشەككۈر ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغان بۇ دۇنيادا مەن قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ ئېرىشكەن نېمەتلىرىم ئالدىدا تولىمۇ ئاز، ھەتتا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىمەن. شېئىردىنمۇ كەڭ، شېئىردىنمۇ يۈكسەك مەنىگە يۈزلىنىمەن.

ئۆمەرجان سىدىق: ئادىلجان سىزنى ئىزچىل تۈردە «رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي» كەلگەن ھەقىقىي تالانتلىق شائىر دېيىشكە بولىدۇ، بولۇپمۇ شېئىرلىرىڭىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتىگىلا خاس بولغان مىللىي پسىخىكا، تارىخىي تۇيغۇ، يەرلىك تۇس ۋە ئەنئەنە روھى كىتابخانلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يۈكسەك بەدىئىي قىممەت ياراتتى. «ئەركەكلەر قېنى سىلەر»، «قەشقەردىكى يەر شارى»، «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى» قاتارلىق داستانلىرىڭىز، يېقىندا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «دېرىزە ئالدىدا: قەشقەر»، «ئۇسما» قاتارلىق شېئىرلىرىڭىز بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. بۇ شېئىرلىرىڭىزدا ھەم كىشىنى قايتا ئويلىنىشقا ئۈندەيدىغان ئالاھىدىلىك بار، لېكىن ئوتتۇرىدا بىر مەزگىل بىر قىسىم شېئىرلىرىڭىزدىكى ھەددىدىن ئارتۇق گۇڭگىلىق مېنى سەل گاڭگىرىتىپ قويدى. سىزنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى قارىشىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام قانداق؟ سىزمۇ بىر مەزگىل

ئويلىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز . هازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بۇ خىل هادىسە سىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىزگىمۇ بېسىم ئېلىپ كەلدىمۇ؟ پىشقان قەلىمىڭىزنى هازىرقى بازىرى بىر قەدەر ئىتتىك بولۇۋاتقان ئەدەبىي خاتىرە، هەرخىل ئىجتىمائىي ماقالىلەر، رومانغا ئوخشاش يىرىك نەسرىي ئەسەرلەرگە ئىشلىتىپ بېقىشنى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** توپىلىق يېزا يوللىرىدا قاتار تېرەكلەرگە هەمراھ بولۇپ مەكتەپكە يالاڭ ئاياغ كېتىۋاتقان چاغلىرىمدا قايناق بىر تۇيغۇنىڭ مەندە شېئىر يېزىش ئىستىكىنى پەيدا قىلغىنىنى ئېنىق ئەسلىيەلەيمەن . ئاشۇ بالا چاغلىرىمدىن باشلاپ شېئىر يېزىپ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن، يەنە قاچانغىچە يازىدىغىنىمنى بىلمەيمەن . ئۇ گويا ماڭا چاپلاشقان بىر شېرىن كېسەل، بۇ كېسەلگە داۋا بارمۇ؟

كېسەللەرنىڭ پۇل ـ ئىقتىساد ئېڭى كۈچىيىپ، قايسى دەرىجىگە يەتسۇن، شېئىر توپلاملىرى نەشرىياتلاردىكى ئېھتىياتچان ۋە مۇلايىم «قاسساپ» لارنىڭ يۇمشاق پىچىقى ئالدىدا قانسىراپ ياتسۇن، بەرىبىر مېنىڭ شېئىر يازماسلىقىمغا باهانە بولالمايدۇ، قىزغىنلىقىم سۇسلىشىپ قالمايدۇ . بىلمىدىم، كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ؟! ئىشقىلىپ ماڭا شېئىردىن ئارتۇق تورىدىغان باشقا ژانىر ۋە ئۆزۈمنى ئىپادىلەشنىڭ باشقا مۇۋاپىق ئۇسۇلى يوقتەك . تارىخ، مەدەنىيەت، شېئىر، قوشاق ۋە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ھەققىدىكى كىتابلارنى، ئۆزگىچە تەپەككۇردىكى ماقالىلەرنى كۆپ ئوقۇيمەن، ماقالىلەرنى شېئىرىي هاياجان بىلەن يازىمەن . هازىرچە پۇل ياكى باشقا نېمىنى دەپ رومان ياكى هېكايە يېزىشنى ئويلىمىدىم . خۇدا بەرگەن بىر ئوبدان «كېسەل» نىڭ دەردىنى تارتىپ بولالمايۋاتقاندا قىچىشمىغان يەرنى قاشلاپ نېمە قىلاي!؟

**ئۆمەرجان سىدىق:** ئىجادىيەت مۇساپىڭىزدىن ۋە خاراكتېرىڭىزدىن تەهلىل قىلسام، سىزدە شېئىرغا قارىتا

شېئىر يېزىپ قالىدۇ . ئىلھام بىلەن يېزىلغان شېئىر سۇ ، ئاي نۇرى ، شامال ، چېچەك دېگەندەك تەبىئىي نەرسىلەرگە ئوخشايدۇ . چېچەك ئېچىلدى ، پۇرىغىنىڭ كەلسە بىمالال پۇرىغىن ، بىر يەرلىرىدىن يارىڭىنىڭ تونۇش ھىدىنى بايقارسەن . شېئىر يېزىلدى . ئېھتىمال سەن يازماقچى بولغان بىرەر مىسرانى مەن يېزىپ قالغاندىمەن ، ساڭا تونۇش بىرەر تۇيغۇنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىپادىلىگەندىمەن . ئەڭ بولمىغاندا ئۆزگىچە ئىشلىتىلگەن بىرە يېڭى سۆز ساڭا شېئىرىي ھۇزۇر بېرەر . شېئىرنى ئۇزۇن يازىمەن دەپ ئۇزۇن ، قىسقا يازاي دەپ قىسقا يازغىلى بولمايدۇ . بەزىدە ئۇزۇن-قىسقا ، بەزىدە سۇزۇك ، بەزىدە قوپال ياكى تۆت چاسا بىر نېمىلەر بولۇپ چىقىپ قالىدۇ . ماڭا ئوخشاش شېئىر يېزىلىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە شائىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ، شېئىر يېزىلىۋاتقاندا غايىبانە ئەگىشىدىغان ئادەم سىز ئېيتقاندەك مانا مۇشۇنداق كۆپ ۋە خىلمۇخىل شېئىرلارنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدىكەن .

**ئۆمەرجان سىدىق** : ئادەتتە سىزنىڭ ئىلھام مەنبەيىڭىز نەدىن كېلىدۇ ، قانداق مۇھىت ، قانداق شارائىت ، قانداق ۋاقىتتا شېئىر يازىسىز ؟ يېزىقچىلىق ئادىتىڭىز قانداق ؟

**ئادىل تۇنىياز** : ئىلھام مەنبەيىمنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالغان بولسام ، شۇ يەرگە بېرىپ ئاش ، نان يېمەي ساقلاپ ئولتۇرغان بولاتتىم . قانداق مۇھىت ، قانداق شارائىت ، قانداق ۋاقىتتا شېئىر يازىدىغانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ سىر . خوتۇنى دۇمبىسىنى قاشلاپ بەرسە ئىلھامى تۇتىدىغان ياكى قىز قوغلاپ ، ھاراق ئىچىپ خۇش كەيپ بولغاندا ئەسەر يازىدىغان ئۆزگىچە ئەدىبلەرنىڭ خاراكتېرى مەندە يوق . مەن ئۆزۈم بىر ئاشىق ، قەلبىمدە باشقا ئورۇن نېمە قىلسۇن ؟ مەن ئۆزۈم مەست تۇرسام ، ھاراق ماڭا نە ھاجەت ؟ !

**ئۆمەرجان سىدىق** : شېئىرلىرىڭىزغا دىققەت قىلسام تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىكەن . خىلۋەت سەھرالار ، يېزا بازارلىرى ، شەھەر مەدەنىيىتى ، خىزمەت ، تۇرمۇش

شېئىرىيەتتە «ئۇسلۇبىڭىزنى ئۆزگەرتىش» ، «سىناق قىلىش» ئېلىپ بارغانمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** «تالانتلىق» ، «تونۇلغان» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتسىڭىز مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن. ئۇيغۇرنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان، ئۇيغۇرنىڭ روھىي قۇۋۋىتىنى قەلەم ئارقىلىق دۇنياغا جاكارلايدىغان شۇنچە تالانتلىق ياش ۋە قەلىمى ياش شائىر - يازغۇچىلىرىمىز ئالدىدا مېنى كەينىدىرەك سانىغىنىڭىز تۈزۈك، مەن ئاۋۋال شۇلاردىن پەخىرلىنىمەن. بىزگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان، مىللىي ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرىدىغان شۇنچە كۆپ ھۆرمەت ساھىبلىرىنىڭ بولۇشى مىللەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى. بۇنداق كىشىلىرىمىز ھەربىر يۇرتتا، ھەربىر ساھەدە كۆپلەپ بار. شېئىرىيەتتە بولسا مېنىڭ ئىسمىمنى ئاخىرىغا قىستۇرۇپ قويسىڭىز شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك. مەن شېئىرىيەتتە ئۇسلۇب ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ باققىنىم يوق. تۇيغۇلىرىم دائىم يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. شېئىرلىرىممۇ شۇنىڭغا بېقىپ ئۆزگىرىدۇ. تەبىئىي تۇيغۇغا سادىقلىق بىلەن ئەگىشىش نەتىجىسىدە، بەزىدە بىر ئايدا بىر نەچچە يېڭى ئادىلنى، بەزىدە ئىككى، ئۈچ يىلدىمۇ بىرلا ئادىلنى كۆرىمەن، شېئىرلىرىمدىكى ئاشۇ نەرسە سىز ئېيتقان ئۇسلۇب بولسا كېرەك. ئادىل تۇنىياز زادى قانداق شائىر؟ چوڭلار «گۇڭگىلىق» تاجى كىيگۈزگەن؛ ياش شائىرلار مېنى ئۆز سېپىگە يېقىن يولاتماي، «سەن دېگەن ئامىباب شائىر، قېرىلارنىڭ قېشىغا بار» دەپ ئىتتىرگەن. يەنە بىر قىسىملار «سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم» دەۋاتقان. قارىغاندا بۇ يەردىكى مەسىلە «چۈشىنىش» دېگەن سۆزنىڭ شېئىرغا خاتا قوللىنىلغانلىقىدا. مەن سۇ بويىدا يېقىملىق ناۋالارغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ «سۇدىن زادى نېمىشقا بۇنداق ئاۋاز چىقىدۇ» دەپ سۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن زورۇقۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئاققان سۇ شىلدىرلايدۇ، شائىر ئۆزىنىڭ ئىچكى رىتىمىغا ئەگىشىپ

سىزدە شائىرلارغا خاس «چاچراپ تۇرىدىغان» روھ كەم ئىكەن، ھاراق، تاماكا، ئويۇن ـ تاماشا دېگەندەك تۇرمۇش مەئىشەتلىرىدىن خالىي ئىكەنسىز، ھەرخىل يىغىلىش، سورۇنلارغا ئانچە بېرىپ كەتمەيدىكەنسىز، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىنمۇ ئۆزىڭىزنى يىنھان تۇتىدىكەنسىز. بۇ خىل تۇرمۇش ئادىتىڭىز ئائىلە تەسىرىنىڭ سەۋەبىدىن شەكىللەنگەنمۇ؟ بۇ خىل خاراكتېرىڭىز ئىجادىيىتىڭىزگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتىمۇ ياكى سەلبىي تەسىر كۆرسەتتىمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: بۇ مېنىڭ ئادەملەرنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيگەنلىكىمدىن، بىزگە بېرىلگەن بۇ ھاياتنى مۆجىزىدەك ئۇلۇغلىغانلىقىمدىن بولغان.

ئادەم مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ ۋە ئۆلەلمەيدۇ، بىر كۈنلەردە غايىب بولىدىغىنى پەقەتلا ئۇنىڭ تېنى. ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز پىنھان ياشايمىز، ئاشۇ پىنھانلىق ئىچىدىن مەڭگۈلۈكنى، كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ۋە مۆجىزىنى بايقايمىز. مەن دەل مۇشۇ پىنھانلىق ئىچىدە، ھاياتىي كۈچۈم ھەر ۋاقىت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە قەدەھتىن تېشىپ كېتىۋاتقان شارابتەك ئىچكى كۈچ تېنىمدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ھەممىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدىغاندەك ھېس قىلىمەن. بىراق، غەيىتىن قورقىمەن، ئۆزۈمنى تەقۋادارلىق زەنجىرلىرى بىلەن قىيىرلىغۇسىز دەرىجىدە باغلىۋېتىمەن. ئاھ، تەڭرىم، شەيتاننى بۇ باغى ئېرەمگە يولاتمىغايسەن، ئاشۇ ۋاقىتتىن مېنى ساقلىغايسەن، دەپ تىلەيمەن. كۈچ ئوشۇقچىلىقى بىلەن تەقۋادارلىقنىڭ مەھكەم قىسىشلىرى ئارىسىدا شېئىر تۇغۇلىدۇ.

ئۆمەرجان سىدىق: يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمدەك سىز قىسمەن بولسىمۇ بىكىك دۇنيادا ياشىغاچقا، سىزدە بوۋاقتا ئوخشاش پاك، بىغۇبار تۇيغۇ بار ئىكەن. مەن سىزنىڭ مۇشۇ تەرىپىڭىزگە قايىل بولۇپ قالدىم ۋە «ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي شائىرانە روھ مۇشۇنداق بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدىم. لېكىن، بۇ خىل خاراكتېر سىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىزنى بازارغا

كۆرۈنۈشلىرى، ھەر خىل ھېسسىياتلارنىڭ ھەممىسى شېئىرلىرىڭىزدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىكەن. لېكىن، ھەسرەتلىك مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى، سۆيگۈ، ھىجران تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىرلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. سىزگە ئوخشاش ياشتىكىلەر مۇقەررەر بېسىپ ئۆتۈش ۋە يېزىشتىن ساقلىنالمايدىغان بۇ تېمىنىڭ ئىجادىيىتىڭىزدە ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلىشى مېنى سەل ھەيران قالدۇردى. بۇ سىزنىڭ بىر قەدەر بېكىك، ئەمەلىي، تاشقى مۇھىتنىڭ، رەڭگارەڭ تۇرمۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان خاراكتېرىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ، قانداق؟ ياكى بۇ خىل شېئىرلارنى يېزىشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق دەپ قارامسىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** مەن مۇھەببەتتە سۆيگۈ پەرىسىنىڭ نەزىرى چۈشكەن، كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان تەلەيلىك ئادەم، شۇڭىمۇ كۆپ شۇكرى قىلىمەن. شېئىرلىرىمدا ھەسرەتلىك مۇھەببەت كەچۈرمىشىمنىڭ بولماسلىقى مېنىڭ شېرىن سۆيگۈ شارابى ئىچكەنلىكىمدىن بولغان. بۇ سۆيگۈنىڭ شولىلىرى، شەربىتى، خۇش پۇرىقى مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا خۇددى باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمىغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدەك ساقلانغان. بەزى دوستلىرىم «سېنىڭ تۇرمۇشۇڭدا ئازاب كەم، شائىرلىقنىڭ چوڭ بىر شەرتى كەم» دەيدۇ. دەرۋەقە، شائىرلىقنىڭ نۇرغۇن شەرتلىرى مەندە يوق. بىراق، كىم مېنىڭ شېئىرلىرىمدا ئازاب يوق، دەپ ئېيتالايدۇ؟! ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، بىر ئادەمنىڭ بىر نەرسىسىنىڭ ئوشۇق ياكى كەم بولۇشى تېخى ھەقىقىي مەنىدىكى ئازاب ئەمەس. ھەقىقىي ئازاب ئادەمگە ئۆمۈر بويى ھەمراھ، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى مەنىسى، ئۈستىگە يۈكلەنگەن پەرزى ۋە ئادەملەر ئالدىدىكى قەرزىنى ئويلىغاندا شۇنداق.

**ئۆمەرجان سىدىق:** ئادىلجان، سىزنىڭ خاراكتېرىڭىز ئېغىر-بېسىق، مۇلايىم، تەمكىن، ئۆزىڭىز ناھايىتى قائىدە-يوسۇنلۇق ئىكەنسىز، ھازىرقى مودا گەپ بويىچە ئېيتقاندا

ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملىغاندىن كېيىن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندىم. تا ھازىرغىچە ئىزچىل مۇشۇ ئورۇندا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ئىككى ئوغلۇم بار، ئايالىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى مەندىن ئۈچ يىل كېيىن پۈتتۈرۈپ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دۆلەتلىك جامەسىدە بەش يىلغا يېقىن ئوقۇدى. ئۇ مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ تۇنجى كىتابخانى، لېكىن شېئىر يازمايدۇ. تۇرمۇشتا ئۇ خۇددى گۈزەل خۇلقلۇق پەرىشتىدەك مېنىڭ شائىرانە كالامپايلىقلىرىمنى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىرىمنى تۈزەپ، كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى، ئېتىقاد جەھەتتىن مېنىڭ ئەللامە ئۇستازىم.

**ئۆمەرجان سىدىق:** ئادىلجان، سىز يېقىندا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى ئىككى يىللىق ئوقۇشىڭىزنى تاماملاپ قايتىپ كەلدىڭىز؟ بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇش شارائىتى، ئەدەبىي مۇھىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟ بۇ يەردە ئاساسلىق قىلىپ نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟ يات مەملىكەتتە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئانا يۇرتىڭىز ھەققىدە قانداق خىياللاردا بولدىڭىز؟ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى خاراكتېرىڭىز، تۇرمۇش ئادىتىڭىز، ئىجادىيىتىڭىزگە قانداق يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى؟

**ئادىل تۇنىياز:** يېقىندا ئۆز خىراجىتىم بىلەن چوڭ ھەجىمدىكى بىر شېئىرلار توپلىمىنى ۋە بىر ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرماقچى. ئۇنىڭدا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى قىزىقارلىق، يېڭىچە ھاياتىم ۋە شائىرانە تەپەككۇرۇم بىلەن ئەرەب مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىنچىكە تەھلىللىرىم تەپسىلىي بايان قىلىندى. «تازىنىڭ نېمىسى بار، تۆمۈر تارغىقى» دېگەندەك بۇ يەردىمۇ شۇ گەپنى دەپ ئولتۇرماي. بۇ سوئالىڭىزغا شۇ كىتابلىرىمدىن ئەڭ

يۇزلـەندۇرۇش ، مېھنىتىڭىزنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش ، ھەتتا مۇشۇ خىل قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم قىپتۇ . سىز يەنىلا «پۇل ئۈچۈن ، قەلەم ھەققى ئۈچۈن شېئىر يېزىش ھەقىقىي شائىرغا خاس خىسلەت ئەمەس» دېگەن مۇستەھكەم ئېتىقادىڭىزدا چىڭ تۇرۇپ ، ئىقتىسادىي بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىپ ، خىلۋەت قەلبخانىڭىزدا ئىزچىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋېتىپسىز . شېئىرلىرىڭىز تەھرىر بۆلۈملىرى ، نەشرىياتلاردا بېسىلىپ قالغاندا ، باشقا شائىرلار ئاكتىپ بازارغا يۈزلىنىپ ، مېھنىتىگە يارىشا ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشكەندە ، سىز قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىش كېرەكمۇ ، يوق ؟ دېگەن مەسىلىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ؟ سىز يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت قوغلىشىشىغا قانداق قارايسىز ؟

**ئادىل تۇنىياز :** ئەمەلىيەتتە بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاش مەنمۇ پۇلغا ئامراق . پۇلدارلارغا ھەۋەس قىلىپ ئۇلارنى كۆزىتىپ باقتىم ، بىر يەرلىرى ماڭا ئوخشاپ قالىدىكەن ، يەنى ئۇنچىۋالا ئەقىللىق ئەمەسكەن ، بىر ئاز خىيالىي كېلىدىكەن . بىر كۈنلەردە مېنىڭمۇ «لەپپىدە» بېيىپ كەتكىنىمنى ئاڭلاپ قالامسىز تېخى . بىراق ، مەن ئۈچۈن پۇل تېپىش بىلەن شېئىر يېزىش باشقا - باشقا گەپ ، مەن ھەرگىز قەلەمنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالمايمەن .

**ئۆمەرجان سىدىق :** سىز ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ زور ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن شائىر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇپ كەلدىڭىز . ئوقۇرمەنلەر سىزنىڭ ھەممە جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىڭىزغا ناھايىتى بەك قىزىقىدۇ . شۇڭا ، قىسقىچە ھايات مۇساپىڭىز ، ھازىرقى ئائىلە ، تۇرمۇش ، خىزمەت ئەھۋالىڭىزدىن كىتابخانلارنى خەۋەردار قىلىشنى خالامسىز ؟

**ئادىل تۇنىياز :** مەن 1970 - يىلى 8 - ئايدا قاغىلىقتا تۇغۇلغان ، 1993 — يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

ئارىسىدا ئېقىپ تۇرىدىغان بۇ نەرسىگە نىسبەتەن مۇقىم ئۆلچەم، قېلىپ ۋە سەۋىيە بولمايدۇ. ھەربىر مىللىي تىلنىڭ ئۆز رىتىمى، مۇزىكىسى ۋە ئۆز شېئىرى بار. ئۇ شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت يۈنىلىشى، ئەنئەنە ئاساسى ۋە پسىخىك قاتلاملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، مەن كومپيۇتېردىن كۆرۈۋاتقان ئامېرىكا، كانادا شائىرلىرىنىڭ كۈندىلىك شېئىرىيەت بەتلىرى ۋە شېئىرىيەت ژۇرناللىرىدىن شېئىر ماڭا بارغانسېرى ئاددىيلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، شېئىرنىڭ سېھرى ۋە مۇقەددەسلىكى يوقىلىپ، شېئىر ئۆلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز يېڭىلىق ۋە قەدىمىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىشقا تېگىشلىك بولغان سېھىرلىك ئەدەبىيات. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، دۇنيانىڭ كۆزى يېقىن كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كۆرمەي قالمايدۇ. بۇ شەرەپكە ئالدى بىلەن بىزنىڭ پەخىرلىك خەلقىمىز شۇنداقلا مېھنەت تۆكۈپ بارلىقىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان ھەربىر شائىر، يازغۇچىمىز نائىل بولغۇسى!

2003 - يىلى 4 - ئاي .

ياخشى جاۋاب تېپىلىدۇ.

ئۆمەرجان سىدىق: ئادىلجان سىز ھازىر خەنزۇ تىلى ئىنگلىز تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىق تىللارنى خېلى پىششىق بىلىدىكەنسىز، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئىنگلىز تىلىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان شېئىرلاردىن بەھرە ئېلىپ تۇرىدىكەنسىز. سىز ئۆز شېئىرلىرىڭىزنى توردا ئېلان قىلىش، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە شېئىرلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: بۇلارنىڭ ئىچىدە مەن ئەڭ پىششىق بىلىدىغان تىل — ئۇيغۇر تىلى. تور ئارقىلىق كۈندە دېگۈدەك ئىنگلىزچە ئېلان قىلىنىۋاتقان دۇنيا شېئىرلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدىغىنىم راست. خەنزۇ شائىرلىرىنىڭكىدىن كۆرگەنلىرىم كۆپ ئەمەس. بىراق، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۈرۈمچىدىكى كىتابخانىلارغا كەلگەن چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ توپلاملىرىدىن مەن ئوقۇمىغان، سېتىۋالمىغانلىرىم يوق دېيەرلىك. شېئىرلىرىمنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئەۋەتىشنى ئانچە-مۇنچە سىناق قىلىپمۇ باقتىم. بىراق، «شېئىرنى تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، شېئىر تەرجىمە قىلىش قاتىللىق قىلىش» دەپ قارىغىنىم ئۈچۈن شېئىر تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ئويۇم يوق.

ئۆمەرجان سىدىق: سىزنىڭچە ھازىرقى خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلىدا چىقىۋاتقان شېئىرلار بىلەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ سەۋىيىسى قانداق؟

ئادىل تۇنىياز: خەنزۇ شائىرلاردىن بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان خەيزىدىن باشقىلىرىنى ۋە نۆۋەتتىكى شېئىرىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە بىلمەيمەن، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ ھەقتە سۆزلىمەي.

شېئىر سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. شېئىردىن ئىبارەت تۇرمۇش ئېقىنى بىلەن ئادەملەرنىڭ قەلبى

ئىنساندىن ئىلاھقىچە سوزۇلغان نۇر يولى . ئۇنىڭ تۈنجى قەدىمى ئادەم ، مەنزىلى ئاللا . ئۇنىڭغا ئاشىق بولغۇچى ئۆزىنىڭ يوقتىن بار قىلىنغىنى ، مائالىغىنى ، تۇرالىغىنى ، ھەتتا ھەر قېتىم نەپەس ئالالىغىنى ئۈچۈن تەسىرلىنىشى ، مۆجىزىلەرگە كۆنۈپ قالماسلىقى كېرەك . مۇھەببەت ئارقىلىق ئىنسان ھەر بىر نەپەستە دۇنيانىڭ يېڭى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ . بارلىقنىڭ ۋە ھەربىر دەقىقىنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ . ئەي ئىنسان ، قەلب ئىشىكىڭنى ئېچىپ قوي ۋە مۇھەببەت ئۈچۈن تەييارلان .

سوئال : شېئىرلىرىڭىزنى ئوقۇغۇم كېلىدۇ ، لېكىن چۈشىنەلمەيمەن . ئوقۇماي دەيمەن ، بىراق ۋاز كېچىپمۇ كېتەلمەيمەن . يول كۆرسەتسىڭىز .

جاۋاب : شېئىرلىرىم تۇيغۇنىڭ ئەينىكى ، ئۇنىڭغا قارىساڭلار ئۆزۈڭلارنى كۆرىسىلەر . ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدا چوڭ پەرق يوق ، پەرق سىلەرنىڭ ئۇنى سىرلىق چۈشىنىۋېلىشىڭلاردىن كېلىپ چىققان . شېئىرىمنىڭ سىرتىدا نىمە باركىن دەپ ئويلىماي شېئىرىمنىڭ ئۆزىنىلا ئوقۇڭلار . شېئىرنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەر ئورتاق مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئورتاق قىسمەتتىكى ھەربىر ئۇيغۇرغا ئوخشاش ، ھەممىڭىزگە تونۇش . مەن پەقەت تىل بىلەن ئىپادىلىدىم ، خالاس . ئۆزىڭىزچە شېئىرىمغا يوغان بوپىلارنى ، ئىدىيىلەرنى ، مەنىلەرنى تېڭىۋالماڭ . شېئىرنى ئوقۇڭ ، شېئىردىن باشقا گەپ قىلماقچى ئەمەسمەن . نېمىنى يازغان بولسام سۆزمۇ سۆز ئەگىشىپ ، ھۇزۇرلىنىڭ . ئومۇمىي مەنىنى ئىزدىمەي ھەربىر مىسرا ، ھەربىر سۆز بويىچە شېئىرىي كەيپىياتقا چۆكۈڭ . بۇ شېئىرنى ئوقۇۋاتقاندا سىزنىڭ ھېس قىلغىنىڭىز مېنىڭ ھېس قىلغىنىم ، ھەتتا مېنىڭ ھېس قىلغىنىمدىن سىزنىڭ تۇغرىراقتۇر ، مەن سىز ئويلىغاننى ئويلىيالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن ، بۇ شېئىر ئەمدى سىزنىڭ .

گۈل ئېچىلدى ، گۈلنى تارتىنماي ، خالىغانچە پۇراڭ .

# پەرىشتىنىڭ پىچىرلىشى، شەيتاننىڭ شىۋىرلىشى

(«مەڭگۈ تاش» قىرائەتخانىسىدا ۋە يېزا - ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا شېئىرىيەت سوئاللىرىغا بېرىلگەن جاۋاب)

سوئال: مەن سىزنى تۇنجى قېتىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۆرگەن. ئورمانلىقتىكى تاش ئورۇندۇقتا بىرسىنى ساقلاۋاتقاندەك خىيالچان ئولتۇرۇپتىكەنسىز. تولىمۇ چۈشكۈن، ۋەيرانە ئىدىڭىز. بۈگۈنكى نۇتقىڭىزدىن ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقنى، تەنتەنىنى ھېس قىلدىم. سىزنى مۇشۇنداق پارلاتقان نەرسە نېمە؟

جاۋاب: مۇھەببەت. مۇھەببەت مېنى قېشىڭلارغا باشلاپ كەلدى. مۇھەببەت مېنى ئىچىمدىكى يورۇقلۇققا يۈزلەندۈردى. دۇنيانى گۈزەللىككە تولدۇردى. مۇھەببەت ناتونۇش ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان بۇ شەھەردە بىزنى بىر - بىرىمىزگە چىرايلىق كۆرسەتتى. ئۆزىنى سۆيگەن ئادەم ئاياغ - ئاستىدىكى توپا ياكى قۇرت-قوڭغۇز بولۇپ قالماي ئادەم قىلىپ يارىتىلغىنى ئۈچۈن ھەر مىنۇت ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ. ئۆز مىللىتىنى ئىچ - ئىچىدىن سۆيگەن ئادەم ئۇنىڭ ئىللىتىنىمۇ سۆيەلەيدۇ ۋە كەچۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ خاكسارلىقى ۋە زەبۇنلۇقى ئۈچۈن تىللاپ، ئەيىبلەپ، دۆشكەلەپ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوق قىلمايدۇ. روھىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ۋە قەدىر - قىممىتىنى يەرگە ئۇرمايدۇ. مۇھەببەتنىڭ پارلىنىشى

يىلتىزىدىن شاخلاپ چىققان . ئادەمنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىدەك بۇ مۆجىزە بىزنى بىر تەرەپتىن روھقا يۈزلەندۈرۈپ تەقۋادار بولۇشقا يېتەكلىسە يەنە بىر تەرەپتىن بىز ئۇنىڭ ماددىي ئاساسلىرىدىن ئىنساننىڭ ئەركىنلىككە بولغان مەڭگۈلۈك ئىزدىنىشىنى ۋە باشباشتاقلىقلىرىنى كۆرىمىز . شېئىر مانا شۇنداق پەرىشتىنىڭ پىچىرلاشلىرى بىلەن شەيتاننىڭ شىۋىرلاشلىرى ئارىسىدا ماڭا نېسىپ بولىدۇ .

سوئال : مېنىڭچە شېئىرلىرىڭىزدىكى ئەڭ زور سېھرىي كۈچ تىل ئىشلىتىشتىكى ئۆزگىچىلىكىڭىزدە . شۇڭا ، شېئىرلىرىڭىزنى بەزىدە خەلق قوشاقلىرىدەك يېقىملىق ھېس قىلساق بەزىدە گۇڭگىلىقىدىن قايمۇقۇپ قالىمىز . بۇنداق تىل ئىشلىتىش ماھارىتىڭىزنىڭ ئاچقۇچى نەدە ؟

جاۋاب : شېئىر – سېھىرلەنگەن تىل . بالىلىق چاغ قوشاقلىرى ۋە بالىلىقتىكى ئويۇنلار مەن شېئىرغا ئاتلىغان تۇنجى بوسۇغا ئىدى . ئۇنىڭدا بىر خىل سېھىر بار . شېئىرلىرىمدىكى سېھىر شۇنىڭدىن كەلگەن .

ئاق تاش ، كۆك تاش ،
دەريادىكى سۈزۈك تاش ،
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش ،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ ؟

شۇ سۈزۈك ، لېكىن دۇنيادا سۈزۈك تاش يوق ، سۈزۈك سۇنى كۆرۈپ تۇرغان بالىنىڭ كۆزىگە تاشمۇ سۈزۈك كۆرۈنىدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ تۇيغۇسى رېئاللىقنى سېھىرلىدى ، شائىرمۇ شۇنداق ، سۈزۈك تەن ، سۈزۈك سايە ، سۈزۈك جىمجىتلىق دەپ ئىشلىتىۋېرىدۇ . ئۆز مۇھىتى ۋە قەلب تۇيغۇسى ئاساسىدا ھەر قانداق مۇمكىنسىز ئىككى سۆزنىمۇ بىر يەرگە ئەكېلەلەيدۇ ، يېڭى بىر سېھىر ، يېڭى بىر مەنە ۋە كەيپىيات پەيدا قىلالايدۇ . مانا بۇ شائىرنىڭ تىل

شېئىر يېزىلدى ، سىزنىڭ قولىڭىزغا ئۆتۈپ كەتتى ، ئەمدى قانداق ۋە قانچىلىك چۈشىنىش ئۆز ئىختىيارىڭىزدا . گۈل ۋە شېئىر — گۈل ۋە شېئىرنىڭ مەنىسىدۇر .

سوئال : سىزنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى ماقالىلىرىڭىز ۋە سۆھبەتلىرىڭىزدىن مۇنداق شېئىرىي ئۆلچەمنى بايقىدىم : مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر شېئىردا دىنىي ، جىنسىي ئاڭ ، مەن ۋە مىللەت تۆت قىرلىق ئەينەكتەك ئەكس ئېتىپ تۇرۇشى كېرەككەن . سىزچە شېئىرغا قويۇلغان بۇ ئۆلچەم مۇۋاپىقمۇ ؟

جاۋاب : شۇنداق دەپ قارىغىنىمغا ئىقرارمەن ، شۇنداقتىمۇ شېئىرغا ھەر قانداق ئەقلىي ئۆلچەمنى قويۇشقا بولمايدۇ . چۈنكى ، شېئىر تېخى يېزىلمىغان نەرسە . ئۇ يېزىلىپ بولغان چاغدا بولسا ، ھەر قانداق ئۆلچەم قويغان بىلەن بىكار .

سوئال : نېمە ئۈچۈن شېئىر يازىسىز ؟

جاۋاب : شېئىر يېزىپ كۆنۈپ قاپتىمەن .

سوئال : كىم ئۈچۈن شېئىر يازىسىز دېمەكچىمەن ؟

جاۋاب : شېئىر يېزىشتىن بۇرۇن بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقمىغانىكەنمەن . ئەمدى ئويلىسام خەلقىم ئۈچۈن ، شېئىر ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن ۋە ئۆزۈم ئۈچۈن يازغان ئوخشايمەن . بىر كۈنلەردە شېئىر ئارقىلىق دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە ئاۋازىمىز يەتسە ، قەدىمكى دەۋرلەردىمۇ پارلاق ئەدەبىياتى بولغان بۇ مىللەت شېئىرلىرى بىر مىللەتنىڭ قۇرۇماس ھاياتىي كۈچىنى ئىپادىلەپ شېئىرنىڭ ئەبەدىي مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلالىسا ئارمىنىمغا يەتكەن بولاتتىم .

سوئال : سىز بىر ماقالىڭىزدە « شېئىرنىڭ بىر قانىتى دىنىي تۇيغۇ ، بىر قانىتى جىنسىي ئاڭ » دېگەنىدىڭىز . بايا نۇتقىڭىزدا ھەدىسىلا دىنىي تۇيغۇنى ئەزۋەيلەپ كەتتىڭىز ، ئەمدى جىنسىي تۇيغۇغا كۆز يۇمماقچىمۇسىز ؟

جاۋاب : ياق ، بۇ ئىنسانىنى ۋە شېئىرنى ئىنكار قىلغانلىق . تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا بۇ ئىككى تۇيغۇ بىر

بۇزۇپ تۆتۈپ ئىنسانىيەت قەلبىگە يەتكەنلىكى. بىزمۇ ھەم مىللەتنىڭ ئالاھىدە سەزگۈسى ئارقىلىق ئاشۇ ھەقىقەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمىز. رېئاللىقتىكى ئۆزگىچە قىسمەت - تەقدىرىمىز، مەدەنىيەت ئېڭىمىز، شېئىر ۋە مۇقاملىرىمىز، قۇرۇماس ھاياتىي كۈچىمىز باشقا مىللەتلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرمەكتە. بىز ھەقنى ئاڭلىغانلىقىمىز ئۈچۈن مەۋجۇت، ھەقنى ئاڭلىيالىغىنىمىز ئۈچۈن قۇرت - قوڭغۇزلاردىن ۋە قۇرت - قوڭغۇز مىسالى ئادەملەردىن تەلەيلىك. بىراق، شېئىر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. شائىر بەزىدە يوقنى ئاڭلاۋېتىپ شەيتاننىڭ شىۋىرلىشىنىمۇ يېزىۋالىدۇ. شائىرنىڭ تراگېدىيىسى مۇشۇ يەردە.

سوئال: سىز بايا نۇتقىڭىزدا «نەچچە مىڭ يىل خار - زەبۇنلۇقتا يۈرگەن يەھۇدىيلار ۋە يەھۇدىي روھى مەڭگۈ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز بولالمايدۇ» ۋە بىر يەھۇدىي سودىگەرنىڭ يەھۇدىي قەلەندەرگە سەدىقە بەرمەي ئەكسىچە باشقا بىر تائىپىدىكى قەلەندەرگە پۇل بەرگەنلىكىدەك زىيالىيلىرىمىز ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ مىسالنى يەنىلا مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئويلىماي پۇلنىلا ئويلايدىغان، مىللەتنى ئويلىماقچى بولغاندىمۇ پۇل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەپەككۇر قىلىدىغان سودىگەرلىك روھى دەپ تەنقىد قىلدىڭىز. سىزچە بولغاندا بۇنداق روھ ئۆز تىلەمچىلىرىگىمۇ قەلبىدە مېھرىبانلىق بولماسلىق، مۇھەببەت ۋە دىنىي تۇيغۇ كەم بولغان پەسكەش روھ ئىكەن. گەرچە سىز دۇنيادا كەمبەغەللىكتىن يوقىلىپ كەتكەن مىللەت يوق، ھازىرقى دۇنيادا بىزگە زۆرۈر بولغىنى يەنىلا مۇھەببەت دەپ قارىسىڭىزمۇ مەن يەنىلا يەھۇدىي روھىنى ئۇلۇغلىغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىلەمچى ھەققىدىكى يۇقىرىقى مىسالغا ئوخشاش بىر ھەدىسنىمۇ ئاڭلىغانمەن. بىر كۈنى رەسۇلۇللانىڭ ئالدىغا بىر تىلەمچى كېلىپ: «مەن ھېچنېمىسى يوق بىر مىسكىن ئادەممەن، ماڭا ياردەم قىلسىڭىز» دەپتۇ. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا «ئۆيۈڭدە پالتىمۇ

سېھىرگەرلىكى

سوئال: بىر قېتىم مەن ئابدۇقادىر جالالىدىن بىلەن ئۆتكۈزگەن رادىئو سۆھبىتىڭىزنى ئاڭلىغان. سىز شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىندىن «شېئىرىي ئىلھامىڭىزنىڭ قوزغىلىشىدا قايسى سەزگۈ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ سورىغىنىڭىزدا «كۆرۈش سەزگۈسى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، سىزگە نىسبەتەنچۇ؟

جاۋاب: شېئىر ئادەم سەزگۈلىرىنىڭ ئالەمگە ئېچىلىشى. شائىر گۈل بەرگىدىن يەرگە چۈشۈۋاتقان شەبنەم تامچىسىنى كۆرگەندە ئۇنىڭدىكى ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭ شولىسىنى كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىكى بىر تامچە بىلەن ئىنساننىڭ ۋۇجۇد چوڭقۇرلىرىدىن سىرغىغان تامچىنىڭ ھاياجان ئوخشاشلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شېئىر تۇرلۇك سەزگۈلەرنىڭ غىدىقلىنىپ ئويغىنىشى، گىرەلىششى. مەن شېئىر يېزىۋاتقاندا سەزگۈ ئەزالىرىمنىڭ خۇددى «كىرپە تىكىنىدەك» ئويغىنىش ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. بىراق، كۆپىنچە مېنى ئۇشتۇمتۇت ھاياجانغا سالىدىغىنى ئاۋاز. مېنىڭ شېئىرىي ئىلھامىمنى قوزغايدىغان بۇ ئاۋاز - تەبىئەتتىكى گۈل - گىيا، ياپراقلاردىن، ئادەملەرنىڭ پاراڭلىرىدىن، سۈرەن - شاۋقۇنلاردىن، ھەتتا ئاۋازسىز شەيئىلەردىنمۇ كېلىدۇ. ئاۋاز پەيدا بولۇپ قەلبىمدە يوقىلىدۇ، ئاندىن ئەكس سادادەك شېئىرغا ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئاڭلاش - رېئاللىقتىن ھالقىغان سەزگۈ. شائىر شېئىرغا كۆتۈرۈلگەندە بەزىدە ئىنسانلار ئاڭلىمىغان سۆزنى ئاڭلايدۇ، ئاۋامنىڭ تىلىدىن يىراقلاپ پەرىشتىنىڭ ياكى شەيتاننىڭ تىلىدا سۆزلەشكە باشلايدۇ. شائىرلارنىڭ تىلسىمى ئۇنىڭ يوقنى ئاڭلىغانلىقىدا. بىر مىللەتنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىمۇ يەنە بىر مىللەتكە ئوخشىمايدۇ. قۇرئان ۋە ئەرەب 18 مۇقامى بىر تەرەپتىن ئەرەبلەرنىڭ ئالاھىدە ئاڭلاش سەزگۈسىنى ئىپادىلىسە يەنە بىر تەرەپتىن كائىناتتىكى يۇيۇك ئاۋازنىڭ تىل پەرقىدىن، زامان ۋە ماكان چېگرالىرىدىن

قىلغىنىمنى بىلەلمەيسىز. شېئىرلىرىمىزنىڭ بىر قانىتى دىنىي تۇيغۇ بىر قانىتى جىنسىي ئاڭ. بۇ دەل كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىن كەلگەن. بارلىق كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىر شېئىرىدىن ئاياللارغا بولغان ئوتلۇق تەلپۈنۈشنى، مەستانىلىقىنى، تاپىنىدىن چېچىغىچە بولغان ئاشىق-بىقارارلىقنى كۆرىمىز. بۇ بىر خىل سىلىقلانغان ئەسەبىي ئىستەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىسرالار ئارىسىدىن ئاللاغا ھەمدۇ-سانا، مۇناجاتلارنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلايسىز.

مەن كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تىلىمىزنىڭ قەدىمكى رېتىمىنى ئىزدەيمەن، بولۇپمۇ بۇددا دىنى دەۋرىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، مانى دۇئالىرى ۋە مەڭگۈ تاشلار تىلىدىكى ئاددىيلىقى ۋە ئىپادىلەش قۇۋۋىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن مېنى مەپتۇن قىلىدۇ. بىز ھازىر تەرجىمىنىڭ تەسىرىدە تىلىمىزدىكى گۈزەللىكتىن، ئاددىيلىقتىن ئايرىلىپ قاپتۇق. مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىدىكى جۈملىلەرگە قاراپ باقايلى: «بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ، تىزى بارلىرىنى تىزلاندۇرۇپتۇ... ئېلى بار خەلق ئىدۇق، ئەمدى ئېلىمىز قېنى؟ كىمگە ئەل قۇرغۇزىمىز؟ خاقانلىق خەلق ئىدۇق، خاقانىمىز قېنى؟ قايسى خاقانغا خىزمەت قىلىمىز دەپتۇ... قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سۆڭەكلىرىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى، بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل بولدى. خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭلار دېدەك بولدى، نادان بولغىنىمىز ئۈچۈن ئۈستىمىزدىكى تۈرك تەڭرىسى، تۈرك مۇقەددەس يەر سۈيى مۇنداق دەپتۇ: تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن، ئۇلار خەلق بولسۇن...» قەدىمكىلەر شۇنچە ئاددىي گەپلەر قىلىسقا جۈملىلەر بىلەن مۇشۇنداق چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن. ھازىرقىلار ئۈچەيدەك ئۇزۇن، پىيازدەك قات-قات جۈملىلەرنى تۈزىمىز، لېكىن ئىپادىلىگەن مەنە چاغلىق. ئىلاج بار قوشما جۈملە ئورنىغا ئاددىي جۈملە ئىشلەتسەك، قەدىمكى تىل ئادىتىنى ساقلاپ قالساق ياخشى بولاتتى.

يوقمۇ؟» دەپ سورىغانىكەن. ھېلىقى كىشى «بىر پالتا بار» دەپتۇ. رەسۇلۇللا ھېلىقى كىشىگە «ئۇنداقتا ئاشۇ پالتا بىلەن ئوتۇن كېسىپ سېتىپ جېنىڭنى باق.» دەپتۇ. بۇنى قانداق چۈشەندۈرسىز؟

جاۋاب: بۇ سوئالىڭىز ئالدىدا مەن خۇشاللىق بىلەن يېڭىلگۈچىمەن. چۈنكى، سىز ھەدىس دەپ ئېيتمىغان بولسىڭىز مۇنازىرىلەشكەن بولاتتىم. دىن مۇنازىرىنى ئەمەس ئىنساندىن شەك-شۈبھىسىز، شەرتسىز، ئېتىقادنى، ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەقلىي تەپەككۇر، بەس- مۇنازىرە، تەتقىقاتلار گۇمان يولىدۇر، دىنىي روھ بىلەن ئۆلچىمى باشقا - باشقا يولدۇر.

- سوئال: مەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن كۆپرەك ھەپىلىشىمەن. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنىڭ مەزمۇن، شەكىل، تىل ئىشلىتىش ۋە باشقا جەھەتلەردىن كۆپ پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. سىز گويا كلاسسىكلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلمىغاندەكلا. ئۆزىڭىزنىڭ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىز بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭىز بارلىقىنى ئىزاھلاپ بېرەلەرسىزمۇ؟

جاۋاب: دەرۋەقە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن ئۆگىنىشكە تىگىشلىك كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ بولالمىدىم. مەن ئوقۇغان نەۋائىي شېئىرلىرى، قەلەندەر غەزەللىرى، مەشرەپ شېئىرلىرى، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان دىۋانى بىلەن ئۆزۈمنى كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ لاياقەتلىك ئوقۇرمەنى دېيەلمەيمەن: بىراق، مېنى ئىزدىسەڭلار مەن بوش ۋاقىتلىرىمدا مەشرەپنىڭ يېنىدا، ياكى پىر ئۇستاز ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھۇزۇرىدا. ئۇلارنى ئوقۇپ- ئوقۇپ قانمايمەن. ھەر ئوقۇسام بىر پۇخادىن چىقىپ، ھۇزۇرلىنىپ كېتىمەن.

«قارىغاندا كلاسسىكلىرىمىزنىڭ شېئىرىنى مەنچىلىك ئوقۇمىغان بولسىڭىز كېرەك، چۈنكى، سىز ئۇلارنىڭ ئەڭ زور ئىمدىيىۋى سىستېمىسىنى ۋە مېنىڭ ئاشۇنىڭغا ۋارىسلىق

چۈنكى، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ چوڭ بولدۇم. ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدىن ئانا تىلنى ئۆز قوۋۇتى بىلەن قانداق ئىشلىتىشنى، قانداق ئىپادىلەشنى ئۆگەندىم.
سوئال: شېئىرلىرىڭىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە دىققەت قىلغان ئادەم سىزنىڭ چوڭ بىر ئىدىيىۋى سىستېمىڭىزنى بايقايدۇ. ئۇنىڭدا ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئوخشاش بىرتال يوپۇرماقمۇ ۋە چۈشىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنمىغان. تەن ئۇيۇقىدا چۆكۈۋاتقان ئىنسان مەدەنىيىتىدىن، ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلىك ۋاقىتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بىشارەت بەرگۈچى دەقىقە ئايرىلىقىدىكى ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ ئۆزگىرىشلەر بار. شېئىرلىرىڭىزدىكى بۇ خىل بىشارەتنى شېئىرلىرىڭىزنىڭ مەنىسى دېسەك بولامدۇ؟
جاۋاب: مەن ھەممىنى قەغەزگە تۆكۈپ بولدۇم. بىراق، ھەر قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا خۇددى ھېچقاچان ھېچنېمە يېزىپ باقمىغاندەك. بۇ پايانسىز ئالەم مەن ئۈچۈن گۈزەل بىر سىر. مەن ئانا تىلىمدىكى ھەربىر مەنىسى ئاشكارا ۋە مەخپىي سۆزلەر ئارقىلىق، ئۆز ئىلكىمدىن چىقىپ كەتكۈچى شېئىرلار ئارقىلىق بۇ بۈيۈك سىرغا يېقىنلىشىمەن. بەلكىم دۇنيانىڭ مەنىسى باردۇر، بەلكىم شېئىرلىرىمنىڭ مەنىسى باردۇر. بەزىدە نائىلاج ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىپ ئۇنىڭ جاۋابىنى تاپماقچى بولىمەن. بارغانسىرى سىرلىق دىنىي تۇيغۇدىن ئايرىلىپ ماشىنىلاشقان بۇ دۇنيا ئىنسانىنى پىيازدەك سويۇپ تاشلىدى. پىيازنىڭ قات ـ قېتى چۇۋۇلغاندىن كېيىن نېمىنى كۆرىمىز؟ قارىغاندا ئىنسانغا ئېشىپ قالغان تەن ۋە پاراغەت مەدەنىيەتنىڭ مەنىسى گۇمران بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا كۆرسەتسە كېرەك. نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيمەن، شېئىرىي تەپەككۇرغا چۆمۈلگەن ئەنە شۇنداق ئەسنالاردا ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ قۇياشى تەن ئۇيۇقىدا غايىب بولۇۋاتقانلىقىنى، سىرلىق ئەخلاق ۋە ئەھكاملارنى بۇزۇپ ئۆز ئەركىنلىكىگە ماڭغان ئىنساننىڭ سىرلىق ھالدا

سوئال: سىزنىڭ بىر قىسىم ئىدىيىلىرىڭىزنى فىرېئودنىڭ روھىي ئانالىز پسىخىكىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ۋاقىتنى ئىككى خىل ۋاقىتقا بۆلۈشىڭىزنى ھازىرقى زامان ھادىسىشۇناسلىق پەلسەپىسىنىڭ ۋاقىتنى پسىخىكىلىق ۋاقىت ۋە رېئال ۋاقىت دەپ ئىككىگە بۆلۈشىنىڭ تەسىرىدىن بولغانمىكىن دەپمۇ قالدىم، سىزچە قانداق؟

جاۋاب: فىرېئودنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانلىقىم، روھىي ئانالىز نەزەرىيىسى بىلەن يۈزە تونۇشقانلىقىم راست، ئېھتىمال بەزى خاس قاراشلىرىمغا فىرېئودنىڭ نەزەرىيىلىرى ئىلھام بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، مېنىڭ «ئاي كالېندارى ۋە قۇياش كالېندارى بويىچە ۋاقىتنى چۈشەندۈرۈشۈم ۋە قۇياش كالېندارى ھالاكەتلىك مەدەنىيەتنىڭ، ئاي كالېندارى سائادەتلىك مەدەنىيەتنىڭ ۋاقتى دېيىشىم ۋاقىتنى ئىككىگە بۆلگەنلىكىم ئەمەس، مېنىڭ خاس قارىشىمدا ھەر بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ ۋاقتى ئايرىم بولىدۇ، دۇنيادا بىرلىككە كەلگەن ۋاقىت يوق. بىراق، ئىنسانلارنىڭ ۋاقتى دىنىي ئېڭى ۋە ئەخلاقى بىلەن مەۋجۇت. دىنىي ئېڭى ۋە ئەخلاقىدا ئۆزگىرىش بولسا ۋاقىتتا ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇ نەرسىلەر يوقالسا ۋاقىتمۇ يوقىلىدۇ.

سوئال: ئاڭلىساق سىز ئەرەب ئەللىرىدە ئىككى يىلغا يېقىن تۇرۇپسىز. ئەرەبلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى مېنىڭ بەك ئىچىمنى پۇشۇرىدۇ. سىز ئۆز ئەھۋالىمىزغا بىرلەشتۈرۈپ بۇ ھەقتىكى كۆز - قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

جاۋاب: مېنىڭ جاۋابىم سۈكۈت.

سوئال: سىز تېيىپجان ئېلىيوف، ئارسلان، قۇربان بارات، ئوسمانجان ساۋۇت، بوغدا ئابدۇللا قاتارلىق ئالدىنقى ئەۋلاد شائىرلارغا، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى چوڭلارغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە تەشەككۇر ئېيتىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر

ئاپتورى: ئادىل تۇنىياز

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسمىچىلىق شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32 باسما تاۋىقى: 10.625
2004 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN 7 — 228 — 08542 — 6
باھاسى: 18:00 يۈەن

ۋاقىتتىن ئايرىلىپ باشپاناھسىز قېلىۋاتقانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان بولىدۇ. بەلكىم كائىنات بوشلۇقىدىكى ھەربىر لەھزىنىڭ، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىدىكى ھەربىر نەرسىنىڭ جاۋابى باردۇر. بەلكىم بىز مۆجىزە يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە مۆجىزىلەرنىڭ شاراپىتىنى بىلمىگەندىمىز. شېئىرىمنى ئوقۇغىنىڭلارغا، شېئىرلىرىم ھەققىدە ئىزدەنگىنىڭلارغا رەھمەت.

ISBN 7-228-08542-6

9 787228 085422 >

BN 7-228-08542-6

文）定价：18.00元